ناپالېئون خېئول (ئامېرىكا)



# تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: تۇران لايىھىلەش مەركىزى

تەپەككۇرسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن ۋە ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدىر قىممىتىنى تاپقان بىرمۇ ئادەم، بىرمۇ سىياسىيون، بىرمۇ كارخانىچى، بىرمۇ يازغۇچى بولمىسا كېرەك. توغرا تەپەككۇرنى بايقىيالمىغانلار بولسا ئۆمرىنى ئېقىن سۇدەك ئۆتكۈزۈۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى نابۇت قىلىۋېتىدۇ شۇنداقلا، ئۆز قەۋمىگە زىيان سالىدۇ.

ISBN 7-5372-3766-2
(民文) 定价：19.80元

www.uyghurkitap.com



ناپالېئون خېئول (ئامېرىكا)

# تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目（CIP）数据

思考的力量 /（美）希尔（Hill，N.）著；李鹏汉译；阿扎提江·尼扎米丁维译．—乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2004.7

ISBN 7－5372－3766－2

Ⅰ．思… Ⅱ．①希… ②李… ③阿… Ⅲ．成功心理学－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．B848.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2004）第 065332 号

责任编辑：亚力坤·阿布都萨拉木
责任校对：热依汗·努尔
封面设计：铁然设计中心

思考的力量
（维吾尔文）

新疆人民卫生出版社出版
（乌鲁木齐市龙泉街 66 号　邮政编码：830004）
新疆新华书店发行
新疆铁然商贸有限公司设计中心排版
乌鲁木齐隆益达印务有限公司印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 12.875 印张
2004 年 7 月第 1 版　2004 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—3000 定价：19.80

# تەرجىماندىن

ئادەم مەيلى قېرى بولسۇن ياكى ياش بولسۇن، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، سودىگەر بولسۇن ياكى ئادەتتىكى ئىشچى بولسۇن، گېنېرال بولسۇن ياكى دېھقان بولسۇن، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا توختىماستىن تەپەككۇر قىلىدۇ، ئويلىنىدۇ. بىراق بىر مەسىلىنى ئىككى ئادەم تەپەككۇر قىلسا، ئۇنىڭدىن ئېرىشىدىغان ھاسىلات ياكى ئۇنۇم ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىشى مىللەت، دۆلەت، دىن ۋە ئىرقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ.

ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ ئىدىيىسىمۇ ئۆزگىرىدۇ؛ ئادەمنىڭ ئىدىيىسى ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتىمۇ ئۆزگىرىدۇ؛ ئادەمنىڭ ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئادىتى ئۆزگەرسە، ئۇنىڭ تەقدىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

قىسقىسى، سىزنىڭ قانداق تەپەككۇر قىلىشىڭىز تەقدىرىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ كىتاب دەل سىزگە قانداق تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ.

مەن بۇ كىتابنى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا كىتابخانىدا كۆرۈپ، ئۇنى ئوقۇشقا كىرىشىپلا كەتكەنىدىم. ناپالېئون خىلنىڭ بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغان تەپەككۇر توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ۋە كۆزقاراشلىرى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك بولۇپ، ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىنىڭ ھەقىقەتەن چەكسىز ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىتاب

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلۇمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. شۇ چاغدا مەن «بۇ كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابخانلىرىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ناھايىتى زۆرۈر ئىكەن» دەپ ئويلىغانىدىم. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، كىتاب تارقىتىش ساھەسىدە يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققۇاتقان تۇران سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشىمنى ئويلاپ باقمىغانىدىم.

قىسقىسى، مۇۋەپپەقىيەت ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى بولغان ناپالېئون خىئولنىڭ دۇنياغا مەشھۇر بۇ كىتابىنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ نەشىردىن چىقىشى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىمىز ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. مەيلى چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئىگەللىۋالسا، خىزمەت ۋە تۇرمۇشتا زور بۇرۇلۇش ياسىيالايدۇ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئالالايدۇ، پارلاق ئىستىقبالغا ئېرىشەلەيدۇ.

2004-يىل، يانۋار

# تۈزگۈچىدىن

## تەپەككۇر —— مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئەمگەكتۇر

ناپالېئون . خېئول دېگەن بۇ ئىسىم ھەممىمىزگە ناھايىتى تونۇش. ئۇنىڭ «بېيىش مۇلاھىزىسى» دېگەن كىتابى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەرگە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ۋە ئۇلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە، باياشات تۇرمۇشقا باشلىغان. بۇ كىشىلەرنىڭ كەچۈرمىشلىرى ناپالېئون. خېئول تەشەببۇس قىلغان مۇۋەپپەقىيەت پەلسەپىسىنى شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا 20 ـ ئەسىردىكى پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنىڭ «بايلىق دەستۇرى» غا ئايلاندۇرغان.

ناپالېئون . خېئول مۇۋەپپەقىيەت پەلسەپىسىدە ئىنساننىڭ ئەڭ چوڭ تۇغما قابىلىيىتىنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى ئىكەنلىكىنى، تەپەككۇرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئەمگەك ئىكەنلىكىنى، تەپەككۇرسىز ھاياتنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ھايات ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بىز ئىدىيىمىزنى تىزگىنلىيەلمىسەك، ھەرىكىتىمىزنىمۇ تىزگىنلىيەلمەيمىز. چۈنكى، ئىنسان ئاۋۋال تەپەككۇر قىلىپ، ئاندىن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىنسان ئىدىيىسىنى تىزگىنلىيەلىسە، ئاندىن ئۆز تەقدىرىنى ئىلكىگە ئالالايدۇ. توغرا تەپەككۇر قىلىش نىشانغا يېتىشىمىزنىڭ ئاچقۇچىدۇر. دۇنيادىكى ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغانلارنىڭ ھەممىسى توغرا تەپەككۇر قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قابىلىيىتىنى ئىشقا سالغان. تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى بارلىق نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە تىرەك بولىدۇ. توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلار شەرت ـ شارائىت يارىتىپ، ئۆز ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى روياپقا چىقىرالايدۇ. ئۇلار ھېچقانداق ئىشنىڭ ئۆزلۈكىدىن يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇلار دائىم ئاكتىپلىق بىلەن ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ناپالېئون . خىئول بۇ كىتابتا بىزگە تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىنىشنىڭ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن ۋە ئۆزىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. توغرا تەپەككۇر بولمىسا، ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. سىز توغرا تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگەنمىسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايسىز.

مۇۋەپپەقىيەت ھەرگىزمۇ ئاسانلا ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ، ئۇ توغرا تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن مۇكەممەل بىر پىلان بولۇشى كېرەك، مۇكەممەل پىلان بولمىسا، قانداقلا ئىش قىلماڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىسىز. توغرا تەپەككۇر ئارقىلىق پۈتۈن ھاياتىڭىز ئۈچۈن مۇكەممەل، ئەتراپلىق بولغان پىلان تۈزۈپ چىقسىڭىز، بەختسىزلىك ۋە قايغۇ ـ ئەلەمدىن ساقلىنالايسىز. ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىپ پۈتۈن ھاياتىڭىزنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىز ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش ئەمەسمۇ؟

بۇ كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى مۇۋەپپەقىيەت مەشىقلىرى بىزنىڭ توغرا تەپەككۇر ئارقىلىق پۈتكۈل ھاياتىمىزنى تېخىمۇ ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

« تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى » ناپالېئون . خىئولنىڭ مۇۋەپپەقىيەت پەلسەپىسى توغرىسىدىكى كىتابىدۇر. بۇ كىتابتا ناپالېئون . خىئولنىڭ ئۆمۈرلۈك تەپەككۇر جەۋھەرلىرى سىڭگەن بولۇپ، قانداق قىلغاندا توغرا تەپەككۇر ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت نىشانىغا يەتكىلى بولىدىغانلىقى ۋە قانداق قىلغاندا ئۆز

ئىدىيىسىنى تىزگىنلەپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ پىلانىنى تۈزگىلى بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئۇ: «بېيىش مۇلاھىزىسىنىڭ ئاچقۇچى كۆز ئالدىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئاكتىپ روھىي ھالەتتە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنى ئىجادچانلىق نەزىرى بىلەن كۆرۈش ۋە بۇئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىرگە ئىگە بولۇپ، ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى يارىتىشتا»، دېگەنىدى.

ئىجادىي تەپەككۇر تەپەككۇرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ سىزنى سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى بىر خىل تەبىئىي پائالىيەتتۇر. ستىخىيىلىك ھەرىكەتلىنىش ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئەركىن-ئازادە ئىشقا سېلىش ئارقىلىقمۇ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئىنساننىڭ كېيىن ئېرىشىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارى دېسەكمۇ بولىدۇ. مەزكۇر كىتابتا بۇ نۇقتا تەپسىلىي دەلىللەنگەن. ناپالېئون . خېئۇل بىزگە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ كونكرېت شەيئىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ كەلگۈسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆتمۈشنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئەقىل-ئىدراك ۋە تەجرىبىنىڭ تەسىرىگە ۋە تىزگىنلىنىشىگە ئۇچرايدۇ. ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بولسا تەسىر قىلغۇچى ئامىللارنى يوقىتىپ، يېڭى كۆزقاراش ۋە ئۇسۇللارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بۇ كىتابتىكى مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدىكى مىساللار تەسەۋۋۇر قىلالىغانلىكى شەيئىنى ئاكتىپ روھىي ھالەت بىلەن رويابقا چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، سىز توغرا تەپەككۇر قىلالىسىڭىزلا، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى قىلالايسىز.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئەمگەكتۇر ........................................ 1
مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتە توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن باشقا يول يوق ........................................ 3
مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئەمەلىيەتتە توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى ........ 5
مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئەقىللىق تەپەككۇر قىلغۇچىغا ئايلىنىش ........................................ 9
ئەقلىي تەپەككۇر قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ قىزىققانلىق بىلەن ئىش قىلمايدۇ ........................................ 13
توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ تۇسالغۇسى ........................ 15
شەيئىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتۇش ........................ 18
پاكىتنى ئېنىق تونۇش ........................................ 20
ئۆزىگىزگە ۋە باشقىلارغا توغرا باھا بېرىڭ ........................ 22
ئاجىزلار راھەتكە بېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەتتىن ۋاز كېچىدۇ ............ 23
توغرا تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ........................ 27

ئىككىنچى باب ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مۆجىزىسى ........................ 30
ئىجادىي تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ ........................ 31
بارلىق نەتىجە ۋە بايلىق ئىجادىي پىكىردىن باشلىنىدۇ ............ 33
ئىجادىي پىكىر تەسەۋۋۇردىن كېلىدۇ ........................ 36
ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تۇنجى قەدىمى ........................ 38
ئىجادىي تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ........................ 42

www.uyghurkitap.com


پسىخىك ھالىتىڭىز قابىلىيىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ ........................ 44

ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ئوي ـ خىيالنى تازىلاش ..................... 46

ئاكتىپ تەپەككۇر ـ ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ........................ 49

قول سېلىپ ئىشلەمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى مەغلۇپ بولىمەن دەپ قارايدىغانلار بەك كۆپ ........................ 51

ۋاستىچىلىك ئىقتىدارىنى سودىغا ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش........................ 53

ئەھۋالنى ئېنىق تونۇش، كەسكىن ھەرىكەت قىلىش ........................ 54

تەۋەككۇلچىلىك قىلغاندىلا، ئىجادىي پىكىرنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ ........................ 56

ئىجادىي پىكىر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى «مۇرەسسەلىشىش نۇقتىسى» ........................ 58

ئىجادىي پىكىر بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ... 60

**ئۈچىنچى باب تەپەككۇر قۇرۇلمىڭىزنى قايتىدىن قۇرۇڭ ........................ 63**

قانداق نەرسە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ۋە ئىلھامغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ........................ 64

تۈز سىزىقلىق تەپەككۇر تەپەككۇرغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ ........................ 67

داۋفىي ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ غەلىتە خىيالى ........................ 69

ئەگىتمە تەپەككۇر........................ 71

ھەرگىزمۇ توخۇغا ئوخشاش «تەپەككۇر» قىلماڭ ........................ 73

تۈزسىزىقلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى باياقاش . 75

كىشىلىك ھايات ھەقىقەتلىرى سىخېمىسىنى ئىگىلەش ........................ 77

ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى نامايان قىلىش ........................ 78

نەزەر دائىرىنى بىر پۈتۈنلۈككە ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىش...... 82

ئىجادىي تۈرمۇشنىڭ ماھىيىتى توختىماي سوئال سوراشتا ........................ 84

كىشىلىك ھايات توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىش........................ 86

ھاياتلىق ۋاقتى ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھاياتتۇر........................ 89
ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ «كىشىلىك ھايات سەھنىسى»............ 91
قائىدە ـ پرىنسىپلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىش............ 93
ئۆزىڭىزنىڭ قىممەت قارىشىڭىزنى بېكىتىڭ ........................ 95
كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ بايلىق ئۆزىڭىز........................ 97
كىشىلىك ھاياتىڭىزنى قايتىدىن لايىھىلەڭ.......................... 98
ئەتراپتىكى شەيئىلەر تۈرمۈشىڭىزنىڭ ھالىتىدۇر....................... 100

**تۆتىنچى باب ئىجادىي پىكىرلىك ئادەم بولايلى**.............................102
يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ............................ 103
تەپەككۇر ماشىنىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈڭ............................... 109
ئىجادىي ئوي ـ پىكىرلىرىڭىزنى يېزىپ چىقىڭ ياكى سىزىڭ....... 112
ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش مەشىقى ................... 113
مەقسەتلىك ئىجادچانلىق ماھارىتىنى ئىگەللەش ..................... 115
ئىجادىي ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىشتە كۆپىنىڭ ئىچىدىن ياخشىسىنى
تاللاش كېرەك ............................................................. 120
ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلى ................................ 124
نىشاننى مەركەزلەشتۈرۈشتە چوڭ جەھەتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك... 127
كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتىدىغان كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش.. 129
ئىجادىي پىكىر خاتىرىسى ئارقىلىق قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر
يېرىدىكى تەپەككۇرنى قوزغىتىش ..................................... 131
يوشۇرۇن ئاڭنىڭ خاتىرىلەش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش... 134
ئىجادىي پىكىر خاتىرىسىنى يېزىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار........... 135
ئىجادىي پىكىر ئارخىپى ئارقىلىق ئىجادچانلىق قابىلىيىتىڭىزنى
قېزىش ......................................................................... 137
ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى .................. 138
كېچىكمىپەك ھۆكۈم قىلىش ................................................ 141
ھەممىنى شەرت ـ شارائىت ھازىرلانغاندا قىلىشتىن ساقلىنىش.... 143

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەشىنچى باب تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى مۆۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ دەسمايىسى ........................................ 147
تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى سىزنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا باشلايدۇ ........ 148
تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى مۆجىزە يارىتىدۇ ................................ 152
بايلىققا يېتەكلەش پرىنسىپى ........................................ 155
تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىككى خىل شەكلى .................... 158
تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئارزۇ ـ ئىستەكنى بايلىققا ئايلاندۇرىدۇ ........ 159
ئەگەر مەندە بىر مىليون دوللار بولسا ................................ 163
كۆزقاراشنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش ........................................ 167
تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى روھنىڭ خىزمەت سورۇنىدۇر .................. 170
تەلۋىلەرچە ئوي ـ پىكىرنى بوغماسلىق كېرەك ........................ 172
تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى تىرىلدۈرۈڭ ................................ 174

ئالتىنچى باب يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ئىجادىي پىكىرنىڭ پىلتىسى ........................................ 177
كاللىنى بىر ئىشلىتىپ ئەقىل تاپماقنىڭ مەنبەسى .................. 178
ئىلھام مەسىلە ھەل قىلىشتىكى مەخپىي رېتسېپ .................. 179
سىزمۇ تالانتلىقلار قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنالايسىز .................. 182
ئىلھام يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر .................. 184
يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى روياپقا چىقىرىدۇ ........................................ 187
يوشۇرۇن ئاڭنى مەسىلە ھەل قىلىشتىكى ياردەمچى قىلىش ........ 189
سوئال ـ ئىلھامنى پەيدا قىلىدىغان ئاساستۇر ........................ 192
ئىلھام تاسادىپىي پەيدا بولمايدۇ ........................................ 194
بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولغاندا ئىلھام پەيدا بولىدۇ ............ 196
تارىخ كېچىدە يارىتىلغان ........................................ 198
ئۆيقۇدا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ــــ تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر

قىلىشتۇر ........................................ 200

چۈشنىڭ سىرلىق كۈچىدىن پايدىلىنىش .................... 201

چۈش بىزنىڭ ئەڭ چىن بىر قىسمىمىز ..................... 202

چۈشىڭىزدىن ئوبدان پايدىلىنىڭ ......................... 203

چۈشكە قانداق بۇيرۇق قىلىش كېرەك ..................... 204

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە پەيدا بولغان ئوي ـ پىكىرنى تۇتۇۋېلىش..... 206

قانداق قىلغاندا يوشۇرۇن ئاڭ ئېنېرگىيىسىنى ئىجادچانلىق
قابىلىيىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ........................ 208

يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى تولۇق قېزىڭ ........................ 212

**يەتتىنچى باب قاتتىق ئۇيقۇدىكى بىۋاستە سېزىمنى ئويغىتىش...... 215**

بىۋاستە سېزىمىگە تايىنىپ قىممىتى بار ئوي ـ پىكىرلەرنى
تاللاش ................................................ 216

پاۋل. گايدىنىڭ بايلىق يارىتىش توغرىسىدىكى بىۋاستە سېزىمى 218

تەجرىبىگە بولغان ئورتاق چۈشىنىش ...................... 220

بىلىمنىڭ سۈپىتى ۋە سانى __ ئاساسلىق ئامىل ............. 222

تەسىراتنى تۇتۇۋېلىش بىۋاستە سېزىمنىڭ پەيدا بولۇشىغا
پايدىلىق .............................................. 223

ئەمەلىي تەجرىبە جەريانىدا بىۋاستە سېزىمگە ئېرىشىش ........ 225

بىۋاستە سېزىم چېنىقتۇرۇشتىكى زۆرۈر دەرس ................ 226

تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش ...... 228

ماتېرىياللارنى دائىم تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش ............... 231

ئۆتكۈر بىۋاستە سېزىم شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشتىن كېلىدۇ. 233

تۇراقلىق كۆزقاراش بىۋاستە سېزىمنى گاللاشتۇرىدۇ.............. 235

ئاكتىپ شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش ........................ 236

تەسىراتنى ئىگىلەش، سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش .................. 238

قەلبىمىز بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ ....................... 239

ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىشنىڭ بەش چوڭ پرىنسىپى ........... 241

www.uyghurkitap.com


سىزنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىڭىزدىكى ئۇسۇل ........................ 243

**سەككىزىنچى باب «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتى سىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى قوزغىتىدۇ** ......... 245

ئىجادىي پىكىرگە باي «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتى ........... 246

ھەقىقىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەڭ مۇھىم ........................ 249

زېھنىنى يىغىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش.............................. 250

«نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراشنىڭ پايدىسى ............................ 252

مەسىلىنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈش ................................ 254

مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش، مەسىلىنى بايان قىلىشنى ئاددىيلاشتۇرۇش ........................................ 256

مۇھىم نۇقتىنى كېڭەيتىش، چەكتىن ھالقىش .......................... 259

ئىدىيىنى ئەسكەرتىش ئۇسۇلى .......................................... 262

ئەركىن ئوي - پىكىردىن پايدىلىنىش .................................. 265

ئەركىن تەسەۋۋۇرنىڭ سېھرىي كۈچى .................................. 268

ياخشى ئوي - پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش............................ 271

ئەڭ ياخشى ئوي - پىكىرنى پەرقلەندۈرۈش ............................ 274

ئوي - پىكىرنىڭ ئۆلچىمىنى تاللاش .................................... 275

ئوي - پىكىرنى باھالاش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى مىسال............... 277

لىموننى لىمون شەربىتىگە ئايلاندۇرۇش ................................ 280

جاسارەتنى ئۇرغۇتۇش، ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش.............. 284

**توققۇزىنچى باب تەپەككۇر بىلەن ھەرىكەت — ئوي - پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ** .................................... 288

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتە ھەرىكەتكە تايىنىش تەپەككۇرغا تايىنىشتىن ئېشىپ چۈشىدۇ ........................................ 289

ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇش ............................................ 292

ئىجادىي پىكىر بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈش ...................... 293

ھەرىكەت قىلغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ................ 295
سىز ئۆزىڭىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى توسالغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويماڭ ........................................ 297
ئىنكار خاراكتېرىدىكى ئىدىيە ئىجادىي ئوي-پىكىرنى بوغۇپ قويمىسۇن........................................ 301
كۆپرەك ئىجادىي ئوي-پىكىرگە ئېرىشىش ........................ 302
ئەڭ ياخشى ئەھۋالنى ئىگىلەش ........................... 304
ئەڭ ياخشى پەيت — ھازىر ........................... 305
ئوي-پىكىر ئۈچۈن مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈش..................... 306
مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا سىناپ بېقىشمۇ ئىجادچانلىقنىڭ ئىپادىسى........................................ 311
مەھسۇلات جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت ۋە سودىدىكى تەرەققىيات ...... 313
شەخسنىڭ تەرەققىياتى ۋە سودىدىكى تەرەققىيات ئوخشاش......... 315

**ئونىنچى باب ئۆزگىچە كىشىلىك ھايات بەرپا قىلىش ............. 317**
ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەسۋىرلەڭ ........... 318
ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇش مەڭگۈ ئىنتىلىشىڭىزگە ئەرزىيدۇ........................................ 321
بۈگۈننى يەرشارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ ... 323
سىز «بۈگۈندە ياشاۋاتقان» ئادەممۇ؟ ................................ 325
ئۈمىدكە تولغان سەپەر ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بېرىشنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ........................................ 327
ئۆتمۈشنىڭ بوپىسىنى يۇدۇۋالماڭ ..................................... 329
ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇش قانۇنىيەتلىك تۇرمۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ........................................ 332
ھاياتلىق رىتىمىنى ئادەت ئارقىلىق ئۆزگەرتىش........................ 334
قەلبتىكى ھۆكۈمران........................................ 336
چەكسىز ئەقىل-پاراسەتنى چۈشىنىش.................................. 337

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تاشقى دۇنيادىكى پاكىت............................................ 338
ئىچكى دۇنيادىكى ئەقىل ـ پاراسەت............................... 339
ئارزۇ ـ ئىستەك رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ.............................. 342
ئۆزىڭىزنىڭ چوڭلارغا خاس روھىي ھالىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ ......... 343
يېڭى شەيئىلەرنى تونۇشىڭىزغا قايتۇرۇپ كېلىڭ .................. 346
«خام خىيال» يوشۇرۇن ئاڭ ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ............ 348
ئەتراپىڭىزدىكى دۇنيانى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىش..................... 349
بىر چارە توغرىسىدا ئورغۇن خىياللارنى قىلىش........................ 352
ئويۇن ياكى ھەرىكەتتىكى تەسەۋۋۇرغا چۈكۈش ..................... 353
ھاياتلىق جەريانى بىرخىل خۇشاللىقتۇر................................ 355

## قوشۇمچە

**مۇۋەپپەقىيەت مەشىقلىرى ..................................... 357**
ئىگىلىك تىكلەش پىلانىڭىزنى تۈزۈڭ ........................... 357
**1 ـ مەشىق يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۆلچەش ......................... 360**
**2 ـ مەشىق يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۆلچەش ......................... 362**
باھا .................................................................... 364
مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان كارخانا بەرپا قىلىش .................... 365
**3 ـ مەشىق پىلان مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدۇ......... 367**
ئۆزىڭىز چۈشىنىشكە تېگىشلىك ئاساسلىق كۆز قاراشنى بېكىتىڭ 370
مىسال .................................................................. 372
مىسال تەھلىلى........................................................ 374
ئىگىلىك تىكلەش پىلانى توغرىسىدىكى مەشىقتىن تاپشۇرۇق..... 375
ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى بەلگىلەش ................................ 377
ئىگىلىك تىلەش نىشانىنى بېكىتىش .................................. 378
نىشان ۋە پىلانىنى يېزىپ چىقىش .................................... 379
كەسپىڭىزنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى....................................... 380

تاپشۇرۇقنىڭ جاۋابى ................................................... 381
**4 ـ مەشىق پىلانىڭىزنى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش ........................ 382**
ھەممىنى بىر يەرگە يىغىش .................................................. 383
ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسلىق كۆز قارىشىڭىزنى تۈزىتىڭ .................... 385
مىسال .............................................................................. 385
پىلانىڭىزنى تۈزىتىش ......................................................... 392
پايدا ـ زىياننى چۈشەندۈرۈش جەدۋىلى ................................. 394

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئەمگەكتۇر

سىزنىڭ ئىرادىڭىز مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيىتىڭىزنى بەلگىلەيدىغان كۈچتۇر. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئاۋۋال توغرا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئەندىزىسى بولۇشى كېرەك. سىز قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز. ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىڭىزنى ئىگىلىگەنلىكىڭىز، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئىلكىڭىزگە ئالغانلىقىڭىزدۇر. سىز ئوي-خىيالىڭىزنى، تۇيغۇڭىزنى، كەيپىياتىڭىزنى ۋە ئارزۇ-ئىستىكىڭىزنى چۈشەنسىڭىز، ئۇلارنى ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان يۆنىلىشكە باشلىيالايسىز. سىزنىڭ ئىدىيىڭىز شەك-شۈبھىسىزكى سىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىڭىزدۇر. سىز ماددىي بايلىقىڭىزدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، بىراق بىلىمىڭىزنى ھېچكىم تارتىۋالالمايدۇ. بىلىمىڭىز بولسىلا، پۇل تېپىش دۇنيايىڭىزنى قايتىدىن بەرپا قىلالايسىز، ئۆزىگە لازىملىق بولغان ھەممە نەرسىنى سېتىۋالالايسىز. سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى ھېچكىممۇ تىزگىنلىيەلمەيدۇ. ھەرقانچە قەبىھ ھۆكۈمران بولۇپ كەتسۇن، سىزگە ئۆزىڭىز خالىمايدىغان ئىشلارنى ئويلىغۇزالمايدۇ. سىز ئەتراپلىق ئويلىنىش ئارقىلىق ئوي-پىكىرىڭىزنى ئوبدان تىزگىنلەش قارارىغا كەلگەن چېغىڭىزدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەمدە ئاكتىپ، ئىجابىي ئوي - پىكىرلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلغان چېغىڭىزدا، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئىلكىڭىزگە ئالالايسىز. ئوي - پىكىرىڭىز قانداق بولسا، سىز يارىتىدىغان نەتىجىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

سىز بىر يۈرۈش پىلان تۈزۈپ ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك مۈلكىڭىز بولغان مېڭىڭىزنى مەشىق قىلدۇرۇپ تۇردىڭىزمۇ؟ ھەركۈنى ئازدېگەندە يېرىم سائەت ۋاقتىنى كىتاب - ماتېرىيال كۆرۈش، تەپەككۇرقىلىش ۋە كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىڭ. ئۆزىڭىزنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك، ئوتتۇرا مەزگىللىك ۋە يېقىن مەزگىللىك نىشانلىرىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ ھەمدە بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاشنىڭ قەرەلىنى بېكىتىڭ. ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزدىن بەلگىلەنگەن سۈرئەت بويىچە مېڭىۋاتامدىمەن - يوق دەپ سوراپ ئويلىنىپ كۆرۈڭ. بەزىدە ئۆزىڭىزدىن: «نىشاننى ئورۇنلاشتا پايدىلىق قانداق ئۇچۇرلار مەندە كەمچىل؟» دەپ سوراڭ ھەمدە ئاشۇنداق ئۇچۇرلارنى يىغىپ، ھەرىكىتىڭىزگە تەتبىقلاڭ.

ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىڭىزنى ئىگەللىگەنلىكىڭىز، ئۆز تەقدىرىڭىزنى ئىلكىڭىزگە ئالغانلىقىڭىزدۇر. سىز ئوي - خىيالىڭىزنى، تۇيغۇڭىزنى، كەيپىياتىڭىزنى ۋە ئارزۇ - ئىستىكىڭىزنى چۈشەنسىڭىز، ئۇلارنى ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان يۆنىلىشكە باشلىيالايسىز. ئەقىل - پاراسەت ئويلىنىشتىن كېلىدۇ، يەنى ئۆزىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىنسان بولۇشىمىزدىكى سەۋەبنى بىلىش ئۈچۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىزدىنىشىمىزدىن كېلىدۇ.

ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇرئۇسۇلىڭىزنى ئىگەللىشىڭىز ئۈچۈن بىر مەزگىلگىچە تەنھا ھەمدەچوڭقۇر ئويلىنىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قەلبىڭىزدىكى ھەرىكەتنىڭ مۇرەككەپ تەرتىپلىرىنى پەقەت ئۆزىڭىزلا بىلەلەيسىز، شۇنداقلا پەقەت ئۆزىڭىزلا زېھنىڭىزنى ۋە ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرالايسىز.

# مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتە توغرا تەپەككۇر قىلىشتىن باشقا يول يوق

بىز بىر كېچىدىلا داڭ چىقاردى دەپ قارالغان شۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە داڭ چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئۇزۇن ـ تىنىمسىز ھالدا ئىشلىگىنىگە ناھايىتى ئۇزاق بولغانلىقىنى بايقايمىز. مۇۋەپپەقىيەت ـ تەپەككۇرنىڭ بىرخىل جۇغلىنىشىدۇر، قانداق كەسىپ بولۇشتىن قەتئىينەزەر، يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلىشقا ۋە كۆڭۈل قويۇپ پىلانلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر سىز مۇۋەپپەقىيەت شوتىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بالدىقىغا چىقماقچى بولسىڭىز، مەڭگۈ تەپەككۇر قىلىشىڭىز كېرەك. تەپەككۇر بىلەن باشلانغان ھاياتلا مۇۋەپپەقىيەتكە تولغان ھاياتتۇر.

سىزنىڭ ئىدىيىڭىزنى بىر پارچە يەرگە ئوخشاتساق، بۇيەر جاپالىق ئىشلەش ۋە پىلانلىق ئېچىش نەتىجىسىدە مول ھوسۇللۇق مۇنبەت ئېتىزغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۇيەر قاقاس پېتى تاشلاپ قويۇلسا، ئۇنى ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ كېتىدۇ.

ئەگەر سىز ئىدىيىڭىزدىن مول ھوسۇلغا ئېرىشمەن دەيدىكەنسىز، چوقۇم تىرىشىشىڭىز ۋە تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرىگە كىرىشىشىڭىز كېرەك. بۇخىزمەتلەر دەل توغرا تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

جاھاندىكى بارلىق پىلان، نىشان ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. سىزنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىڭىز سىزنىڭ پۈتۈنلەي تىزگىنلىيەلەيدىغان بىردىنبىر نەرسىڭىزدۇر. سىز ئىدىيىڭىزدىن ئاقىلانىلىق بىلەن ياكى ئەخمىقانىلىق بىلەن پايدىلىنىشىڭىز مۇمكىن. بىراق سىز ئۇنىڭدىن قانداقلا پايدىلانماڭ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۆئەييەن قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نامى چىقمىغان بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز ھاياتىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇ تۈرمىگە قامالغاندا، يەنى ئۇ كۆڭلى ئىنتايىن پاراكەندە چاغدا، تۇرمۇشنىڭ نېمە ئۈچۈن بەزىلەرگە ھوقۇق ۋە پايدىلىق بېرىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن قامىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئويلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەپەككۇرى ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ، بىر كىتاب يازغانلىقى ئۈچۈن، تۈرمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى بىلىپ كېتىدۇ. ئۇ كىتابىدا ئۆزىنىڭ نىشانلىرىنى سەممىيلىك بىلەن يازىدۇ ۋە پۈتكۈل تۈرمىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ نىشانىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىلەر بۇ كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن كۈلۈپلا قويىدۇ. بەزىلەر بولسا بۇ كىتابىنى ساراڭ يېزىپتۇ دەپ قارايدۇ.

ئارىدىن 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ياۋروپانىڭ يېرىمى مۇشۇ «ساراڭ» نىڭ ئىلكىگە ئۆتىدۇ، قالغان يېرىمىدىكى كىشىلەر بولسا ۋەھىمە ئىلكىدە ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قاچىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە ئىدى. شۇنداقلا ئورۇش ئوتى ھامان بىر كۈنى ئۆزلىكىدىن ئۆچۈپ قالىدۇ دەپ قارايتتى. بۇ «ساراڭ» دەل گىتلېر ئىدى.

گىتلېر بۇزغۇنچىلىق ئۇسۇلى بىلەن تەپەككۇرچىنىڭ قۇدرىتىنى ئىشقا سالىدىغان پۇرسەتنى تاپقان. گەرچە ئۇنىڭ تەپەككۇرى مەن سۆزلىمەكچى بولغان توغرا تەپەككۇر بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەپەككۇرى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان قۇدرىتىنى نامايان قىلغان ھەم نەچچە مىليون كىشىنى ئۆلۈم ۋە ئازاب-ئوقۇبەت گىردابىغا ئىتتەرگەن. گەرچە ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلغانلىرى ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ تەپەككۇرى خېلى زور قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن.

توغرا تەپەككۇر قىلىش، ئېنىقكى، سىزنىڭ نىشانىڭىزغا يېتىش-يېتەلمەسلىكىڭىزدىكى ئاچقۇچلۇق ئامىل. بىراق ئېسىڭىزدە بولۇشى كېرەككى، تەپەككۇر قىلىش سىزنىڭ پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئاداقىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي مەجبۇرىيىتىڭىزدۇر.

بۇ كىتابتىكى سىز ئوقۇيدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلەر توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ پايدىسىنى، جۈملىدىن شەخسكە ۋە جەمئىيەتكە بولغان پايدىسىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. ساك توغرا تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىدە بالىلار پالەچ ۋاكسىنىسىنى ئىجاد قىلغان. مارشاللىل توغرا پىلانى ئارقىلىق گېتلېر ۋەيران قىلىۋەتكەن ياۋروپا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرگەن.

توغرا تەپەككۇر بولمىغان بولسا، ئاشۇ ئۇلۇغۋار ئىشلار ۋۇجۇتقا چىقمىغان بولاتتى. ئەگەر سىز توغرا تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگەنمىسىڭىز، ھەرگىزمۇ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايسىز.

## مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئەمەلىيەتتە توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى

پىشمىغان كۆز ئۈچۈن خرۇستال رۇدىسى ئادەتتىكى بىر تال تاش ھېسابلىنىدۇ. بىراق گېئولوگلارنىڭ كۆزى رۇدىنىڭ تەركىبىدە چىرايلىق خرۇستالنىڭ بارلىقىنى كۆرەلەيدۇ. سىزمۇ مەشىق قىلىش ئارقىلىق كۆزى ئۆتكۈر گېئولوگقا ئايلىنىپ، خرۇستال رۇدىلىرىدىن چىرايلىق خرۇستالنى تاپالايسىز. ياراتقۇچى ئىگەم ھەر بىر ئىنسانغا كىشىلىك ھاياتتا سەرخىللاردىن بولۇش پۇرسىتىنى بەرگەن. بىز توغرا تەپەككۇر قىلساقلا، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسى جەريانىدا ئۆزىمىزگە تەئەللۇق پۇرسەتنى بايقىيالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىز تەپەككۇر قىلىپ تۇرىسىز. بىراق نېمىنى تەپەككۇر قىلىسىز؟

تەپەككۇر جەريانىڭىز تەرتىپلىكمۇ؟ سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىز قايسى دەرىجىگە باردى؟

توغرا تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن، سىز ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشىڭىز كېرەك. ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشنى ياكى توغرا تەپەككۇر قىلىشنى مۇھاكىمە قىلىدىغان پەن لوگىكا دەپ ئاتىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتىمۇ كىشىلەر لوگىكىلىق خۇلاسە چىقىرىشتىن مۇستەسنا ئەمەس. شۇڭلاشقا، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش سىزنىڭ توغرا تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. سىز لوگىكىنى كىتابلاردىن، بولۇپمۇ مۇشۇ پەنلەرگە دائىر ئەسەرلەردىن ئۆگىنەلەيسىز. مەسىلەن: بۇ ئەسەردىن فىلايسېرنىڭ «ئىدىيىنى تازىلاش ماھارەتلىرى»، جونسوننىڭ «سىزگە ئەڭ چوقۇنىدىغان ئاڭلىغۇچى»، كوبىنىڭ «لوگىكىدىن ساۋات»، كادىركىنىڭ «توغرا تەپەككۇر قىلىش ماھارىتى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. بۇكىتابلارنىڭ سىزگە ناھايىتى زور ئەمەلىي ياردىمى تېگىشى مۇمكىن.

توغرا تەپەككۇر تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەقلىي خۇلاسىنى ئاساس قىلىدۇ:

1. يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى. بۇ قىسمەنلىكتىن ئومۇمىيلىققا، ئالاھىدە ئىشتىن ئادەتتىكى ئىشقا ۋە شەخستىن كائىناتقا يۈزلىنىدىغان ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش جەريانى بولۇپ، تەجرىبە پاكىتنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە ئاساستىن يەكۈن چىقىرىدۇ.

2. يېشىش ئۇسۇلى: ئادەتتىكى لوگىكىلىق ئاساسنى پەرەز قىلىدىغان، ئالاھىدە يەكۈن چىقىرىدىغان ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش جەريانىدۇر.

بۇ ئىككى خىل ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلى ناھايىتى زور پەرق قىلىدۇ، بىراق ئىككىسى بىرگە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: تاش بىلەن دېرىزىنى چاقماقچى بولغاندا، تاشلا بولىدىكەن، دېرىزە چوقۇم چېقىلىدۇ. دېرىزىگە بىر نەچچە قېتىم تاش ئېتىپ باققاندىن كېيىن، سىز ئەينەك ئاسان چېقىلىدىكەن، بىراق تاش چېقىلمايدىكەن دېگەن بىر يەكۈننى يىغىنچاقلىيالايسىز.

بۇ يەكۈنگە ئاساسەن، سىز يەشمە خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق ئاسان چېقىلمايدىغان باشقا نەرسىلەرنىڭمۇ (مەسىلەن: كالتەك توپ) ئەينەكنى چاقالايدىغانلىقىنى، تاش بىلەن ئاسان چېقىلىدىغان باشقا نەرسىلەرنىمۇ چاققىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز.

بىراق كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز خاتا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق خاتا يەكۈنگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن. سىز ئەقلىي خۇلاسىنىڭ توغرىلىقىغا قاتتىق تەلەپ قويۇشىڭىز كېرەك. يەنى، ئۆزىڭىزنىڭ توغرا تەپەككۇر قىلىشىغا قاتتىق تەلەپ قويۇشىڭىز كېرەك. ئۆزىڭىزنىڭ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش نەتىجىڭىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنى تېپىپ چىقىشىڭىز كېرەك. بۇ ئىككى خىل ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇر جەريانىنى تەكشۈرگەندىن سىرت، باشقىلارنىڭ تەپەككۇر نەتىجىسىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى تەكشۈرەلەيسىز.

توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى بولۇش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشىڭىز كېرەك:

1. پاكىت بىلەن تۇيغۇ، قىياس، ئىسپاتلانمىغان پەرەز ۋە يالغان-ياۋداق گەپلەرنى ئايرىش.

2. پاكىتنى مۇھىم پاكىت ۋە مۇھىم بولمىغان پاكىت دەپ ئىككى كاتېگورىيىگە ئايرىش.

توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلاردىن باشقا، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭمۇ نۇرغۇن پىكىرلىرى بولىدۇ. بىراق بۇ پىكىرلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆپىنچىسىنىڭ قىممىتى يوق. قىممىتى يوق بۇ پىكىرلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىرى خەتەرلىك ۋە ۋەيران قىلىش خاركتېرىدە بولۇشى مۇمكىن (بولۇپمۇ بۇ پىكىرلەر شەخسىنىڭ ئالغا ئىنتىلىش نىيىتى بىلەن بىرلەشكەندە)، گېتلېر بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ.

سىز پاكىتنى ياكى توغرا پەرەزنى ئاساس قىلغان پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداقلا، باشقىلارنى پاكىت ياكى توغرا پەرەزنى ئاساس قىلمىغان پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىمەسلىكىڭىز كېرەك. توغراتەپەككۇر قىلغۇچىلار ئىشىنىشتىن ئىلگىرى، بىراۋنى ھەرقانداق پىكىر بىلەن تەمىنلىمەيدۇ. گەرچە ئۇلار باشقىلاردىن پاكىت، ماتېرىيال ۋە تەكلىپلەرنى ئاڭلىسىمۇ، ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە قوبۇل قىلماسلىق ھوقۇقى بولىدۇ.

گېزىت، قۇرۇق پاراڭ ۋە ئەپىقاچتى گەپلەر پاكىتقا ئېرىشىشنىڭ ئىشەنچلىك ۋاستىسى ئەمەس. چۈنكى، ئۇلاردىن تارقىلىدىغان خەۋەرلەر ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ خەۋەرلەر قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە ئىسپاتلاشتىن ئۆتكۈزۈلمەيدۇ.

«كۆتۈش» كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان «پاكىت» لارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى سەۋەب. چۈنكى ئادەتتىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆتكىنى بىلەن پاكىتنى تەبىئىي ھالدا بىردەك دەپ قارايدۇ. ئادەتتىكى كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان «پاكىت» لار ئەنە شۇنداق ئۇڭايلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا ئېسىڭىزدە تۇتۇشىڭىز كېرەككى، ھەقىقىي پاكىتنى بىلىش ئۈچۈن، بەدەل تۆلىشىڭىز كېرەك، يەنى ئىشنىڭ چىنلىقىنى تىرىشىپ تەكشۈرۈپ چىقىشىڭىز كېرەك.

ئامېرىكىدا ئىلگىرى پېپسى كولا بوتۇلكىسىدا شپپرىسنىڭ ئۇكۇل يىڭنىسى تېپىلىپتۇ دېگەن ئۆسەك سۆز تارقالغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا 20نەچچە شتاتمۇ مۇشۇنداق خەۋەر قىلغان ئىدى. مۇشۇ «پاكىت» تۈپەيلى پېپسى كولا شىركىتىنىڭ پاي چېكى

باھاسى قاتتىق چۈشۈپ كېتىدۇ. مەبلەغ سالغۇچىلار پېپسى كولا شىركىتىنىڭ پاي چەكلىرىنى زىيىنىغا سېتىۋېتىدۇ. شۇنداق بولۇپ تۇرسىمۇ، بۇ شىركەتنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ.

توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلار بۇ «پاكىت» قا ئىشەنمەيدۇ ۋە بۇ شىركەتنىڭ پاي چەكلىرىنى سېتىۋالىدۇ. ئاخىرىدا فىرانسىيە دۆلەت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن فېدراتسىيە تەكشۈرۈش ئىدارىسى بۇ خەۋەرلەرنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىدۇ.

بۇ ئىشتا كىم ھەقىقىي پايدىغا ئېرىشكۈچى؟ ساراسىمگە چۈشۈپ پاي چەكلىرىنى زىيىنىغا ساتقانلارمۇ ياكى توغرا تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق پاي چەكلىرىنى ئەرزان سېتىۋالغانلارمۇ؟

## مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئەقىللىق تەپەككۇر قىلغۇچىغا ئايلىنىش

تەرتىپلىك تەپەككۇر كاللىنى توغرا ئىشلىتىشكە تايىنىدۇ.
مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى كاللىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشلىتىپ،
توغرا ھۆكۈمگە تايىنىپ، دانا قارار چىقىرىدۇ.

ھەربىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى ئەقلىي تەپەككۇر قىلىدۇ ياكى ئۇلارنىڭ تەرتىپلىك تەپەككۇر قىلىش ماھارىتى بولىدۇ. بۇ كىتابتا مىسال كەلتۈرۈلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى پىكىر قىلىشقا ماھىر.

بۇنداق دېگەنلىك ئۇلارنىڭ نۇتۇق ماھارىتى ياكى ئۇسۇلى باشقىلاردىن ئۈستۈن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا تېخىمۇ تۈپكى بولغان بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى ئۇلار توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ ماھارىتىنى بىلدۈرىدۇ. توغرا تەپەككۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاللىنى توغرا ئىشلىتىشكە تايىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولسا كاللىسىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئىشلىتىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، كاللىڭىزنى جانلىق ئىشلىتىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، تەرتىپلىك تەپەككۇر قىلغان ئادەم توغرا ھۆكۈم قىلالايدۇ ۋە دانا قارار چىقىرالايدۇ. ئەگەر سىز مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تاپالايدىغان بولسىڭىز، سىز چوقۇم كۆپ ھەق ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم.

ئىككىنچى، تەرتىپلىك تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەم ئاددىي ئۇسۇل ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆزىنى تېخىمۇ بەكرەك چۈشەندۈرەلەيدۇ. مەيلى بىراۋنىڭ قول ئاستىدا بولسۇن ياكى ئۆزى يالغۇز بولسۇن، ئۇلار قابىلىيىتىنى نامايان قىلىشقا توغرا كەلگەندە، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. سودا مەيدانىدا باشقىلارغا پىكرىنى توغرا يەتكۈزۈش ھەركۈنى قىلىدىغان ئىشتۇر، مۇدىرىيەت باشلىقى ياكى مال ساتقۇچىلار ئۈچۈن بۇ ئوخشاش ئىش. بولۇپمۇ چوڭ بىر شىركەتتە ئۆز پىكرىنى ئۈنۈملۈك ئىپادىلەيدىغانلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ.

ھەربىر ئادەم مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئەقىللىق تەپەككۇر قىلغۇچىغا ئايلىنالايدۇ. تۆۋەندە مەن ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ تۆت باسقۇچىنى تونۇشتۇرىمەن:

ئالدى بىلەن ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ئىشىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش كېرەك. بىر ئادەمنىڭ ئەقىل بۆلۈنمىسى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئەقلىي تەپەككۇر ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم يارىتىدۇ. ئەقىل بۆلۈنمىسى ئادەتتىكىچە بولغان بىر ئادەم ئەقلىي تەپەككۇر قىلالىسا، ئۇئادەم ئەقىل

بۆلۈنمىسى يۇقىرى، ئەمما قارىسىغا ھۆكۈم قىلىدىغان ئادەمدىن ياخشى بولغان بولىدۇ.

تەپەككۇر جەريانى خىلمۇخىل بولۇپ، ئاساسلىقى تۆت باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئەگەر بۇ باسقۇچلارنى ئوبدان تەتقىق قىلساق، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمىز 100% ياخشىلىنىدۇ. تۆۋەندىكىسى بۇ باسقۇچلارنىڭ مەزمۇنى:

1. مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تېپىش:

ئالدى بىلەن مەسىلىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىۋېلىش كېرەك. بولمىسا مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تاپقىلى بولمايدۇ. بەزىلەر دائىم كونا ئىزىدا چۆرگىلەپ بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ. بۇ دەل مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپالمىغانلىقتا. بۇخۇددى ئاددىي بىر ماتېماتىكىلىق مەسىلىنى ئىشلىگىلى بولمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش.

ئاددىي بىر مىسالنى ئالاي. بىر ئايال ئۆتتۈكوم پۇتۇمنى غاجىدى دەپ دوختۇرنىڭ يېنىغا بارسا، مانا بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى خاتالىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن بىز مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تېپىشنىڭ نىمە ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم باسقۇچ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالالايمىز. بولمىسا، مەسىلىنىڭ ئۆزى بىلەن سىماسى بىرىكىپ، مەسىلە تېخىمۇ گىچىماشلىشىپ كېتىدۇ. مەسىلە چىققاندا مۇشۇ مىسالنى ئويلاپ باقساق،چوقۇم مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تۇتالايمىز. مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تۇتۇپ، ئۇنى ئىخچام ئىپادىلىگەندە، يېرىم غەلىبە قىلغان بولىمىز.

2. پۈتۈن پاكىتنى تەكشۈرۈش:

ھەقىقىي مەسىلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاش كېرەك، ئاندىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭغا چوقۇم ئالىملارغا خاس ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇش كېرەك. مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ئىلمىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسۇل قوللىنىش كېرەك، ھۆكۈم قىلغاندا ياكى قارار چىقارغاندا چوقۇم پاكىتنى ئاساس قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەسىلىنى ھەرقايسى نۇقتىدىن پەرق ئېتىشمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.

مەسىلەن: ئىككىدىن بىرنى تاللايدىغان ئاددىي بىر سوئال بولسا، ئىككى كاتەك سىزىپ، بىر كاتەككە مەسىلىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنىڭ ياخشى تەرىپىنى، يەنە بىر كاتەككە يەنە بىر خىل لايىھىنىڭ ياخشى تەرىپىنى يېزىش، شۇنداقلا ئالاقىدار ئىشلارنىڭمۇ ھەممىسىنى يېزىش كېرەك. ئاندىن پايدا- زىيانىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، توغرا ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار تولۇقلانغاندىن كېيىن، توغرا قارار چىقىرىش كۆپ ئاسانلىشىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللانى توپلاش ئەقلىي تەپەككۇر مەشىقىدە ناھايىتى مۇھىم.

3. قارار چىقىرىش:

كۆپلىگەن كىشىلەر سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن دەرھال يەكۈن چىقىرىدۇ. بىراق يەكۈن چىقىرىشقا ئالدىرىماسلىق كېرەك. يەكۈن چىقىرىشنى بىر كۈن بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ۋاقتىنچە ئۇنتۇش كېرەك. يەنى، تۈرلۈك پاكىتلارغا باھا بېرىپ بولغاندىن كېيىن، يەكۈن چىقىرىشنى يوشۇرۇن ئاڭغا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك. يوشۇرۇن ئاڭ سىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئۇزاق ئۆتمەيلا، ھۆكۈم ياكى قارار كۆڭلىڭىزدە پەيدا بولۇپ، مەسىلە قايتىدىن كاللىڭىزغا كىرگەندە، جاۋابمۇ تېپىلغان بولىدۇ.

بۇچاغدا سىز: «توغرا، مۇشۇنداق قىلاي» دەپ ئويلايسىز ۋە شۇ بويىچە قىلىشقا تەييارلىنىسىز. سەۋرچان بولۇڭ، سىز ھازىر سىناق قىلىپ بېقىشنى ئويلاۋاتقانسىز. بىراق تەجرىبىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكى تۈپەيلى، يوشۇرۇن ئېڭىڭىز ئارقىلىق چىقىرىلغان ھۆكۈم تېخى مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە يەتمەيدۇ.

4. كىچىك كۆلەمدە سىناق قىلىش:

قارارىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاۋۋال، ئوبدانراق قىلىش ئۈچۈن سىناق قىلىشىڭىز كېرەك.

ئاۋۋال بىرەر-ئىككى ئادەمگە ياكى ئىككى-ئۈچ خىل ئەھۋالغا قارىتا سىناق قىلىڭ. بۇنداق قىلغاندا ئوي-خىيالىڭىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز. ئەگەر ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يېرى بولسا، دەرھال تۈزىتىڭ.

ئاشۇنداق قىلسىڭىز، خېلى مۇكەممەل قىلغان بولىسىز. يۇقىرىدىكى باسقۇچلار، يەنى پاكىتقا باھا بېرىش، پىلان تۈزۈش، كىچىك سىناق قاتارلىقلار ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى قارار چىقىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەرتىپلىك تەپەككۇر ئارقىلىق ھەرىكەت پىلانى تەبىئىي ھالدا تۈزۈلىدۇ.

## ئەقلىي تەپەككۇر قىلغۇچىلار ھەرگىزمۇ قىزىققانلىق بىلەن ئىش قىلمايدۇ

كۆپلىگەن كىشىلەر مىش-مىش پاراڭلارغا ۋە ئەرزىمەس پاكىتلارغا ئىشىنىۋېلىپ، ئاخىرى بېرىپ مەغلۇپ بولىدۇ. ئەقلىي تەپەككۇر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ پىكىرىنىڭ قىممىتى بار-يوقلۇقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەيدىغانلارنىڭ بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلىرىنى ياكى سۇبيېكتىپ پەرەزلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىش ناھايىتى خەتەرلىك.

ئەقلىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار «ئاڭلىشىمچە» دەپ باشلىغان گەپلەرگە قۇلاق سالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ گەپلەرنىڭ ئاخىرىنىڭ ئەھمىيەتسىز گەپلەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەقلىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار ئۆزىگە جاۋابكار بولالايدىغانلارنىڭ ئىشەنچلىك پاكىتقا

ئاساسلىنىپ تۇرۇپ پىكىر بايان قىلىدىغانلىقىنى ياكى مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغانلىقىنى، خەق نېمە دېسە شۇنداق دەۋەرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەقلىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار يەنە دوستلىرىنىڭ پىكىرىنىڭ قوبۇل قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار مەسلىھەتكە موھتاج بولسا، ھەق تۆلەپ بولسىمۇ ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلەرنى تاپىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئىشنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلانغاندىلا، ئاندىن قىممىتى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئەقلىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار ھەرگىزمۇ قىزىققانلىق بىلەن ئىش قىلمايدۇ. ئۇلار مەسىلىلەرنى لوگىكىغا ۋە قائىدىگە ئۇيغۇن ئۇسۇللار بىلەن بىر تەرەپ قىلىدۇ. كەيپىياتنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدۇ.

جون.دوك مۇنتىزىم مەكتەپ تەربىيىسى كۆرمىگەن، خەت يېزىشنى بىلمەيدىغان بىر ئادەم. بىراق ئۇنىڭ ئۆتكۈر ۋە ئەقلىي تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ باي ئادەمنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرغان. ئۇ ئەزەلدىن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغا ياكى ئەرزىمەس ئىشلارغا ۋاقتىنى زايە قىلمايدۇ. ئۇ پاكىتقا ئاساسلىنىپ، تېز تەدبىر بەلگىلەيدۇ. بىر كۈنى ئۇ بىر قېرىنداش دوستى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. دوستى دۇكىنىڭ زەنجىرسىمان تاماكا دۇكىنىدىن 2000نى ئاچماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالىدۇ. «شېرىكىم بىلەن مەن»، دەيدۇ ئۇ دوستى: «دۇكاندىن ئىككىنى ئاچساقلا يېتىشىپ بولالمايمىز، سەن تېخى دۇكاندىن 2000نى ئاچماقچىمۇ! بۇ بىر قۇرۇق خىيال، ھەرگىزمۇ مۇمكىن بولمايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ بىر خاتا قارار، دوك».

«خاتا؟» دەيدۇ دوك: «مەن ھاياتىمدا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بىراق خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسام، ئۇنى مۇنازىرە قىلىپ ئولتۇرمايمەن. مەن ئىشىمنى داۋاملاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ خاتالىق ئۆتكۈزىمەن.»

دۇك پىلانىنى داۋاملاشتۇرۇپ، تاماكىنى پارچە ساتىدىغان زەنجىرسىمان دۇكان ئاچىدۇ. كېيىنچە ئۇنىڭ دۇكانلىرىنىڭ ھەپتىلىك تىجارەت سوممىسى نەچچە ئون مىلیون دوللارغا يېتىدۇ. ئۇ نەچچە مىلیون دوللار ئىئانە قىلىپ، دۇك ئۇنىۋېرستېتىنى بەرپا قىلدۇرىدۇ. بۇ پۇللار ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېيىشتىكى سىرى كەسكىن بولۇش، تېز تەدبىر بەلگىلەش ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بەزى تەدبىرلىرى توغرا بولغان.

ئالبېرت. خاربو باشقۇرغۇچىلارغا: «دائىم تەدبىر بەلگىلەيدىغان، شۇنداقلا بۇ تەدبىرنىڭ كۆپىنچىسى توغرا چىقىدىغان ئادەم»دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. ئېنىقكى، ئەقلىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار ئۆزىنى تېزگىنلىيەلەيدۇ. كەسكىن ۋە ئاقىلانە قارار ھەرقايسى كەسىپ ـ ساھالەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ يولى. بۇنىڭدا جاسارەت ۋە سەممىيلىك بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تىزگىنلەش ئالدىنقى شەرت.

## توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ توسالغۇسى

ئىنسان تەبىئىيتىدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل خاراكتېر ئۇمۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ، بۇئىككى خىل خاراكتېر توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ توسالغۇسىدۇر.

ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىش (پاكىتقا ئاساسلانماي ياكى ناھايىتى ئاز پاكىتقا ئاساسلىنىپلا ئىشىنىش) ئىنساندىكى بىر چوڭ يېتەرسىزلىك. بۇ يېتەرسىزلىكنىڭ ياردىمىدە گېپىلىر تەسىر كۆچىنى كىشىنى قورقۇتقۇدەك دەرىجىدە (جۈملىدىن ئۆز خەلقى ئارىسىغا ۋە دۇنيادىكى باشقا جايلارغا) كېڭەيتكەن. توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ كاللىسىدا مەڭگۈ بىر سوئال بەلگىسى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

سىزمۇ توغرا تەپەككۇر قىلىشىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەربىر ئادەم ۋە ھەربىر ئىشتىن گۇمانلىنىشىڭىز كېرەك.

بىراق بۇ ئىشەنچ يوقلۇقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇ ياراتقۇچى ئىگىمىزنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىپادىسى. چۈنكى سىز ئىدىيىڭىزنىڭ ياراتقۇچى ئىگىمىزنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان، سىزنىڭ بىردىنبىر پۈتۈنلەي تىزگىنلەيدىغان نەرسىڭىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندىڭىز ۋە بۇ تەلەينى قەدىرلەۋاتىسىز.

ئاز ساندىكى توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلار ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى دەپ قارىلىپ كەلدى. چۈنكى ئۇلار قىلغان ئىشلىرىدا باشلامچىلىق رول ئويناپ كەلدى. ئۇلار سانائەتنى ۋە سودىنى بەرپا قىلىپ، ئىلىم-پەن بىلەن مائارىپىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇردى ۋە كەشپىيات-ئىختىراغا، دىنغا ئىلھام بەردى. بۇ توغرىدا ئېمېرسون مۇنداق دېگەندى:

ئەگەر مۇتەپەككۇرنى بۇ پلانىتقا ئاپىرىدە قىلغاندا، كۆپچىلىك ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك، چۈنكى جىمى شەيئى خەۋپ ئىچىدە تۇرىدۇ، بۇ خۇددى چوڭ بىر شەھەرگە ئوت كەتكەندەك ھېچكىمنىڭ قەيەرنىڭ بىخەتەر جاي ئىكەنلىكىنى بىلمىگىنىگە، شۇنداقلا ئوتنىڭ قاچان ئۆچىدىغانلىقىنى بىلمىگىنىگە ئوخشايدۇ. ئىلمىي رىۋايەتلەر ئۆزگىرىدۇ، ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بارلىق نام-ئاتاق ۋە بارلىق ئاتالمىش شان-شۆھرەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇرمىلىنىشى ياكى ئەيىبلىنىشى مۇمكىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئۈمىدى، ئىدىيىسى، مىللەتنىڭ دىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پوزىتسىيىسىنى، ئەخلاقى ئەۋلادلارنىڭ نىبرى-بىرى قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئومۇملىشىش ئىلاھىي كۈچ بولۇپ يېڭى ئىدىيە ئېقىمىغا قۇيۇلىدۇ، شۇڭا ۋەھىمىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدۇ.

ئەگەر سىز توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى بولسىڭىز، ئۆز كەيپىياتىڭىزنىڭ قۇلى ئەمەس، خوجايىنىغا ئايلىنىسىز. سىز ھەرقانداق ئادەمگە ئىدىيىڭىزنى كونترول قىلىدىغان پۇرسەتنى

بەرمەسلىكىڭىز كېرەك. سىز بىر قىسىم كىشىلەرنى رەت قىلىشنى، بەزى خاتا كۆزقاراشلارنى رەت قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. ئۆيدىكىلىرىڭىزنىڭ، دوستلىرىڭىزنىڭ پاكى خىزمەتداشلىرىڭىزنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىڭىزمۇ، نىيىتىڭىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىڭىز، توغرا تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك.

ئادەتتىكى كىشىلەر كاللىسىدا قايتا ـ قايتا پەيدا بولغان كۆزقاراشلارنى (ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن، توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن) قوبۇل قىلىدۇ. سىز توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن ئىنسان تەبىئىيتىدىكى بۇخىل خاراكتېردىن تولۇق پايدىلىنىپ، بوگۈن ئويلىغانلىرىڭىزنى ئەتە كاللىڭىزدا قايتىدىن زاھىر قىلىڭ ۋە بۇ ئارقىلىق قايتا ـ قايتا پەيدا بولغان بۇ ئىدىيىنى قوبۇل قىلىڭ. مانا بۇ، نىشاننى بېكىتىش ۋە ئاكتىپ روھىي ھالەتنىڭ قۇدرىتىنىڭ ماھىيىتىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ يەنە بىرخىل ئورتاق يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئىنسانلار ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان شەيئىلەرگە ئىشەنمەيدۇ.

ئاكا ـ ئۇكا رايىتلا ئۇچالايدىغان ماشىنا ياسىغانلىقىنى جاكارلاپ، مۇخبىرلارنى كېلىپ كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاندا، ھېچكىم ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان. ماركونى ئېلېكتىر سىمى ئىشلەتمەيمۇ ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ئۇسۇلنى تاپقانلىقىنى جاكارلىغاندا، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئۇنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا تەكشۈرگىلى ئاپارغان، ئۇلار تېخى ماركونىنى ئەقلىدىن ئېزىپتۇ دەپ قارىغان

تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىشىتىن ئىلگىرى كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇش، سىزنىڭ پۇرسىتىڭىزنى، ئىشەنچىڭىزنى، قىزغىنلىقىڭىزنى ۋە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىڭىزنى چەكلەپ قويىدۇ. ئىسپاتلانمىغان ئىشلاردىن گۇمانلىنىش بىلەن ھەرقانداق يېڭى شەيئىنى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان ئىككى خىل

پوزىيىسىيىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك. توغرا تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەقسىتى سىزنىڭ يېڭى كۆزقاراش ياكى ئادەتتىكىچە بولمىغان ئىشلارنى چۈشىنىشىڭىزگە ياردەم قىلىش، ھەرگىزمۇ سىزنىڭ ئۇلارنى تەكشۈرۈشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىش ئەمەس.

## شەيئىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتۇش

سىز ئاساسلىق نىشانىڭىزغا يېتىش جەريانىدا ئىشلەيدىغان پاكىتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى مۇھىم ھەم زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىشلەتمەيدىغانلىرىڭىز بولسا مۇھىم بولمىغان ھەم ئانچە چوڭ مۇناسىۋىتى بولمىغان پاكىتلار بولىدۇ. بەزىلەر بۇنىڭغا سەل قارىغاچقا، پۇرسىتى ۋە قابىلىيىتى ئانچە پەرقلەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىسىدە زور ئوخشىماسلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ.

سىز بەلكىم بۇنىڭ سەۋەبىنى پەرەز قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

پەقەت سىز تەتقىق قىلىشتىن ئېرىنمىسىڭىزلا، زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ خىزمىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىر ئادەتنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى بايقايسىز. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار خىزمەتنى ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئازادە، كۆڭۈللۈك ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئېپىنى بىلگەچكە، مۇھىم بولمىغان پاكىتلار ئارىسىدىن مۇھىم پاكىتلارنى قانداق تاللاپ چىقىشنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆزىنىڭ پىشانىگە ئۈچۈن بىر تايىنىش نۇقتىسى تاپقان بولۇپ، بارمىقى بىلەن پىشانىگىنىڭ بىر ئۇچىنى ئازراق بېسىپ قويسىلا، سىز پۈتۈن كۈچىڭىزنى چىقىرىپمۇ ئىشلەپ بولالمايدىغان ئېغىر ۋەزىپىنى تۈگىتىۋېتەلەيدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم دىققىتىنى مۇھىم بىر پاكىتقا قارىتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرسە ۋە مۇشۇ مۇھىم پاكىتلار ئاساسىدا ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت ئوردىسىنى بەرپا قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولغان بولىدۇ. بۇ كۈچنى بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى كۈچنى پەيدا قىلغان كىچىك بولقىغا ئەمەس، ئون توننا ئېغىرلىقتىكى كۈچنى پەيدا قىلىدىغان چوڭ بولقىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

پاكىتنى ۋە ساپ ماتېرىياللارنى پەرق ئېتىش زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن، مەن سىزنىڭ نېمىنى ئاڭلىسا شۇنى قىلىدىغان ئادەملەرنى تەتقىق قىلىپ بېقىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇنداق ئادەملەر سۆز-چۆچەكلەرنىڭ تەسىرىگە ئوڭايلا ئۇچرايدۇ، ئۇلار گېزىتتە كۆرگەن خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىشىنىدۇ، ئەمما تەھلىل قىلىپ باقمايدۇ. ئۇلار باشقىلارغا ئاشۇ كىشىلەرنىڭ دۈشمىنى، رىقابەتچىسى ۋە تەڭتۇشلىرىنىڭ باھاسى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىدۇ. تونۇيدىغان دوستلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدىن مۇشۇنداق ئادەمدىن بىرنى تېپىپ، مۇشۇ تېمىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ بىر مىسالى قىلىڭ. لىنكولىنىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرى لىنكولىن بىر نېگىر ئايال بىلەن بىرگە ياتقان دەپ سۆز-چۆچەك تارقاتقان. ۋاشىنگتوننىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سۆز-چۆچەكنى تارقاتقان. لىنكولىن بىلەن ۋاشىنگتون جەنۇبلۇق بولغاچقا، بۇ ئېغىۋانى تاپقۇچىلار بۇنى ئۆزلىرى ئويلاپ تاپقان ئەڭ مۇۋاپىق ۋە ئەڭ يامان ئېغىۋا دەپ قارىغان. ۋىلسون زۇڭتۇڭ پارىژدىن ئامېرىكىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇش ۋە خەلقئارا تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك پىلانىنى ئېلىپ كەلدى. بىراق توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «مىش-مىش گەپلەر» نىڭ تەسىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچراپ، زوڭتوڭ ۋىلسوننى تىرو (زالىم پادشاھ) بىلەن جوھوت (دوستىنى سېتىۋەتكۈچى)نىڭ يۈشتى دەپ قارىغانىدى.

پىتنە-پاسات تېرىغۇچىلار ۋىلسوننى قەبىھ پىتنە-پاساتلار بىلەن ئۆلتۈردى. ئۇلار لىنكولىنغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە مۇئامىلە قىلدى. ئۇلار بىر تەلۋىنى كۈشكۈرتۈپ، بىر ئوق بىلەن لىنكولىننىڭ ھاياتىنى بالدۇرلا ئاخىرلاشتۇردى.

توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلار پىتنە-پاساتلاردىن پەخەس بولۇشى كېرەك. بۇيەقەت سىياسىي ساھە بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بىر ئادەم سودا-سانائەت ساھەسىدە نام چىقىرىشقا باشلىغاندا، پىتنە-پاساتلارمۇ تەڭ بولىدۇ. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ ياسىغان تاختا مۈشۈكى قوشنىسىنىڭكىدىن خېلى ياخشى بولسا، ئۇنداقتا پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى تەبرىكلىشى تورغانلا گەپ. بىراق تەبرىكلىگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە بەزىلەر تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئابرۇيىغا زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېلىدۇ.

«دۆلەتلىك پۇل ساناش ئاپپاراتى شىركىتى»نىڭ مەرھۇم باش لېدىرى پاتسېن بۇنىڭ تىپىك بىر مىسالى. ئۇ ياسىغان پۇل ساناش ئاپپاراتى باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ رەھىمسىز رەقىبكە ئۇچرىدى. بىراق توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلار پاتسېننىڭ رىقابەتچىلىرى تارقاتقان پىتنە-پاساتلارنى قوللىغىدەك قىلچىلىك دەلىل-ئىسپات يوق دەپ قارايتتى.

## پاكىتنى ئېنىق تونۇش

قانۇن ساھەسىدە «ئىسپات قانۇنى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پرىنسىپ بار، بۇ قانۇننىڭ مەقسىتى پاكىتقا ئېرىشىش. ھەرقانداق سوتچى پەقەت پاكىتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم چىقارسىلا،

دېلونى ئادىل بىر تەرەپ قىلالايدۇ. بىراق سوتچى «ئىسپات قانۇنى» دىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، مىش-مىش گەپلەرگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم چىقارسا ياكى يەكۈن چىقارسا، بىگۇناھ كىشىلەرگە ئۇۋال قىلىپ قويۇشى مۇمكىن.

«ئىسپات قانۇنى» تەتقىق قىلىنىدىغان ئوبيېكت ۋە مۇھىتقا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. سىز بىلىدىغان پاكىت يېتەرسىز بولغاندا، ئەگەر سىز كۆزئالدىڭىزدىكى دەلىل-ئىسپاتلار ئىچىدىكى ھەم ئۆز مەنپەئەتىڭىزگە پايدىلىق، ھەم ھېچكىمگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەيدىغان دەلىل-ئىسپاتلارنى پەرەز قىلسىڭىز، بۇ ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان دەلىل-ئىسپات دەپ قارىلىدۇ. سىز مۇشۇ ئىسپاتقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھۆكۈم قىلسىڭىز، خاتالاشمايسىز.

بىراق ھازىرقى ئەھۋال بولسا، كۆپلىگەن كىشىلەر (ئۆزى بىلسۇن ياكى بىلمىسۇن) ئىشنىڭ پايدا-زىيان مۇناسىۋىتىنى خاتا ھالدا پاكىت قىلىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر ئىشنى قىلىشنى خالاش-خالىماسلىقىدىكى بىردىنبىر سەۋەب شۇ ئىشنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قاندۇرۇش-قاندۇرالماسلىقى بولۇپ، باشقىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزگەن-يەتكۈزمىگەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

بۇ ئىشلار ئادەمنى شۇنداق ئەپسۇسلاندۇرسىمۇ، بىراق بۇ يەنىلا پاكىت. ھازىر كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئويىدا پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بىردىنبىر ئاساس قىلىنىدۇ. ئىشلار ئۆزىگە پايدىلىق بولغاندا، ئۇلار ناھايىتى «سەممىمي» بولۇۋالىدۇ، ئۆزىگە پايدىسىز بولغاندا، سەممىمي بولالمايدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ سەممىيسىزلىكى ئۈچۈن بىر تالاي باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىدۇ.

توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئۆلچەملىرى بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئۆلچەملەر ئۆزىگە دەماللىقتا پايدا ئەكىلەلىسۇن ياكى ئەكىلەلمىسۇن ياكى بەزىدە ئۆزىگە پايدىسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسۇن، يەنىلا ھەرۋاقىت مۇشۇ ئۆلچەمگە بويسۇنىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۇشۇ ئۆلچەم ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھاياتىدىكى ئېنىق ۋە ئاساسلىق نىشانغا يېتەلەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇ ئۆلچەم دەل پاكىتتۇر.

## ئۆزىڭىزگە ۋە باشقىلارغا توغرا باھا بېرىڭ

مېنىڭچە، سىز تەپەككۇر ئۇسۇلىڭىز توغرا ئادەم بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن پاكىتتىن پايدىلىنىش سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز، شۇنداقلا مەسئۇلىيىتىڭىز.

توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچىگە ئوخشاش (ئادىل بولۇشى، ھېچ بولمىغاندا ئۆزىگە شۇنداق قىلىشى كېرەك) باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى تېپىپ چىقالايدىغان بولۇشى كېرەك. چۈنكى ھەممىلا ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تۈرلۈك ئارتۇقچىلىقى ھەم ئاجىزلىقى بولىدۇ.

«مەن ئۆزۈمنىڭ باشقىلارنى ئالدىيالايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن، چۈنكى مەن ئۆزۈمنى ئالدىيالمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن». بۇ سۆزنى ئۆزىڭىزنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى قىلسىڭىز بولىدۇ.

روكفېللېر ئەپەندىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى، باشقا ئارتۇقچىلىقىدىن چاقناۋاتقان يۇلتۇزدەك ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى ئۇ، پاكىتنى ئۆزىنىڭ سودا پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى قىلغان ھەمدە ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار بىلەن ھەپىلىشىشكە ئادەتلەنگەن. بەزىلەر، روكفېللېر ئەپەندى بەزىدە رىقابەتچىلىرىگە ئادىل مۇئامىلە قىلمايدۇ دەيدۇ. بۇ گەپ بەلكىم راستتۇر ۋە بەلكىم يالغاندۇر. توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى

بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ توغرىسىدا تالىشىپ ئولتۇرمايمىز. بىراق ھېچكىم (ھەتتا ئۇنىڭ رىقابەتچىلىرىمۇ) روكفېللېر ئەپەندىنى رەقىبلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە «يېنىكلىك بىلەن ھۆكۈم قىلغان» ياكى ئۇنى «تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغان» دەپ ئەيىبلەپ باقمىغان. ئۇ ئۆز ئىشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك پاكىتلارنى بىر قاراپلا بىلەلەيتتى. قانداق ۋاقىت، قانداق جاي بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پاكىتلارنى بىر كۆرۈپلا بىلەلەيتتى، شۇنداقلا ئۇ پاكىتلارنى تاكى يېپىلغانغا قەدەر ئاكتىپلىق بىلەن ئىزدەيتتى.

ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ پاكىتقا ئاساسلىنىپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىلسە، ئۇنىڭدا ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. شۇنداقلا ئىككىلەنمەيدۇ ياكى ساقلاپ تۇرمايدۇ. ئۇ تىرىشچانلىقىنىڭ ئۆزىنى قانداق نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئادەمنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى باشقىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. نەتىجىسىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ باشقىلار بولسا تەمتىرەپ ماڭىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى بىلمەيدۇ.

## ئاجىزلار راھەتكە بېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەتتىن ۋاز كېچىدۇ

كۆپلىگەن كىشىلەر مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشنى ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار تەپەككۇر قىلىشنى ئۆيلىمايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. ھەر بىر توغرا تەپەككۇر قىلغۇچى كىشىلىك ھاياتىنى بەزى مەسىلىلەرنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەرنى قارشى ئالىدۇ، مەسىلە ھەل قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئېرىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

راھەتكە ئىنتىلىش ئىنساندىكى بىر خىل خاھىش. ئەمەلىيەتتە كۆپ ساندىكى كىشىلەر راھەتكە بېرىلىش يولىنى تاللايدۇ. راھەتكە بېرىلىش ئۇزاققىچە داۋام قىلغاندىن كېيىن، بۇخىل راھەت ئوڭۇشسىزلىققا ئايلىنىدۇ. بۇنى «تۇرمۇش ئازادىلىك قانۇنىيىتى» بىلەن چۈشەندۈرۈش ئەڭ مۇۋاپىق.

تۆۋەندىكى جەدۋەل مۇشۇ قانۇنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەنبەسى مۇنداق: بىز ئازادىلىك ۋە راھەتكە بېرىلىش يولىنى تاللىغىنىمىزدا، تۇرمۇشىمىز ئاخىرى تەس كۆنگە قالىدۇ، 90% ئادەم مۇشۇ يولنى تاللايدۇ، چۈنكى كۆز ئالدىدىكى راھەت ئادەمنى ئوڭايلا ئېزىقتۇرىدۇ، يەنە بىر خىل تاللاش بولسا قىيىنچىلىق ۋە جاپا يولىدا مېڭىش بولۇپ، قىيىنچىلىق ۋە جاپا يولىدا ماڭغاندا، تۇرمۇش ئاخىرى راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا ئايلىنىدۇ. 10% ئادەم بۇ يولنى تاللايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇزاق كەلگۈسى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق جاپانى باشتىن كەچۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلارنىڭ «جاپالىق» لىقىدا. ئىنسانلاردا جاپادىن قېچىش خاھىشى بولىدۇ. ئازادىلىك يولىنى تاللىساق تۇرمۇشىمىز «توزاق» قا چۈشىدۇ.



بۇ كىتابنى سىزگە «تۇرمۇش ئازادلىق قانۇنىيىتى»نىڭ يەرنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئەگەر سىز يەرنىڭ تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا بىنانىڭ ئۆگزىسىدىن سەكرەپ ئاسماندا ماڭىمەن دېسىڭىز، مېجىقىڭىزنىڭ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. تۇرمۇش ئازادلىق قانۇنىيىتىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز ئۇنىڭغا خىلاپ ھالدا راھەتكە بېرىلسىڭىز، ئاخىرى ئۆڭدا قالىسىز، بۇ نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن ھەقىقەت.

كىشىلىك ھاياتتا ھەربىر ئىش ئۇچۇن بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئازادلىق ئۈچۈنمۇ بەدەل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر نۇرغۇن، ئەھمىيەتسىز تۇرمۇش يولىنى تاللايدۇ، چۈنكى بۇنداق تۇرمۇش يولى قارىماققا ناھايىتى راھەت بىلىنىدۇ. بىراق، ئاخىرىغا بارغاندا ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ، ناھايىتى چوڭ بەدەل تۆلەيدۇ. بۇ كىتابتىكى نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، ھەرگىزمۇ راھەتكە بېرىلىپ مۇۋەپپەقىيەتتىن ۋە ئارزۇنى قاندۇرۇشتىن ۋاز كېچىدىغان كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالماڭ، تەپەككۇر قىلىشنى، كىشىلىك ھاياتقا جەڭ ئېلان قىلىشنى خالايدىغان ئادەم بولۇڭ.

سىز كۈندە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مەسىلىلەرگە قانداق قارايسىز؟ چوڭ ھەم مۇرەككەپ بۇ مەسىلىلەردىن ناھايىتى بىزار بولامسىز؟ بىراق ئەڭ مۇھىمي شۇكى، مەسىلە چوڭ بولغانسېرى، خىرىسمۇ چوڭ بولىدۇ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئېرىشىدىغان قانائەتمۇ چوڭ بولىدۇ.

توغرا تەپەككۇر قىلغۇچىلار مەسىلىلەرنى خۇددى تېخىمۇ چوڭ قانائەتكە ئېرىشىدىغان پۇرسەتنى قارشى ئالغاندەك قارشى ئالىدۇ. كېلەر قېتىم چوڭ بىر مەسىلىگە ئۇچرىغاندا، ئىنكاسىڭىزغا دىققەت قىلىڭ. ئەگەر ئۆزىڭىزگە ئىشەنسىڭىز، كۆڭلىڭىز ناھايىتى خۇش تۇرىدۇ. چۈنكى سىزگە تەپەككۇر قابىلىيىتىڭىزنى

www.uyghurkitap.com

سىنايدىغان بىر پۇرسەت كەلدى؛ ئەگەر كۆڭلىڭىز خۇشال بولمىسا، ئېسىڭىز دە بولسۇنكى، سىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش تەپەككۇر قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلالايسىز. بىرەر مەسىلىگە يولۇقۇش كىشىلىك تۇرمۇشنى بەرپا قىلىشنىڭ يېڭى ھەم ياخشى پۇرسىتىدۇر.

سىز مەسىلە بولمىغان تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلىشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئۇنداق تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەرزىمەيدۇ. ئەگەر ھەممىگە قادىر بىر ماشىنا سىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىڭىزنى قىلسا، سىزگە قىلىدىغان ئىش قالمايدۇ. بىراق ئۇ لايىھە سىزنى مەسىلە بار تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىشكە قىزىقتۇرالمايدۇ. كېلەر قېتىم سىز مەسىلە بولمىغان تۇرمۇشنى ئارزۇ قىلغىنىڭىزدا، بۇ ئوخشىتىشنى ئېسىڭىزدىن چىقارماڭ.

ئەگەر سىز مەسىلىدىن قۇتۇلماقچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزگە تېخىمۇ چوڭ مەسىلە تاپسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن: سىز «بۈگۈن چۈشتىن كېيىن نېمە ئىش قىلسام بولار؟» دېگەن مەسىلە ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقىنىڭىزدا، چوڭ، ۋەھشى، ئاچكۆز بىر ئېيىق سىزنى قوغلاپ كەلسە، چۈشتىن كېيىن قانداق قىلسام بولار دېگەن كىچىك مەسىلىڭىزنى قورقۇنچلۇق ئېيىققا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ دېگەن چوڭ مەسىلىڭىز بېسىپ كېتىدۇ. كېلەر قېتىم سىز مەسىلىڭىز بار چاغدا، تېخىمۇ چوڭ مەسىلىدىن بىرنى تاپسىڭىز، ئەسلىدىكى كىچىك مەسىلىڭىز كۆرۈنمەيدۇ.

بىز بىر مەسىلىنى ھەل قىلغىنىمىزدا، تېخىمۇ كۆپ مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق مىساللار كۆپ: توي قىلىش بىز ئۈچۈن بىر مەسىلە بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىز توي قىلىپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا نىكاھتىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. كىيىم - كېچەكنىڭ ئاز بولۇشى بىز ئۈچۈن مەسىلە بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىزنىڭ كىيىم - كېچەكلىمىز كۆپەيگەندە بولسا، كىيىم

ئىشكاۋىمىزغا پاتمايدۇ، شۇنداقلا قايسى كىيىمنى كىيىشنى بىلەلمەي قالىمىز؛ پۇلنىڭ ئاز بولۇشىمۇ بىز ئۈچۈن مەسىلە بولۇشى مۇمكىن، بىراق بىز لاتارىيە بېلىتى ئېلىپ بىر تالاي مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە، پۇلنىڭ مەسىلىسى ھەل بولىدۇ، ئەمما يېڭىمۇ كۆپلىگەن مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: بىز دوستىمىز بىلەن بولغان بۇرۇنقى مۇناسىۋەتتىن مەھرۇم قالىمىز.

ئازابلىق ئىشلار ياكى قاتتىق ئۈگۈنۈشسىزلىق ئۆسۈش ۋە ياخشىلاشنىڭ پۇرسىتى. كۆپلىگەن كىشىلەر تۇرمۇشتىكى زەربىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ھوشىنى تاپقانلىقىنى دېيىشكەن.

## توغرا تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش

شۇنى قايتا تەكىتلەيمەنكى، ئىدىيە بىر ئادەمنىڭ پۈتۈنلەي كونترول قىلالايدىغان بىردىنبىر نەرسىسىدۇر. چۈنكى ئىدىيىڭىز ئەتراپىڭىز تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، سىز پايدىلىق پىسخىك ئادىتىڭىزگە تايىنىپ، تەسىر قىلىدىغان بۇ ئامىللارنى تىزگىنلىشىڭىز كېرەك. بۇ جەريان «ئادەتنى تىزگىنلەش» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئادەتنى تىزگىنلەش جەريانىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ، ئۇ تەپەككۇر كۈچىڭىزنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئەگەر سىزدە ئۇنداق ئادەت بولمىسا ياكى ئۆگەنگىنىڭىز ناچار ئادەت بولسا، بۇ سىزنى پاجىئەگە، مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىشى مۇمكىن. سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىز ئادەتنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىڭىزغا ۋە پەزىلىتىڭىزگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

ئىدىيىڭىزنى بىر پارچە نېگاتىۋقا ئوخشاتساق، بۇ نېگاتىۋقا ھەرقانداق شەيئىنى خاتىرىلىۋالغىلى بولىدۇ. نېگاتىۋ قانداق ئوبيېكتنى خاتىرىلەشنى تاللىيالمايدۇ، شۇنداقلا فوكۇس ئارىلىقى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئېكسپوزىتسىيە ۋاقتىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ. بىراق سىز بىر سۈرەتچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن خاتىرىلەيدىغان ئوبيېكتنى تاللاش، تارتىدىغان سۈرەتنىڭ فوكۇس ئارىلىقى، دىئافراگما ۋە زاتۋورنى قانداق قىلىش پۇرسىتىڭىز بار. ئەڭ ئاخىرىدا سۈرەت سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى سىزنىڭ بۇ ئامىللارنى تىزگىنلەش ماھارىتىڭىزگە باغلىق.

قەلبىڭىزدىكى ئاشۇ نىگاتىۋ ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا خاتىرىلىنىدىغان ئاساسىي ئوبيېكتىپ سىزنىڭ ئېنىق نىشانىڭىز. سىز ئۆز خاھىشىڭىزغا ئاساسەن كۆرۈنۈشنى تاللىيالايسىز، تاللىغان كۆرۈنۈشنى كۈچلۈك ئارزۇيىڭىز بىلەن شەرھلىيەلەيسىز ھەمدە ئىدىيىڭىزنى ئېكسپوزىتسىيە قىلىشنى قارار قىلالايسىز.

ئاز ساندىكى سۈرەتچىلەر مۇھىم كۆرۈنۈشلەرنى بىر قېتىمدىلا سۈرەتكە تارتىدۇ. كۆپ ساندىكى سۈرەتچىلەر بولسا بىر نەچچە قېتىم تارتىدۇ، ئۇلار ئەڭ مۇكەممەل كۆرۈنۈشكە ئېرىشىش ئۇچۇن، ھەر قېتىم تارتقاندا ئىگىلەشكە تېگىشلىك تۈرلۈك ئامىللارنى سەل-پەل تەڭشەيدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، سىزمۇ ئىدىيىڭىزنى بىر قېتىمدىلا ئېكسپوزىتسىيە قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماي، ئىدىيىڭىزنى كۆڭلىڭىزدىكى ئېنىق نىشانىڭىز بولغان ئاشۇ كۆرۈنۈشكە توغرىلاپ، ھەركۈنى ئېكسپوزىتسىيە قىلىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.

بۇنداق ھالەت ئۇزاق داۋاملاشسا، ئېنىق نىشانىنى قايتا-قايتا «ئېكسپوزىتسىيە قىلىش» ئادەتكە، تىزگىنلىنىدىغان ئادەتكە ئايلىنىدۇ؛ چۈنكى سىز ھەرىكىتىڭىزنىڭ خاراكتېرىنى ئاڭلىق ھالدا قارار قىلىسىز.

كۈچلۈك ئارزۇنىڭ قايتا-قايتا تەكرارلىنىشى ئېنىق نىشانىڭىز بولغان كۆرۈنۈشنى يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا كىرگۈزىدۇ. يوشۇرۇن ئېڭىڭىز ئۆزىڭىزمۇ تۇيمايدىغان ھالدا تەسەۋۋۇر كۈچىڭىز

ئارقىلىق، نىشانىغا يېتىشىڭىزدىكى تەسەۋۋۇر پىلانلىرىڭىزنى تېپىپ بېرىدۇ.

بىراق بۇ تەسەۋۋۇرلار ئۇنداق ئاسان پەيدا بولمايدۇ. يوشۇرۇن ئېڭىڭىز ھەرگىزمۇ ئىسكىلاتىڭىزغا ئۆزلىكىدىن بىر ماشىنىنى پەيدا قىلىپ قويمايدۇ ياكى سىز ئۈچۈن بانكىغا پۇل قويۇپ قويمايدۇ. توغرا تەپەككۇر قەتئىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئاشۇ تەسەۋۋۇر ۋە باشقا مۇۋەپپەقىيەت پرىنسىپلىرىنى تەدبىقلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. مېنىڭ «سىز ئالغا ئىنتىلىشچانلىقىڭىزنى ھەركۈنى ساقلىشىڭىز كېرەك» دەپ تەكىتلىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، سىزدە ئۆزىڭىز تىزگىنلىيەلەيدىغان ھەرىكەت ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

دەسلەپتە، ھەرىكىتىڭىز پىسخىكىڭىزنىڭ تىزگىنلىشىگە موھتاج بولۇشى مۇمكىن. بىراق ھەرقېتىم ھەرىكەت قىلغىنىڭىزدا، سىزنىڭ ئادەت ئارقىلىق تىزگىنلەش قابىلىيىتىڭىز ئاز-تولا كۈچىيىپ، ئادەتنى تىزگىنلەش سىزگە پىششىق بولۇپ كېتىدۇ. قىزغىنلىقىڭىز ۋە ئىشەنچىڭىزمۇ ئوخشاشلا سىزگە ھەيدەكچىلىك قىلىدۇ، ئەگەر سىز ھەرىكىتىڭىزنى تىز گىنلەيدىغان ئادەتكە ئايلاندۇرغىنىڭىزدا، قىزغىنلىقىڭىز بىلەن ئىشەنچىڭىزمۇ ئاز-تولا ئاشىدۇ.

خىزمەتنىڭ جاپالىق بولماسلىقى قورسىقىڭىز ئاچقاندا تاماق يېگىنىڭىزگە ئوخشايدۇ، سىز ئەتراپىڭىزدا سىزگە ئۈمىدۋە جاسارەت ئاتا قىلىدىغان يېڭى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى بايقايسىز، باشقىلار ئېغىز ئاچمىسىڭىزمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىز بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. سىز ھەرىكەت قىلغىنىڭىز ئۈچۈن نىشانىڭىزغا يېتىشكە پايدىلىق بەزى تاسادىپىي پۇرسەتلەرگە ئېرىشىسىز، سىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىڭىز كۈچىيىدۇ ۋە ئۆتكۈرلىشىدۇ ھەمدە ئۇزاق ئىشلىسىڭىزمۇ ئارزاقلا چارچايسىز؛ سىز دۇنياغا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايسىز، چۈنكى تىزگىنلىنىدىغان ھەرىكەت ئادىتى سىزگە ئۈمىد بىلەن ئىشەنچنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ھېس قىلدۇرغاچقا، بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، سىز تۇرمۇشنىڭ باشقا تەرەپلىرىنىمۇ ياخشىلىيالايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

# ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مۆجىزىسى

سىز زېھنىڭىزنى يىغىپ تۇرمۇشىڭىزغا، قەلبىڭىزگە، كەينىڭىزگە، ئالدىڭىزغا نەزەر سېلىشىڭىز كېرەك.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئېرىشىشنىڭ تۈنجى قەدىمى — ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلۇشىمىزدىنلا ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىش ۋە ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيىتىگە شەكسىز ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

پىسخىك ھالىتىڭىز سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. سىزنىڭ قانچىلىك قىلالايدىغانلىقىڭىز، قانچىلىك قىلماقچى بولغانلىقىڭىزغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت «مەن ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلالايمەن» دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ.

ھازىر بىز «ئىجادىي تەپەككۇر» نىڭ مەنىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالايلى. كۆپلىگەن كىشىلەر «ئىجادىي تەپەككۇر»نى «توك» ياكى «بالىلار پارالىچ ۋاكسىنىسى» نىڭ كەشىپ قىلىنىشىغا، ياكى ئەسەر ئىجادىيىتىگە، ياكى رەڭلىك تېلېۋىزورنىڭ تەرەققىياتىغا ئوخشىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسى. بىراق ئىجادىي تەپەككۇر پەقەت بەزى ئالاھىدە كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغانلاردىلا، ناھايىتى ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەردىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس.

ئۇنداقتا، ئىجادىي تەپەككۇر دېگەن نېمە؟

كىرىمى تۆۋەن بىر ئائىلە پىلان تۈزۈپ، بالىسىنى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگۈزگەن. مانا بۇ ئىجادىي تەپەككۇر.

بىر ئائىلە ئەتراپىدىكى كوچىنى شۇ ئەتراپتىكى ئەڭ گۈزەل رايونغا ئايلاندۇرغان. مانا بۇمۇ ئىجادىي تەپەككۇر.

ماتېرىياللارنى ساقلاش ئۇسۇلىنى ئامال قىلىپ ئاددىيلاشتۇرۇش، ياكى «ئۇمىدى يوق» خېرىدارغا مال سېتىش ياكى بالىلارغا ئىجادىي پائالىيەتلەرنى قىلغۇزۇش ياكى خىزمەتچىلەرنى ئۆز خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان قىلىش، ياكى بىرەر جېدەل - ماجىرالارنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئەمەلىي بولغان، ھەركۈنى بولۇپ تۇرىدىغان ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مىساللىرىدۇر.

## ئىجادىي تەپەككۇر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ

دوكتور ئېمما. گايتېس بۇ دۇنيانى كۆڭۈلدىكىدەك ياشايدىغان ماكانغا ئايلاندۇرۇشتا پۈتۈنلەي ئىجادىي تەپەككۇرغا تايانغان. دوكتور گايتېس بولسا داڭلىق پېداگوك، پەيلاسوپ، پسىخولوگ، ئالىم كەشپىياتچى بولۇپ، ئۇمۇربويى تۈرلۈك سەنئەت ۋە پەنلەرنى تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كەشىپ قىلغان، نۇرغۇن قانۇنىيەتلەرنى بايقىغان.

دوكتور گايتېسنىڭ تۇرمۇشى ئۇنىڭ مېڭىسى ۋە بەدىنىنى چېنىقتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ساغلام بەدەن ۋە ئۆتكۈر زېھنىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مەن دوكتور گايتېسنىڭ تەجرىبىخانىسىغا تونۇشتۇرۇش خېتى ئېلىپ بارغانىدىم. مەن ئۇ يەرگە بارغاندا، دوكتور گايتېسنىڭ كاتىبى ماڭا: «كەچۈرۈڭ، ھازىر دوكتور گايتېسنى ئاۋارە قىلىشقا بولمايدۇ» دېدى.

— قانچىلىك ۋاقىتتىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيمەن؟ — دەپ سورىدىم.

— بىلمەيمەن. بەلكىم ئۈچ سائەتتىن كېيىن بولار، — دېدى ئۇ.

— نېمىشقا ئۇنى ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ؟

— ئۇ ھازىر تىنچ ئولتۇرۇپ ئويلىنىۋاتىدۇ، ـ دېدى ئۇ بىر ئاز ئىككىلىنىپ.

— ئۇ ھازىر تىنچ ئولتۇرۇپ ئويلىنىۋاتىدۇ دېگەن نېمىدېگەن گەپ؟ — دېدىم مەن كۈلكەمنى باسالماي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياخشىسى بۇنى دوكتور گايتېس چۈشۈندۈرۈپ قويسۇن. مەن راستىنلا قانچىلىك ساقلىشىڭىزنى بىلمەيمەن. ئەگەر ساقلىغۇڭىز بولسا قارشى ئالىمىز؛ ئەگەر كېيىن كېلەي دېسىڭىز، مەن سىزگە ۋاقىت كېلىشىپ قوياي، دېدى.

مەن ساقلاش قارارىغا كەلدىم. بۇ قارار مەن ئۈچۈن ئەرزىيتتى. دوكتور گايتېس ئۆيدىن چىققاندا، كاتىپى بىزنى تونۇشتۇرۇپ قويدى. مەن كاتىپى دېگەن گەپلەرنى چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ تونۇشتۇرۇش خېتىمنى كۆرگەندىن كېيىن خۇشال ھالدا: «مېنىڭ تىنچ ئولتۇرۇپ ئويلىغان جايىمنى ۋە مېنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىمنى بىلگۈڭىز يوقمۇ؟» دېدى. مەن خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدۇم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى ئاۋاز ئۆتمەيدىغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ ئۆيدە ئۆي جاھازلىرىدىن پەقەت ئاددىي بىر ئۈستەل ۋە بىر ئورۇندۇق بارئىدى. ئۈستەلگە بىر نەچچە ئاق قەغەزلىك دەپتەر، بىر نەچچەتال قېرىنداش ۋە بىر ئۈستەل چىرىغى قويۇلغان ئىدى.

پاراڭ جەريانىدا دوكتور گايتېس ماڭا ئۆزىنىڭ بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقۇپ ھەرقانچە قىلىپمۇ ھەل قىلالمىغاندا، مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ، ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ھەمدە پۈتۈن زېھنىنى قاتتىق

مەركەزلەشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ «دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش» ئۇسۇلىنى ئەنە شۇنداق قوللىنىپ، يوشۇرۇن ئېڭىنىڭ ئۆزىگە قانداق جاۋاب بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىر جاۋاب تېپىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن. بەزىدە ئىلھامى كەلمەيدىكەن؛ بەزىدە بىردىنلا كاللىسىغا كېلىدىكەن؛ بەزىدە ئاز دېگەندە ئىككى - ئۈچ سائەتتە ئاندىن كاللىسىغا بىر ئوي كېلىدىكەن. كاللىسىغا كەلگەن خىيال روشەنلىشىشكە باشلىغاندا، ئۇ دەرھال چىراغنى ياندۇرۇپ خاتىرىلىۋالىدىكەن.

دوكتۇرئېمما. گايتېس باشقا كەشپىياتچىلار تىرىشىپ باققان، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان كەشپىياتلارنى قايتىدىن تەتقىق قىلىپ، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن 200 نەچچە خىل پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشكەن. ئۇ پەقەت بۇ كەشپىياتلارنىڭ كەمتۈك قىسمىنى تولۇقلىغان، يەنى باشقىدىن ئازراق بىر نەرسە قاتقان.

دوكتۇر گايتېس ئالاھىدە ۋاقىت چىقىرىپ، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقا ئازراق بىر نەرسىنى ئىزدىگەن. ئۇ «باشقا ئازراق بىرنەرسە» نى، يەنى ئۆزىگە نېمە كېرەكلىكىنى بىلگەچكە ۋە دەرھال ھەرىكەت قىلغاچقا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

## بارلىق نەتىجە ۋە بايلىق ئىجادىي پىكىردىن باشلىنىدۇ

ئىجادچانلىق قابىلىيىتى يېڭى ئۇسۇل، يېڭى چارىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئۆزىمىز يولۇققان بارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمىزنى كۆرسىتىدۇ.

بىراق ئىلگىرى ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بىلەن ئىجادىي تەپەككۇر پەقەت پەن، تېخنىكا، سەنئەت قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغانلاردىلا بولىدۇ دەپ قارالغان. ئەلۋەتتە، پەن، سەنئەت

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق خىزمەتلەر ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ناھايىتى موھتاج. بىراق ئىجادىي تەپەككۇر مۇئەييەن خىزمەت دائىرىسى بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، شۇنداقلا مۇئەييەن خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغانلاردىلا بولىدىغان نەرسە ئەمەس.

تۆۋەندىكىسى ئىجادىي پىكىر توغرىسىدىكى بىر نەچچە ھېكايە بولۇپ، بۇلاردا سىزگە ۋە ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى سۆزلىنىدۇ. بۇ كەشپىياتلار ھازىر ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى، شۇنداقلا بۇ كەشپىياتلارنىڭ ئىگىلىرىنى زور پايدىغا ئېرىشتۈردى. بۇ ھېكايىلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزدىن مەن يەنىلا ئۆزۈمنى قىلچىلىكمۇ ئىجادىي پىكىر قابىلىيىتى يوق ئادەم دەپ قارامدىمەن دەپ سوراپ بېقىڭ.

كىلان شاكىلات سودىگىرى ئىدى. ھەر يىلى ياز كەلگەندە ئۇنىڭ ئىچى پۇشۇپ قالاتتى، چۈنكى شاكىلات پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يۇمشاپ قالاتتى، ھەتتا ئېرىپ كېتەتتى. شاكىلاتنىڭ سېتىلىش مىقدارىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تېز تۆۋەنلەيتتى. ئۇ قاتتىق ئويلىنىپ، يازدا ئېرىپ كەتمەيدىغان قاتتىق كەمپۈت ياسايدۇ ھەمدە ئۇنى پارچىسىمان، ياپىلاقسىمان قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ. 1942 - يىلى، ئۇ «قۇتقۇزۇش چەمبىرىكى» دەپ نام قويۇلغان، ياپيۇز تەملىك قاتتىق كەمپۈتنى رەسمىي تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىپ، ناھايىتى قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشىدۇ. ھازىرمۇ بۇ خىل كەمپۈتنىڭ بازىرى ئىتتىك.

گودمان ھازىرقى تاللا بازارلىرىدا نەرسە سېتىۋالغاندا ئىتتىرىپ ماڭىدىغان ھارۋىنىڭ ئىجادچىسى. 1937 - يىلى، ئۇ ئوكلاخوما شەھىرىدىكى تاللا بازىرىدا ھەممىلا خېرىدارنىڭ لىق نەرسە سېلىنغان سېۋەت ۋە خالتىلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۆچىرەت بولۇپ ھېساب ئۈزۈشىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ كاللىسىنى ئىشلىتىپ، ئىتتىرىپ ماڭىدىغان تۆت چاقلىق كىچىك ھارۋىدىن بىرنى سىناق قىلىپ ياسايدۇ؛ نەتىجىدە ئىستېمالچىلار ۋە تاللا

بازىرى خوجايىنلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ ۋە مۇھىم كەشپىيات پاتېنتىغا ئىگە بولىدۇ.

كرۇم ئامېرىكىلىق ئىندىئان. ئۇ ياپىلاقلاپ توغرالغان ياڭيۇنى پىشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ئىجادچىسى. 1853 - يىلى كرۇم ساراتوگا شەھىرىدىكى ئالىي دەرىجىلىك بىر ئاشخانىدا ئاشپەز بولىدۇ. بىر كۈنى كەچتە بىر فرانسۇز كېلىپ، كرۇمنىڭ سەيلىرى تەمسىز ئىكەن، بولۇپمۇ ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلىرى بەك قېلىن بولغاچقا، يېگىلى بولماي، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىكەن، دەپ قۇسۇر تاپىدۇ. كرۇم ئاچچىقىدا بىر تال ياڭيۇنى ناھايىتى نېپىز قىلىپ توغراپ، قايناۋاتقان ماي بار قازانغا تاشلايدۇ. ئاخىرىدا ناھايىتى يېيىشلىك بولۇپ چىقىدۇ. ئۇ بىرنەچچە تالنى تېتىپ باقىدۇ، ھەقىقەتەن ناھايىتى مەززىلىك تېتىيدۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ياپىلاقلاپ توغرالغان، مايدا پىشۇرۇلغان، ئۆزگىچە تەمگە ئىگە بۇخىل ياڭيۇ ئامېرىكىنىڭ ئۆزگىچە تائامىغا ئايلىنىدۇ ۋە زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە كىرىدۇ. بۇ تائام ھازىرمۇ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت زىياپەتلىرىدىكى مۇھىم يېمەكلىكلەرنىڭ بىرى.

خامۋېر ئەسلىدە دەمەشىقتىكى ئۇششاق تىجارەتچى ئىدى. 1904 - يىلى ئامېرىكىنىڭ لۇئىزانا شتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋىي كۆرگەزمە مەزگىلىدە، ئۇنىڭ كۆرگەزمە زالىنىڭ سىرتىدا تاتلىق ھەم چۈرۈك قوتۇرماچ سېتىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىرسى ماروژنا ساتىدۇ. يازكۈنى ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، ماروژنىلار ناھايىتى تېز سېتىلىپ، ماروژنا ئالىدىغان كىچىك تەخسە تۈگەپ قالىدۇ. ئالدىراشچىلىقتا خامۋېر ئۆزىنىڭ قوتۇرماچلىرىنى يۆگەپ كونۇسسىمان قىلىپ، ماروژنا ئالىدىغان كىچىك تەخسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. نەتىجىدە سوغۇق ماروژنى بىلەن قىزىق قوتۇرماچ ئۇستىلىق بىلەن بىرلىشىپ، قالتىس قارشى ئېلىشقا ئېرىشىدۇ ۋە «دۇنياۋىي كۆرگەزمىدىكى ھەقىقىي چولپان» دەپ قارىلىپ،

مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ دەل ھازىرقى توخۇم بىلەن ئۇرالغان ماروژنىدۇر.

دۇنيادىكى بازىرى ئىتتىك كۆپلىگەن داڭلىق تاۋارلار كىچىككىنە ئىجادىي پىكىردىن پەيدا بولغان. ئەگەر كاللىڭىزدا يالت قىلىپ پەيدا بولغان خىياللارغا سەل قارىسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشىڭىز مۇمكىن. بۇ مىساللارنى ئوبدان ئويلاپ بېقىپ ئۆزىڭىزدىن گۇمانلانمايدىغان بولۇشىڭىز كېرەك.

## ئىجادىي پىكىر تەسەۋۋۇردىن كېلىدۇ

ئۇنداقتا، ئىجادىي پىكىر قەيەردىن كېلىدۇ؟ ئىجادىي پىكىر تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ مەھسۇلى. تەسەۋۋۇر كۈچىدىن ئىجادىي پىكىر پەيدا بولىدۇ. ئىجادىي پىكىر بايلىق ۋە نەتىجىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. مەدەنىي جەمئىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ماشىنىمۇ ئىجادىي پىكىر. بۇ ئىجادىي پىكىرنىڭ مەھسۇلى بولغان ماشىنا ئۇنىڭ ئىجادچىسى ھېنرى فورتنى ۋە ئۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى زور بايلىققا ئېرىشتۈردى.

فورت 1863 - يىلى 7 - ئايدا ئامېرىكىنىڭ مىچىگان شتاتىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى دېھقان بولۇپ، ئۇ فورتنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىر خىل ئىسراپچىلىق، فورت ئوقۇماي، دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپ، ياردەمچى بولۇشى كېرەك دەپ قارايتتى.

فورت كىچىكىدىن تارتىپلا دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئىشلىگەچكە، ماشىنا ئۈسكۈنىلەرگە قارىتا ئۇنىڭدا بالدۇرلا قىزىقىش پەيدا بولغانىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭدا ماشىنىنى ئادەمنىڭ ۋە ئات - ئۇلاغنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تەسەۋۋۇرى ۋە ئىستىكى پەيدا بولغانىدى.

فورت 12 ياشقا كىرگەندە، «تاشيولدا ماڭالايدىغان ماشىنا» ياساشنى ئويلاشقا باشلىغانىدى. بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ، كېچە-كۈندۈز كاللىسىدىن نېرى بولمىدى.

باشقىلار فورتقا بۇنداق «غەلىتە خىيال» دىن ۋاز كەچ دەپ «نەسىھەت» قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار فورتنىڭ خىيالىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارايتتى. فورتنىڭ دادىسى ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ياردەمچىسى بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بىراق فورت مېخانىك بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئاخىرىدا فورتنىڭ ئىرادىسى كۈچلۈك كەلدى. ئۇ باشقىلار ئۈچ يىلدا تاماملايدىغان مېخانىكلار تەربىيىلىنىشىنى بىر يىلدا تاماملىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، فورتنىڭ دادىسىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىرسى ئازلىدى، بىراق ئامېرىكىدا ئۇلۇغ سانائەتچىدىن بىرى كۆپەيدى.

12 ياشتىكى ئارزۇدىن 36 يېشىدا تۇنجى ماشىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگىچە بولغان 24 يىللىق ھايات مۇساپىسىدە ھېنرى فورت ئۆز ئارزۇسى ئۈچۈن تالاي زېھنىنى سەرپ قىلىدۇ، ئۇنىڭ قانچىلىغان تەسەۋۋۇرلارنى ۋە تەجرىبىلەرنى قىلغانلىقىنى ئادەتتىكى ئادەملەر پەرەز قىلالمايدۇ. ئۆز غايىسى ئۈچۈن ئىزدىنىدىغان فورت ئاخىرى ئۆز مۇرادىغا يېتىدۇ.

مېنىڭچە سىز: «مەن فورت ئەمەس، مەن پەقەت ئادەتتىكى بىر ئادەم. مەندە ھەرگىز فورتنىڭكىدەك كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىجادچانلىق قابىلىيىتى يوق» دېيىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر سىز شۇنداق ئويلىسىڭىز، بىز باشقىچە بىر نۇقتىدىن قاراپ باقايلى، ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك سىزدە ئىجادچانلىق قابىلىيىتى يېتەرسىزمۇ بولسۇن، بىراق سىز ھېچ بولمىغاندا ئۆزىڭىزدە ئازراقمۇ تەسەۋۋۇر كۈچى يوق دەپ قارىمايدىغانسىز. چۈنكى ھەربىر ئادەمدە تەسەۋۋۇر كۈچى بولىدۇ. تەسەۋۋۇر كۈچى بولسا دەل ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ مەنبەسىدۇر؛ چۈشىمىزدە كۆرگەنلىرىمىزنى تەسۋىرلەپ بېرىش تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلگەنلىكىدۇر؛ بىرەر نەرسىنى كەشىپ قىلىش ياكى ئىجاد قىلىش تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقىدۇر.

تەسەۋۋۇر كۈچى مول ئادەملەرنىڭ قىزىقىشى باشقىلارنىڭكىدىن بىر ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ.

قىزىقىشى بولمىغان ئادەمنىڭ داڭلىق سودا ـ سانائەتچى بولۇشى ھەقىقەتەن تەس. قىزىقىشى كۈچلۈك ئادەملەر يېڭى بىلىملەرنى ئىگەللەشكە ناھايىتى بېرىلىدۇ ۋە دائىم شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىزدەيدۇ. شۇڭلاشقا، قىزىقىشى يوق ئادەم يېڭى شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىپ باقمايدۇ، پەقەت ئىلگىرىكىلەرنىڭ قەدىمى بويىچە مېڭىپ بىر ئىزدىلا توختاپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ قالتىس نەتىجىلەرنى يارىتىشىدىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تۈنجى قەدىمى

ئىجادىي پىكىر بەزى يېڭى نەرسىلەرنى كەشىپ قىلىشلا ئەمەس، ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشمۇ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ بىرخىل ئىپادىسى. شۇنداقلا تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر، ئۆيدىكى، خىزمەتتىكى، جەمئىيەتتىكى بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۈنۈملۈك، ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى بايقاشقا تايىنىدۇ. ھازىر بىز قانداق قىلغاندا ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنى يېتىلدۈرگىلى ۋە كۈچەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى.

ئۆزىڭىزنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىش، بۇ بىر ئاساسىي پرىنسىپ. بىر ئىشنى ياخشى قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئىشنى قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى

قىلالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىش نەتىجىسىدە كالىلىمىز بىزگە بۇ ئىشنى قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىپ بېرىدۇ. خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۇسۇلى ھەرگىزمۇ بىرلا ئەمەس. قانچىلىك ۋەزىپە بولسا، شۇنچە خىل ئۇسۇل بولىدۇ.

مەن تەربىيىلىنىشكە كەلگەن كۇرسانتلاردىن: «قانچىڭلار 30يىل ئىچىدە بارلىق تورمىلەرنى بىكار قىلىۋېتىشىمىزگە ئىشىنىسىلەر؟ » دەپ سورىغانىدىم.

كۇرسانتلار گاڭگىراپ قېلىپ، خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايمەن دەپ قېلىشقانىدى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن مەن يەنە: « قانچىڭلار 30 يىل ئىچىدە بارلىق تورمىلەرنى بىكار قىلىۋېتىشىمىزگە ئىشىنىسىلەر؟ » دەپ سورىدىم.

ئۇلار مېنىڭ چاقچاق قىلمىغانلىقىمنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، بىرى دەرھال: «سىز ئاشۇ قاتىل، بۇلاڭچى ۋە باسقۇنچى جىنايەتچىلەرنىڭ ھەممىسىنى قويۇۋېتىش كېرەك دېمەكچىمۇ؟ قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بۇنداق بولغاندا بىزگە ئاراملىق بولمايدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، چوقۇم تورمە بولۇشى كېرەك» دەپ رەددىيە بەردى. باشقىلارمۇ بەس - بەس بىلەن:

—— جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلىدۇ.

—— بەزىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئەسكى.

—— ئىمكان بولسا، تورمىلەرنى تېخىمۇ كۆپەرەك قىلساق بولىدۇ تېخى!

—— ئەجىبا سىز بۈگۈنكى گېزىتتىكى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش دېلوسى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇمىدىڭىزمۇ؟ - دېيىشتى.

يەنە بەزى كۇرسانتلار تورمە بولغاندىلا، ساقچىلار بىلەن گۇندىپايلارغا قىلىدىغان ئىش چىقىدۇ، دېيىشتى.

—— سىلەر تورمىنى بىكار قىلىۋېتىشكە بولماسلىقنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى دېدىڭلار. ھازىر بىز تورمىنى بىكار قىلىۋېتىشكە

www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەيلى. بىكار قىلىۋېتىشكە بولىدۇ دەپ پەرەز قىلغاندا، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ دېدىم مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ.

كۆپچىلىك بۇ پەرەزنى سەل تەستىرەك قوبۇل قىلدى. بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، بىرى ئىككىلىنىپ تۇرۇپ:

— ياشلار پائالىيەت مەركىزىنى تېخىمۇ كۆپ قۇرۇپ، جىنايەتچىنى ئازايتىش كېرەك، ـ دېدى.

بىر ئازدىن كېيىن، 10 مىنۇتنىڭ ئالدىدا قارشى پىكىردىكى بۇكىشىلەر بۇ ئىشقا قىزغىنلىق بىلەن كىرىشىپ كەتتى.

— نامراتلىقنى تۈگىتىش كېرەك. كۆپ قىسىم جىنايەتچىلەر تۆۋەن كىرىملىكلەردىن باشلىنىدۇ.

— جىنايەت ئۆتكۈزۈش خاھىشى بار كىشىلەرنى پەرق ئېتىپ، يېتەكلەش كېرەك.

— ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بەزى جىنايەتچىلەرنى داۋالاش كېرەك.

— قانۇن ئىجرا قىلىدىغانلارنى جىنايەتچىلەرگە ئاكتىپ، توغرا پوزىتسىيە تۇتىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك.

ئۇلار 78 خىل تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

بۇ تەجرىبىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شۇكى، بىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلالمايدىغانلىقىمىزغا ئىشەنگەندە، مېڭىمىز سىزگە قىلالماسلىقىمىزنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلىرىنى تېپىپ بېرىدۇ. بىراق سىز ئىشەنگەندە، مەلۇم بىر ئىشنى قىلالايدىغانلىقىمىزغا ھەقىقەتەن ئىشەنگەندە، مېڭىمىز سىزگە تۈرلۈك ئۇسۇللارنى تېپىپ بېرىدۇ.

مەلۇم بىر ئىشنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش «ئىجادىي ھەل قىلىش يولى» بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلالمايمەن دەپ قاراش بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى قاراشتۇر. مەڭگۈلۈك دۇنيا تىنچلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىغا ھەقىقىي

ئىشەنمىگەن سىياسىئون بۇ غايىگە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ؛ ئۇلارنىڭ كاللىسىدا ئىجادىي ھەل قىلىش يوللىرى ئېتىۋېتىلگەن. ئىقتىسادىي كاساتچىلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئىقتىسادشۇناسلارمۇ ئىقتىسادنى گۈللەندۈرىدىغان چارە تېپىپ چىقالمايدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەگەر سىز بىر ئادەمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنسىڭىز، ئۇنى ياخشى كۆرىشىڭىزدىكى تۈرلۈك سەۋەبلەرنى تېپىپ چىقالايسىز.

ئەگەر سىز قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنسىڭىز، ھېلىقىدەك چوڭ ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشنىڭ چارىسىنى تېپىپ چىقالايسىز.

«ئىش قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش» تۈرلۈك ئىجادىي قابىلىيەتلەرنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەمما «ئىش قىلغاندا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلىقىغا ئىشەنمەسلىك» ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا توسالغۇلۇق قىلىدۇ.

ئۆزىمىزنى كەمسىتىشكە، مەندە ئىجادچانلىق قابىلىيىتى يېتەرسىز دەپ قاراپ قورقۇنچاقلىق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئېرىشىشنىڭ تۇنجى قەدىمى ئۆزىمىزنىڭ توغۇلۇشىمىزدىنلا ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزگە ئىشىنىش ۋە ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيىتىمىزگە شەكسىز ئىشىنىشتىن ئىبارەت.

يەنە بىر قېتىم سەمىڭىزگە سالايكى، ئۆز قابىلىيىتىمىزگە چوڭقۇر ئىشىنىشنىڭ بىزنى ئاكتىپ، يۇقىرى ئۆرلىتىشتىن ئىبارەت ئالغا ئىلگىرلىتىش رولى بار.

سىز مەن قىلالمايمەن دەپ قارىسىڭىز، ئۇنداقتا كۆڭلىڭىزدە قىلالماسلىقىڭىزنىڭ تۈرلۈك تۈمەن سەۋەبلىرى پەيدا بولىدۇ. بىراق سىز ئۆزىڭىزنىڭ بۇ خىل قابىلىيەتنى ھازىرلىغانلىقىڭىزغا ئىشەنسىڭىز، بۇنىڭغا چىن كۆڭلىڭىزدىن ئىشەنسىڭىز كۈتمىگەن

ئۆنۈمگە ئېرىشەلمەسلىكىمىزنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ، ئۈنۈمگە ئېرىشىسىز ۋە ئىشىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۇسۇلنى تېزرەك تاپالايسىز.

ئۆزىڭىزنىڭ قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىش — ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ تۇنجى قەدىمى.

## ئىجادىي تەپەككۇرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش

«سەۋەب قىلساڭ، سېۋەتتە سۇ توختايدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاساسى. ئەنئەنىۋى قاراشلار ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەت پىلانىنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى. ئەنئەنىۋى قاراشلار پىكىرىڭىزنى تۈگلىتىپ، ئىلگىرىلىشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، سىزنىڭ ھەقىقىي ئېھتىياجىڭىز بولغان ئىجادچانلىق قابىلىيىتىڭىزنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشىڭىزغا كاشىلا قىلىدۇ.

تۆۋەندىكىسى ئەنئەنىۋى قاراشلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى:

1. تۈرلۈك ئىجادىي پىكىرلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك. «ئاقمايدۇ»، «قىلغىلى بولمايدۇ»، «كارغا كەلمەيدۇ»، «ئۇنداق قىلىش ئەخمەقانىلىق» دېگەندەك قاراشلارنى چۆرۈۋېتىڭ.

داڭلىق بىر مال ساتقۇچى: «مەن ئۆزۈمنى دانا، پىشقان قىلىپ كۆرسەتمەيمەن، مەن پەقەت مۇشۇ ساھەدىكى ئەڭ ياخشى بولسام دەيمەن. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى، ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىمەن» دېگەنىدى.

2. سىناپ بېقىش روھى بولۇش كېرەك. كۆنۈپ قالغان ئۇسۇللىرىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئاشخانا، يېڭى كىتاب، يېڭى تىياتىر ۋە يېڭى دوستلار بىلەن ئۇچرىشىڭ ياكى ئىشقا بېرىشقا

ئوخشىمايدىغان يول بىلەن بېرىڭ ياكى تەتىلنى ئالدىنقى يىللاردىكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆتكۈزۈڭ، ياكى بۇ ھەپتە ئاخىرىدا بۇرۇنقىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئىشنى قىلىڭ.

ئەگەر سىز سودا-سېتىق بىلەن شۇغۇللانسىڭىز، ئىشلەپچىقىرىش، بوغالتىرلىق، مالىيە قاتارلىقلارغا قىزىقىپ بېقىڭ. بۇنداق قىلغاندا قابىلىيىتىڭىزنى كېڭەيتىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييارلىق قىلالايسىز.

3. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرلەش كېرەك، ئەمما پاسسىپ بولماسلىق، چېكىنمەسلىك كېرەك. «بۇ مېنىڭ ئادەتتىكى ئىش قىلىشتىكى ئۇسۇلۇم، شۇڭا بۇ يەردىمۇ مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىمەن» دەپ ئويلىماي، «قانداق قىلسام كۆنۈپ قالغان ئۇسۇلۇمدىكىدىن تېخىمۇ ياخشى قىلالايمەن؟» دېگەننى ئويلاڭ. سىز ياشلىقىڭىزدا گېزىت توشۇش ئۈچۈن ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدا ئورنىڭىزدىن تۇرغان بولسىڭىز، بۇ ئوغلىڭىزنىڭمۇ ئاشۇنداق قىلىشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئەگەر فورت ئاپتوموبىل شىركىتىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىلىرى: «بىز بۇ يىل ئەڭ ياخشى ماشىنىنى ياساپ چىقتۇق، تېخىمۇ يېڭى ماشىنىنى ياساش ۋە ياخشىلاش ئەمدى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭلاشقا، ماشىنىنى سىناق قىلىپ لايىھەلەش پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ يەردە توختاتمىساق بولمايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسا، ھەرقانچە فورت شىركىتىدەك چوڭ شىركەت بولغان تەقدىردىمۇ، مۇشۇنداق خىيال تۈپەيلى تېزلا چېكىنىپ كەتكەن بولاتتى.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار: «سۈپەتنى قانداق ياخشىلاش كېرەك؟ قانداق قىلسا تېخىمۇ ياخشى قىلغىلى بولىدۇ؟» دەپ سوراشقا ئامراق كېلىدۇ.

ئايروپىلان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساشتىن تارتىپ

www.uyghurkitap.com

پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەشكىچە بولغان تۆرلۈك لايىھىلەرنىڭ مۇتلەق مۇكەممەل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ، بارلىق شەيئىلەرنى ياخشىلاشنىڭ چېكى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار بۇ نۇقتىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇلار دائىم تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇللارنى ئىزدەيدۇ (دىققەت قىلىڭكى، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار: «مەن تېخىمۇ ياخشى قىلالامدىمەن-يوق؟» دەپ سورىمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قىلالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلار: «قانداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى قىلالايمەن؟» دەپ سورايدۇ).

ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر شىركىتىمىزنىڭ دېرىكتورلىرى دائىم: «بۇ يىل بىزنىڭ مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىمىز يۇقىرى چەككە يەتتى، تېخىمۇ ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى» دەپ ئويلايدىغان بولسا ۋە مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن شىركەتنى باشقۇرسا، ھەرقانچە كۈچلۈك شىركەت بولسىمۇ تېزلا خارابلىشىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىلارغا ئوخشاش، دائىم سوئال بىلەن ياشايدۇ. ئۇلار «مەن قانداق قىلسام ئىپادەمنى ياخشىلىيالايمەن؟ قانداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى قىلالايمەن؟» دېگەننى ئويلايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ياخشىلاش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلگەچكە تېخىمۇ ياخشى يولنى ئىزدەيدۇ.

## پىسخىك ھالىتىڭىز قابىلىيىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ

چوڭراق مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ئازراق چىقىم بىلەن كۆپرەك ھەققە ئېرىشىش، ئازراق كۈچ بىلەن كۆپرەك ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يۇقىرىراق تەلەپ

قويىدۇ ۋە ئۇنۇمنى ئۆستۈرىدىغان تۈرلۈك ئۇسۇللارنى توختىماي ئىزلەيدۇ.

«ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت» «مەن ئىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلالايمەن» دەپ قارايدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ.

ئامېرىكا ھەممىباب ئېلېكترئەسۋابلىرى شىركىتى خىزمەتچىلىرىنى «ئىلگىرىلەشنىڭ ئۆزىلا شىركەتنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر خىل مەھسۇلاتى» دېگەن شۇئار بىلەن ئىلھاملاندۇرۇپ كەلمەكتە.

سىزمۇ نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىلەشنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قابىلىيىتى قىلىۋالمايسىز؟ بىز تۆۋەندىكى مەشىق ئارقىلىق سىزنىڭ «مەن تېخىمۇ ياخشى قىلالايمەن» دەيدىغان پوزىتسىيە ۋە قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىزگە ياردەم بېرىمىز.

ھەركۈنى خىزمەتتىن ئاۋۋال، ئون مىنۇت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ: «مەن بۈگۈن خىزمەتنى قانداق قىلسام تېخىمۇ ياخشى قىلالايمەن؟»، «مەن بۈگۈن خىزمەتچىلەرنى قانداق ئىلھاملاندۇرۇشۇم كېرەك؟»، «مەن خېرىدارلار ئۈچۈن يەنە قانداق ئالاھىدە مۇلازىمەت قىلالايمەن؟»، «مەن قانداق قىلسام خىزمەتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلالايمەن؟» دېگەن مەسىلىلەرنى ئويلىنىڭ.

بۇ مەشىق ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ناھايىتى كارغا كېلىدۇ. سىناپ باقسىڭىز، نۇرغۇن ئىجادىي پىكىرلەرنى تېپىپ چىقىپ، تېخىمۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز. پىسخىك ھالىتىڭىز سىزنىڭ قابىلىيىتىڭىزنى بەلگىلەيدۇ. سىز قانچىلىك قىلالايمەن دەپ قارىسىڭىز، شۇنچىلىك قىلالايسىز. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ھەقىقىي ئىشەنسىڭىز، تۈرلۈك ئىجادىي ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقالايسىز.

www.uyghurkitap.com

# ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ئوي - خىيالنى تازىلاش

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ پىسخىك ھالىتى شۇ ئادەمنىڭ ئىش قىلىش ئۇسۇلىنى بەلگىلىسە، ئۇنداقتا بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى بىلىشىمىز ۋە قابىلىيىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا توسالغۇلۇق قىلىدىغان ئامىللارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز كېرەك. سىزنىڭ ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ زىيىنىنى تەسەۋۋۇر قىلمىقىڭىز تەس ئەمەس.

ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن ئاۋۋال، كۆڭلىڭىزدە بىر ئۇقۇم بولۇشى كېرەك. ئىدىيىڭىز جىسمىڭىزنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. سىز قەلبىڭىزدە شەيئىلەرنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان نۇقتىدىن كۆزىتەلەيسىز. بۇ خۇددى ئېينىشتېيىننىڭ نۇر دەستىسىگە ئولتۇرۇپ چەكسىز ماكان، زاماندىن ئۆتكەندە كائىناتنىڭ قانداق قىياپەتتە بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىغا ۋە كېيىن ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئارقىلىق نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلىغىنىغا ئوخشايدۇ. سىز تەسەۋۋۇر كۈچىڭىزدىن پايدىلىنىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپالايسىز، يېڭى ئۇقۇمغا ئېرىشەلەيسىز ۋە ئۆز نىشانىڭىزغا يېتەلىگىنىڭىزنى ئالدىن كۆرەلەيسىز.

پىگلى - ۋىگلى زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنىڭ قۇرغۇچىسى ساندىس ئەسلىدە مىلىچماللار دۇكىنىدىكى ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى ئىدى. ئۇ بىر تاللا تاماق ئاشخانىسىدا تاللا تاماق ئۇسۇلىنى مىلىچماللار دۇكىنىدىمۇ قوللانساق بولىدىكەن دەپ ئويلايدۇ. مۇتەخەسسىسلەر بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قاراپ، ساندىسنى مازاق قىلىدۇ. بىراق ئۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇل دەپ قارايدۇ. ساندىس ئىشنى قەتئىيلىك بىلەن داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئۆزى تاللاش قارىشى ساندىسنى ھازىرقى زاماندىكى تاللا

بازارلىرىنىڭ پىرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئادەتتە پەقەت بىرلا ياخشى چارىگە تايىنىپلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىي ئىشلەش جەريانىدا تېخىمۇ كۆپلىگەن ئىجادىي پىكىرلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تەتقىقاتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر ئادەمنىڭ ناھايىتى ياخشى بىر تەسەۋۋۇرى بار بولۇپ، ئۇ ئادەم سەزگۈسىگە تايىنىپلا ئۇنى ياخشى چارە دەپ قارىسا، ئەمما ئۇنى ئىسپاتلىيالمىغان تەقدىردىمۇ ئىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، كىشىلەر بۇ ئادەمنىڭ ئوي - پىكىرىنىڭ قىممىتىنى تەدرىجىي چۈشىنىدۇ. پىسخىكىسى قاتمال بولغانلىقتىن يېڭىدىن سىناپ بېقىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر ھاياتلىقىدىكى ئەڭ ياخشى پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. چۈنكى بۇ پۇرسەتلەر خۇددى خرۇستال رۇدىسىغا ئوخشاش كۆزگە چېلىقمايدىغان جايلارغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

سىز ئادەتنىڭ مەھسۇلىغا ئايلىنىپ، ھاياتلىقنىڭ سىزنى ئالغا سىلجىتىشىغا قاراپ تۇرىدىغان بولۇپ قالماڭ. ئىشقا ماڭغاندا باشقىچە يول بىلەن مېڭىش، بىرەرپارچە قۇراشتۇرما رەسىمنى بىرىكتۈرۈش، تېلېۋىزور كۆرمەي گېزىت كۆرۈش، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا مۇزېينى ئايلىنىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇرىڭىزنى غىدىقلاپ، سىزنىڭ زېھنىڭىزنى چېچىپ، يېڭى پىكىرلەرنى تېپىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەڭ كۈچلۈك قورالى ئۇنىڭ خىيالىدۇر. چۈنكى ئۇ تاشقى كۈچنىڭ تىزگىنلىشىگە ئۇچرىمايدۇ، گەرچە بۇ تاشقى كۈچ دەسلەپتە يەڭگىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ. تارىختا قارايدىغان بولساق، كۆپلىگەن زالىم پادىشاھلار ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى تىزگىنلىمەكچى بولغان، بىراق زالىم پادىشاھلار ئاخىرى روھىي كۈچنىڭ بۇ كىشىلەرگە بولغان ئۆلۈم تەھدىتىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. خۇددى ۋېكتور. ھيوگو ئېيتقاندەك: «كىشىلەر قوراللىق تاجاۋۇزغا تاقابىل تۇرالايدۇ، ئەمما كاللىسىدا

يېڭى خىيالنىڭ پەيدا بولۇشىنى توسالمايدۇ».

ئەمما ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ئوي ـ پىكىرلىرى سىزگە ناھايىتى زور سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر، جۈملىدىن دوستلارمۇ ئىجادىي پىكىر تاپقۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن گۇمانلىنىدۇ، ئۇلار بۇ تەسەۋۋۇرلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ـ قازىنالماسلىقى توغرىسىدا ئىنچىكە ئويلانمايدۇ. بۇخىل گۇمان ـ ئەندىشە ئومۇمەن سىزنىڭ ئاشۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب ۋە ئۇسۇلىڭىزنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار سىزنىڭ نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر قىلالايدىغىنى «ئۆزگەرتىۋېتىش» شۇڭا، ئۇلاردىن سەل نېرى تۇرۇشىڭىز كېرەك.

شىركەتتە ئىشلەيدىغان، مۇقىم تۇرمۇشقا ۋە مۇقىم كىرىمگە ئىگە بىر خىزمەتچى دائىم گەپ ـ سۆز ئارلىقىدا، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىككە ۋە مۇستەقىل ياشاشقا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

بىراق باشقىلار ئۇنىڭغا يېڭى پىكىرلەرنى كۆرسەتكەندە، ئۇ ھازىرقى تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتمەسلىك ئۈچۈن ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، بۇ پىكىرلەرنى قوبۇل قىلمايدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئۆزىڭىز بولۇشىڭىز مۇمكىن. قەلبىمىزدە مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىدىغان يۈرەك بىلەن مەغلۇبىيەتكە ئىنتىلىدىغان يۈرەك ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ. بەزىدە مەغلۇبىيەتكە ئىنتىلىدىغان يۈرەك: «ھەرقانچە تىرىشقىنىڭ بىلەنمۇ بىكار، ئۇ ئېنىقكى تەلۋىلەرچە خىيال، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىن ئەمەس» دەيدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا سىز مۇۋەپپەقىيەتكە ئىنتىلىدىغان يۈرىكىڭىزنى ئىلھاملاندۇرۇپ، مەغلۇبىيەتكە ئىنتىلىدىغان يۈرەكتىن غالىب كېلىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر بۇنداق چاغدا ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى تەپەككۇرنىڭ كۈچى بەك كۈچلۈك بولۇپ، تاقابىل تۇرغىلى

بولمىسا، سىز ئاۋۋال ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى بۇ «گەپ-سۆزلەر» نى قوبۇل قىلغاچ تۇرۇپ، ئاندىن تەدرىجىي ھالدا ئۆزىڭىزدىكى غەم-ئەندىشىنى يوقاتسىڭىز، «قەلبىتىكى ئىبلىس» بىلەن چىقىشالايسىز، ھەتتا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلمايدىغان بولىسىز.

## ئاكتىپ تەپەككۇر-ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى

سىز بەلكىم توكنىڭ قانداق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە كېلىدىغانلىقىنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن، بىراق سىز توكتىن پايدىلىنىپ يورۇتۇشنى، كومپيۇتېرنى قوزغىتىشنى ياكى باشقا نۇرغۇنلىغان ئېلېكتر ئەسۋابلىرىنى ئىشلىتىشنى بىلىسىز. بۇ خۇددى سىزنىڭ كاللىڭىزغا ئوخشايدۇ. ھېچكىممۇ چوڭ مېڭىنىڭ ئىشلىشىدىكى مۇرەككەپ جەريانلارنى بىلمەيدۇ، بىراق مېڭىنى ئىشلىتىشتىن ئوخشىمىغان نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر دائىم ئاكتىپ ئوي-پىكىردە بولغاندا، قىلغان ئىشنىڭ كۆپرەكىدىن ئىجادىي نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

سىز بەلكىم ئۆزىڭىزنى ئالداپ تۇرۇپ «مەن پەقەت يامانلىقنىڭ ئاقىلغۇچىسى بولۇپ، ياخشى ئوي-پىكىرلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بەردىم» دېيىشىڭىز مۇمكىن. بىراق سەلبىي ئوي-پىكىرلەر ئاخىرى سەلبىي نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىزنىڭ ئىدىيىڭىز سىزنى ئىجابىي ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بىراق سىزدىكى ئوي-پىكىر سەلبىي ۋە ئۈمىتسىز بولسا، ئۇ ئوخشاشلا سىزنى سەلبىي نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

بىزمۇ بۈخىل ئاكتىپ تەپەككۇر قىلىشنىڭ قۇدرىتىنى تونۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېقىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ مۇھىم قورالى قىلىشىمىز كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئىجادىي پىكىر ياراتقۇچىلارمۇ دەل مۇشۇنداق قارىغاچقا، ئاكتىپ، ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتەلىگەن ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلالىغان. ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىستاكاندا يېرىم ئىستىكان سۇ بولسا، «ئاران يېرىم ئىستاكان سۇ بار» بولغان بولمايدۇ. بەلكى «يەنە يېرىم ئىستاكان سۇ بار» بولغان بولىدۇ.

بۇنى بىر مىسال بىلەن چۈشەندۈرەيلى. جېمىس. روچارس كرايگ شىركىتىنىڭ كومپيۇتېر چۈشەندۈرۈشىنى يازغانلىقتىن، كىرىمى كۆپ كارخانىچىغا ئايلانغان. دەسلەپتە ئۇ: «مەندە بۇ خىزمەتنى قىلغۇدەك قابىلىيەت يوق، چۈنكى مەن پروگراما لايىھەلەشنى پەقەت بىلمەيمەن» دەپ ئېيتالايتتى.

بىراق ئۇ ئۇنداق دېمەيدۇ، ئۇ كىشىلەك مۇناسىۋەتكە ۋە ئۆگىنىش قابىلىيىتىگە تايىنىپ، مۇنەۋۋەر پروگراما لايىھىلىگۈچىلەردىن ئېھتىياجلىق بولغان زۆرۈر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، بۇ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق ۋە ناھايىتى ياخشى ئورۇنلايدۇ. چۈنكى مەن باشتىن باشلاپ ئۆگەنگەچكە، بارلىق يېڭىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، دەيدۇ ئۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، نۇقتىئىنەزەرنى ۋە كۆزقاراشنى ئۆزگەرتكەندىلا، قىلچىمۇ ئىجادىي پىكىر بولمىغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئىجادىي پىكىر يارىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىغا ماڭغىلى بولىدۇ.

ئىجادىي پىكىر ياراتقۇچىلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئاكتىپ تەپەككۇر ئۇسۇلىغا تايىنىپ، ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە باشلىغان. بۇنداق ئۇسۇلنى ھەممىلا ئادەم قوللىنالايدۇ. سىزمۇ مۇشۇ ئۇسۇلغا تايىنىپ بۇرۇنقى ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي نىشانلىرىڭىزغا ۋە تۇرمۇشتىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىڭىزغا يېتەلەيسىز.

# قول سېلىپ ئىشلىمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى مەغلۇپ بولىمەن دەپ قارايدىغانلار بەك كۆپ

كۆپلىگەن كىشىلەر پەقەت ئۆگەنگەن كەسپىم بىلەنلا شۇغۇللىنالايمەن دەپ قارايدۇ. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، 90% چە ئادەم مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن كەسىپ تاللايدىكەن. بىز بۇنداق قورقۇنچلۇق ئوي - پىكىرنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىشىمىز كېرەك. مەغلۇپ بولۇشتىن قورقۇشمۇ بەزىدە پىسخىك تۇزاققا چۈشۈپ قېلىشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

بىز ئۆزىمىزگە باھا بەرگەندە، «قەلبىتىكى ئىبلىسنى ئۆزگەرتىش» ئۇسۇلىنى قوللانساق بولىدۇ. ھەربىرىمىزنىڭ قەلبىدە «ئىبلىس» مەۋجۇت، ئۇ ئەندىشە - قورقۇنچنىڭ تۈپ مەنبەسى بولۇپ، بىزنى چاڭگىلىغا ئېلىپ تىزگىنلەيدۇ. بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن بىز «ئىبلىس»نى قەلبىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتمەيمىز، بەلكى ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، ھەتتا ئۇنى تۇتۇۋېلىپ: «مەن سېنىڭ ئاشۇ يەردىلىكىڭنى بىلىمەن، شۇنداقلا نېمە قىلماقچى بولغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن، بىراق مەن بۇ ئىشنى چوقۇم ئورۇنلىشىم كېرەك، شۇڭا ماڭا كۆپرەك ياردەم قىل!» دەيمىز.

يەنە بىر خىلدىكى كىشىلەردە مۇۋەپپەقىيەتكە قارىتا يوشۇرۇن ئەندىشە - قورقۇنچ بار بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنى «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئەرزىمەيمەن» دەپ قاراپ، پىسخىك تۇزاققا چۈشۈپ قالىدۇ. قول سېلىپ ئىشلىمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى مەغلۇپ بولىمەن دەپ قارايدىغانلار خېلى كۆپ، بۇ ئىنتايىن خاتا كۆز قاراشتۇر. ھەرقانداق ئادەم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئەرزىيدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشسىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. نەتىجىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قانداق بولۇشى پۈتۈنلەي سىزنىڭ قانداق قىلىشىڭىزغا باغلىق.

پىسخىك تۇزاقنى پەيدا قىلىدىغان يەنە بىر ئامىل «شەخسنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەگەشمە كېسەللىك» تۇر.

يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش دېگىنىمىز، تەبىئەت دۇنياسىدىكى پۈتۈنلۈكنىڭ دائىم ئېنېرگىيىسى تۆۋەن ئورۇنغا قاراپ ئاقىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ، ئادەممۇ ھەم شۇنداق. مەسىلەن: بەزىلەر ناھايىتى تەس بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە «ياق! مەن قىلالمايمەن»، «مەن قىلالمايمەن»، دەيدۇ ۋە قىيىنچىلىقى ئازراق، ئوڭايراق يولغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇنداق ئوي-پىكىر بىزنىڭ ئىجادىي پىكىر يارىتىشىمىزغا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىزغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى-ئۆزىمىزنى ئېنېرگىيىسى يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، باشقىلارنىڭ ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ئوي-پىكىرلىرى ياكى گەپ-سۆزلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقىمىز كېرەك. سىزنىڭ دوستلىرىڭىز، ئائىلىڭىزدىكىلەر بەزىدە سەلبىي رول ئوينىشى مۇمكىن، ئۇلار تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ يېتەرسىز بولۇشى ياكى ھەسەتخورلۇق قىلىش سەۋەبىدىن سىزنىڭ مۇستەقىل بولۇش ئويىڭىزنى توساپ قويىدۇ. مەسىلەن: بەزىلەر «مۇۋەپپەقىيەت قازىنالامسەن؟»، «كاللاڭ قىزىپ قالدىمۇ؟» دەيدۇ، بۇنداق گەپلەر بەلكىم سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنى ناھايىتى ئارزۇ قىلىدىغانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىقىشى مۇمكىن.

كۆپلىگەن كارخانىچىلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىلگىرى «مۇشۇ يەردە بولدى قىل»، «سەن بىر پۇڭمۇ تاپالمايسەن» دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغان.

يېڭى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندا، قىيىنچىلىقتا چوقۇم

دۆچ كېلىمىز. بولۇپمۇ ئۆزىمىزگە تەئەللۇق ئىشلارنى باشلىغاندا تېخىمۇ شۇنداق. سىز بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىڭىز كېرەك. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئەسلىگەندە، ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىلا ئويلايدۇ، شۇ چاغدىكى ھاياجانلىرىنى بولسا ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەينى ۋاقىتتىكى ھاياجان ۋە تىرىشچانلىقلارنى ئەستە تۇتۇش سىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر.

## ۋاستىچىلىك ئىقتىدارىنى سودىغا ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش

بۇ، ئامېرىكىدا يۈز بەرگەن ھەقىقىي بىر ئىش.

بىچ. مېكىنا بىر تاسادىپىي پۇرسەتتە سودا ساھەسىگە كىرگەن بولۇپ، بۇ پۇرسەت ئۇنىڭ بالىسى مەكتەپ ئالماشقاندا كەلگەنىدى.

ئۇنىڭ بالىسى ئالماشقان مەكتەپتە جەمئىي 700نەپەر ئوقۇغۇچى بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى تۈرلۈك ئالاھىدە قابىلىيەت ۋە ماھارەتلەرگە ئىگە ئىدى. بىراق مەكتەپ بۇ تېپىلغۇسىز پۇرسەتتىن ئۈبدان پايدىلانمىغانىدى.

شۇڭلاشقا بىچ نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاپ، مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدا ئىقتىساسلىقلار مەركىزى قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بىچ نۇتۇق سۆزلەش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇشىغا ياردەملىشىش ۋە ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىنكى پائالىيەتلەر قاتارلىق نۇرغۇن پائالىيەتلەرنى ئويۇشتۇرىدۇ ۋە ئاتا - ئانىلارنى تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرگە ئاتا - ئانىلار قىزىقىپ قاتنىشىدۇ، شۇنداقلا بۇ پائالىيەتلەر ئىلگىرىكى قېلىپلىشىپ قالغان پائالىيەتلەردىن كۆپ جانلىق بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىر بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاچقا، دىققىتىنى مەھەللىلەردە ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرۇشقا قارىتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق، بىر مەھەللىدىكى كىشىلەر ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ ۋاقتى ۋە قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن: سودىگەرلەر ئۆزى ناھايىتى تېزلا كاتىپ تاپالايدۇ. رەسساملار ئۆزىگە مودېل تاپالايدۇ، خىزمەتچىلەر بالا باققۇچى تاپالايدۇ.

بۇ ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن، مېكىنا ئۆزىنىڭ ۋاستىچىلىك ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ئىشىنىپ، ئۆز ئالدىغا ھەمكارلىق مۇلازىمەت شىركىتى قۇرماقچى بولىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ ئاساسلىق كەسپى ئۇچۇر يىغىش ۋە يەتكۈزۈش خىزمىتى بولۇپ، ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىلىك قىلىدۇ. مەسلىھەتچىگە موھتاج كىشىلەرگە ئۇ مۇۋاپىق كىشى تېپىپ بېرىدۇ. سورەتكە تارتىش ئەسۋابلىرىنى ئىجارىگە ئالىدىغانلارغا كۆڭۈلدىكىدەك ئىجارىگە بېرىدىغان شىركەتلەرنى تونۇشتۇرىدۇ.

بۇنداق ۋاستىچىلىك ئىشلىرىنىڭ خېرىدارى كۆپ بولمىسا، تىجارەتنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايتتى. شۇڭا مېكىنا كۆپ قىسىم ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قاندۇرىدۇ. يەتتە يىلدىن كېيىن، ئۇ تورلۇك قىيىنچىلىق ۋە يامان ھالەتنى يېڭىپ، شىركەتنىڭ تىجارىتىنى مۇقىم ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنى شىركەتنى كېڭەيتىشكە تىرىشتى دېگەندىن كۆرە، شىركەتنىڭ مۇلازىمىتىنى ئۆزگىچىلىككە ئىگە قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى دېگەن توزۇك.

## ئەھۋالنى ئېنىق تونۇش، كەسكىن ھەرىكەت قىلىش

مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار كەسكىن كېلىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق قارار چىقىرىش تۇغرىسىدا باش قاتۇرۇپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ

قويمايدۇ. ئۇلار مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى يىغقاندىن كېيىن، تەجرىبىلىك كىشىلەر بىلەن يولغا قويۇشقا بولىدىغان تۈرلۈك لايىھەلەرنى مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئاندىن قارار چىقىرىپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ. ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك ھەرىكەتنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئوبدان دىققەت قىلمىسا، ھەتتا پۈتكۈل تەشكىلاتنىڭ چەكلىمىگۈچىلىقىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سىز دائىم ئىككىلىنىپ قارار چىقىرالمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئىنتايىن ئاز ساندىكى قارارلارنىلا تېزەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېسىڭىزدە تۇتۇپ، قارار چىقارسىڭىز بولىدۇ. سىز قارارىڭىز بويىچە ئىش قىلىش جەريانىدا خاتالىقلارنى بايقاپ ۋە ئۇنى كۆزىتىپ، ئىشلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەلەيسىز.

ئامېرىكىدا مۇنداق بىر ئىش بولغان. بىرجۈپ ئەر-خوتۇن ئىجادىي پىكىرلىرى ئارقىلىق چوڭ ئىش تەۋرەتكەن. پاۋلو ئەسلىدە ئەدلىيە كەسپىدە ئوقۇغان ئاسپىرانت، سارا بولسا روھىي تەتقىق قىلىدىغان ۋىراچ ئىدى. ئۇلا ھازىر ئۆيدە خىزمەت قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئۇسۇلى ۋە كارخانا باشقۇرۇش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار كىتاب يېزىش، سىنئالغۇ لېنتىسى ئىشلەش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئائىلە كومپيۇتېرى ئالاقە شىركىتىنىڭ كومپيۇتېرىدىن پايدىلىنىپ، توردا ئوچۇق مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدۇ. مۇھاكىمە يىغىنىغا 2000چە ئادەم قاتنىشىدىغان بولۇپ، ئۇلار يىغىنغا قاتناشقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۆيدە خىزمەت قىلغاندىكى تەنھالىق تۇيغۇسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى قەرەللىك تۈردە مۇھاكىمە قىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزلەيدۇ.

پاۋلو بىلەن سارا نېمە ئۈچۈن قانۇن ساھەسىدە ياكى مېدىتسىنا ساھەسىدە قېلىپ ئىشلىمەيدۇ؟ بۇ، ئادەتتىكى كىشىلەر دەۋاتقان «تىنچ ياشاش يولى» ئەمەسمىدى؟ پاۋلو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنداق دەيدۇ.

بىز كىشىلىك ھاياتىمىزدىكى يېڭى نىشانىنى ئىزلەيمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنىڭ ھاياتلىق كېمىمىزنىڭ رولىنى باشقۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇڭلاشقا، بىز نۇرغۇن ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقىمىزنى ھېسابلىدۇق، تەكشۈردۇق، نىشانىمىزنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تۇزەتتۇق ۋە بۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئەھۋالىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەنمەكچى بولدۇق. ئاخىرىدا بىز تەرەققىيات ئىستىقبالى بولغان، ئۆيدە خىزمەت قىلىدىغانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كەسىپنى راستىنلا تېپىپ چىقتۇق.

مېكىنا كۆپ قىسىم ۋاقتىنى شىركىتىنى كېڭەيتىشكە سەرپ قىلمىغاچقا، ئائىلىدىكىلىرى بىلەن بىرگە بولۇپ، بەختلىك تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالىغان. ئۇ، شىركەتنى ئۆزۈممۇ باشقۇرالمايدىغان دائىرىدە كېڭەيتىش مۇۋاپىق ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ قارايدۇ:

ئېرىمنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق ئىشى بار، ئۇ كەسىپكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىدۇ، شۇڭا مەن بىھۇدە ئاۋارىچىلىق تېپىۋالماسلىق ئۈچۈن كەسپىمگە بەكلا بېرىلىپ كەتمەيمەن.

## تەۋەككۇلچىلىك قىلغاندىلا، ئىجادىي پىكرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ

مەغلۇبىيەت تۇرمۇشىڭىزغا تەھدىت سالىدىغان نەرسىلا ئەمەس، ئۇ يەنە سىزنى چېنىقتۇرىدىغان دەرس. ئەگەر مەغلۇبىيەتكە مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنى خەتىرى چوڭ پىلانلارنىڭ تەييارلىقى دەپ قارىغىلى بولىدۇ. بىراق كۆپلىگەن كىشىلەر تاللاشقا دۇچ كەلگەندە، خەتىرى چوڭ ئىشلاردىن قورقىدۇ.

بۇ ئېھتىمال ئەتراپىمىزدىكى گېزىت ۋە ژۇرناللاردىكى ئېلانلارنىڭ سۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. گېزىت - ژۇرناللاردا دائىم «خەتىرى يوق، ئەگەر بولسا كاپالەت پۇلى قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ» دېگەن گەپلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. «ئۇرۇش ۋەھىمىسى» گە ئوخشاش بۇنداق گەپ - سۆزلەر بىلەن كىشىلەرنى قورقۇتۇش، خۇددى سىزگە يوقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا بىخەتەرلىك تاسمىسىنى باغلىۋالمىسىڭىز، «ھاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدۇ» دېگەنگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن كارخانىلارنىڭ ۋەيران بولۇش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇۋاتىدۇ. ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەش كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خەتىرى ناھايىتى چوڭ بولغان ئىش بولۇپ قالدى.

بەزىدە تەۋەككۇل قىلمايمۇ بولمايدۇ. مۈشۈك ئاشخانىغا دادىللىق بىلەن كىرمىسە، كالا گۆشىنى يېيىشى مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بىھۇدە تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. سارمۇ ئۆزىدىن كۈچلۈك كۆشەندىسىگە ھۇجۇم قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ياكى ئاچ قالغان كۆشەندىسى ئالدىدا ئۆلچىسىنى ئالدىرىماي يېسە بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئوخشاشلا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، ئىجادىي پىكىر يارىتقۇچىلارمۇ ئىشەنچى بولمىغان خەتەرگىمۇ تەۋەككۇل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزى تىزگىنلەيدىغان دائىرە ئىچىدە كەلگۈسى غايىسى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى، ماھارىتىنى ۋە ئۆزىنى دوغا تىكىدۇ. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر «ئىنچىكە ھېسابلاش» تىن ئۆتكەن تەۋەككۇلچىلىك. شۇڭلاشقا، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان كارخانىچىلار ئۈچۈن خەتەرگە تەۋەككۇلچىلىك قىلىش ئوبدان ھەققە ئېرىشىشنىڭ پۇرسىتى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىدىغان، ئۆسۈپ يېتىلىدىغان پۇرسىتىدۇر.

پىلانسىز تەۋەككۇلچىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا تەھدىت ئەكېلىدۇ، بىراق پىلانلىق تەۋەككۇلچىلىك ئۆزگىرىش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشىلاش پۇرسىتى ئەكېلىدۇ. خەتەر بولغان تەقدىردىمۇ، تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

ئۆز تەسەۋۋۇرىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن خەۋپ-خەتەرنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۆز ئارزۇيىڭىزغا يېتىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ ناھايىتى مۇۋاپىق ئۇسۇل.

## ئىجادىي پىكىر بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى «مۇرەسسەلىشىش نۇقتىسى»

سىزنى بۇرۇنقى ئەھۋالىڭىزدىن قوتۇلۇپ چىقىپ يېڭىدىن ئىگىلىك تىكلەشكە كىرىشتى ياكى ئەھمىيەتلىك خىزمەتكە جەڭ ئېلان قىلدى دەپ پەرەز قىلايلى. بۇ چاغدا، ئەگەر سىز ئىقتىسادىي نىشانغا يېتىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇشىڭىزدا قانچىلىك قۇربانلىق بېرىدىغانلىقىڭىزنى بىلسىڭىز، بۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىسىز؟

كىشىلىك تۇرمۇشنى بىر قاتار مۇرەسسەلىشىش دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ خىيىمخەتەردىن دەرىجە جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. تۇرمۇشتا بەزى كىشىلەر پۈتۈنلەي تەقدىرگە تەن بېرىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىلەر بولسا بىر قەدەممۇ چېكىنمەي تىرىشىپ ئىرمىشىدۇ. سىز ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك، شۇندىلا ئۆزىڭىزگە پايدىلىق مۇرەسسەلىشىش نۇقتىسىنى تاپالايسىز.

ئالدى بىلەن، سىز مۇقىم كىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق سىز ئەركىن ۋاقىتقا ۋە تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيسىز، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىڭىزنى ۋە ئىقتىدارىڭىزنى تولۇق جارى قىلدۇرالايسىز ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھەققە ئېرىشەلەيسىز. سىز بۇ ئىككىسىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئۆزىڭىزگە پايدىلىق مۇرەسسەلىشىش

نۇقتىسى بارمۇ-يوق كۆرۈپ باقسىڭىز بولىدۇ.

بانكىدىكى ئامانەت پۇلىڭىزنى مەبلەغ قىلىپ سېلىشمۇ بىر خىل ئۇسۇل، بىراق ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇللارمۇ بار.

سىز شىركەتتە ئىشلەۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئەتىگەن، كەچقۇرۇن ياكى ھەپتە ئاخىرىدىكى بوش ۋاقىتلىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ تەسەۋۋۇرىڭىزنى سىناق قىلىپ باقسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئىشقا راستىنلا كىرىشكۈڭىز بار-يوقلۇقىنى بىلەلەيسىز.

ئۇنىڭدىن قالسا، سىز شۇ تۈپەيلى ئازادە خىزمەت شارائىتىدىن ۋاز كېچىشىڭىز مۇمكىن. بولۇپمۇ ئىگىلىك تىكلىگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، سىزنىڭ ئۆيدە ئىشلىشىڭىزگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. تېخىمۇ يامىنى شۇكى، سىز ئىگىلىك تىكلەيمەن دەپ بۇرۇنقى خىزمەتداشلىرىڭىزدىن تەدرىجىي يىراقلىشىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، سىز خىزمەت بىلەن شەخسىي ئىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشىڭىز، ھەتتا تۇرمۇشىڭىزنى بىر مەزگىلگىچە خىزمەت قىلىپلا ئۆتكۈزۈشىڭىز مۇمكىن. بىراق يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، سىز ئىلگىرىكى قېلىپلىشىپ قالغان تۇرمۇشتىن ئازاد بولۇپ، ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولالايسىز، ئۆيدىكىلەر بىلەن بىرگە بولۇش ۋاقتىڭىزنى كۆپەيتەلەيسىز. سىز بۇ ئىككىسىنى دەڭسەپ كۆرسىڭىز، پايدىلىق مۇرەسسەلىشىش نۇقتىسىنى تاپالايسىز.

بۇلاردىن باشقا، خىزمەت ئورنىڭىزنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆيدىن يىراقراق ئورۇنغا قىلىش، ھەركۈنى بىر ئاز ۋاقىت چىقىرىپ، خىزمەتنى پۈتۈنلەي ئويلىماسلىق، باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈش ئورنىنى خىزمەت ئورنىنىڭ سىرتىدا قىلىش، چۈشلۈك تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھەرىكەت قىلىش، خىزمەت ئورنىنىڭ سىرتىدا ئۆزىڭىز قىزىقىدىغان ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى.

ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا شۇكى، بەزى ئىشلاردا باشقىلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تايانسىڭىز بولمايدۇ. يەنى ئۆز ئالدىڭىزغا ئىگىلىك تىكلىگەندە، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆزىڭىز مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلىشىڭىز كېرەك. كۆپ قىسىم كىشىلەر بۇنداق خىزمەتلەردىن بىزار بولىدۇ، بىراق بۇ ئىشلار سىزنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە قارار چىقىرىش ماھارىتىڭىزنى يېتىلدۈرىدۇ.

## ئىجادىي پىكىر بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى

قانداق كەسىپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۇلنى، ۋاقىتنى تېجەيدىغان ۋە ياخشىراق پايدىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئۇسۇل ياكى ياخشىراق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى ئەڭ ياخشى ئوي ـ پىكىر ھېسابلىنىدۇ. كىچىككىنە ياخشىلاش ئۇسۇلى بولسىمۇ، نىشانغا قاراپ بىر قەدەم ئىلگىرىلىتىدۇ. ئاكتىپ پوزىتسىيەنى ساقلاپ، ئىشنى ياخشىلايدىغان پۇرسەتنى توختىماي ئىزلەش كېرەك. بىراق ئەگەر سىز خەۋپ ـ خەتەرگە دىققەت قىلمىسىڭىز، يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلمىسىڭىز، ئىجادىي ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشەلمەيسىز. سىز تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز قىلىدىغان، تېخىمۇ تېجەشلىك بولغان ئۇسۇلنى تېپىپ چىقىپ خىزمەتنى ئورۇنلاۋاتقىنىڭىزدا، خىيىمخەتەرنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنى ئازايتىشىڭىز كېرەك، بىراق يوشۇرۇن كۈچنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىڭىز كېرەك.

ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئىجادىي پىكىر يارىتىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەمدى سىزگە بۇ قابىلىيەتلەردىن قانداق پايدىلىنىشنى ئۆگىتىمىز.

1. تەپەككۇرىڭىزنى ھازىرقى خىزمىتىڭىزگە ئىشلىتىڭ.

ئەگەر سىز ھازىرقى خىزمىتىڭىزنى ئوبدان كۆزىتىدىغان بولسىڭىز، دەرھال ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر تالاي مەسىلىلەرنى بايقايسىز. ناھايىتى مۇھىم بىر ئىش بار، ئۇ بولسىمۇ ئىجادىي پىكىر يارىتىش قابىلىيىتىڭىزنى بىكار قىلىپ قويماڭ. قانداق قىلسام خىزمەتنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلالايمەن دېگەن مەسىلىنى كۆپرەك ئويلىنىڭ، ھەركۈنى ئاز دېگەندە 30 مىنۇت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىڭ، ھەر قېتىمدا ئاز دېگەندە بىر مەسىلىنى بىر قانچە تەرەپتىن تەپەككۇر قىلىڭ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن لايىھەنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

2. ئىجادىي پىكىرىڭىز ئەركىن قاناتلانسۇن.

تەپەككۇرغا ئىنكار قىلىش خاراكتېرىدىكى ئوي-پىكىردىن بىر ئازمۇ، قىلچىلىكمۇ ئارىلىشىپ قالماسلىقى كېرەك. مەلۇم بىر ئىشنى جەزمەن قىلىشىڭىز كېرەك بولغاندا، «بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن پاسسىپ ئوي-خىيالدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە نېرى تۇرۇشىڭىز ۋە «ياخشى! مەن سىناپ باقاي» دەپ، ئاشۇ ئىشنى قىلىشىڭىز كېرەك. ئاشۇ ئىشنى ئورۇنلاش جەريانىدا، سىز ئاشۇ مەسىلىلەرگە كاللا قاتۇرسىڭىز، ئىجادىي پىكىرلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولىدۇ.

3. چوڭراق ئىجادىي پىكىرلەرنى تەپەككۇر قىلىڭ.

كاللىڭىزدىكى ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ ئىچىدە چوڭراقلىرىمۇ بولىدۇ. سىز ئاشۇنداق پىكىرلەرنى تۇتۇۋېلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر بولمىسا، كۆپ تەرەپلەرنى تەتقىق قىلىشىڭىز، ئويلانسىڭىز، چوڭراق ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشەلەيسىز.

4. ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشتىن ئاۋۋال يېنىكلىك بىلەن ۋاز كەچمەڭ.

ئىجادىي پىكىرنى ئىزدەۋاتقاندا، ئۇنىڭغا ئىرىشمەي تۇرۇپ بولدى قىلسىڭىز بولمايدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۆزىڭىزمۇ

ئىشەنمەيدىغان ئىجادىي پىكىرنى باشقىلارغا قانداقمۇ يۇقىرى باھادا ساتالايسىز؟ سىز راھەت ـ پاراغەت يولىنىلا ئىزلىسىڭىز بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن، ھەرگىزمۇ بۇنداق يول يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىجادىي پىكىر توختىماي تەپەككۇر قىلىش، تۈزۈش، ئويلىنىشتىن ئۆتمىسە، چېچەكلەپ مېۋە بەرمەيدۇ.

# ئۈچىنچى باب

# تەپەككۇر قۇرۇلمىڭىزنى قايتىدىن قۇرۇڭ

بۈگۈنكى ئىجادىي پىكىر ئەتىكى ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىشتۇر. ئىجادىي پىكىرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن قىيىن-ئاسانلىقى ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. تەپەككۇر قىلىدىغان دائىرە قانچىلىك چوڭ بولغانسېرى، پەيدا بولىدىغان ئوي-پىكىرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

ھاياتلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قۇدرىتى ئۆستۈرۈشتە. ئەگەر سىز مول مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك، ئىجادىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى راستىنلا ئارزۇ قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان ئۆزىڭىزنى يارىتىشىڭىز كېرەك.

ئىقتىدار ياكى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش تىلغا ئېلىنسىلا، كاللىمىزدا مەلۇم بىرخىل ماھارەت ياكى مەلۇم بىرخىل نەزىرىيە، مەلۇم بىرخىل سىستېما پەيدا بولىدۇ. بىراق كاللا دېسە پاقالچاق دەپ ئويلايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس.

بىراق ئىقتىدار-قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشتىن ئېرىشىدىغان نەتىجە نېمە؟ مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىزدە بىرەر ئۆزگىرىش بولغانمۇ؟

سىز ئۆگەنگەن نەرسىلىرىڭىزنىڭ مەزمۇنىنى ھەقىقەتەن ئوبدان چۈشىنەمسىز؟ سىز ئۆگەنگەن ماھارىتىڭىزنى ئىشلىتىپ بەزى ئىشلارنى قىلىپ باققانمۇ؟

ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، كۆپ سانلىق كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىقتىدار-قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلاپلا قويىدۇ. بىراق بۇ ئىقتىدار-قابىلىيەتلەرنى جانلىق قوللىنىدىغانلار بەكلا ئاز.

بىرخىل ماھارەتنى ئۇبدان چۈشەنمەي، ئىگىلىمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ماھارەتنى بىلىپلا ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلمەسلىك پۈتۈنلەي بىلمەسلىكتىن جىق پەرقلەنمەيدۇ.

بىلىم ھەرقانچە كۆپ، مول بولغان بىلەنمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ھەرىكەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، ھەرىكەت بولمىسا ياكى ئەمەلىيەتتە ئىشلەتكىلى بولىدىغان بىلىم ياكى تېخنىكا بولمىسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

## قانداق نەرسە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ۋە ئىلھامغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ

بۇگۈنكى ئىجادىي پىكىر ئەتىكى ۋۇجۇتقا چىقىدىغان ئىشتۇر. ئىجادىي پىكىرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىلەن قىيىن-ئاسانلىقى ئۇنىڭ تاناسىپ بولىدۇ. تەپەككۇر قىلىدىغان دائىرە قانچە چوڭ بولغانسېرى، پەيدا بولغان ئوي-پىكىرمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

سىز ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان تەۋرەنمە ئورۇندۇق ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان ئەمەس. بەلكى ياغاچچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئۇچىڭىزدىكى نەرسىلەر، مەسىلەن: كىيىم-كېچەك، سىيرىتما، توگمە، سائەت، ئۆتۈك قاتارلىق نەرسىلەرمۇ لايىھىگۈچىلەر، ئۇستىلار، ئىنژېنېرلار، مېتال بۇيۇم ياسىغۇچىلار ياكى تېرە-خىرۇم بىلەن ھەپىلىشىدىغانلارنىڭ ئوي-پىكرى

ئاساسىدا ياسالغان. مۇشۇ كىتابمۇ دەسلەپتە مەنىدىكى بىر خىيال ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كىتابنى بېسىشقا كېتىدىغان قەغەز. سىياھمۇ ئىلگىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئوي-خىيالى ئىدى.

قەدىمدىن تارتىپ ئىنسانلار ئۈزلۈكسىز يېڭى ئوي-خىياللارنى تېپىپ چىقىپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ كەلدى ۋە يېڭى جاۋابلارغا ئېرىشىپ كەلدى. كەلگۈسىدە بەلكىم يېڭىچە بوتولكا قاپقىقى مەيدانغا كېلىپ، ھازىر ئىشلىتىۋاتقان بوتولكا قاپقىقى ئاچقۇچىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى مۇمكىن، ۋە بەلكىم يېمەكلىكلەرنى ئېلېكترون ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىسىلا ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان ئۇسۇل تېپىلىپ، توڭلاتقۇ شاللىنىپ كېتىشى مۇمكىن. قىسقىسى، بۈگۈنكى ئىجادىي پىكىر ئەتىكى ۋۇجۇدقا چىقىدىغان چوڭ ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەر بىر ئادەمدە ئۆزگىچە ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بار بولۇپ، گەپ ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتا.

ئىجادىي پىكىرنىڭ مۇھىملىقىنى ھەممىدىن بەكرەك چۈشىنىدىغانلار دەل ئىجادىي پىكىرنى تاۋارغا ئايلاندۇرىدىغان چوڭ كارخانىلاردۇر. بۇ كارخانىلاردىكى تەتقىقاتچىلار كۈن بويى ئوي-خىيالغا چۆككەن بولۇپ، ئۇلار ئىجادىي پىكىرنىڭ يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، يېڭى بازار ئېچىشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

بىز ئۈچM نى مىسالغا ئالايلى. ئۈچ M شىركىتى سىلىقلاشقا ئىشلىتىدىغان، تۇزانسىز قۇم قەغەز ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىگىلىك تىكلىگەن بولۇپ، كېيىنچە سۇغا چىداملىق قۇم قەغەز ئىشلەپچىقىرىپ، سانائەت ساھەسىنى زىل-زىلىگە سالغان. 1930-يىلى ئۈچ Mشىركىتى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ، شوتلاندىيە كاۋچۇك تاسمىسىنى كەشىپ قىلىدۇ. بۇ ھازىر كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان بۇيۇملارنىڭ بىرىگە ئايلاندى. ئۈچ Mشىركىتى ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقاچقا، ھازىر

www.uyghurkitap.com

30چوڭ زاۋۇتقا ئېگە، 25مىڭ خىل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان شىركەتكە ئايلاندى. بۇ ئىجادىي پىكىرلەر ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس. شۇنداقلا يەردىن ئۈنگەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئىنسان مېڭىسىدىكى ئوي ـ خىيالنىڭ جەۋھىرىدۇر.

ھەر بىر چوڭ كارخانىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق بىر مەھسۇلات ئۈزلۈكسىز سىناق قىلىنىشتىن ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەسىلە چىقمىغاندىن كېيىن ئاندىن بازارغا سېلىنىدۇ. مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشقا مەخسۇس ئادەم قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان كارغا كېلىدىغان، ياخشى چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇلار تېپىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى مائاش ئېلىشى ھەقلىقتۇر.

ھەربىر ئادەمنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بولىدۇ. كاللا ئىشلەتسىلا، مەيلى شىركەتتە، كەسپىتە بولسۇن ياكى شەخسىي تۇرمۇشتا بولسۇن، ئىجادىي پىكىر تاپالايدۇ. بۇنداق چاغدا كۆزىتىش قابىلىيىتى بىلەن سەزگۈرلۈك ئەڭ مۇھىمدۇر.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مەندە ئىجادىي پىكىر يوق دەپ قارايدۇ. بۇنداق قاراش ماھىيەتتە ئۆزىنى نابۇت قىلغانلىق. بۇنداق كىشىلەر كاللىسىدا ياخشى ئىجادىي پىكىر پەيدا بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى شۇجايىدىلا يوق قىلىۋېتىدۇ.

قانداق نەرسە ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ۋە ئىلھامىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ؟ ئاساسلىقى، تۈز سىزىقلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ۋە ئىلھامىغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ.

## تۇز سىزىقلىق تەپەككۇر تەپەككۇرغا توسالغۇلۇق قىلىدۇ

بىز ئىلگىرى قوبۇل قىلغان تەلىم-تەربىيىنىڭ نەتىجىسىدە «تۇزسىزىقلىق تەپەككۇر» غا ئۆگىنىپ قالدۇق. تۇز سىزىقلىق تەپەككۇرنى E-D-C-B-A تەرتىپ بويىچە داۋاملىشىدىغان لوگىكا دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق كۆپىنچىمىز مۇشۇ خىل باغلىنىشنى ۋە تەرتىپنى تېزدىن تېپىپ چىققانلارنى ئەقىللىق دەپ قارايمىز.

ئۇزاقتىن بېرى ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان خاتىرە دەپتەرلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ سىزىقلىرى تۈپتۈز.

بىز مۇشۇ سىزىقلارنى بويلاپ خەت يازىمىز.

بىراق سىزىقنى بويلاپ مېڭىش، بىزنىڭ تۇزسىزىقنى بويلاپ خەت يېزىشىمىزدىن، سىزىقلىق تەپەككۇر قىلىشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز ئىنسانلار «سىزىقلىق مەدەنىيەت» نى بەرپا قىلدۇق.

سىزىقلىق مەدەنىيەت دېگىنىمىز، تۇز سىزىقلىق تەپەككۇرغا ئەھمىيەت بېرىدىغان مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

تۇزسىزىقلىق تەپەككۇرمۇ «سىزىقلىق تەپەككۇر» دىن دېرەك بېرىدۇ.

بىز ئۇزۇندىن بېرى ئۆگىنىپ قالغان سىزىقلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا بىزنى چۈشەپ كەلدى.

مېڭىمىزنىڭ تۈزۈلۈشى ئەسلىدىنلا تۇز سىزىقلىق ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيامۇ تۇزسىزىقلىق ئەمەس.

ھېچكىممۇ بىرگە بىرەر نەرسىنى كۆرگەندە ياكى بىرەر شەيئىنى كۆزەتكەندە ئاۋۋال قەيەرنى، ئاندىن قەيەرنى كۆرۈشنى، ئەڭ ئاخىرىدا قەيەردە توختىشنى بەلگىلەپ بەرمەيدۇ. بىز دائىم ئۆزىمىز كۆرمەكچى بولغان قىسىمدىن، ئۆزىمىز قىزىقىدىغان

www.uyghurkitap.com

قىسمىدىن باشلاپ كۆرىمىز ياكى بىر قاراپلا بىر پۈتۈنلۈكنى ئىگىلىۋالىدىغان ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىمىز.

ئادەمنىڭ مېڭىسى تونۇسىزنىقسىز «كۆزىتىش» كە ھەممىدىن ئۇستا. گەرچە بىزنىڭ چوڭ مېڭىمىز سىزنىقسىز تەپەككۇر قىلىشقا ماس كەلسىمۇ، بىراق ئۇزاق ۋاقىت تەلىم-تەربىيە ئېلىش، تىرىشىش ئارقىلىق، سىزنىقلىق تەپەككۇر قىلىشنى ۋە كۆزىتىشنى ئۆگىنىمىز. شۇڭلاشقا، تەپەككۇرىمىز توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، ھەتتا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بونىڭغا ماسلىشالمايدۇ. بۇنداق بولۇشى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە.

بىراق بىز تونۇسىزنىقلىق تەپەككۇرغا ماسلىشالمىغانلارنى دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشالماي شاللىنىپ قالغانلار دەپ قارايمىز. بۇ ھەقىقەتەن بىر چوڭ خاتالىق.

تونۇسىزنىقلىق تەپەككۇر ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن چىقىشالمايدۇ. چۈنكى تونۇسىزنىقلىق تەپەككۇر بىزنىڭ ئەركىن قاناتلىنىۋاتقان ئىلھامىمىزنى بوغۇپ قويىدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇرىمىزنى چەكلەپ، بىر قېلىپقا چۈشۈرۈشكە مەجبۇرلايدۇ. بىر ئىشقا قارىتا بىز ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن ئوخشاشمىغان قاراشقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بىراق تونۇسىزنىقلىق تەپەككۇرنىڭ تەسىرىدە بىزنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش نۇقتىمىزدا بىر نۇقتىلا بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىپ، باشقىچە قاراش ۋە نۇقتىئىنەزەردىن مەھرۇم قالىمىز.

ئازراق بىر ئىشنى بىلگەن بىلەنلا شەيئىنىڭ ھەممىلا ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمايدۇ. تەپەككۇرنى دېمەيلا قويايلى، ئەگەر يېڭى نۇقتىئىنەزەر ۋە نۇقتىنى بايقىماقچى بولساق مەسىلىلەرگە قارىغاندا، بىلىدىغىنىمىز قانچە كۆپ بولغانسېرى، تەپەككۇرىمىز شۇنچە توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

تونۇسىزنىقلىق تەپەككۇردىن قوتۇلۇشنىڭ سىرى كۆرۈش سەزگۈسى تەپەككۇرىغا تايىنىشتا.

بىز تۈزسىزىقلىق تەپەككۇرنى ئىنسانلار ئۇستا بولۇپ كەلگەن «كۆرۈش سەزگۈسى تەپەككۇرى»، «بوشلۇق تەپەككۇرى» غا ئۆزگەرتسەكلا بولىدۇ.

ھەرقانداق شەيئىنى بايقاشتا، ئاۋۋال «كۆزىتىش» كە توغرا كېلىدۇ. ئۇمۇمىيۈزلۈك كۆزەتكەندىن كېيىن، شەيئىلەر ئاستا - ئاستا روشەنلىشىدۇ. ئايدىڭلىشىدۇ. بىراق كۆزىتىشتە چوقۇم تۈز سىزىقسىز كۆزىتىش ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى كېرەك.

## داۋفېي ئاكا - ئۇكىلارنىڭ غەلىتە خىيالى

«تۈزسىزىقلىق تەپەككۇر» غا ئادەتلەنگەنلەر كىنوخانىنى پەقەت كىنو كۆرىدىغان جاي، بۇ بىر خىل شەكىلدىلا بولۇپ، بىر خىللا ئىشلىتىلىشى بار دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە كىنوخانىدا پەقەت ئېكران، رەت - رەت ئورۇندۇقلار ۋە تاماشىبىنلار كىرىپ، چىقىدىغان بىر نەچچە ئىشىك بار... ئۇنىڭدىن باشقا بىر نەرسە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بىراق ئامېرىكىلىق داۋفېي ئاكا - ئۇكىلار كىنوخانىنى باشقىچە بىر تۈسكە ئىگە قىلغان.

جىم بىلەن جون ئاكا - ئۇكىلار كىشىلەرنىڭ كىنوخانىنىڭ ئۆزگەرمەس كونا ئۇسلۇبىدىن بىزار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، بۇخىل كونا ئۇسلۇبنى ئۆزگەرتسە، قىزىققاق ئامېرىكىلىقلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن فلورىدا شتاتىدىكى بىر مال سېتىۋېلىش مەركىزىدىن بىر بۆلۈك يەرنى ئىجارىگە ئالىدۇ ۋە 100مىڭ دوللار مەبلەغ سېلىپ، ئاشخانا كىنوخانىسىدىن بىرنى سالىدۇ. ئۇلار تاماشىبىنلارنى قاۋاقخانىلاردىكى خېرىدارغا ئوخشاش ئازادە ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، ساندۇيچ يېگەچ، پىۋا ئىچكەچ بەھۇزۇر كىنو كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئاشخانا كىنوخانىسى تىجارەت باشلايدۇ. ئۆزگىچە، يېڭى بۇ شەيئى مەيدانغا چىققىنى بىلەنلا، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىدۇ. بۇ كىنوخانىدا رەت-رەت تىزىلغان، مۇقىم ئورنىتىلغان ئورۇندۇقلار يوق بولۇپ، ئازادە قويۇلغان شىرە-ئورۇندۇقلار بارئىدى. فراك كىيگەن مۇلازىملار تاماشىبىنلارغا ساندۇنچ، ئىتالىيە قاتلىمىسى، پىۋا قاتارلىق تۈرلۈك ئىچىملىكلەرنى ئەدەب بىلەن ئەكىلىپ بېرەتتى. كىنوخانىنىڭ ئىچى ناھايىتى ياخشى بېزەلگەن بولۇپ، كىنو قويۇلغاندا كىشىلەر ئۆز ئۆيىدە ئۇرۇق-تۇغقان، دوست-بۇرادەرلىرى بىلەن جەم بولۇپ، تاتلىق-تۈرۈملەرنى يېگەچ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلەتتى.

بۇ كىنوخانىنىڭ بېلىتى ئىككى دوللار ئىدى، بىراق ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىدىكى باشقا ئادەتتىكى كىنوخانىلارنىڭ بېلىتى بەش دوللار ئىدى، داۋفېي ئاكا-ئۇكىلار بۇنىڭلىق بىلەن زىيان تارتمايدۇ. چۈنكى يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكتىن پايدا تاپاتتى. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، نۇرغۇنلىغان تاماشىبىنلار ياكى خېرىدارلار بۇ يەردە قانداق كىنونىڭ قويۇلۇشىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ياقتۇرىدىغىنى بۇيەرنىڭ «ئائىلە كىنوخانىسى» ئىكەنلىكى ئىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مۇشۇ يەرنىڭ ئىچىملىكى ۋە يېمەكلىكىنى دەپ كېلەتتى. بىرەر نەرسە يېگەچ كىنو كۆرۈش خۇددى روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىن ھوزۇرلىنىش بولۇپ، بۇنداق ئىككى خىل ھوزۇرلىنىش كىشىلەرگە نۇرغۇن شادلىق ئاتا قىلغانىدى.

داۋفېي ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ئاشخانا كىنوخانىسى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، كەينى-كەينىدىن كېلىۋاتقان تاماشىبىنلار ۋە خېرىدارلارنى سىغدۇرالمايدۇ. ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئاشخانا كىنوخانىسى سېلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا نۇرغۇنلىغان خېرىدارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن داۋفېي

ئاكا ـ ئۇكىلار ئامېرىكىدا ئاشخانا كىنوخانىسىدىن 21نى سالىدۇ. بۇ كىنوخانىدا كۈندۈزى كىنو قويۇلمىغاچقا، ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بۇ كىنوخانىنى كىشىلەرنىڭ يىغىن ئېچىشى ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىنوخانىنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇلار يەنە 20نەچچە ئاشخانا كىنوخانىسىغا سۈنئىي ھەمراھ سىگنالى قوبۇللىغۇچ ۋە ئانتېنا ئورنىتىپ، سىملىق تېلېۋىزىيە سىگنالى قوبۇل قىلىپ، تېلېۋىزىيە يىغىنى ئاچىدىغانلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. يېڭىچە بۇ خىل كىنوخانىلار كىنوچىلىق ساھەسىگە يېڭى بىر تۈس قوشىدۇ.

## ئەگىتمە تەپەككۇر

داۋفېي ئاكا ـ ئۇكىلار ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى بىر مىسالى بولالايدۇ. ئۇلار تۈزسىزىقلىق تەپەككۇرنىڭ توسالغۇسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، ئۆزلىرىگە زور پايدا ياراتقان.

بىر پسىخولوگ مۇنداق بىر تەجرىبىنى ئىشلىگەن: ئۇ توخۇ بىلەن ئىتنى ئىككى تەرىپى تام بىلەن قورشالغان يەرگە قويۇپ بەرگەن ھەمدە توخۇ بىلەن ئىتنىڭ ئالدىنى بىر قەۋەت سىم تور بىلەن توساپ، تورنىڭ سىرتىغا يېمەكلىك قويۇپ قويغان. بۇچاغدا توخۇ بىلەن ئىت قانداق قىلىدۇ؟

توخۇ يېمەكلىككە ئۇدۇللا ئېتىلغان. بىراق سىم تور توساپ تۇرغاچقا، يېمەكلىكنىڭ يېنىغا بارالمىغان. توخۇ تورغا قالايمىقان ئۇسۇپ باققان بولسىمۇ، يەنىلا يېمەكلىككە ئېرىشەلمىگەن، يېمەكلىك كۆز ئالدىدىلا، قولنى ئۇزاتسىلا يېتىدىغان جايدا بولسىمۇ، يەنىلا يېيەلمىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىت بولسا يېمەكلىكنى، تۆمۈر سىمنى ۋە ئەتراپىدىكى تامنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، دەرھال كەينىگە يېنىپ، ئۇلۇڭ تەرەپتىكى تامنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، سىم تورنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېمەكلىكنى يېگەن.

بۇ گەرچە ھايۋانلار تەجرىبىسى بولسىمۇ، ئويدان ئويلايدىغان بولساق، بۇ ئەھۋالنىڭ بىزنىڭ مەسىلىلەرنى ئويلىغانلىقىدىكى، تەسەۋۋۇر قىلغان چاغدىكى ئەھۋالىمىزغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بەزىلەر مەسىلىلەرنى ئۇدۇللۇق ياكى يۈزەكى ئويلايدىغان بولغاچقا، دائىم جاھىللىق بىلەن تۆزسىزلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. نەتىجىدە بولسا بۇرنىغا يەپ، ھەرقانچە قىلىپمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. يەنە بىر خىلدىكى كىشىلەر بولسا مەسىلىلەرنى ئەگىتمە تەپەككۇر قىلىپ، توسالغۇلاردىن ئۇستىلىق بىلەن ئايلىنىپ ئۆتىدۇ ۋە ئويلاپ باقمىغان نۇقتىدىن قول سېلىپ، مەسىلىنى ئوڭايلا ھەل قىلىدۇ.

كىشىلەر كەلگۈسىدىكى ئېنېرگىيە مەنبەسىگە يادرو رېئاكسىيىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھېدروگېننى بىرىكتۈرىدىغان قۇرۇلما ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھىدروگېن ئاتومى بىلەن ھىدروگېن ئاتومىنى شىددەتلىك سوقۇشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بىراق ھېدروگېن ئاتومى گاز ھالەتتە بولغاچقا، ئۇنى ھىم ئېتىلىدىغان بىر قاچىغا قاچىلاپ، كۈچلۈك بېسىم بەرگەندىلا، ئاندىن ھىدروگېن ئاتومىنى ئۆز ئارا سوقۇشتۇرغىلى بولاتتى.

بۇ بىر ناھايىتى قىيىن بولغان ئىش بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر تەتقىقات گۇرۇپپىلىرىنى قۇرغان. بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن 10 يىل، 20 يىل كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىغان، نۇرغۇن ۋاقتىنى ۋە پۇلنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن.

ئويلىمىغان يەردىن ئامېرىكىدىكى بىر كىچىك شىركەت ئازىراقلا ئەگىپ ئۆتۈپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغان. ئۇلار ھىدروگېن ئاتومىنى ھىم ئىپتىلىدىغان قاچىغا قاچىلاش كېرەك دېگەن قاراشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان، يەنى، ئۇلار لازېر نۇردىن پايدىلىنىپ، ھىدروگېن ئاتوملىرىنى ئوڭايلا سوقۇشتۇرغان.

مەسىلەن: دەريادىن ئۆتۈشتە كۆۋرۈك بولمىسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگىتمە تەپەككۇر قىلمايدىغانلار «ئۈزۈپ ئۆتۈش»، «كېمىگە چىقىش»، «سالغا چىقىش» دېگەندەك دەريادىن ئۆتۈش ئۇسۇللىرىنىلا ئويلىيالايدۇ. بىراق قارشى قىرغاققا بېرىش ئۈچۈن سۇدىن مېڭىپ ئۆتسىمۇ بولىدۇ، ئاسماندا ئۇچۇپ ئۆتسىمۇ بولىدۇ، يۇقىرى ئېقىنغا بارىدىغان يول بولغانىكەن، قارشى قىرغاققا ئۆتىدىغان باشقا يولمۇ بولىدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇشتا بىزنىڭ بىر يولدا ئىلگىرىلىشىمىزگە توغرا بىراق ئىجادىي قىياس ئەركىن ئەگىتمە تەپەككۇرغا تېخىمۇ مۇھتاج كېلىدۇ.

## ھەرگىزمۇ توخۇغا ئوخشاش«تەپەككۇر» قىلماڭ

**مەسىلە توغرىسىدا ئويلىنىش ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئاچقۇچى**

تەپەككۇر بولسا چۈشەنمەيدىغان مەلۇم بىر ئىشىتىن گۇمانلىنىش، ئاندىن سوئال قويۇش ئارقىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپىدىغان جەريانىدۇر. بىز بۇ خىل سوئال ـ جاۋابنى ئۈزلۈكسىز تەكرارلاش ئارقىلىق، نىشانغا تەدرىجىي يېقىنلىشىدىغان ئۇسۇلنى «تەپەككۇر» دەپ ئاتايمىز.

بەزىلەر: «ياخشى مەسىلىدىن جاۋابنىڭ يېرىمى چىقىپ تۇرىدۇ» دەيدۇ. تەپەككۇرغا ماھىر كىشىلەر سوئال سوراشقىمۇ ماھىر

كېلىدۇ. نېمىنى سوراش، قانداق سوراش، يەنى سوئال سوراشتىكى ماھارەتنىڭ بولۇش - بولماسلىقىمۇ ئادەمنى ئوخشاشمىغان نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەلۇم بىر مەسىلىگە قارىتا ئېنىق بولغان، نورغۇن سوئال قويالىغان ئادەملا تەپەككۇرغا ماھىر ئادەمدۇر.

بىز «بىلىم»نى «سوئال سوراشنى ئۆگىنىش» دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىلىم «سوئاللار سىستېمىسى» دۇر. مۇشۇ «سوئاللار»دىن تۈزۈلگەن نەرسە «نەزەرىيە» بولىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ياخشى بىر نەزەرىيە تەپەككۇرغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك دەيمىز. ئەگەر نەزەرىيە تەپەككۇرنى غىدىقلىيالمىسا، ئۇنىڭغا تۈرتكە بولالمىسا، ئۇنداقتا بۇ نەزەرىيە ساددا بىلىمدۇر، خالاس.

ئۇنداقتا، بىز قانداق سوئال سورىشىمىز كېرەك؟ سوئال ئالماشلىرىنى ئىشلەتسەكلا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىز سوئالنى گۇمان بولغاچقا ئاندىن سورايمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سوئال بىزنىڭ بەزى ئىشلارغا ياكى بەزى جايلارغا ئەجەبلەنگەنلىكىمىزدىن پەيدا بولىدۇ. بىز سوئال ئالماشلىرىنى W1H5 بىلەن ئىپادىلەيمىز.

W1H5 دېگىنىمىز، نېمە (WHAT)، نېمىشقا (WHY)، كىم(WHO)، قاچان(when)، قەيەردە (WHERE) دېگەن سۆزلەردىكى بەش دانەWنى ۋە قانداق (HOW) دېگەن سۆزدىكى بىر دانەHنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان، ئەمما ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەر ئويلىنىدىغان، ئىشلىتىدىغان ناھايىتى ئاددىي سۆزلەر.

ئېنراق دىققەت قىلىڭكى، سىزW5نى ئۇزۇل - كېسىل چۈشەنسىڭىزلا، سىزنىڭ شەيئىلەرگە بولغان قارىشىڭىز ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ بەكرەك چوڭقۇر بولىدۇ. بۇ سۆزلەرنى گۇرۇپپىلاپ سېستىمىلاشتۇرغاندا، ئويلاپمۇ باقمىغان بىر دۇنيا كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ، بىز بۇنى «بەشW نى ئىجادىي پىكىر

سىستېمىسى» دەپ ئاتايمىز.

HOW (قانداق) دېگەن بۇ سۆز ئاساسەن ئەھۋالنى سوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بىراق ئاشۇ خىل ئەھۋال W5 دىن تەركىب تاپىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەش W HOW غا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. ياكى قانداق مۇناسىۋەتتىكى ئەھۋال ئىككەنلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغان سوئالدۇر. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، HOWنىڭ مەنىسى مۇشۇ بەش دانە Wنى قانداق قىلغاندا ئوبدانراق باغلاشتۇرغىلى بولىدۇ دېگەننى سوراشتىن ئىبارەت. سىز بۇ بەش W5 نى بىرىكتۈرۈشنى بىلىسىڭىز، مەلۇم بىر شەيئى توغرىسىدىكى پاكىتنى بىلەلەيسىز، شۇنداقلا ناھايىتى ئاددىتىنكى بۇ سۆزلەرنىڭ «سېھرىي كۈچكە» ئىگە ئىكەنلىكىنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىسىز.

## تۈزسىزلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى بۇزۇۋېتىلگەندىن كېيىنكى بايقاش

ئەگەر بىز بەش W نى تەرتىپ بويىچە تىزساق، بىر قاتار سوئال ئالماشلار قاتارى شەكىللىنىدۇ. بۇنى تۈز سىزىقلىق شەكىلگە ئەكەلسەك، بىر قىسىم سوئاللار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: قاچان، كىم، قەيەردە، نېمە ئىش قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ دېگەندەك ئاددىي سوئاللار پەيدا بولىدۇ. بىز بۇ سوئاللارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپىنى ئالماشتۇرساقمۇ، بىرەر يېڭى ئۆزگىرىش ياكى ئىلگىرىلەش بولمايدۇ.

بىراق بىز «تۈز سىزىقلىق تەپەككۇردىن قۇتۇلساق»، نەتىجە قانداق بولىدۇ؟ بىز بەش W نى تۆۋەندىكىدەك تىزغان چېغىمىزدا، بۇ بەش دانە W ئاددىيتىكى سوئال ئالماشلىرى بولمايدۇ. سىز بۇنداق تىزىشتىن نېمىلەرنى بايقىيالايسىز؟ سىزنىڭ كۆرۈۋاتقىنىڭىز

www.uyghurkitap.com

يەنىلا بىر قىسىم سوئال ئالماشلىرىنىڭ قاتار تىزىلىشىمۇ؟




توغراقۇر when ، who ، wheve دىن،يەنى «ۋاقىت ـ ئادەم ـ ماكان» دىن تەركىب تاپقان.

بۇخىل تىزىلىشتىن بىز شۇنى بايقايمىزكى، مەيلى بىز ئاشۇنداق تۇيغۇدا بولايلى ياكى بولمايلى ۋە ياكى ئىنساننىڭ ئىرادىسى تۈپەيلىدىنمۇ ياكى ئەمەسمۇ، بىز ئىنسانلار ماكان ۋە زامان ئىچىدە ياشايمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز مەلۇم بىر ۋاقىت، مەلۇم بىر دەۋردە ياشاۋاتقان ۋە مەلۇم بىر ماكان، مەلۇم بىر رايوندا پائالىيەت قىلىۋاتقان، بىر ئوبيېكت بولغان ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلىنى بايقىيالايسىز.

تىك قۇر why ، who ، what دىن تەركىب تاپقان. بۇ تىك قۇر ماكان ۋە زاماندا ياشاۋاتقان سىزدىن نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭىزنى، نېمىشقا قىلمىدىغانلىقىڭىزنى ۋە نېمىشقا ئاشۇنداق قىلمىدىغانلىقىڭىزنى سورايدۇ. بۇنىڭدىن سىز ئىرادىڭىزنى ۋە ئارزۇ ـ ئىستىكىڭىز قاتارلىقلارنى بىلەلەيسىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ سۇبيېكتلىرىڭىز. بىز يەنە بۇ بەش W5 دىن تۈزۈلگەن

سوئال ئالماشلىرى «قۇرۇلمىسى» دىن توغرا قۇرنىڭ ئوبيېكتىپ سىزنى، تىك قۇرنىڭ سۇبيېكتىپ سىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇنىڭدىن بىز ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ «سوئال»لار قۇرۇلمىسى ئارىسىدا ياشايدىغانلىقىمىزنى چۈشىنىۋالالايمىز. ياشاش دېگىنىمىز ئەمەلىيەتتە، مۇشۇ سوئاللارغا ئۈزلۈكسىز جاۋاب بېرىش دېگەنلىكتۇر. بىز شەيئىلەرنى تۈز سىزىقلىق تەپەككۇر قىلساق، بۇلارنى بايقىۋالالايمىز. شۇنداقلا ئەگەر بىز نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتمىسەك، ئوخشاشلا بۇنداق چۈشەنچىلەرگە كېلەلمەيمىز. بىز يەنىلا Whoنى ئادەم، Whenنى ۋاقىت دەپ قارايمىز. ئەگەر بىز Whenنى «قاچان» دەپلا قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز پۈتكۈل دۇنيانى كۆرەلمەيمىز.

## كىشىلىك ھايات ھەقىقەتلىرى سىخېمىسىنى ئىگىلەش

ئالدىدا بىز بەش W5نىڭ بىزنىڭ كۆزىتىش، تەپەككۇر قىلىش، بايقاش ئۇسۇلى ئارقىلىق كىشىلىك تۇرمۇشنى چۈشىنىشىمىزگە تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق. بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەممىلا مەسىلە مۇشۇ سخېمىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. مۇشۇ سخېمىنى چۈشەنسەكلا، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى بىلەلەيمىز.

ھەر بىر Wنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندە، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى، بىر تەرەپتىن بۇ سوئاللارنى قايتىدىن گۇرۇپپىلاپ ۋە چۈشىنىپ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىرىنى تەدرىجىي ئىگىلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: when دېگەن بۇ سۆز «قاچان» دېگەن بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئالدۇر. ئەگەر بىز بۇ مەسىلىنى چوڭقۇرراق تەتقىق قىلساق، «ۋاقىت دېگەن نېمە» توغرىسىدا ۋاقىت قارىشىغا ئىگە بولالايمىز. شۇنداقلا بۇ مەسىلىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جاۋاب بەرگەندە، بىزكۆرگىلى بولىدىغان بۇ سىخېمىدىن پايدىلىنالايمىز.

بىز ئاۋۋال قەغەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا «ۋاقىت دەپ يازايلى، ئاندىن ۋاقىت دېگەن نېمە» توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىپ، ئېرىشكەن جاۋابنى ئەتراپىغا يازساقلا بولىدۇ. ۋاقىت دېگەن ئۇقۇمنى كېڭەيتكەندە، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى تېپىپ چىقساق بولىدۇ. مەسىلەن: «ۋاقىت»، «دەۋر»، «ۋەزىپەت»، «مەزگىل»...... دېگەندەك ئاددىي سۆزلەردىن باشلاپ، ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك «رىتىم»، «پەيت»، «پۇرسەت» دېگەندەك ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. شەيئىلەر ۋاقىتقا ئەگىشىپ «ئۆزگىرىدۇ»، «ئۆزگىرىش» دېگەن بۇ ئاچقۇچلۇق سۆز ۋاقىت ئۇقۇمىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەمەسمۇ؟ سىز مانا مۇشۇنداق ئاستا-ئاستا تەپەككۇر قىلسىڭىز بولىدۇ.

بىزمۇ ئۆزگىرىمىز، بىراق ئەڭ ساغلام ۋە تەبىئىي ئۆزگىرىش «ئۆسۈش» بولسا كېرەك. بىز ۋاقىت توغرىسىدا ئويلانغاندا بەزىبىر ئىشلارنى «ھېس قىلىمىز» ياكى «باشتىن ئۆتكۈزىمىز»، بىز بۇنىڭدىن يەنە «ئۆزگەرتىش»، «تەرەققىي قىلىش» دېگەن ئۇقۇملارغا ئېرىشىمىز. بىز ئاچقۇچلۇق بىر سۆزنى چۆرىدەپ تەپەككۇر قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇقۇملارنى ياكى مۇناسىۋەتلىك ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى تېپىپ چىقالايمىز. بۇ ئۇقۇملارنى ۋە تەپەككۇرىمىزنى بىرلەشتۈرسەك، ئىجادىي يېڭى تۇغۇلغان كىشىلىك تۇرمۇشنى بەرپا قىلالايمىز.

## ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى نامايان قىلىش

كىشىلىك ھايات ئەسلىدىنلا بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولمايدىغان بىر پۈتۈنلۈك. بىز تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ئەھۋاللارنى who (كىم)

ياكى what(نېمە)، when(قاچان) قاتارلىق تۆرلۈك نۇقتىلاردىن كۆزەتكەچكە، كۆرىدىغان نەرسىلىرىمىزمۇ ئوخشاشمايدۇ.

بىراق نۇقتىئىنەزەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى تۇرمۇشنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللارنىڭمۇ ئۆزگىرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. سخېمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى who ئۆزلۈكسىز ھالدا when، where، ياكى what، ياكى why بىلەن قايتىدىن گۇرۇپپىلىشىپ، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى تەشكىل قىلىدۇ.

بىزنىڭ بېشىمىزنى قاتۇرىدىغىنى، نۇرغۇن ئورۇنغا قويغىلى بولىدىغان بىر ئامىلنى قانداق قىلىپ توغرا ئورۇنغا قويۇشتۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ جاۋابى بەك ئاددىي، ئۇ ئامىلنى ئۆزىمىز قويماقچى بولغان ئورۇنغا قويساقلا بولىدۇ. ھەممە ئامىللار قويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئومۇمىي جەھەتتىن يەنە بىر تەپەككۇر قىلساق بولىدۇ.

يەنى، ھەممە ئامىلنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي تەپەككۇر قىلىش، تۆرگە ئايرىش ئارقىلىق ھەرقايسى ئامىللارنى توغرا ئورۇنغا قويۇش كېرەك. بۇ باسقۇچ ئارقىلىق سخېمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك قەدەم ـ باسقۇچلارنى تېپىپ چىقىش كېرەك.

ھەرقايسى ئامىللارنىڭ ئورنىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئۆز ئورنىغا قويغاندىن كېيىن، سخېمىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆپ مەزىلىكلىكى ۋە گۇرۇپپىلىشچانلىقىنى ئاساس قىلىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈش كېرەك. بۇيەردىكى يۈرگۈزۈش ئېنېرگىيەنى يەتكۈزىدىغان نىشانىنى قارار قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.ئۇ قانداق ئېنېرگىيە؟ يەنى، تەپەككۇر بىلەن ئىرادىنىڭ ئېنېرگىيىسى بولۇپ، ئۇلار يوشۇرۇن ئاڭنى ئويغىتىپ، بىلىمنى ئەقىل ـ پاراسەت ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرىدۇ.

تەپەككۇر بەزى يېڭى شەيئىلەرنى بايقاش دېگەنلىك. يېڭى بايقاش ۋە تەپەككۇر تۈپەيلى بۇ ئىش كىشىنى خۇشال قىلىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا كىشىلەر خالاپ قىلىدىغان ئىشقا ئايلىنىدۇ.

بىز ئىنسانلار ئۆزىمىز ياراتقان مەدەنىيەتكە باشقا بىر نۇقتىدىن قارايدىغان بولساق، نۇرغۇن نا مۇۋاپىق جايلارنى تاپالايمىز. ئۇزاقتىن بېرى بىزنى بۇرنىمىزدىن يېتىلەپ كەلگەن «تۇزسىزلىق تەپەككۇر» بۇنىڭ تىپىك مىسالى. پەننىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا تۇز سىزلىق تەپەككۇر كۈچلۈك بىر قورال بولۇپ، ئۆزىنىڭ زور رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. شۇڭلاشقا كىشىلەردە تۇزسىزلىق تەپەككۇرلا كىشىلەرنىڭ ئىدراكلىق تەپەككۇرقىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ دەيدىغان خاتا تۇيغۇ شەكىللىنىپ قالغانىدى. ئومۇمىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنى يامان ئىش دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئىلىم-پەن ساھەسىدە تۇزسىزلىق تەپەككۇر ناھايىتى ئۈنۈملۈك. بىز تۇزسىزلىق تەپەككۇرنى ئومۇميۈزلۈك تەنقىد قىلماقچى ئەمەس.

تۇز سىزلىق تەپەككۇرنىڭ زىيىنى شۇكى، ئۇ ھەممىلا شەيئىنى ئىنچىكە قىلىپ بۆلۈۋېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇ شەيئىلەرنى پارچىلاپ، بۆلۈپ ھەمدە ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەش ئارقىلىق، ھەرقايسى بۆلەكلەرنى ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بىر ئىلىم ساھەسىگە ئايلاندۇرىدۇ. نەتىجە نۇرغۇن كەسىپلەر پەيدا بولۇپ، نۇرغۇن مۇتەخەسسىسلەر تەتقىق قىلىنىشقا ئىش چىقىدۇ ۋە باش قاتۇرىدىغان نۇرغۇن كەسىپلەر مەيدانغا كېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا چىگىللىشىپ كەتكەن، مۇرەككەپ بىر جەمئىيەتنى شەكىللەندۇرىدۇ.

بۇخىل «تۇز سىزلىق دۇنيا» ھەتتا بىزنىڭ ئېڭىمىزنى، تۇيغۇمىزنى پارچىلىۋېتىدۇ. نەتىجىدە، ئەسلىدە بىر پۈتۈن بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسان ئېڭى ۋە تۇيغۇسى پارچىلىنىپ، كۆپلىگەن مول بىلىملىك مۇتەخەسسىسنىڭ كاللىسىنىمۇ ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

تۇرمۇش ئەسلىدە ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ھازىرقى جەمئىيەت ئۇنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى.

نەتىجىسىدە كۆپچىلىكنىمۇ ناھايىتى ئالدىراش قىلىۋەتتى. «ئالدىراش» دېگەن بۇ سۆزنى «يۈرەكنىڭ ھالاك بولۇشى» يەنى «يۈرەكنىڭ ئۆلۈشى» دەپ يېزىشقىمۇ بولىدۇ (بۇيەردە خەنزۇچىدىكى 忄 خېتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ).

ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە توختىماي پالاقشىش ئەسلىدىكى تۇرمۇشتىن مەھرۇم بولۇپ، «مەۋجۇدىيەتسىزلىك» ھالىتىدە تۇرغانلىقتىن دېرەك بەرسە كېرەك.

ۋاقىت جەدۋىلى مەلۇم پىلان ياكى ئارزۇغا ئاساسەن تۈزۈلگەندە، ئاندىن ئەھمىيىتى بولىدۇ. بىراق ئۇ كىشىلەرنىڭ ۋاقىت قارىشىغا قاراپ، يەنى كىشىلەرنىڭ ۋاقىتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئۆلۈك ھالدا ۋاقىتنى فىزىكىلىق بىر خىل ھالەت دەپ قارىساق بولمايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئۇچۇرمۇ تۇرمۇشىمىزنى پارچىلىۋېتىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ھەتتا بەزىلەر قىلچە كېرىكى بولمىغان ئۇچۇرلارنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ يىغىدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا كۆڭلى ئارامىغا چۈشمەيدۇ. بىز بۇنى «كېسەللىك» دەپ سۈپەتلىسەك بولىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ تەسىرىدە، بىز ھەربىر ھەقىقىي كارغا كېلىدىغان ئۇچۇرلارغا پەرۋا قىلمايمىز ۋە سۆزلەيدىغان، ئەمما قىلمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمىز.

ھازىر بىزگە كېرىكى ئۇچۇر فىزىئولوگىيىسى، يەنى فىزىئولوگىيىلىك ھېسسىي بىلىشتۇر. بۇخىل ھېسسىي بىلىشنىڭ تەسىرىدە، بىز پارچە-پۇرات تۇرمۇشنى قايتىدىن بىر پۈتۈن تۇرمۇشقا ئايلاندۇرالايمىز، يەنى بۇ بىز دەۋاتقان ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇشتۇر.

كۆپچىلىكنىڭ بۇ خىل ئۇچۇر فىزىئولوگىيىسى شەكلىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تېپىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

www.uyghurkitap.com

# نەزەر دائىرىنى بىر پۈتۈنلۈككە ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىش

بېسىم تۇرمۇشىمىزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى. بېسىم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەتراپىمىزدىكى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تېز ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلەيمىز، بىراق بۇ ياشاشنىڭ تېخىمۇ تەسلەشكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئەگەر «كېيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇش» نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ياشاشنىڭ بۇرۇنقىدىن كۆپ ئاسان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

ئەمما ئۆزىمىزگە مۇۋاپىق كېلىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تېپىش بارغانسېرى تەسلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

ھەددىدىن زىيادە بېسىم زادى نېمە سەۋەبتىن پەيدا بولىدۇ؟ ھەددىدىن زىيادە بېسىم خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولماسلىقىدىن، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن، قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلالماسلىقتىن، ئەنسىرەشتىن، نارازىلىقتىن، ئالدىراڭغۇلۇق قاتارلىقلاردىن پەيدا بولىدۇ. بۇلارنى يىغىنچاقلىغاندا، بېسىم بەزىبىر ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىغاندا پەيدا بولىدۇ.

مەسىلىنى پەيدا قىلغان ئامىلنى تاپمىساق، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز تۇرمۇشىمىزنى لايىھەلىشىمىز كېرەك.

شۇڭلاشقا، بەختلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بېكىتىش، ئۆز تۇرمۇشىمىزنى ئۆز ئىلكىمىزگە ئېلىش بېسىمنى يېنىكلىتىشتىكى مەركىزىي مەسىلە بولۇشى كېرەك. بىز ھازىر تۇرمۇشىمىزدا نېمە ئۈچۈن توختىماي پالاقلايمىز؟ نېمە ئۈچۈن توختىماستىن ئاللىقانداق بىر نېمىلەرنى قوغلىشىمىز؟ چۈنكى بۇ

ئەسلىدە بىر پۈتۈن بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئۆزئالدىغا مۇستەقىل بولغان پارچە-پارچە بۆلەكلەرگە پارچىلىنىۋېتىلگەنلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

بىراق بىز بۇ ھەربىر پارچە مۇستەقىل بۆلەكنى ئۆزىگە چۇشلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغاچقا، تۇرمۇشنىڭ بۇ ھەربىر پارچە بۆلىكىنى توختىماستىن ئىزلەيمىز. تۇرمۇشنىڭ بۇ بۆلەكلىرى بەك كۆپ بولغاچقا، بىز ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىمىز

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئىش بار. ئۇ بولسىمۇ، بىز ھازىرغىچە ئىگە بولغان نەرسىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى باشقىلاردىن قوبۇل قىلدۇق.

بىز بۇ «نەرسىلەر» نى «ئۇچۇر» دېسەكمۇ بولىدۇ. ئۇچۇر تاشقىنى دېگىنىمىز، تۇرمۇشىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق بىلىم ۋە ئەقىل-پاراسەت توغرىسىدا تەپەككۇر يۈرگۈزمەي، بۇ ئىشلارنى باشقىلارغا تاشلاپ قويۇشىمىزدىن كېلىپ چىققان ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاز-ئازدىن ئېرىشكەن بۇ بىلىم ئۇچۇرلىرىنى رەتلەش ۋە يىغىنچاقلاش ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالمىساق، مېڭىمىزنىڭ، قەلبىمىزنىڭ ۋە روھىمىزنىڭ كۈنسېرى قالايمىقانلىشىشى تۇرغانلا گەپ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «يۈرەك ئۆلگەنىكەن»، ئادەممۇ تەبىئىيلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ.

بىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھازىرقى مۇھىم ئىش ھازىرغا قەدەر ئېرىشكەن بىرتالاي بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى رەتلەپ، يىغىنچاقلاپ سىستېمىلاشتۇرۇش، شۇنداقلا مۇشۇ ئاساستا ئۆز ئالدىمىزغا تەپەككۇر قىلىپ، يېڭىلىق يارىتالايدىغان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئادەمگە ئايلىنىشتىن ئىبارەت.

بىز ئۆزىمىزنىڭ كاللىمىزغا ئىشىنىشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ كىتابتا يېزىلماپتۇ، گېزىتتە بېسىلماپتۇ، تېلېۋىزوردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىلمەيتۇ ياكى داغلىق كىشىلەر مۇنداق دېمەيتۇ دەپ قاراپ تەشۋىشلەنمەسلىكىمىز ياكى ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

## ئىجادىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى توختىماي سوئال سوراشتا

تەپەككۇر دېگەنلىك تۇرغۇن سوئاللارغا جاۋاب بېرىش دېگەنلىكتۇر.

ئۆزىمىزنىڭ كاللىمىز بىلەن تەپەككۇر قىلىش دېگەنلىك، سوئالنى ئۆزىمىز تېپىپ، ئۆزىمىز ئوتتۇرىغا قويۇش دېگەنلىكتۇر. پەقەت بىز «سوئال قويالىغان» چېغىمىزدىلا، ئاندىن شەيئىلەرنى ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتەلەيمىز. كۆزىتىشتىن بىلىمگە ئېرىشەلەيمىز، ئەمما بۇنىڭدىن قىلچە شەكلەنمەيمىز. بۇنى «ئۆزكۆزى بىلەن» كۆزىتىش دېسەك بولمايدۇ.

ئەگەر بىز تۇرمۇشىمىزنى باشقىلارغا تايىنىپ ئۆتكۈزىمىز دېسەك، بۇ بەك ئوڭاي. شۇنداقلا بىز ئاشۇنداق قىلىشنى ئويلىساقمۇ، سەللا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئەتراپىمىزنىڭ باشقىلاردىن كەلگەن بىر تالاي ئۇچۇرلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىيالايسىز.

بۇنداق ئۇچۇرلارنىڭ ئىچىدە سودا ئېلانلىرى ئەڭ كۆپ. تۇرلۇك تاۋارلار توغرىسىدىكى ئېلانلار تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىدىغان تەشۋىقات سۈپىتىدە كۆزئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، تەپەككۇر قىلىشىمىز ھاجەتسىز بولغان بىرخىل تۇرمۇش خۇددى بىزنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر بىز ئاشۇنداق قىلىپلا بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلىسەككۇ ھېچقانداق چاتاق چىقمىغان بولاتتى.

بىراق سىز مەلۇم بىر كۈنى تۇرمۇشىڭىزدىن مەنىسىزلىك

ھېس قىلىپ، ئۆز كۆزقارىشىڭىزغا، ئۆز تۇرمۇشىڭىزغا ئىگە بولماقچى، كىشىلىك ھاياتىڭىزنى قايتىدىن باشلىماقچى بولغاندا، قەيەردىن قول سالىسىز؟ ئەگەر سىز قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلمىسىڭىز، ھېچنېمە قىلالمايسىز.

بىراق ئۇنىڭمۇ بىر ئامالى بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز سوئال سوراشتۇر.

بىرتەرەپتىن ئەتراپىمىزغا نەزەر سالغاچ قارىماققا ناھايىتى ھەقىقەتتەك كۆرۈنىدىغان بەزى ئىشلارغا قارىتا ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز سوئال سورىساق بولىدۇ. مەن نېمە ئۈچۈن ياشايمەن؟ مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى نېمە؟ نېمە مېنى خۇشال قىلالايدۇ؟ ياشاش دېگەن نېمە؟ تۇرمۇش بىلەن كىشىلىك ھايات زادى نېمە؟ خىزمەت دېگەن نېمە؟ ۋاقىت دېگەن نېمە؟ ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى دېگەن نېمە؟ ئىجادىيەت دېگەن نېمە؟ خاسلىق دېگەن نېمە؟ .....بۇنداق سوئال سوراش نەتىجىسىدە، بىز ئۆزىمىز چۈشىنىمىز دەپ قارىغان شەيئىلەرنى چۈشەنمەيدىغانلىقىمىزنى بايقايمىز.

بىز ئۆزىمىزنىڭ «بىلمەيدىغانلىقىمىز»نى ھېس قىلغىنىمىزدا، قايتىدىن «بىلىش» نى ئويلايمىز. بۇنداق چاغدا كىتاب ئوقۇغان بىكار، ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىمىزنىڭ گېپى، ئۆزىمىزنىڭ كاللىسىنى ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىپ يىغىنچاقلىنىشىمىز كېرەك.

بۇنداق ۋاقىتتا بۇ سوئاللارنى W بەش سىخېمىسى بويىچە گۇرۇپپىلاشتۇرۇش ۋە ئۇلاردىن ئىپادىلەنگەن مەنىنى چۈشىنىش سىزنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىڭىزگە ئايلىنىدۇ.

W بەشدىن ئوبدان پايدىلانسىڭىزلا، نۇرغۇن سوئاللار تۇغۇلىدۇ. بۇ سوئاللارغا سىز ئۆزىڭىزنىڭ سۆزى بويىچە جاۋاب بېرەلەيسىز.

ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى گۇمانلىنىشتا ھەم ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتە.

ئەگەر سىز ئىجادىي تۇرمۇشقا ئېرىشمەكچى بولسىڭىز،

ئەتراپىتىكى ھەممە نەرسىگە قايتىدىن سوئال قويۇڭ. ئەگەر شۇنداق قىلالىسىڭىزلا، سىزنىڭ ھەربىر كۈنىڭىز خۇشاللىق ئىلكىدە ئەھمىيەتلىك ئۆتىدۇ.

## كىشىلىك ھايات توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىش

سىز ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيانى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟

ئىنسانىنى، ئىنسانىنىڭ ھەرىكىتىنى، جەمئىيەتنى، مۇھەببەتنى، دوستنى، ئىگىلىكنى، پۇلنى، خىزمەتنى، ۋاقىتنى ۋە باشقا نۇرغۇن شەيئىلەرنى قانچىلىك چۈشىنىسىز؟

بىز تەپەككۇر قىلىدىغان بارلىق مەسىلىلەر مۇشۇ شەيئىلەردىن پەيدا بولغان. ھەرقانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق قائىدە ـ پرىنسىپى بولىدۇ. بۇ قائىدە ـ پرىنسىپلارنى توغرا چۈشىنىش ـ چۈشەنمەسلىك بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ـ قىلدۇرالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. بىز ئاساسلىق ئىش ـ ھەرىكىتىمىزگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەزىبىر پرىنسىپلارغا، مەسىلەن: كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى ياكى تۇرمۇش سەنئىتى دېگەندەك بىلىملەرگە ناھايىتى موھتاج. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەتراپىمىزدا بۇنداق بىلىم مەۋجۇت ئەمەس.

بارلىق ئىلىم ـ بىلىملەرنى پارچىلاپ، ئۇستىلىق بىلەن كەسىپلەشتۈرگەن ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى بۇخىل ئېغىش تۇرمۇشىڭىزنى كۈنسېرى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان زامانىۋى كېسەللەرنى پەيدا قىلدى. شۇڭا ھازىرقى زامان كىشىلىرى بېشىنى تىزگىنلىيەلمەسلىك، باشقىلار بىلەن دوستانە ئۆتمەسلىك، ئۆزلۈكىنى ئۇنۇملۇك يارىتالماسلىق، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىك قاتارلىق خاھىشلارنى تۈزىتىش

ئىقتىداردىن ئاللىقاچان مەھرۇم بولدى.

گىنچماچىلىشىپ كەتكەن كائىناتنى ئەقىل-ئىدراك بىلەن يىغىنچاقلاپ، رەتلەشتىن يارىتىلغان ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۇزۇل-كېسىل پارچىلىۋېتىلگەچكە، يەنە تەدرىجىي ھالدا گىنچماچىلىشقا قاراپ يۈزلەندى.

بۇنداق ئەھۋالداW بەشنى ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ئېيتالايمىز.

بەش دانەWدىن تەركىب تاپقان بۇ سخېمىنى كۆپ تەرەپتىن كۆزىتىش، ئىشلىتىش ئارقىلىق بۇ سخېمىنىڭ بىزنىڭ ياشاۋاتقان ئورنىمىزنى تېخىمۇ ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلغانلىقىنى بايقايمىز.

بىز بۇ سخېمىنى خەرىتە كۆرگەندەك كۆرسەك، چۈشەنسەك بولىدۇ.

بۇگۈندىن باشلاپ بۇ بەشW خەرىتىسىنى بىرلىكتە كۆرەيلى.

| | | |
|---|---|---|
| | ئوبيېكت what:<br>قىلىق. ھەركەت. مەقسەت<br>نىشان. تىلەك. شەيئى قىياپىتى.<br>ھادىسە. ئادەم. ئىش. نەرسە | |
| ماكانwhere:<br>مۇھىت. ئورۇن.<br>جەمئىيەت. ھالەت.<br>مەيدانى. تۈزۈلۈشى.<br>قۇرۇلما. تور. | ئادەمwho<br>سۇبيېكت. ئوبيېكت. تەركىب.<br>دوست. ئۆزلۈك. ئارزۇ. ھاياتلىق.<br>مىجەز. يۈزلىنىشى | زامانwhen:<br>كىشىلىك ھايات. تەجرىبە.<br>ئۆسۈش. مۇددەت.<br>دەۋرىيلىك. پۇرسەت.<br>تەرتىپ. پەيت |
| | قىممەت قاراشwhy:<br>سەۋەب. ئاساس. قائىدە.<br>پرىنسىپ. ئوي. غايە. يوشۇرۇن ئالگ. | |

W بەش سخېمىسى رەسىمدىكىدەك بولۇپ، who نى مەركەز قىلىدۇ.

Who نىڭ بولغانلىقى ئادەمگە قارىتىپ سورالغان سوئالنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەم دېگەندە، ئاۋۋال «مەن»نى، يەنى ئۆزىمىزنى كۆرسىتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەش W «مەن»نى مەركەز قىلغان بىر سىستېما بولۇپ، بۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشى بولغان يەنە بىر سىستېما يوق. چۈنكى ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق بىر نەزەرىيە ياكى ماھارەت «مەن»نى مەركەز قىلىپ باقمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، گەرچە «مەن يەنىلا مەن»، «سىز يەنىلا سىز»بولسىڭىزمۇ، بىراق بىز يەنىلا جانلىق، يەنى «ئادەم». شۇڭلاشقا بىز ھەممىمىز «ئادىمىيلىك پرىنسىپى»، ياكى «جانلىقلار پرىنسىپى»، «ھاياتلىق پرىنسىپى» ئاساسىدا ياشايمىز. يەنى تۇيغۇ، تەپەككۇر، يېيىش، ئىچىش، ھەرىكەت قاتارلىق بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى جانلىقلار قائىدە ـ پرىنسىپى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

بىز ئىنسان بولغىنىمىز ئۈچۈن تاتلىق نەرسىلەرنى يېگۈمىز، كۆپرەك ئۇخلىۋالغۇمىز كېلىدۇ. بۇ «ئادىمىيلىك پرىنسىپى». باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «جىسمانىي ئېھتىياج» نىمىز قانغاندىن كېيىن، تۇرمۇشىمىز بىزگە ناھايىتى مەنىلىك بىلىنىدۇ.

ئىنسانىنىڭ جىسمىدا تۆرلۈك ئىقتىدار بولىدۇ. كۆز، قولاق قاتارلىق بەش ئەزانىڭ ئىقتىدارى، مېڭىش، يۈگۈرەش، ئۇخلاش، يېيىش قاتارلىق ھەرىكەت ئىقتىدارى، شۇنداقلا تەپەككۇر، خۇشاللىق ۋە خاپىلىق قاتارلىق ئىقتىدارى، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بۇلار كىشىلىك ھاياتتىكى بارلىق ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ «يوشۇرۇن ئىقتىدار» لارنى ئىشلەتكەندە، ئادەمدە «خۇشاللىق» ۋە «شادلىق» تۇيغۇسى پەيدا بولىدىكەن. بىراق

بۇ ئىقتىدارلارنى ئىشلەتمىگەندە، ئادەم كىبىسەللىك ھالىتىدە تۇرغان بولىدىكەن.

ھەممىمىزدىن تەر چىقىدۇ. ھەددىدىن زىيادە دىمىق شارائىتتا چىققا تەردىن ناھايىتى بىزار بولىمىز. بىراق ھەرىكەت قىلىشتىن چىققان تەرگە ئوخشاشلا تەر بولمىسىمۇ، ئۇ بىزنى شادلاندۇرىدۇ، ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىزدە ئۈسۈش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۈسۈشمۇ ئىنسان ئۈچۈن ناھايىتى خۇشاللىنارلىق ئىش.

مەلۇم ئىقتىدارنىڭ بارلىقى مۇشۇخىل ئىقتىدارنىڭ «جىسمىمىزدا ھازىرلىنىپ بولغانلىقى» دىن دېرەك بېرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچكى ئىقتىدارىنى «يوشۇرۇن ئىقتىدار» دەيمىز.

ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىك «ئۆزىمىزدە ئاللىبۇرۇن ھازىرلىنىپ بولغان» ئاشۇ ئىقتىدارلارنى تېپىپ چىقىپ ئىشلىتىش دېگەنلىك. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، يوشۇرۇن ئىقتىدارىمىزنى ۋە يوشۇرۇن ئېڭىمىزنى تېپىپ چىقىپ ئىشلىتىش دېگەنلىكتۇر.

## ھاياتلىق ۋاقتى ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھاياتتۇر

بىز when (ۋاقىت)نى قانچە چوڭقۇرلاپ تەپەككۇر قىلغانسېرى، ئۇنىڭ شۇنچە تېرەن ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

ئالدى بىلەن، ھەممىمىزدىن مۇھىمى شۇكى، ۋاقىت كىشىلىك ھايات دېگەنلىكتۇر. كىشىلىك ھايات بىزنىڭ تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقتىمىزنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلىك ھايات ۋاقىت بولغاچقا، يەنى چەكسىز ۋاقىت ئەمەس، چەكلىك ۋاقىت بولغاچقا، ھەممىمىز مۇشۇ ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى ئارزۇ قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شۇڭلاشقا when سىزدىن: سىز مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە نېمىلەرنى قىلماقچى؟ سىز زادى نېمە قىلماقچى؟ سىز مۇشۇ ۋاقىتتا قانداقراق تۇيغۇغا ئىگە بولماقچى؟ دېگەن سوئاللارنى سورايدۇ.

كىشىلىك ھايات ۋاقىتتۇر. بىز بۇ چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايمىز. شۇڭلاشقا، ۋاقىتتىن ئەڭ زور دەرىجىدە پايدىلىنىش ناھايىتى مۇھىم.

«ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىش» توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلار بار، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى يوق، چۈنكى ۋاقىتنى باشقۇرۇش نوقۇل تېخنىكا مەسىلىسىلا ئەمەس. ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغاندا، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىش ۋە قانداق ياشاشنى ئارزۇ قىلىش توغرىسىدىكى «كىشىلىك ھايات قارىشى» تۇقتىسىدىن تەپەككۇر قىلمىغاندا، قانائەتلىنەرلىك جاۋابقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ۋاقىتنى ماددىنىڭ ئۆزگىرىش شەكلى دېسەكمۇ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. يەنى بىز كۈتكەن ئەتە بۈگۈنكىگە ئوخشاشمايدۇ. بىز پەقەت بەزى شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۈتكەندە، ئاندىن ئۆسۈشنى كۈتۈشىمىز مۇمكىن.

ئۆزگىرىش بىز ئۈچۈن خۇشاللىنارلىق بىر ئىش بولغاچقا، بىز ئىجادىيلىققا ئىگە ئىشلارغا ئىنتىلىمىز، شۇنداقلا ئىجادىي خىزمەتلەردىن شادلىنىمىز. يېڭى، نامەلۇم، كېيىنكى، يېپيېڭى دېگەندەك سۆزلەرمۇ بىزنى بەكلا قىزىقتۇرىدۇ.

بىز ئۆزگىرىشتىن، بەزى ئىشلارنى ئورۇنلاشتىن، ئۆسۈشتىن ناھايىتى شادلىنىمىز، بۇ مەۋجۇتلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا، ۋاقىت ئۇقۇمىدا «ئۆزگىرىش» ناھايىتى مۇھىم.

ھەممە ئىش بىر-بىرىگە باغلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۆزگىرىش جەريانىدا بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ. بۇ، ئۆزىمىز

ياشاۋاتقان بۇ دۇنيانى چۈشىنىشىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئۇقۇمدۇر. ئىپسىمىزدە چىڭ تۇرۇش كېرەككى، ھەرقانداق ئىش «ئۆزگىرىش» نى ئۆزىنىڭ تۈپ نەزەرىيىسى قىلمىسا، ئۇنىڭ ئۇنۇمى بولمايدۇ.

بۇ دۇنيادىكى قائىدە-پىرىنسىپلار دەۋرگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىۋاتقان يەردە، ئىجادىي پىكىرلەرمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ، ئەلۋەتتە، ئەمەلىيەتتە، «ئۆزگىرىش» بولغاچقىلا، ھەرىكەتلىنىش بولىدۇ، ئېنېرگىيەمۇ پەيدا بولىدۇ.

## ھاياتلىق پائالىيىتىنىڭ «كىشىلىك ھايات سەھنىسى»

ماكان(where) دېگەن بۇ سۆزنى تەپەككۇر قىلىپ بېقىڭ.

ماكان دېگىنىمىز، بىرخىل مۇھىت، بىرخىل ھالەت دېگەنلىكتۇر، يەنى بىز ياشايدىغان جايدۇر.

Where بىزدىن، بۇ ماكاننى قانداق يارىتىشىمىز كېرەك؟ دەپ سورايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ماكاندا مەۋجۇت بولىۋاتقان شەيئى ياكى قورال-سايمانلارنى ماكاننىڭ بىر قىسمى دەپ قارىساقمۇ بولىدۇ. بۇ «ماكان» نىڭ قۇرۇلمىسىنى قانداق ئىگىلەش بىزنىڭ ماكاندىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبىدۇر.

ماكاننى سىزىقلارنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن ئەمەس، تۆرلۈك نۇقتىلاردىن تەكىب تاپقان دېيىشكە بولىدۇ. ماكاننىڭ مەۋجۇتلىقى مەنتىقىگە ئۇيغۇن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ «قۇرۇلمىسى» نى ئىگەللەشنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى مۇھىم بولىدۇ.

ئەگەر بىز بۇيەردە ئادەمنى مەركەز قىلىپ تەپەككۇر قىلساق، ئەڭ چوڭ مۇھىتنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا، يەنى «ئىنسانىيەت ئارىسى»دا ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەگەر بىز كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ بىرلىشىدىغان يېرىنىڭ «سورۇن» (يەنى ئورۇن-

www.uyghurkitap.com

جاي) ئىككەنلىكىنى بىلسەك، بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى تەدرىجىي چۈشىنىۋالالايمىز.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىزمەت كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ بىرلىشىشىدۇر.

كىم بىلەن كۆرۈشسىڭىز ئۆزىڭىزگە لازىملىق نەرسىگە ئېرىشەلەيسىز؟

كىم بىلەن ئۇچراشسىڭىز بەزى ئىشلارنى ئورۇنلىيالايسىز؟ تۇرمۇشىڭىزنى بېيىتىش ئۈچۈن كىملەر بىلەن تونۇشۇشىڭىز كېرەك؟

بۇدۇنيادا سىزنىڭ قانداق ئىشلارنى بىلىشىڭىز ناھايىتى مۇھىم بولۇپلا قالماي، قانداق ئادەملەر بىلەن تونۇشۇشىڭىزمۇ ناھايىتى مۇھىم.

Where دېگىنىمىز، ئۆزىگە جانلىنىدىغان «سورۇن»نى يارىتىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ سورۇن كىشىلەر ئارىسىدا.

مۇۋەپپەقىيەتكە ئەمەلىيەتتە باشقىلارغا تايىنىپ ئېرىشىمىز، يەنى ئورغۇنلىغان كىشىلەر بىزگە موھتاج بولىدۇ، ئورغۇنلىغان كىشىلەر بىزنى قوللايدۇ. شۇڭلاشقا، كىشىلىك مۇناسىۋەتمۇ بىرخىل مۈلۈك، شۇنداقلا بىرخىل شەخسىي مەبلەغ.

بىز بۇخىل مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشنى، بۇخىل پائالىيەتنى ئالماشتۇرۇش، يەنى تىرىشىپ باشقىلارنى چۈشىنىش ۋە چۈشىنىشكە ئېرىشىش دەپ ئاتايمىز. بىزنىڭ بارلىق تەپەككۇرىمىز ۋە ھەرىكىتىمىزدە ئالماشتۇرۇش بولۇشى كېرەك.

ئالماشتۇرۇش دېگىنىمىز بولسا، بىراۋغا بەرگىلى بولىدىغان نەرسىنى ئۈزلۈكسىز تەييارلاش روھىي ھالىتىدۇر. بەرمەك ۋە ئالماق دېگەن بۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدە، بەرمەك مەڭگۈ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بەرگەن نەرسىلەر بىراۋنى خۇشال قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا

پايدىلىق «ئۇچۇر»لار بولۇشى كېرەك.

ئاخبارات ساھەسىدە مۇنداق بىر گەپ بار: «ئەگەر خەۋەرگە ماتېرىيال تاپالمىغاندا، قىزىقارلىق ئىشلاردىن ئازراق تەييارلاپ، باشقىلارنى زىيارەت قىل». بەرمەك بىلەن ئالماقنىڭ ماتېرىيال توپلاشنىڭ بىرىنچى قەدىمى ئىكەنلىكىمۇ مۇشۇ مەنىنى چۈشەندۈرىدۇ. چوڭ پرىنسىپ شۇكى، بىراۋغا بەزى نەرسىلەرنى بەرسەڭ، ئۆزۈڭمۇ بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشەلەيسەن. يەنى بىراۋغا بەرگۈدەك نەرسىلەرنى دائىم تەييارلاپ تۇرۇش، بىراۋ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان سوۋغىلارنى تەييارلاش دېگەنلىكتۇر.

سىزدە باشقىلارغا بېرىدىغان قانداق نەرسىلەر بار؟ ئۇلارنى بىر - بىرلەپ يېزىپ چىقىڭ.

## قائىدە - پرىنسىپلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىش

What بىلەن why نىڭ ئىچ بىلەن سىرتى بىردەكتىدۇر.

ئالدى بىلەن، Whatدېگەن بۇسوئالدىن پەيدابولغان دۇنيا چەكسىزدۇر. بىز ھەتتا ئىنسانىيەت بىلىدىغان بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى what دېگەن بۇ سوئالدىن پەيدا بولغان دەپ ئېيتساقمۇ بولىدۇ.

بەش W مۇ what تىن پەيدا بولغان. ئادەم دېگەن نېمە؟ ۋاقىت دېگەن نېمە؟ ماكان دېگەن نېمە؟ دېگەن سوئاللار تۈرلۈك «تەبىر»لەرنى شەكىللەندۈرىدۇ.

بىز بىلىپ تۇرۇقلۇقwhat دېگەن بۇسوئالنى سوراشنى «ئىدراكىيلىق»دەپ ئاتىساق، نۇرغۇنلىغان «تەبىر»لەر پەيدا بولىدۇ. «تەبىر» دېگەنلىك، شەيئىلەرنى كۆزىتىشتىكى نۇقتىئىنەزەر دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، what دېگەن سوئالدىن باشقا، «نېمە ئۈچۈن» دېگەن بۇ سوئالمۇ ناھايىتى مۇھىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىز what بىلەن why ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق. شۇنداقلا، «نېمە قىلىش» بىلەن «نېمە ئۈچۈن قىلىش» دېگەن بۇ ئىككى سوئالنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدۇق.

بىز بۇ ئىككى سوئالنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىگەللەپ، توغرا ھەرىكەت قوللىنىشنى «ئەقىللىقلىق»نىڭ ئىپادىسى دەيمىز.

خىزمەتنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن what دېگەن سوئالنى ئۈزلۈكسىز سوراش كېرەك. تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىش ئۈچۈنمۇ مۇشۇ سوئالنى ئۆزىمىزدىن سوراپ تۇرۇشىمىز كېرەك. «ئەقىل» بىلەن ياشاشنىڭ مەنىسىمۇ دەل مۇشۇ يەردە.

«نېمە ئۈچۈن» دەپ سورىغاندا، بۇ دۇنيادىكى تۈرلۈك ھادىسە، شەيئىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-پرىنسىپلىرى بار دېگەن تونۇش بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا مۇشۇ قائىدە-پرىنسىپلارنى توختىماي ئىزلەش ئىرادىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك. بىزنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىشىمىزمۇ مۇشۇ قائىدە-پرىنسىپلارنى ئىگەللەپ، ھەممە ئىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

كىشىلىك ھايات قۇرۇلمىسىنى لايىھىلىگەندە، why دېگەن بۇ سوئال ئاساسلىقى «قانداق قۇرۇلمىنى بايقاش» دېگەن سوئالنى سورايدۇ. گەرچە بەش w بولسىمۇ، بىراق ھەربىر w نىڭ ئورنىدا خاتالىق بولسا، كىشىلىك ھاياتنى تەھلىل قىلغىلى بولمايدۇ.

پەقەت بىز ھەربىر ئامىلنى تېگىشلىك جايىغا قويساق، ئاندىن مەنىلىك بىر قۇرۇلما شەكىللىنىدۇ.

بەش W بولسا كىشىلىك ھاياتنىڭ قۇرۇلما سخېمىسى بولغاچقا، كىشىلەر ئارىسىدىكى بارلىق مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىشنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ بولالايدۇ. ئىگىلىك باشقۇرۇش، بازار ئىلمى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، ئېلان تەشۋىقات پائالىيىتى، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تارقىتىش، مۇددىئا قاتارلىق تۈرلۈك

دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرمۇ مۇشۇ دۇنيادىكى مەسىلە بولغاچقا، بۇ مەسىلىلەرنى بەش W ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## ئۆزىڭىزنىڭ قىممەت قارىشىڭىزنى بېكىتىڭ

بىزwhoنى تەپەككۇر قىلغاندا، يەنى ئادەم توغرىسىدا، ئۆزىمىز توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغاندا بىلىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار.

تەسەۋۋۇر قىلىش تەس بولغىنى شۇكى، بىز ئادەم توغرىسىدىكى، ئۆزىمىز توغرىسىدىكى ھېچقانداق بىلىمنى ئالماي تۇرۇپلا چوڭ بولۇپ قالدۇق.

بىز مەكتەپتە ئوقۇپ، ئۇزاق ۋاقىت تەلىم - تەربىيە ئالدۇق، تالاي ئىمتىھانلارنى بەردۇق، كاللىمىزغا جىقراق بىلىمنى قاچىلاشقا تىرىشىپ كەلدۇق. بىراق «ئادەم» توغرىسىدىكى سىستېمىلىق بولغان ھېچقانداق بىلىمنى ئۆگەنمىدۇق.

قانداق دوست تۇتۇش، قانداق پۇل تېپىش، باشقىلار بىلەن قانداق چىقىشىپ ئۆتۈش دېگەندەك رېئال تۇرمۇشىمىزدا كەم بولسا بولمايدىغان بۇ ئىشلارنى بولسا ئۇيەر- بۇيەرلەردە تەمتىرەپ ئۆگەندۇق. ئۇيەر- بۇيەرلەردە قالايمىقان ئۆگەنگەن بولغاچقا، سىستېمىلىق بولۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، بىراق بىز يەنىلا ياخشى ياشاۋاتىمىز. بۇ ئىنساندىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ جارى قىلدۇرۇلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا مۇشۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى تېخىمۇ سىستېمىلىق ئۆگىنەلىسەك، يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىز تېخىمۇ ياخشى جارى قىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇشىمىزغا ماس كېلىدۇ.

ھازىرغا قەدەر سىز ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇش توغرىسىدا بىرەر بىلىم ئۆگىنىپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز لايىھىلىگۈچى

www.uyghurkitap.com

بولۇش ئۈچۈن بىرەر كەسىپنى مەكتەپكە كىرىپ مۇناسىۋەتلىك تەلىم ـ تەربىيە ئالغانمۇ؟ مەكتەپ سىزگە نېمىلەرنى ئۆگەتتى؟ مەكتەپ سىزگە ئوبراز يارىتىشنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى، سىزىق سىزىشنى، رەڭ بېرىشنى ئۆگەتتى، ئەمما قانداق ئىجاد قىلىشنى ئۆگەتمىدى. سىزگە ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئۆگەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىش تېخىمۇ ھاجەتسىز، ئەلۋەتتە.

ئادەتتە كىشىلەر رەسىم سىزغاندا، ئۇنى ئىجادىيلىققا ئىگە ئىكەن دەپ ماختىشىمىز مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق جايدا، ھېچكىم بىزگە قانداق ياشىسا ئىجادىيلىققا ئىگە بولىدىغانلىقىنى ئۆگەتمەيدۇ.

ئازىراقلا كاللا ئىشلەتسەك، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلەيمىز. ئۆزىمىزنىڭ قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇش ۋە شۇ ئاساستا ياشاش، شۇنداقلا تەقدىرلەشكە تېگىشلىك ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلارنى قىلىش بۇنىڭ سەۋەبىدۇر. كۆپچىلىكنىڭ ئوخشاش قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇشى ۋە بەلگىلەنگەن رامكا ئىچىدە بىرخىل تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئىجتىمائىي نۇقتىئىنەزەر بولىدۇ.

بىراق كۆپچىلىكنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش دېگەنلىك ھەر كىمنىڭ قىممەتكە ھۆكۈم قىلىش ئۆلچىمىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مۇشۇ ئۆلچەم ئاساسىدا قانداق قىلغاندا بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي ئۆلچەمدىن ھالقىپ كەتمەي ئۆز تۇرمۇشىمىزنى كەچۈرەلەيدىغانلىقىمىز توغرىسىدا ئۆزىمىز ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىتا كۆپ تەرەپلەردىن تەپەككۇر قىلساق، تەدرىجىي ھالدا مۇۋەپپەقىيەتكە يول ئالالايمىز.

## كىشىلىك ھاياتىڭىزنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقى ئۆزىڭىز

Who دېگىنىمىز، ئادەمنى چۈشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزلۈكتىن ھالقىش، قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ياكى ئۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش who دېگەن مۇشۇ سوئالدىن باشلىنىدۇ. قالغان تۆت دانە w بولسا whoغا ئايلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا تۇتىشىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە whoنىڭ why بىلەن تۇتىشىشى ئەڭ مۇھىم. ئىنساننىڭ ئىنسان بولۇشىدىكى جىسمانىي پرىنسىپلارنى چۈشىنىش بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا ياكى ھەرىكىتىمىزگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئالدىدا ئېيتقاندەك، بىز ئۆزىمىزگە ۋە ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك باشقا ئىشلارنى سىستېمىلىق ئۆگەنمىدۇق، بىراق بىز يەنىلا مۇشۇنداق ياشاپ كەلدۇق. بۇ ئىنسان تۇغۇلۇشى بىلەنلا پەيدا بولغان ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى جانلىق ئىشلىتىشنى ئۆگىنەلىسىڭىز، سىز تەبىئىيلا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت قىلالايسىز. بىراق بىز ئاۋۋال ھاياتلىق قانۇنىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئىشقا ئىشىنىشىمىز كېرەك.

ھاياتلىق قانۇنىيىتىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك قۇدرىتى ئۆستۈرۈشتە. ھازىرچە جىسمىمىز توغرىسىدا توختالمايلى، قەلبىمىز ۋە ئەقىل - پاراسىتىمىزنى ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇھىم، بىراق ئۇلارنىڭ ئۆسۈش - ئۆسمەسلىكى بىزنىڭ ئۆستۈرۈپ بېقىشنى خالاش - خالىماسلىقىمىزغا باغلىق.

سىز مول مەزمۇنلۇق، ئەھمىيەتلىك، ئىجادىي تۇرمۇش كەچۈرۈشنى راستىنلا ئارزۇ قىلسىڭىز، ئالدى بىلەن مۇشۇنداق تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان ئۆزىڭىزنى يارىتىشىڭىز كېرەك. چۈنكى ئۇسۇل ۋە ئۇچۇرلاردىن جانلىق پايدىلىنىدىغان ئادەم يەنىلا سىز.

سىز تۇرمۇشىڭىزنى تەربىيەلەۋاتامسىز؟ ساغلام تەن روھىنى

www.uyghurkitap.com

يېتىلدۈرۈش ساغلام ئارزۇنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ ئارزۇلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىجادىي تۇرمۇش كەچۈرگەندىلا، ھەركۈننى بېيىتقىلى بولىدۇ.

سىز تېنىڭىزنى ۋە روھىڭىزنى ساغلام يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىسىز؟

ئۆزىڭىزنىڭ نېمە ئۈچۈن شادلىنىپ، نېمە ئۈچۈن قايغۇرىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

سىز قانداق قىلغاندا تەن بىلەن روھنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكىلى بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

بىكار چاغلىرىڭىزدا، ئۆزىڭىزنى پۈتۈنلەي چۈشەنگىلى بولىدىغان سخېمىدىن بىرنى سىزىپ چىقىڭ. ئۆزىڭىز بىلەن تەنھا سۆزلىشىپ، ئۆزىڭىزنىڭ نېمىگە موھتاجلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ. ئۆزىنى چۈشىنىش ئەڭ تەس دېگەن بۇ گەپ ناھايىتى توغرا. شۇڭلاشقا، who دېگەن سوئالنى سوراش شۇنچە مۇھىم.

## كىشىلىك ھاياتىڭىزنى قايتىدىن لايىھىلەڭ

بىز بەش w نىڭ مەنىسىنى تەدرىجىي چۈشەنگەندە، بۇ بەش w نىڭ بىزنىڭ كىشىلىك ھاياتىمىزنى لايىھەلەيدىغان، تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىدىغان بىر سىستېما ئىكەنلىكىنى بايقايمىز.

بىز تۇرمۇشىمىزدىكى ھەرىكەتلەر بىلەن بەش w نى ئالماشتۇرغاندا، تۈرلۈك ئىجادىي پىكىرلەرمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ.

| | | |
|---|---|---|
| | what 5<br>ئۆزىنىڭ خىزمەت<br>دائىرىسىدىكى تەپەككۇر<br>ۋە ھەرىكەت | |
| where 4<br>ئۆزى ھەرىكەت<br>قىلىدىغان جايىنى<br>يارىتىش | Who 1<br>ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى<br>قارار قىلىش، پىلان<br>تۈزۈش | when 2<br>ئۆزىنىڭ ھەرىكەت<br>قىلىش ۋاقتى. ئۆزىنىڭ<br>ھەرىكەت قىلىش<br>ۋاقتىنى يارىتىش |
| | why 3<br>تەپەككۇر، ھەرىكەتكە<br>بولغان قاراش<br>ئەھۋالىنى ئىگىلەش | |

يەنى تۆۋەندىكىدەك بەش w نى ئاساس قىلغان بىر سىستېما شەكىللىنىدۇ. بۇ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىشتىكى نۇقتىلىق «تۇرمۇش ئىجادىيىتى» دۇر.

«ئەقىل - پاراسەتنى ئۆستۈرۈش، تۇرمۇشنى بېيىتىش، ئۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» نېمىنى سوراش، نېمىنى تەپەككۇر قىلىشنىڭ جاۋابى، يەنى نېمە توغرىسىدىكى «نېمە» نى يېزىشنىڭ جاۋابى.

ئەمدى سىز «قانداق قىلىش» دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرسىڭىزلا بولىدۇ.

بەش W ئىلگىرى «سوئال سوراش نەزەرىيىسى» دەپ ئاتالغان. بەش W نىڭ تەبىرىدە ھەممىسىدىلا «سوئال سوراش توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش» بار. سىز مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارىتا سوئال قويۇپ، «جاۋاب توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈش» نى تېپىپ چىقىشىڭىز كېرەك. سوئالغا جاۋاب بەرگىلى بولىدىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يىپ ئۇچىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىرەر بىۋاسىتە سوئال بولمىغان تەقدىردىمۇ، بەش W نى كۆزىتىپ، ۋاقىت جەدۋىلى ياكى پىلان تۈزىسىڭىزمۇ ئوخشاشلا ئۆزىڭىزگە قايتىدىن يۈزلىنىپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ بېيىتىدىغان پۇرسەتكە ئېرىشەلەيسىز.

ئەلۋەتتە، سوئاللار بۇ يەردە كۆرسىتىلگەنلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ سوئاللارنى ئويلاپ چىقالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. ئادەتتىكى سوئاللار بولغان تەقدىردىمۇ، سىزنىڭ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۇسۇلىڭىز، قانداق جاۋاب بېرىشىڭىز تۈپەيلى، بەزى يېڭىچە كۆزقاراشلار پەيدا بولىدۇ. ھەرقانداق سوئالنىڭ جاۋابى پەقەت بىرلا خىل بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

## ئەتراپىتىكى شەيئىلەر تۇرمۇشىڭىزنىڭ ھالىتىدۇر

ئۇچۇر پەقەت يېزىق ۋە تەسۋىرلا ئەمەس، ئۆيىڭىزدىكى بارلىق نەرسىلەر، كىيگەن كىيىملىرىڭىز، يانچۇقىڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇچۇرنىڭ بىر قىسمى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىچىمىدىن كۆپىرەكىنى ئۆزىڭىز تاللىغان. بەلكىم سىز بىر تالاي نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن بىرەر-ئىككىنى تاللاپ سېتىۋالغانسىز ياكى ئىقتىدارى ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزىڭىز ياقتۇرغان لايىھەدىكىنى سېتىۋالغانسىز. مانا بۇ ئۇچۇردۇر.

ھەربىر لايىھەنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۇچۇر. بۇ ئۇچۇرلار سىزنى مەركەز قىلىپ توپلانغاندا، يېڭى بىر لايىھە، يەنى يېڭى بىر ئۇچۇر پەيدا بولىدۇ. بۇ شەيئىلەر سىزنىڭ قىممەت قارىشىڭىزنى ھەقىقىي ئىپادىلەپ بېرىدۇ. سىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىڭىزنى بېكىتىدىغىنىمۇ دەل مۇشۇ شەيئىلەردۇر.

Where ئەتراپىڭىزدىكى ماكاننى تەپەككۇر قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ شەيئىلەر where دائىرىسىدە كۆرۈنمەيدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەتتىكى تۇرمۇش بۇ شەيئىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ بېرىپ چېتىلىدۇ.

ئۆزىنى چۈشىنىش ناھايىتى قىيىن بىر ئىش. بىراق سىز ئەتراپىڭىزدىكى شەيئىلەرنى ئېنىق كۆزەلىسىڭىز، ھېچ بولمىسا بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ باش ـ ئايىغىنى كۆرۈۋالالايسىز.

ئۆزىڭىزگە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى بەك ئۆزگەرتىۋەتمىگەن ئاساستا يېزىپ چىقىڭ. بۇلارنى ئادەتتىكى رەتلەپ يېزىش ئۇسۇلى بويىچە ئەمەس، ستېرېئولۇق ئۇسۇل بويىچە يېزىپ چىقىڭ.

يېزىپ چىققان نەرسىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىدىن ئارتۇق نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى بايقايمىز. دائىم ئىشلىتىدىغان نەرسىلەر بىلەن ئاساسەن ئىشلەتمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ نىسبىتى قانچىلىك؟ ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ. بۇ بەلكىم سىزنىڭ ئەقىل ـ ئىدرىكىڭىزنى سىنايدىغان سىناق بولۇشى مۇمكىن. سىناق بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇنچە تار ئۆيگە شۇنچە كۆپ نەرسىنى ئەكىرىپ قويۇش مۇۋاپىقمۇ؟ سىز ئۆزىڭىز ئىگە بولغان نەرسىلەرنى يېزىپ چىقىش بىلەن بىرگە ئۇلارنى رەتلىسىڭىز قانداق؟

ئۇنىڭدىن باشقا، سىز تاللىغان شەيئىلەر سىزنىڭ دۇنيايىڭىزنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ، كىشىلەر ئويلاپ باقمىغان بىر ئىشتۇر. ياخشى نەرسىلەر، نەپىس لايىھەلەنگەن نەرسىلەرنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى نەزىرىڭىزنىڭ ئۆتكۈر بولۇش ـ بولماسلىقىنىڭ ئاچقۇچى.

ئالدىن لايىھەلەنگەن ئۇچۇرلار مېڭىڭىزنى غىدىقلاپلا قالماستىن، بەش ئەزايىڭىزنىمۇ غىدىقلايدۇ. بۇ غىدىقلاشلارنىڭ تەسىرىدە، نەزىرىڭىز ئۆتكۈرلىشىدۇ، روھىڭىز، ئەقىل ـ پاراستىڭىز جۇشقۇنلۇققا تولىدۇ. شۇنداقلا سىز ھەقىقىي ئۇسۇپ يېتىلەلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

## ئىجادىي پىكىرلىك ئادەم بولايلى

سىز ئىجادىي پىكىرگە باي، ھەممىگە قادىر ئادەم ئەمەس. بىراق سىز ئۆزىڭىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايسىز. بۇنىڭ تورمۇشىڭىزغا پايدىسى تېگىدۇ.

سىز كىتاب-ماتېرىيال ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە مۇقىم ۋاقىت بېكىتىشىڭىز كېرەك. بولمىسا بوش ۋاقىتلىرىڭىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كاللا ئىشلەتمەيدىغان، قىلچە ئىجادىي ئەھمىيىتى بولمىغان ئويۇن-تاماشىلارغا كېتىپ قالىدۇ.

بىز ھازىر ئۈچۈر پارتلاۋاتقان دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، بۇ دەۋردە شەيئىلەر بىلەن ئەقىل-پاراسەتنى بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىز قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانمايلى ياكى بىزنىڭ بۇ كەسىپلەرگە بولغان قىزىقىشىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەت بىزگە چارە ئويلاپ تېپىش تەلىپىنى قويىدۇ. ئەمما بىزنىڭ «مەن بىلمەيمەن» دېيىشىمىزگە يول قويمايدۇ. كەسپىمىزدە ئاز-تولا نەتىجە قازىنىش، تورمۇشىمىزنى يېڭى مەنىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنى ھەرۋاقىت جارى قىلدۇرۇشىمىزغا، ئۆستۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

يېڭىلىق يارىتىش ئانچە تەس ئەمەس، پەقەت ئىجتىھات بىلەن تىرىشسىلا، ئۇنى ئەتراپىمىزدىنمۇ بايقىۋالالايمىز. بىرەر يېڭى ئاسمان جىسمىنى بايقاش بەزىلەر ئۈچۈن يېڭىلىق ياراتقانلىق

بولۇپ ھېسابلىنار، يەنە بەزىلەر ئۇچۇن تېنىس توپى ئوييناش، ھەتتا يېڭى نەرسىلەرنى سىناپ بېقىش يېڭىلىق ياراتقانلىق بولۇپ ھېسابلىنار. پسىخولوگ ماسلو بىر قاچا ئېسىل سۇيۇقئاش ئېتىپ، ناچار بىر رەسىم سىزىشتىن بەكرەك ئىجادىيلىققا ئىگە دەپ قارايدۇ.

بۇ كىتابتا، ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۇچۇن قىممەتكە ئىگە يېڭى تەسەۋۋۇر ۋە يېڭى ئوي - پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە ئوخشاش بىر تەسەۋۋۇرنى باشقىلار ئويلاپ باققان ياكى بۇخىل تەسەۋۋۇرنى يېڭى قىممەتكە ئىگە ئەمەس دەپ قارىغان بولسىمۇ، سىز بۇ تەسەۋۋۇرنى ئويلاپ چىقىپ، ئۆز ئېھتىياجىڭىزنى قاندۇرالىسىڭىز، سىز ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم بولغان بولىسىز.

## يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەردە يۈكسەك مۇددىئا ۋە قابىلىيەت بولىدۇ. ئۇلار بۇ ئارقىلىق قىممىتى بار مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. ئۇلار مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنىڭ قەيەردىلىكىنى تاپقاندىن كېيىن، مەسىلىنى تىرىشىپ ھەل قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ يېڭى قاراشلىرىغا، تۇيغۇسىغا قارىتا خېلى سەزگۈر كېلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلىمى ۋە تەجرىبىسىگە، بىۋاستە سەزگۈسى ۋە ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ، ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالايدۇ. ئۇلاردا يەنە ئۆز تەسەۋۋۇرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كۈچلۈك زېھنىي قابىلىيەت ۋە ئىرادە بار.

1. قىممىتى بار مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقالايدۇ.

ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەر مۇئەييەن تۇرمۇش نىشانى ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل پائالىيەت، كەسىپ، قىزىقىشىنىڭ

بىرىنى، مەسىلەن: سەنئەت، تەنھەرىكەت، پەن، ئاشپەزلىك قاتارلىقلارنىڭ بىرىنى تاللىيالايدۇ. پسىخولوگ فرانك. بالون «يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكى» دېگەن كىتابىدا ئېيتقىنىدەك: «ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەرمۇ مەلۇم بىرەر ئىككى جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ» ئۇلار ئۆز كەسپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تولۇق چۈشىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆز كەسپىنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئېھتىياجى ۋە پۇرسىتىگە قارىتا خېلى سەزگۈر كېلىدۇ.

ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەر ھەممىلا جاۋابنى بىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ ئۆزىگە باشقىچە نەزەردە قارىشىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ، بەلكى ئۆزكەسپىدە كۆپرەك نەتىجە قازىنىشقا تىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆز تەجرىبىسىنى ۋە نەزەرىيىسىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ كارغا كېلىدىغان، تېخىمۇ ئەھمىيەتكە ئىگە قىلىشقا تىرىشىدۇ.

2. ماتېرىياللارنى تەييارلىشى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى

تەپەككۇر چوڭ مىقداردىكى تۈرلۈك بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى ئېھتىياجقا ئاساسەن يۆتكەش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ بەزىدە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىرخىل يىرىكىش شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىراق ھەرگىزمۇ شۇ ئادەم بىلمەيدىغان بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنىڭ يىرىكىش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنمەيدۇ. بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى مەكتەپ ياكى باشقا جايلاردا مەقسەتلىك ئۆگەنگەنلىرىمىز بىلەنلا چەكلەپ قويساق بولمايدۇ. ئۆزىمىزمۇ تۇيمىغان ھالدا باشتىن كەچۈرگەن شەيئىلەرمۇ ماتېرىيال بولۇشى كېرەك. قىسقىسى، ياخشى ئىجادىي پىكىرنى ئويلاپ چىقىش ئۈچۈن مۇھىمى، ھەرقايسى ۋاقىتلاردىن مول ماتېرىيال تەييارلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بىراق، بەزىلەرنىڭ بىلىمى، تەجرىبىسى مول بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۇسۇل-چارىنى ئويلاپ چىقالمايدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى بايقاش ئىقتىدارىنىڭ ياكى جانلىقلىقىنىڭ

بىتەرسىز بولغانلىقىدىن بولىدۇ (بىلىم، تەجرىبە قانچە كۆپ بولغانسېرى، جانلىقلىقمۇ شۇنچە ئاسان چەكلىنىدىغان ئۇچرايدۇ). يەنە بىر تەرەپتىن ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشتا ماھىر بولماسلىقمۇ بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى.

ئەگەر ساقلىنىۋاتقان ماتېرىياللاردىن ۋاقتىدا پايدىلانمىسا، ھەر قانچە ياخشى بىلىم ۋە تەجرىبە بولغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ قىلچە قىممىتى بولمايدۇ.

3. نەزىرىنى كەڭ يېيىپ جاۋاب ئىزدەيدۇ.

ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىنىڭ ۋە ئۆتكۈر نەزىرىنىڭ ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىمىنى تاللىشىغا ياردىمى تېگىدۇ. بۇ ئىملار جاۋابى يوق ئەس ئىملار ئەمەس، شۇنداقلا بىر قاراپلا جاۋابىنى بىلىۋالغىلى بولىدىغان، قىلچە قىممىتى يوق ئىملارمۇ ئەمەس.

ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەر مول بىلىمى، بىۋاسىتە سەزگۈ، تۇيغۇسىغا تايىنىپ، مەسىلىنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرىنى تېپىپ چىقىپلا قالماستىن، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچلۇق يېرىنىمۇ تاپالايدۇ.

يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ئومۇمەن يىراقنى كۆرەلىگەن، تەۋەككۈلچىلىك پسىخىكىسىغا ۋە مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن تۈرلۈك جاۋابلارنى مۆلچەرلەپ قىلىدۇ. ئۇلار ئۆز كاللىسىدىن، باشقىلاردىن ۋە مۇھىتتىن تۈرلۈك ئوي - پىكىرگە ۋە يىپ ئۇچىغا ئېرىشىپ، مەسىلىنىڭ جاۋابىنى ئىزدەيدۇ، شۇنداقلا مەسىلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ مۇجمەل بولۇشىدىن قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇلار دائىم بەزى مۈكەممەل بولمىغان، ھەتتا ئەخمىقانە بولغان تەسەۋۋۇرلار تۇغرىسىدا ئويلىنىدۇ، جاۋابقا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇزاققىچە ئىزدىنىشكە، كۈتۈشكە بەرداشلىق بېرىدۇ.

ئىجادچانلىق ئېڭىغا ئىگە كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇيغۇسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇن ئېغى ۋە ئەتراپلىق سىستېمىلىق تەپەككۇرغا ناھايىتى ئېشىنىدۇ. ئۇلار مۇۋاپىق بىر جاۋابنىڭ پەيدا بولۇشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەلەيدۇ. ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېغىدىكى تەپەككۇرى ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاپالايدۇ.

4. قىزغىنلىق بىلەن ئىنتىلىش

بىزدە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن قىلىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ خىل قىزغىنلىقنىڭ ئۇلاردا تۇغۇلۇشى بىلەنلا بارا-يوقلۇقىنى بىلمەيمىز، بىراق بىز ئۇلاردىن بۇ خىل قىزغىنلىقنى سېزەلايمىز. ئەگەر بىر بالىنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقى ئۆيدە ئىپادىلەنگەندە، ئۇ بالىنى پېشانىسىدىن نوقۇپ، ئۇنى «ئولتۇرغۇزۇپ» قويسا، ئۇ بالىدا يەنە قانچىلىك ئىجادىيەت قىزغىنلىقى قالسۇن؟ بۇ، ئاتا-ئانىلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم بىر مەسىلە. ئەگەر سىز بالىڭىزدىكى ئۇلارنى كېيىنچە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان يوشۇرۇن ئامىللارنى بايقىغاندا، گەرچە بۇ ئامىللارنىڭ بەزىلىرى سىزنى بىئارام قىلىدىغان، بىزار قىلىدىغان ئامىللار بولغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا بالىڭىزنىڭ رايىغا بېقىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش قىزغىنلىقىنى قوللىمىسىڭىز، بالىڭىز چوڭ بولغاندىن كېيىن يېڭىلىق يارىتىش تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولۇشى مۇمكىن.

5. تەپەككۇرى جانلىق بولۇش، ئىدىيىسى قاتمال، تەرسا، شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرەلمەيدىغان كىشىلەر ياكى بىر تەرەپلىمە ئويلايدىغان كىشىلەرنىڭ يېڭى ئوي-پىكرى ئويلاپ چىقىشى بەكلا تەس. تەپەككۇرى جانلىق كىشىلەر شەكىللىنىپ قالغان ئادەت بىر نەرسىنىڭ نامى قاتارلىقلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، بەلكى ئاشۇ نەرسىلەرگە يېڭى ھاياتىي كۈچ

بېغىشلايدۇ. شۇڭلاشقا، تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى يېڭى ئوي - پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

چاج قۇرۇتقۇچ دېگەن نامنىڭ ئۆزىدىنلا چاچ قۇرۇتىدىغان ئەسۋاب ئىكەنلىكى چىقىپلا تۇرىدۇ.

بىراق تەككۇرى جانلىق كىشىلەر ئۇنى چاچ قۇرۇتقۇچ قىلىپلا ئىشلەتمەيدۇ، سىياھتا يېزىلغان خەتلەرنى قۇرۇتۇش، گۈزەل - سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئاقارتىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئىشلىتەلەيدۇ.

تەپەككۇرى جانلىق بولغان بىر ئائىلە ئايالى چاچ قۇرۇتقۇچ ئارقىلىق سۇۋەرەكنى يوقاتقان. ئۇ چاچ قۇرۇتقۇچ ئارقىلىق ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى سۇۋەرەكنى پۈۋلىگەن، ئاندىن چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچ بىلەن ئىسسىق ھاۋاغا چىدىيالماي ئۇچۇپ چىققان سۇۋەرەكلەرنى سۈمۈرۈۋالغان. بىر ئادەم يەنە چاچ قۇرۇتقۇچ ئارقىلىق نەم يوتقان - كۆرپىلەرنى قۇرۇتقان. ياتقان يېرىگە سىيىپ قويغان، بىر ئادەم كۆرپىنى ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتۇشتىن خىجىل بولۇپ، چاچ قۇرۇتقۇچنى يوتقاننىڭ ئىچىگە تىقىپ قۇرۇتقان، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولغان. كېيىنچە كەشىپ قىلىنغان يوتقان قۇرۇتقۇچ دەل مۇشۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ ياسالغان.

6. ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىدۇ.

مەيلى ئېڭىمىزغا ياكى يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا تايىنىپ ئېرىشكەن تەسەۋۋۇرلار بولسۇن، ئۇلار دەسلەپكى قەدەمدە ئانچە مۇكەممەل بولمايدۇ. بۇ تەسەۋۋۇرلارنى ئۆزگەرتىش، رەتلەش ۋە ئاددىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق كارغا كېلىدىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. يېڭىلىق ياراتقۇچىلاردا بۇ جاپالىق ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدىغان غەيرەت ۋە ئىرادە بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ئىجادىي تەپەككۇرنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان جاسارەت ۋە ئىشەنچ بولۇشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ئۆگۈنۈشسىزلىقنى ئۆزلىرىنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئۈچۈن بىرخىل خىرىس دەپ قارايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە پەرۋا قىلماي ئۆز يولىدا مېڭىۋېرىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ تەنقىدى مۇۋاپىق بولسا، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، خاتالىقلارنى تۈزىتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ.

يېڭىلىق ياراتقۇچىلار مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە ـ ساۋاقنى قوبۇل قىلىپ، قايتىدىن سىناپ باقىدۇ. ئۇلار قىيىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇلار زېرىكىشلىك تورمۇشقا ھەرگىزمۇ چىدىيالمايدۇ، شۇڭلاشقا ئۆزلۈكسىز ياخشىلاشقا تىرىشىدۇ، باشقىلارغا بولغان باھادىن بەكرەك ئۆزىگە بولغان باھاغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەر تىرىشىپ خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ. كەشپىياتچىلار، سەنئەتكارلار، ئالىملار جەمئىيەتتىكى ئەڭ تىرىشىپ خىزمەت قىلىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. ئىجادىي پىكىرگە ئىگە كىشىلەردە نەتىجىگە ئېرىشىش ياكى جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئايلاپ، يىللاپ بېرىلىپ ئىشلەيدىغان ئالاھىدىلىك بولىدۇ.

ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدىكى يۇقىرىقى بايانلارنىڭ بىر ئادەمگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بەزىلەر پەيتنى ئىگىلەشكە ماھىر بولسا، بەزىلەر جانلىق تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. ھېچقانداق ئادەم ھەممىلا جەھەتتە يېتىشكەن، يېڭىلىق ياراتقۇچى ئەمەس. بىراق شۇنى تونۇشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىز بولىدۇ، شۇنداقلا باشقا جەھەتلەردىكى قابىلىيەتلىرىمىزنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرساق بولىدۇ.

ھەممىمىزدە ئاز ـ تولا يېتەرسىزلىكلەر بولىدۇ. مەسىلەن:

تەلەپپۇزنىڭ ئېنىق بولماسلىقى، جىسمانىي كەمتۈكلۈك قاتارلىقلار. بىراق بۇلار بىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىزغا ھەرگىز توسالغۇلۇق قىلالمايدۇ. بىلىشىڭىز كېرەككى، يازغۇچى بېرنادشاۋنىڭ قوشۇپ يېزىش ئىقتىدارى ناھايىتى ناچار ئىدى؛ ئېينىشتېيىن، ئاللون پوئى (يازغۇچى) ۋە رېنتېگېن (x نۇرنىڭ كەشپىياتچىسى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇشتىن توختاپ قالغانلار ئىدى؛ فرانكىلىن، پىكاسسو قاتارلىقلارنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسى ناھايىتى ناچار ئىدى؛ ئېدىسون مەكتەپتىكى چېغىدا سىنىپ بويىچە ئەڭ ئاخىرىدا تۇرىدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى. جىسمانىي كەمتۈكلۈكنى يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنىڭ يېتەرسىز بولۇشىنىڭ باھانىسى قىلىۋالساق بولمايدۇ. لۇئىس. پاست سەكتە بولغاندىن كېيىن، مېڭىسىنىڭ يېرىمى زەخىملىنىدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا مېدىتسىنا ساھەسىدە نۇرغۇن ئۇلۇغ بايقاشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان. شۇڭلاشقا، گەرچە سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادىي پىكىرگە باي، ھەممىگە قادىر بىر ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى چۈشەنسىڭىزمۇ، سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايسىز، شۇنداقلا بۇنىڭ تۇرمۇشىڭىزغا پايدىسىمۇ تېگىدۇ.

## تەپەككۇر ماشىنىڭىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈڭ

كۈچلۈك قىزغىنلىققا ئىگە، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغان بىر ياش ئوقۇغۇچى مەندىن: «مېنىڭ ۋاقتىم كۈنلەپ، ھەپتىلەپ كېتىۋاتىدۇ، بىراق مەن ھېچنېمە يازالمىدىم» دېگەنىدى.

مەن ئۇنىڭغا: «يېڭىلىقچىلىق ئىجادىيلىققا ئىگە خىزمەت، شۇڭا سىزدە ئىلھام بولۇشى كېرەك. سىزنىڭ ئىدىيىڭىز سىزنى يېتەكلىشى كېرەك» دېگەنىدىم. يېڭىلىقچىلىق ئىلھامغا موھتاج،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىراق ھەرىكەت قىلغاندىلا، كېيىنكى قەدەمنىڭ بولىدىغانلىقى تەبىئىي قانۇنىيەت. ھېچقانداق نەرسە ئۆزلۈكىدىن ھەرىكەتلەنمەيدۇ، سىزنىڭ مېڭىڭىزمۇ ھەم شۇنداق. سىز مېڭىڭىزنى توغرا تەڭشەپ، نورمال ھالەتكە ئەكىلەلىسىڭىز، ئاندىن ئۇ سىز ئۈچۈن تەپەككۇر قىلالايدۇ.

بىر دېرىكتور مال ساتقۇچىلىرىنى مۇنداق تەربىيىلىگەن.

ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ مال ساتىدىغانلار ئۈچۈن، جۈملىدىن تەجرىبىلىك مال ساتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ قاق سەھەردە بېرىپ خېرىدارلارنىڭ ئىشىكىنى چېكىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭلاشقا، مال ساتقۇچىلار خېرىدارلارنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى كەينىگە سۈرەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىرنەچچە ئىستاكان سۇنى كۆپرەك ئىچەتتى، ئەتراپتا چۆرگىلەپ يۈرەتتى ياكى ۋاقىتنى ئۆتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلاتتى.

«مەن ئۇلارغا ئۆزىمىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئىشلەشنى باشلاش ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. ماشىنىنى توختىتىپ، مال ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ، خېرىدارلارنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ‹خەيرلىك ئەتىگەن!› دېگەندىن كېيىن. تونۇشتۇرۇشنى باشلىسىڭىز بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېخانىكىلىق ئىش، ئۇلارنى تەبىئىيلا قىلالايسىز. ئىككى-ئۈچ قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، سىز تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلالايسىز».

بىر داڭلىق يۇمۇرچى مۇنداق دېگەنىدى: «تۇرمۇشتىكى ئەڭ تەس ئىش ئىسسىق يوتقاندىن چىقىپ سوغۇق ئۆيگە كېلىش». ئۇناھايىتى توغرا ئېيتقان. سىز كارۋاتتا قانچە ئۇزاق ياتقانسېرى، ئورنىڭىزدىن تۇرغاندىن كېيىنكى بىرتالاي ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇشىڭىزمۇ تەس بولۇپ قالىدۇ.

يوتقاننى ئۆرۈۋېتىپ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. بۇ ئاددىي مېخانىكىلىق ھەرىكەت ئارقىلىق سىز ئەندىشىڭىزنى

توگىتەلەيسىز. شۇڭلاشقا، نېمە قىلماقچى بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىز ئىدىيىڭىزنىڭ سىزنى يېتەكلىشىگە قاراپ تۇرماي، ئىدىيىڭىزنى يېتەكلىشىڭىز كېرەك.

تۆۋەندىكى مەشىقنى قىلىپ بېقىڭ:

1. ئاددىي، ئەمما قىلغۇڭىز يوق ئىشلارنى ۋە ئۆي ئىشلىرىنى مېخانىك ئۇسۇل بويىچە قىلماڭ. قىلغاندىمۇ تېز قىلماڭ، ئۇ ئىشلارنىڭ ئادەمنى قانچىلىك بىزار قىلىدىغانلىقىنى ئويلىماڭ.

بۇگۈندىن باشلاپ شۇنداق قىلسىڭىز بولىدۇ. ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئەڭ بىزار بولغان بىر ئىشنى تاللاڭ. ئاندىن كۆپ ئويلانمايلا قىلىڭ. بۇ ئۆي ئىشنى قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى.

2. ئىدىيىڭىزنى مېخانىك هالدا هەرىكەتلەندۈرۈپ، پىلان تۈزۈڭ، مەسىلىلەرنى هەل قىلىڭ، كۆپرەك تەپەككۇر قىلىڭ. هەرگىزمۇ ئىدىيىڭىزنىڭ سىزنى هەرىكەتلەندۈرۈشىگە قاراپ تۇرماڭ. ئىدىيىڭىزنى ئۆزىڭىز هەرىكەتلەندۈرۈڭ.

بىر تال قېرىنداش بىلەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئىشلىتىش سىزگە پايدىلىق بولغان ئالاهىدە ئۇسۇلدۇر. قېرىنداش بىلەن قەغەز زېهنىڭىزنى يىغىدۇ.

سىز ئۆي - خىيالىڭىزنى قەغەزگە يازغاندا، پۈتۈن دىققىتىڭىز تەبىئىيلا مۇشۇ ئۆي - خىيالغا مەركەزلىشىدۇ. چۈنكى سىز بىر مەسىلىنى قەغەزگە يېزىۋاتقاندا، كاللىڭىز يەنە بىر مەسىلىنى ئويلىمايدۇ. سىز ئۆي - پىكرىڭىزنى قەغەزگە يازغاندا، بۇ كاللىڭىزغىمۇ بېزىلغان بولىدۇ. تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر سىز ئۆي - خىيالىڭىزنى قەغەزگە يازسىڭىز، سىز بۇنى ئۇزاققىچە ناهايىتى ئېنىق ئەستە تۇتالايسىز.

سىز «قېرىنداش - قەلەم» ماهارىتىنى ئىگىللىۋالغاندىن كېيىن، تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئەهۋالدىمۇ تەپەككۇر قىلالايسىز. تەپەككۇر قىلغاندا، خالىغانچە بىر نەرسىلەرنى يېزىش، رەسىم سىزىش ئىدىيىڭىزنى قوزغىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلىدۇر.

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئىجادىي ئوي ـ پىكىرلىرىڭىزنى يېزىپ چىقىڭ ياكى سىزىڭ

بىناكارلىق ئۇستىسىدا بىرەر يېڭى قۇرۇلۇش توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىر پەيدا بولغاندا، ئۇ بۇلارنى دەرھال خاتىرىلىۋالىدۇ؛ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئىلان سودىگىرىدە بىرەر ئىلان توغرىسىدا يېڭى ئىجادىي پىكىر پەيدا بولغاندا، ئۇنى دەرھال يېزىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ يېزىۋالغان، خاتىرىلىۋالغان نەرسىلىرى ئاشۇ ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ؛ يازغۇچىلار يېڭى ئىجادىي پىكىرنى يېزىقچىلىقتىكى تېزىس قىلىدۇ.

شۇڭلاشقا، ئىجادىي ئوي ـ پىكىرىڭىزنى قەغەزگە يېزىپ چىقىشىڭىز ياكى سىزىپ چىقىشىڭىز كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ ئىككى خىل پايدىسى بار: بىرىنچىدىن، ئىجادىي پىكىرنى يېزىپ چىققاندا، سىز ئۇنى كۆرگەچ ئۇنىڭدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى بايقىيالايسىز، قانداق تۈزىتىش كېرەكلىكىنى بىلەلەيسىز؛ ئىككىنچىدىن، ئىجادىي پىكىرنى بەزى خېرىدارلىرىڭىزغا، باشلىقىڭىزغا، دوستىڭىزغا ۋە باشقىلارغا «سېتىش»ىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. سىز ئىجادىي پىكىرىڭىزنى كونكرېت شەكىل ئارقىلىق ئۇلارغا ئېيتىپ بەرسىڭىز، ئۇلار ئاندىن قوبۇل قىلىدۇ. بولمىسا ئىجادىي پىكىرنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بولمايدۇ.

ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ ئىككى خادىمى بىرلا ۋاقىتتا بىر خېرىدار بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ خېرىدارنى ئۆز شىركىتىنىڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرماقچى بولىدۇ. بۇ ئىككى خادىم خېرىدارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى چۈشىنىشى ۋە ئۆزگەرتىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن بىر پارچە سۇغۇرتا پىلانى ئالغاچ بارماقچى بولىدۇ. بىرىنچى خادىم باج، تاللاش، ئىجتىمائىي بىخەتەرلىك ۋە سۇغۇرتا پىلانى قاتارلىقلارنى ئېغىزدىلا چۈشەندۈرىدۇ. كەسپىي ئاتالغۇلار ۋە ئۇرلۇك ھەقلەر بۇ خېرىدارنى قايمۇقتۇرۇپ قويغاچقا،

ياق دەيدۇ.

ئىككىنچى خادىم باشقىچە ئۇسۇل قوللىنىدۇ. ئۇ ئۆزى چۈشەندۈرمەكچى بولغان مەزمۇنلارنى گىرافىك شەكلىدە ئىپادىلەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ قېتىم خېرىدار ئۇ خادىمنىڭ تەكلىپىنى تېزلا قوبۇل قىلىدۇ. چۈنكى خېرىدار بۇ پىلاننى ئوبرازلىق ھالدا كۆرەلىگەنىدى. شۇڭا، ئىككىنچى خادىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

ئۇي پىكىرنى ئوبرازلىق شەكىلگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. ئادەتتە ئېغىزچە پىكىر- تەلىپىگە قارىغاندا، يېزىقچە ياكى مەلۇم شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن رەسىم، گرافىكلار تېخىمۇ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

## ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش مەشقى

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەم بولۇش ئۈچۈن كۈندىلىك مەشىق ئىنتايىن زۆرۈر. ئادەمدە ئاز- تولا چۈشىنىش قابىلىيىتى بولسا، شۇنداقلا تىرىشىدىغانلا بولسا، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇش پۇرسىتى ناھايىتى كۆپ. بىراق، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق پۇرسەتتىن ئوبدان پايدىلانمايدۇ.

ئىنسان مېڭىسىنىڭ ياخشى- يامانلىقىنى مېڭىنىڭ ئېغىرلىقى بەلگىلىمەيدۇ، شۇنداقلا مېڭە پوستلاق قەۋىتىدىكى سىزىقلارنىڭ چوڭقۇر ياكى ئەمەسلىكىمۇ بەلگىلىمەيدۇ. مېڭىنىڭ شەكلى تېخىمۇ بەلگىلىمەيدۇ، ئەلۋەتتە. مېڭىنىڭ ياخشى- يامانلىقى مېڭىنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ ياخشى- يامانلىقىغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خۇددى تېخنىكىسى ياخشى ئادەمنىڭ تارتقان رەسىمىنىڭ ياخشى چىققىنىغا ئوخشايدۇ. ئوخشاشلا، مېڭىنىڭ ياخشى- يامانلىقىدىكى پەرق دەل ئۇنى ئىشلىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلىدا. ئادەتتە مېڭىمىزنى كۆپرەك مەشق قىلدۇرساق تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ؛ ئەكسىچە بولغاندا، بىز ئويۇن ـ تاماشانىلا بىلسەك، مېڭىمىز تېخىمۇ گاللىشىدۇ.

مېڭە ماشىنا ـ ئۇسكۈنىلەرنىڭ ئىشلەتكەندىن كېيىن ئۇچرايدىغان ۋە ئالماشتۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان زاپچاسلىرىغا ئوخشىمايدۇ. مېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئىشلەتكەندىلا، ئاندىن تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ. سىز مېڭىڭىزنى چېنىقتۇرغانسېرى، ئۇ تېخىمۇ كارغا كېلىدىغان بولىدۇ. ئەگەر مېڭىڭىزنى ئىشلەتمىسىڭىز، ئۇ خۇددى ئىشلىتىلمىگەن ماشىنا ـ ئۇسكۈنىلەرگە ئوخشاش ھەرقانچە مۇرەككەپ، ئىقتىدارى ھەرقانچە كۈچلۈك بولۇپ كەتسۇن ياكى ھەر قانچە ئەقىللىق كاللا بولۇپ كەتسۇن، ئىشلىتىلمىگەنلىكى تۈپەيلى ئاخىرى داتلىشىدۇ.

سىز كىتاب ـ ماتېرىيال ئوقۇش ۋە ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزگە مۇقىم ۋاقىت بېكىتىشىڭىز كېرەك. بولمىسا بوش ۋاقىتلىرىڭىزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كاللا ئىشلەتمەيدىغان، قىلچە ئىجادىي ئەھمىيىتى بولمىغان ئويۇن ـ تاماشىلارغا كېتىپ قالىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش ئەلۋەتتە مۇھىم، بىراق ئۈزلۈكسىز يېڭى بىلىملەرگە ئېرىشىش ئارقىلىق بىلىمىمىزنى ئاشۇرۇش تېخىمۇ مۇھىم. شۇڭلاشقا، كۆڭۈل ئېچىش بىلەن يېڭى بىلىمگە ئېرىشىشكە تەڭ ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، كۈندىلىك ۋاقتىڭىزنى تەقسىملىشىڭىز كېرەك.

بىرەر نەرسىنى ئۆگەنگەندە خۇددى بىرەر ئىشنى ئەسلىگەنگە ياكى مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانغا ئوخشاش كۆڭۈل قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. كۆڭۈل قويىدىغانلا بولسىڭىز، بىرەر يېڭى تېخنىكا، ماھارەتنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، باشقا نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالالايسىز، شۇنداقلا ئۆمۈرۋايەت ئۆگىنەلەيسىز. ناھايىتى ئاددىي ماھارەت بولغان تەقدىردىمۇ، بەزىدە سىز بۇنىڭدىن ئۆزىڭىزگە قارىتا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولالايسىز.

ھېچكىم سىز ئۈچۈن ئۆگىنىپ بېرەلمەيدۇ، سىز ئۆزىڭىزنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇسسۇش خىرىسىغا دۇچ كەلگەندە ئۆگەنگەن تۈرلۈك ماھارەتلەرنى ئىشلىتەلەيمەن دەپ پەرەز قىلسىڭىز بولىدۇ. رەسىم سىزىش، تېز ئوقۇش ياكى بەدەننى ساغلاملاشتۇرۇشنى ئۆگىنىش خۇددى ئوڭۇشسىز شارائىت، ئۈمىدسىزلىك ياكى ئۆزگىرىش قاتارلىقلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۆگىنىشكە ئوخشايدۇ. ئەگەر قانداق ئۆگىنىشنى بىلسىڭىز، كەلگۈسىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشلەرگە تەييارلىق قىلالايسىز، شۇنداقلا يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرالايسىز. سىز ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ رەسىم سىزىش جەھەتتە قابىلىيىتىڭىزنىڭ بارلىقىنى بايقايسىز، بىراق سىز بۇ قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇشنى ئويلاپ باقمىغان، خالاس.

## مەقسەتلىك ئىجادچانلىق ماھارىتىنى ئىگەللەش

ھەر بىرىمىزنىڭ ئوي-خىيالى خۇددى ئاسماندىكى بۇلۇتلارغا ئوخشاش ئەتراپىمىزدىكى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بەزىدە كاللىمىزدا بىرەر ئېنىق تەسۋىر ياكى ئوي-پىكىر شەكىللىنىدۇ، بىراق بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇن-تىنسىزلا غايىپ بولىدۇ. كاللىمىزدا ئوي-پىكىرنىڭ شەكىللىنىشى بەزىدە بوران-چاپقۇنغا ئوخشاش شىددەتلىك بولسا، بەزىدە تىنچ ھالەتتە بولىدۇ. مېڭىمىزنىڭ سىرتتىن كەلگەن بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشى بەزىدە بۇلۇتلارنىڭ سۇ ھورىنى سۈمۈرگىنىگە ئوخشايدۇ. ئەگەر بۇ بىلىملەر يېتەرلىك بولسا، ئىجادچانلىق ئىلھامى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قەلىب ئېتىمىزغا يامغۇردەك تۆكۈلىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، بۇ بۇلۇتلار غايىپ بولىدۇ، شۇنداقلا بىر تامچە سۇ ھورىمۇ تاممايدۇ.

ئىجادچانلىقتا ئىگە، ئاڭلىق، مەقسەتلىك تەپەككۇر قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلى بىزگە تەپەككۇر يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، يېڭى ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ، نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىلىرىنى تېپىپ بېرىدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بۇ چارىلەرنىڭ شەيئىنىڭ شەخس ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ قىممىتى بار.

ئەگەر بىر ئادەم: «مەن يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا تەپەككۇر قىلالمايمەن» دېگەن بولسا، ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ماسلىشالمىغانلىقىدىن بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ماھارەت سەنئەت تۇيغۇسى كەمچىل بولغاچقا، ئىجادىي پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقالماسلىقى مۇمكىن.

ئارىمىزدا بەزىلەرنىڭ ئىجادىي پىكرى تاسادىپىي پەيدا بولىدۇ، يەنى ئۇلار بىر نەرسىنى تۇيۇقسىز چۈشىنىپ، ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن پەيدا بولغان بۇ ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاسادىپىيلىققا ئىگە بولغاچقا، تېز رىتىملىق تۇرمۇشتا بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزغا ماسلىشالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىجادچانلىققا ئىگە، مەقسەتلىك تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى دېگىنىمىز، ئۆزىمىزنىڭ تۇغما ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنى غىدىقلاش، يېتەكلەش، كۈچەيتىش ۋە ئېرىلتىش ئارقىلىق، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنى مۇۋاپىق پەيتتە ئېھتىياجىمىزغا ماسلاشتۇرۇپ، يېڭى ئىلھام ۋە يېڭى كۆزىتىش قابىلىيىتىنى پەيدا قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئىجادچىسى ئوسبو بۇ توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىز بىر تەرەپتىن تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزنى بوغساق، بىر تەرەپتىن ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز.»

پىسخولوگ ماسلو مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىر ئوغرى ۋىجدانى ئويغىنىپ يېڭىۋاشتىن ياخشى ئادەم بولۇشنى ئويلىسا، ئۇ

ئوغرىلىق قىلىش نىيىتىنى قەلبىدىن چىقىرىۋېتىپ، ياخشى ئادەم بولۇشقا تىرىششى كېرەك. بولمىسا بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. تىرىشىپ ياخشى ئادەم بولۇشتا، ئۇ ئاڭلىقلىقىغا تايىنىشى كېرەك». مەقسەتلىك يارىتىلغان تېخنىكا، تەدبىر، كاتالىزاتور ۋە مېڭىنى مەقسەتلىك سەگىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھېچقايسىسى تەبىئىي ئىجادچانلىق قابىلىيىتىدەك كۈچلۈك بولمايدۇ. ئەگەر بىزدە ئىجادچانلىق قابىلىيىتى يېتەرلىك بولمىسىمۇ، بىراق بىز ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنى كۈچەيتمەكچى بولساق، مەقسەتلىك تەپەككۇرغا ۋە ئاڭلىقلىققا تايىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش قارىماققا ئورۇنسىزدەك، غەلىتىرەك بىلىنسىمۇ، ئاشۇنداق شارائىتتا مۇشۇنداق قىلىشتىن باشقا ئامال يوق.

ئۇستەلدىن بىرتال تاماكىنى ئېلىشتەك مۇشۇنداق ئاددىي ھەرىكەتنىمۇ ئادەمنىڭ ئاڭلىق تەپەككۇرى ياكى ئىرادىسىگە تايىنىپلا ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. سىز تېننىس توپىنى يېڭىچە ھەم ئەڭ ياخشى بولغان قىياپەتتە تۇرۇپ ئۇرسىڭىزمۇ، تۇنجى قېتىمدا كۆڭۈلدىكىچە مەغلۇپ بولىسىز. بىراق سىز ئۇزلۇكسىز مەشىق قىلىپ، بۇ خىل قىياپەت قەلبىڭىزگە ئورنىغاندا، ئاندىن بۇخىل قىياپەتتە ئۇرۇشقا تېخىمۇ پىششىقسىز، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسابىقىلەردە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئۇرالايسىز.

پسىخولوگلار «كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىۋالغان بەزى ئالاھىدە ئۇسۇللىرى شۇ كىشىنىڭ مۇقىم ئادىتىگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا توسالغۇ پەيدا قىلامدۇ-يوق؟» دېگەن سوئالنى دائىم سورايدۇ. بۇ كىتابتا تەۋسىيە قىلغان ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى بۇ خىل قاتمال تەپەككۇر ئۇسۇلىغا تاقابىل تۇرۇپ، ئېلاستىكىلىقتا ئىگە ئولاتما تەسەۋۋۇرنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

بىز ھازىر دەۋاتقان يېگىلىق يارىتىش ئۇسۇلى دەسلەپتە ئانچە تەبىئىي بولمايدۇ، شۇنداقلا مەجبۇرىي بولىدۇ. بىراق بۇ ئۇسۇل بىزنى تەبىئىي يېڭىلىق يارىتىشتىن يىراقلاشتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئېگىمىز ۋە تورۇۋاتقان مۇھىت تەبىئىي ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنى بۇرمىلايدۇ. مەقسەتلىك تەپەككۇر قىلىشتىن ھاسىل بولغان ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بىزنى تەبىئىي ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنى جارى قىلدۇرىدىغان يولغا باشلايدۇ.

مەقسەتلىك تەپەككۇر قىلىشتىن ھاسىل بولغان ماھارەتلەر يېڭىلىق يارىتىش يولىمىزدىكى بارلىق توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. بۇ ماھارەتلەر بىزنىڭ زېھنىمىزنى مەلۇم بىر مەزگىلدە نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەمەس، بىرلا مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قارىتىدۇ؛ مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدا بىزنى ئۈگۈشسىزلىقتا ئۇچراشتىن ساقلايدۇ؛ بۇ ماھارەتلەر يەنە بىزنىڭ كەيپىياتىمىز ۋە ئەقىللىق كاللىمىزدىن ئوبدان پايدىلىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ ئۇ يەنە بىزگە كېچىكتۈرۈپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ قىممىتىنى تونۇتىدۇ ۋە تېخىمۇ كۆپ ئوي - پىكىرگە قانداق ئېرىشىشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ ماھارەتلەر بىزنى خۇشال ھالدا تەپەككۇر قىلدۇرىدۇ، شۇنداقلا بىز ئازادە ۋە خۇشال - خۇرام كەيپىياتتا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىمىز. شۇڭلاشقا، مەقسەتلىك تەپەككۇر قىلىشتىن ھاسىل بولغان ماھارەتلەر نۇرغۇن يېڭى چۈشەنچە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بىزنى تەبىئىي ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

بىز ھەممىمىز مەسىلە ھەل قىلغۇچىلار. بەزىلەر مەسىلە ھەل قىلىش مۇتەخەسسىسى بولۇشنى سەنئەت دەپ قارىماسلىقى مۇمكىن. ئەمما مەلۇم بىر سەنئەتكار سەنئەت خىزمىتىدە نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ چىگىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، ھەر بىر سەنئەتكارنىڭ مەيلى ئاشكارا ئېگىدا بولسۇن ياكى يوشۇرۇن ئېگىدا

بولسۇن، ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى مەسىلىلەرنى تىرىشىپ ھەل قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. بۇ سەنئەتكار يەنە مۇنداق دېگەن: «مەن يېقىندا سەنئەت ساھەسىدىكى بىر مەسىلىنى تېپىپ چىقتىم ھەم ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشىۋاتىمەن. مەسىلەن: مەن قاراڭغۇلۇقتا بىر قارا نەرسىنى سىزىش ماقچى، بۇنى ئوبدان سىزىپ چىقىش ئۈچۈن، بەلكىم بىر نەچچە يىل ۋاقىت كېتەر. ئەگەر مەن بۇ رەسىمنى دەسلەپتىكى ئويلىغىنىم بويىچە سىزىپ چىقالىسام، بۇ رەسىمنى سىزىشتىكى ماھارەت مېنىڭ رەسساملىق ماھارىتىمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. شۇنداقلا مەن بۇ ماھارەتنى قوللىنىپ باشقا مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلالايمەن». سەنئەتكارلار مەسىلە ھەل قىلىشنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى شۇ جەرياندا مەسىلىلەرنى قانداق قىلغاندا مەقسەتلىك ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ ئۆگىنىۋالالايدۇ.

بۇ بابتا بەزىبىر ئىجادچانلىق ماھارەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى، كېيىنكى بابتا يەنە بەزىبىر يېڭى ماھارەتلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ. ھەممىلا ئادەمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھېچقانداق ماھارەت يوق. سىز تۈرلۈك ئىجادچانلىق ماھارەتلىرىنى سىناق قىلىپ بېقىپ، بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆزىڭىزگە ئەڭ ماس كېلىدىغان ماھارەتلەرنى تاللىسىڭىز بولىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئېھتىياجىغا تېخىمۇ ماس كېلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتسىڭىز بولىدۇ. سىز ھېچقانداق بىر چارىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. بىراق سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىڭىزدىن ناھايىتى رازى بولسىڭىز بۇ باشقا گەپ. بۇ ئۇسۇللار قانداقلا بولمىسۇن سىزنى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇشنىڭ بەزى يوللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. گەرچە بۇ ماھارەتلەرنى قوللىنىش ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئۈچۈن بېسىلغان كىچىك بىر قەدەم بولسىمۇ، ناھايىتى مۇھىم بىر قەدەمدۇر. چۈنكى بۇ ماھارەتلەر ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ئىجادىي ئوي - پىكىرگە ئېرىشىشتە كۆپنىڭ ئىچىدىن ياخشىسىنى تاللاش كېرەك

ئىجادچانلىق ماھارىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن نۇرغۇن ئوي - پىكىر بولۇشى كېرەك. تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىرەر ئوي - پىكىرنى ياكى جاۋابنى چىڭ تۇتۇۋېلىش ئىجادىي پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشىغا كاشىلا بولىدۇ. ئەگەر ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلە كىچىك مەسىلە بولسا، بۇنداق قىلىش بەلكىم مۇۋاپىقتۇر. ئەگەر چوڭراق مەسىلە بولۇپ، بىز بەزىبىر يېڭى ھەم ئىجادىي جاۋابلارنى بىلسەك، ئۇنداقتا بىز كۆپلىگەن ئوي - پىكىرگە موھتاج بولىمىز، قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى، چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوبدانراقىنى تاللايمىز.

بىز تۇنجى جاۋابقا ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ ياخشى جاۋابنى ئىزدىسەك بولىدۇ، ئەگەر بىز يېڭى ھەم تەملىك بىر ئالمىنى ئالماقچى بولساق، ھەرگىزمۇ تۇنجى قېتىم تاللىغان ئالمىنى ئالمايمىز، بەلكى ئوبدان تاللاپ، ئەڭ ياخشىسىنى ئالىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ئولىمپىك مۇسابىقىسىدە بولسۇن ياكى مەكتەپنىڭ ئوقۇش مۇكاپات پۇلىنى باھالاپ تارقىتىشتا بولسۇن، ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان رىقابەتچىلەر كۆپ بولىدۇ. ئادەتتە رىقابەتچىلەر قانچە كۆپ بولسا، ئەڭ ياخشىسىنى تاللاش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

ئېدىسون ئېلېكتر چىرىغىنى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن ئېلېكتر چىرىغىغا مۇناسىۋەتلىك 3000خىلدىن ئارتۇق ئوي - خىيالنى ئويلاپ چىقىدۇ. بۇ ئوي - خىياللارنىڭ ھەممىسى قارىماققا ناھايىتى مۇۋاپىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن، پەقەت ئىككىسىلا ئېدىسوننىڭ نەزىرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئېدىسون شۇنىڭغا ئاساسەن ئېلېكتر چىرىغىنى ياساپ چىقىدۇ. ئېدىسون

تېخنىكىلىق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۇرلۇك ئۇسۇللارنى سىناشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. كاتلېن يېڭىچە دىزېل ماتورىنى ياساش ئۈچۈن تۇرلۇك ئۇسۇل - چارىلەرنى سىناق قىلىپ، ئالتە يىلدىن كېيىن ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. داڭلىق رەسسام ۋانگوكمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «مەن بىر پارچە رەسىم سىزغاندا، ئۇنى باشقا رەسىمگە ئوخشىمايدىغان، ئۆزگىچە قىلىپ سىزالىغاندىلا، ئاندىن سىزىشتىن توختايمەن».

تىنچ ئوكيان تېلېگراف شىركىتى يەتتە يېرىم سېكونتلىق نۇتۇقنى ئۇنىڭغا ئېلىش ئۈچۈن 25قېتىم سىناق قىلىپ، ئاندىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. خىزمەتچى خادىملار ئۇنىڭغا ئېلىنغان نۇتۇقنى يېقىملىق ۋە ئەڭ ياخشى قىلىش ئۈچۈن قايتا - قايتا پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ھەتتا نۇتۇقنىڭ ھەربىر بوغۇمىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنى ئېلىنغۇچى بىر كەسىپىي ناتىق، شۇنداقلا ئامېرىكا فېدېراتسىيە رادىئو - تېلېۋىزىيە تورىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇنىڭغا ئېلىنغان بۇ نۇتۇق ناھايىتى مۇھىم ئىدى، شۇنداقلا بۇنى ھەر كۈنى 2مىليون ئادەم ئاڭلايتتى. شۇڭا، ئەڭ ياخشى ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلار 25قېتىم سىناق قىلغان.

بىر تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىجادىي ئوي - پىكىرلەر نۇرغۇنلىغان ئوي - پىكىرلەر ئاساسىدا پەيدا بولىدىكەن. مېڭىنى قانچە ئىشلەتكەنسېرى، پەيدا بولىدىغان ئوي - پىكىرمۇ شۇنچە ياخشى ھەم شۇنچە ئىجادىيلىققا ئىگە بولىدۇ. دەسلەپكى ئوي - پىكىر كېيىنكى ئوي پىكىرگە تۈرتكە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىلھام بېغىشلايدۇ. بىز تۇرلۇك ئوي - پىكىرنى ئويلاپ بولغاندىن كېيىن، يېڭى ئوي - پىكىرنى ئويلاشقا مەجبۇر بولىمىز.

بىز يېڭى ئوي - پىكىرنىڭ ھەربىر قاتلىمىنى تەپەككۇر قىلىشىمىز، ئۇلارنى بىرلەشتۈرىدىغان ھەربىر پۇرسەتتىن پايدىلىنىشىمىز ۋە ئۇلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەكشۈرىشىمىز كېرەك. چۈنكى ئۇلارنىڭ 99% ى قىلچە كارغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

سەۋەبى بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەسلىدىنلا قىلچە قىممىتى يوقلۇقىدىن بولۇشى مۇمكىن ياكى بىزنىڭ ئۇلارنىڭ قىممىتىنى قانداق بايقاشنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن بولۇشى مۇمكىن. بىراق بىز گۇمانلانساقمۇ ھەربىر يېڭى ئوي ـ پىكىرنى ئوبدان ئويلىنىشىمىز كېرەك، بەلكىم مىڭىنچى ئوي ـ پىكىر پۈتكۈل دۇنيانى ئۆزگەرتىشى مۇمكىن.

رازۋېدكا پىرى ھولمېس دېلو تەكشۈرگەندە، دائىم گۇمانىي پۇزىتسىيە بىلەن تەكشۈرەتتى. بەزى قاتىللىق دېلولىرىدا ئۆلۈش سەۋەبى قارىماققا ناھايىتى روشەندەك كۆرۈنسىمۇ، بىراق ئۇ ئۆلۈش سەۋەبىنىڭ باشقا مۇمكىنچىلىكلىرىنىمۇ ئويلايتتى.

مەرۋايىت تاپىدىغانلار كېمىسىنى سەدەپ قۇلۇلىسى كۆپ جايغا ھەيدەپ ئاپارغاندىن كېيىن، غەۋۋاسلىق كىيىمىنى ۋە قالپاقنى كىيىپ، سەدەپ قۇلۇلىسىنى سالىدىغان بوغچىنى يۈدۈپ سۇغا چۆكىدۇ. ئۇ قۇلۇلە قاپلىرىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، قىرغاققا چىقىپ ھەربىر قۇلۇلە قېپىنى يېرىپ كۆرىدۇ. ئېنىقكى، ئۇ قۇلۇلە قېپىدىن بىرنى تاپسىلا، سۇ يۈزىگە چىقىپ، ئۇنى يېرىپ كۆرىدىغان، مەرۋايىت تاپالمىسا، يەنە سۇغا چۆكۈپ، مۇشۇ ھەرىكەتلەرنى تەكرارلايدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

قۇلۇلە قېپىدىن بىرنى تاپسىلا، سۇ يۈزىگە بىر قېتىم چىقىپ ئۇنى يېرىپ كۆرۈشنىڭ ناھايىتى ئەخمىقانىلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. بىراق نۇرغۇنلىرىمىز مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە يېڭى ئوي ـ پىكىر ئىزدەيمىز. بىز تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزگە تايىنىپ «ئوي ـ پىكىر قۇلۇلىسى»دىن بىرنى تېپىۋالغاندىن كېيىن، دەرھال تەنقىد كىيىمىنى كىيىپ، بۇ «ئوي ـ پىكىر قۇلۇلىسى»نى تەنقىد قىلىمىز، ئاندىن باشقا بىر «ئوي ـ پىكىر قۇلۇلىسى»نى ئىزدەيمىز. بىراق ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش يولىدا بولسا، بىز بارلىق «ئوي ـ پىكىر قۇلۇلىسى»نى ئىزدەيمىز، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قارارنى چىقىرىشتىن ئاۋۋال،

بارلىق «ئوي - پىكىر قولۇلىسى»نى بىر يەرگە يىغىشنى ئويلايمىز.
بىز تۆۋەندىكى مىسالدىن نۇرغۇنلىرى ئىچىدىن كۆپ خىللىقلىرىغا ئىگە بولۇشنى ئۆگىنىۋالالايمىز. «ئۆزىڭىز بىلىدىغان قۇشلاردىن ئاز دېگەندە 25نى يېزىپ چىقىڭ»دېسە، كۆپ سانلىق كىشىلەر ئاۋۋال قارلىغاچ، كاككۇك ۋە سېرىق قۇشقاچنى مىسالغا ئالىدۇ. ئۇلار بۇنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا تۇردىكى قۇشلاردىن كۈركە، توخۇ، ئۆردەك ۋە غاز قاتارلىقلارنى يېزىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يىرتقۇچ قۇشلاردىن سار، مۈشۈكياپىلاق قاتارلىقلارنى يازىدۇ. بىز ئوخشىمىغان كېتىدىغان قۇشلاردىن باشلاپ مىسالغا ئالساق، مەسىلەن: توخۇ، ئۆردەك دېگەندەك، تەپەككۇر زەنجىرىگە باغلىنىپ قالىمىز. ئەگەر بىز ھەربىر تۈردىكىلەرنىڭ «سانىنى ئاشۇرۇش»قا تىرىشساق، يېڭىچە بىرخىل تەپەككۇر يولىغا مېڭىپ، تېخىمۇ كۆپ ئوي - پىكىرگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن.
«سان»نىڭ مۇھىملىقىنى يېڭىلىق يارىتىشتىكى مەركىزىي نۇقتا دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئاللىبۇرۇنلا پسىخولوگلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولۇپ، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلگەن. ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆلچەشكە كۆپىنچە، ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ئوي - پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىش قابىلىيىتىنى ئۆلچەش ئاساسلىق ئۆلچەم بولىدۇ. بىز بىر مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈرلۈك چارىلىرىنى ئويلانما تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز كېرەك. بىز ئويلاپ تاپقان ئوي - پىكىرنىڭ كۆپ - ئازلىقى ۋە كۆپ خىللىقلىقى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچتۇر.
بىزنىڭ كۆپلىگەن ئوي - پىكىرگە ئېرىشىشىمىزگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بىزنىڭ ياخشى ھەم مۇقىم بولغان ئوي - پىكىرگىلا ئېرىشىشنى ئويلىغانلىقىمىزدا. بىراق نۇرغۇنلىغان ياخشى ئوي - پىكىرلەر بەزى مۇۋاپىق بولمىغان ئوي - پىكىردىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن پەيدا بولىدۇ. مۇۋاپىق بولمىغان بۇ ئوي ـ پىكىرلەر دائىم ياخشى ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ. تۇرلۇك ئەھۋاللار بابباراۋەر شارائىتتا، بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە، كىم نۇرغۇن ئوي ـ پىكىرنى ئويلاپ چىقالىسا، شۇ ئادەمنىڭ ياخشى ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىش پۇرسىتى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ بولىدۇ.

ئىجادىي ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ توپ ئۇسۇلى، ئاۋۋال نۇرغۇن ئوي ـ پىكىرنى ئويلاپ چىقىشتا. ناچار ياكى غەلىتە ئوي ـ پىكىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ بىزنىڭ تېخىمۇ ئىجادىي ئوي ـ پىكىرنى ۋە كۆپ خىل ئوي ـ پىكىرنى ئويلاپ چىقىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بىزمۇ ئەڭ ياخشى ئوي ـ پىكىرنى تاللاپ چىقالايمىز. چېرچىل: «ناھايىتى غەلىتە، شۇنداقلا تەپەككۇر قىلىشقا ئەرزىمەيدىغان ھېچقانداق ئوي ـ پىكىر يوق» دېگەنىدى. تەپەككۇر قىلىش، كىچىككىنە ھۆكۈم قىلىش، ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلى ۋە پارچىلاش، بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بىزنىڭ نۇرغۇن ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىشىمىزگە پايدىلىق.

## ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلى

ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلى ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان، شۇنداقلا ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتىكى بىر ئەڭ چۈشەنمەيدىغان ماھارەت بولۇشى مۇمكىن. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلى دېگەن بۇ ئاتالغۇنى يېڭى ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ بىر قەدىمى ياكى ھەرقانداق بىر كوللېكتىپنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر قەدىمى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇ يېڭى ئوي ـ پىكىرنى پەيدا قىلىدىغان پائالىيەتتۇر. بۇخىل ماھارەت

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ توسالغۇلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن كېچىكىپىرەك ھۆكۈم قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ بىزنى نۇرغۇن ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىشقا، جۈملىدىن بىمەنە، ئەخمىقانە ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ ئوي-پىكىرلەر بىزنىڭ تېخىمۇ ئىجادىي ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىشىمىزغا تۈرتكە بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلى ئەنئەنىۋى ئوي-پىكىرلەرنى پەيدا قىلغاندىن سىرت، يېڭى، ئىجادىي ئوي-پىكىرلەرنىمۇ پەيدا قىلىدۇ.

ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنىڭ پرىنسىپى شۇكى، سىز ئەرزىمەس، ئادەتتىكى ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ چىققىنىڭىزدا، مېڭىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىشلەيدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇر قىلىۋاتقان شەيئىنىڭ تەسىرىدە مېڭىڭىزنىڭ قان ئايلىنىشى ياخشىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەپەككۇرىڭىزدا زەنجىرسىمان رېئاكسىيە يۈز بېرىدۇ. «ئەگەر ئەھۋال ئاشۇنداق بولسا، بۇنداق قىلسام بولارمۇ؟ توختا، بۇ خىل چارىنى سىناپ باقاي»دەپ ئويلايسىز-دە، ئوي-پىكىرلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ھەرقانچە قىلىپمۇ باشقا بىرەر ئوي-پىكىرنى ئويلاپ چىقالمىغاندا، بار بولغان ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ باقسىڭىز ياكى ئۇلار توغرىسىدا سەل باش قاتۇرسىڭىز ۋە ئۆزگەرتسىڭىز، زەنجىرسىمان رېئاكسىيە يەنە يۈز بېرىدۇ.

بىر مەرۋايىت پىرى مۇنداق دېگەنىدى: «مەن ۋە قول ئاستىمدىكىلەر سۈنئىي ئۇسۇلدا مەرۋايىت ياساشنىڭ 30مىڭ ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتۇق. بۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن ئۈچ مىڭدەك ئۇسۇل پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. بىراق بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلگىنى ۋە بىزگە ھەقىقىي پايدا بەرگىنى بىر نەچچە خىللا بولدى. قالغان 29990نەچچە خىل ئۇسۇلنى كېرەكسىز دەپ قارىساق بولىدۇ. بىراق دەل ئاشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەكسىز ئۇسۇللار بولغاچقىلا، تۇزۇكرەك چارە - ئۇسۇلنى تېپىپ چىقالىدۇق».

ئۇسۇل - چارىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇسۇل - چارىنىڭ ياخشى - يامانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، توختىماي ئۇسۇل - چارە ئويلاپ چىقىش كېرەك. ئەگەر چارىنىڭ ياخشىسىمۇ يامىنىمۇ بولمىسا، ياخشى چارىدىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن؟

كېچىكىپرەك ھۆكۈم قىلىش قارىشى ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. بىر ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يېڭىلىق يارىتىشى ۋە تەنقىد قىلىشى خۇددى جۇمەكتىن بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئىسسىق سۇغا ھەم سوغۇق سۇغا ئېرىشمەكچى بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئوي - پىكىرلەر بەك ناچار، تەنقىد بەك كۈچلۈك بولۇپ كەتمىسە، مۆتىدىل ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنىڭ ئىككى مۇھىم قائىدىسى تۆۋەندىكىچە:

1. كېچىكىپرەك ھۆكۈم قىلىش. ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلىدا ھەر قانداق ئوي پىكىر تەنقىد قىلىنمايدۇ. شۇنداقلا نۇرغۇن ئوي - پىكىرلەر پەيدا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسى تاللىنىدۇ.

2. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىر تالاي ئوي - پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىپ، ئۇلارنى تېزلىك بىلەن يېزىپ چىقىش. كۆلكىلىك ئوي - پىكىرلەر ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئوي - پىكىرلەرنى قوزغىتىش كېرەك.

ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنى كىشىلەر كوللېكتىپنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشتىكى بىر خىل ماھارىتى، كوللېكتىپتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئوي - پىكىرىنى ئۆزئارا قوزغىتىدىغان بىر خىل ھادىسە دەپ قارايدۇ. بىراق شەخسلەرمۇ بۇ ئۇسۇلدىن پايدىلانسا بولىدۇ.

بىرەر كوللېكتىپ ئەقلىي قابىلىيەتنى قوزغىتىش ئۇسۇلىنى

ئىشلەتكەندە، تۆۋەندىكىلەرگە رىئايە قىلىشى كېرەك.

1. كېچىكىپ ـ ــ ـرەك ھۆكۈم قىلىش (قىزىققارلىق ئوي ـ پىكىرنى ئاڭلىغاندا كۆپچىلىك كۆلۈۋېتىشى كېرەك) كېرەك.

2. ئادەتتىكى قائىدىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغان، ئەركىن ئوي ـ پىكىرلەرنى ئىزدەش، ئۆزگىچە، كۈلكىلىك ئوي ـ پىكىرلەرنى تېخىمۇ قارشى ئېلىش كېرەك.

3. ئوي ـ پىكىرنىڭ ياخشى ـ يامانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىق، ئوي ـ پىكىرنىڭ سۈپىتىدىن بەكرەك سانىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

4. باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرىنى تولۇقلاش، بولۇپمۇ كۈلكىلىك ياكى قىزىققارلىق ئوي ـ پىكىرلەرنى تولۇقلاش كېرەك.

## نىشانىنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چوڭ جەھەتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك

كۆڭۈلدىكىدەك كەلگۈسىنى بەرپا قىلىشنىڭ بىر ئۇسۇلى بار. بۇ ئۇسۇل سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزغا تايىنىپ، ئۆزلۈكىدىن ئىنكاس قايتۇرىدىغان، يېڭى بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرۈشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. يەنى سىز كەلگۈسىدە ئۈمىد قىلىدىغان ئىشلار ئەمەلگە ئاشتى دەپ پەرەز قىلساق، سىز ھەرىكەت جەريانىدا بۇنى قانداق ئىپادىلەيسىز؟

مەسىلەن: سىز ئۆزىڭىز ئىشلەۋاتقان ھازىرقى شىركەتكە دىرېكتور بولۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز، ئۇنداقتا، ھەركۈنى ئەتىگەندە ئۆزىڭىزنى ئەركىن ـ ئازادە تۇتۇپ، كۆزىڭىزنى يۇمۇپ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، ئۆزىڭىزنى «ئاللىقاچان» دىرېكتور بولۇپ بولغاندەك تەسۋىرلەڭ. ھەركۈنى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىزنىڭ زېھنىڭىز نىشانىڭىزغا مەركەزلىشىدۇ. ئۆزلۈكسىز

مۇشۇنداق قىلمىغۇەرسىڭىز، سىز ئۆزاق قالمايلا دىرېكتور بولالايسىز ياكى ھېچ بولمىغاندا دىرېكتور بولۇشقا تېخىمۇ يېقىنلىشىسىز.

سىز بىرەر ئەھۋالنى مۆلچەرلىگەندە، ئۇششاق ـ چۈششەك تەپسىلاتلارغىلا ئېسىلمىۋالماي، ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئويلىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە ھازىر ئاۋارىچىلىق بولسا ياكى سىز ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن نارازى بولۇپ، باشقا بىرخىل ھالەتتىن مەمنۇن بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئىشلارنى ھەرقايسى تەرەپلەردىن ئويلىشىڭىز كېرەك. چوڭ جەھەتنى كۆزدە تۇتسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ بىرمەزگىللىك ئوقۇشسىزلىقىغا ئېسىلىۋالماسلىقىڭىز كېرەكلىكىنى ۋە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تىرىشىشىڭىز كېرەكلىكىنى بىلەلەيسىز. شۇڭلاشقا، ھازىردىن باشلاپ ئەڭ ئاخىرقى نىشانىڭىز ئۈچۈن پىلان تۈزۈشىڭىز، ھازىرقى ئەھۋالدىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆگىنىشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ مەڭگۈ مۇشۇ پېتى تۇرۇۋەرمەيدىغانلىقىڭىزنى ۋە پات ئارىدا ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك.

ھازىر سىزنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىزدىن چاتاق چىقتىمۇ، يوق؟ كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىز ئادەتتىكىدەكمۇ؟ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدەكمۇ؟ ياكى سىز بۇرۇن رازى بولغاندىكىدەكمۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئاشۇنداق بولسا، سىز چوڭ جەھەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرقى كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىزنى ئۆگىنىدىغان تەجرىبە دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر بەزىدە باشقىلار بىلەن تاكاللىشىپ قالغان ياكى قىزىرىشىپ قالغان بولسىڭىز، نەزىرىڭىزنى كەڭرەك ئېچىپ، بۇ ئىشتا مېنىڭ قانداق جاۋابكارلىقىم بار؟ مەن قانداق قىلسام مۇناسىۋەتنى ياخشىلىيالايمەن؟ دەپ سوراڭ، ئاشۇ ئادەمنىڭ ھاياتىڭىزدىكى ئىگەللىگەن ئورنىنى ئوبدانراق ئويلاڭ. سىز ئۇنىڭ بىلەن ئارىڭىزدىكى ھېسسىيات ئاساسىنى تېپىپ چىقىپ، قايتىدىن ئەپلىشىۋالالامسىز؟ ئەگەر مۇمكىن بولمىسا، سىز بۇ ئىشتىن ئۆگىنىۋالغان تەجرىبە ـ ساۋاقنى يېڭى بىر

كىشىلىك مۇناسىۋەتكە تەتبىقلىيالامسىز؟

قانداق قارار چىقىرىش پۈتۈنلەي ئۆزىڭىزگە باغلىق. سىز ھاياتلىقتىكى ھەربىر ئىشنىلا كۆرۈپ، ئاشۇنىڭغىلا دىققەت قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ ياكى چوڭ جەھەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەربىر ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېپىپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ.

دۇنيادا ھەربىر كىشى تۇرمۇشىدا نەچچە كۈن، نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىلغىچە ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ كەلدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، سىزنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولغانلىقىڭىزدا. سىز چوڭ جەھەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىڭىزگە مۇشۇ سوئالنى قويىسىڭىز، ھازىرقى تۇرمۇشىڭىزنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىن خېلى ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز.

## كەلگۈسىنى كۆزدە تۇتىدىغان كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش

كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇلۇغۋار پىلان كىشىلىك ھاياتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرالامدۇ؟ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى شۇكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ئاچقۇچلۇقى بىر ئادەمنىڭ ھازىر قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس؛ مۇھىمى ئاشۇ ئادەمنىڭ مۇھىم ئەرباب بولۇش پىلانى ۋە ئىرادىسىگە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىدە.

ۋالۋورت ئامېرىكىدىكى مىتال بۇيۇملار دۇكىنىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇنىڭ دەسلەپكى نىشانى خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر خىزمەتچى بولۇش ئىدى. بىراق ئۇنىڭ خوجايىنى سېتىلماي تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن ماللاردىن قاقشىغاندا، ۋالۋۇرتنىڭ كۆڭلىدە بىر ئوي پەيدا بولىدۇ.

«مەن بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېتەلەيمەن»دەپ ئويلايدۇ ئۇ. خوجايىنى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۇ دۇكاننىڭ ئىچىدىن بىر پۇكەي تەييارلاپ، سېتىلماي قالغان نەرسىلەرنى شۇ يەرگە تېزىپ، ھەر بىرىنى ئون سېنتتىن ساتىدۇ. بۇ نەرسىلەر تېزلا سېتىلىپ تۈگەيدۇ. ئۇنىڭ خوجايىنى مۇشۇ پۇكەيگە تىزىپ ساتقىلى بولىدىغان ماللارنى ئەكىلىپ بېرىدۇ. بۇ پوكەيدىكى ماللار بۇ دۇكاندىكى سېتىلىشى ئەڭ ياخشى بولغان تاۋارلار بولىدۇ.

ۋالۇورتنىڭ بۇ يېڭى چارىسىنى دۇكاندىكى بارلىق تاۋارلارغا تەتبىقلاشقا ئىشەنچىسى بار ئىدى. بىراق ئۇنىڭ خوجايىنىنىڭ بۇنداق ئىشەنچىسى يوق ئىدى. ۋالۇورت ئاشۇ چارىسىغا تايىنىپ، ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتتە زەنجىرسىمان سېتىش دۇكانلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، زور پايدىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ خوجايىنى كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «ئۇنىڭ پىكىرىنى رەت قىلغاندا دېگەن ھەر بىر ئېغىز سۆزۈم مېنى ئاز دېگەندە بىر مىليون دوللاردىن قۇرۇق قويدى».

ۋالۇورت دەسلەپتە خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر خىزمەتچى بولۇشنىلا ئويلىغانىدى. بىراق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئۇنىڭغا كارغا كېلىدىغان ئۇسۇل - چارىلەرنى تېپىپ بەرگەن. ئۇ خوجايىنىدىن بەكرەك ئويلىغان، ئەلۋەتتە. بىراق ئۇنىڭ خوجايىنىدا ئۇنىڭكىدەك كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولمىغاچقا، مەبلەغ سالغۇچىلار ۋالۇورت بىلەن بىرلىشىپ، ئۇنىڭ چارىسىدىن پايدىغا ئېرىشكەن.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دۇنيانىڭ بىزگە بەرگەن باھاسى بىزنىڭ ئۆزىمىزگە بەرگەن باھايىمىزغا ئاساسەن بولىدۇ.

تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتا سىزنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارىڭىزنى قانداق يېتىلدۈرۈشىڭىزنىڭ ئاچقۇچى. ھازىرقىنىلا كۆزدە تۇتماي، كەلگۈسىنىمۇ كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

1. شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى مەشىق قىلىش.

ئۆزىڭىزدىن: «مەن قانداق قىلسام بۇ ئۆينىڭ ياكى بۇ تىجارەتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرالايمەن؟»دەپ سوراپ، شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان چارىلەرنى تېپىپ چىقىشىڭىز كېرەك. مەيلى بىر پارچە يەر بولسۇن ياكى بىر ئۆي، بىر كارخانا بولسۇن، ئۇلارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدىغان پىلاننى تۈزۈپ چىقىسىڭىز بولىدۇ.

2. ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى مەشىق قىلىش. سىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىڭىز بارغانسېرى ئۆرلە ۋاتقاندا، ئۆزىڭىزنى دائىم: «مەن قانداق قىلسام قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرالايمەن؟ قانداق قىلسام ئۇلارنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرەلەيمەن؟»دەپ سورىسىڭىز بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز باشقىلارنىڭ ئىش پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرماقچى بولسىڭىز، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئىش پەزىلىتىنى بايقىشىڭىز كېرەك.

3. ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى مەشىق قىلىش. ھەركۈنى ئۆزىڭىز بىلەن بىر قېتىم پاراڭلىشىپ، ئۆزىڭىزدىن: «قانداق قىلسام تۇرمۇش سۈپىتىمنى ئۆستۈرەلەيمەن؟» دەپ سوراڭ. ھازىرقى ئۆزىڭىزگە نەزەر سېلىپلا قالماي، كەلگۈسىدىكى ئۆزىڭىزگىمۇ نەزەر سېلىڭ. شۇندىلا يوشۇرۇن قىممەتكە ئېرىشىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى تەبىئىيلا پەيدا بولىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ.

## ئىجادىي پىكىر خاتىرىسى ئارقىلىق قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى تەپەككۇرنى قوزغىتىش

ھازىر سىز «مەن قىلالايمەن»دېگەن پىسخىك تەييارلىقنى قىلىپ بولدىڭىز. ئەمدى سىز ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىش نىيىتىنى كۆڭلىڭىزگە پۈكسىڭىز، ئىجادىي پىكىرلەر سىرلىق

www.uyghurkitap.com

هالدا پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بىراق ئىجادىي پىكىرنىڭ كاللىدا قاچان پەيدا بولۇشى نامەلۇم. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىمەن دەپ تۇرغاندا، ئۇ پەيدا بولمايدۇ. ئەكسىچە سىز پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بەزى ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا ياكى ئازادىلىك ئىچىدە خىزمەت قىلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ. شۇنداقلا ئىجادىي پىكىر كاللىڭىزدا مەڭگۈلۈك ساقلانمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ سىزگە قاچان لازىم بولسا، شۇچاغدا ئېلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. يېڭى، ئىجادىي پىكىرنى كاللامدا ساقلاپ قويۇپ، لازىم بولغاندا ئىشلىتىمەن دەپ ئويلايدىغان ئادەم ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاجىزلىقىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىدۇ، خالاس.

شۇڭلاشقا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئىجادىي پىكىرنى تۇتۇۋېلىش ۋە ئۇنى ساقلاش ئۈچۈن يېنىڭىزدىن خاتىرىنى ئايرىمىسىڭىزلا بولىدۇ. سىز ئىجادىيلىقتا ئىگە ھەرقانداق ئۇچۇرنى ئوقۇغاندا ياكى كۆرگەندە، ئاڭلىغاندا ۋە ياكى كاللىڭىزدا يالت قىلىپ پەيدا بولغاندا، ئۇنى دەرھال خاتىرىگە يېزىۋېلىشىڭىز كېرەك، ياكى سىز ھەرقانداق بىر مەسىلىنىڭ بەزى ئىجادىي پىكىرگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىڭىزدا، ئويلىغان ئىجادىي پىكىرىڭىزنىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرنىمۇ قالدۇرماي يېزىۋېلىڭ.

بۇ ئادىي ھەرىكەت خۇددى قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن سۇ تارتىدىغان ئەسۋابقا ئوخشايدۇ. بىرەر يىلغىچە پەيدا بولمىغان ئىجادىي پىكىر بەزىدە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە پەيدا بولىدۇ. مۇۋاپىق ئورۇنغا ئېرىشىمەن دەپ قايغۇرۇۋاتقانلار ياكى شىركەتنى كېڭەيتىش كويىدا يۈرگەن ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار ئۈچۈن بۇ ماھارەتنىڭ ئۈنۈمى خېلى چوڭ.

سىز ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىلىرىڭىز ئۈچۈن ئالتە-يەتتە خىل ئىجادىي پىكىر تەپسىلىي جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقسىڭىز

بولىدۇ، كۆپ بولغانىنىڭ زىيىنى يوق. مەسىلەن: سىزنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىر جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىشىڭىز تەسكە توختىمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى ئازايتىش توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىر، خىزمەتتە تېخىمۇ ياخشى ئورۇنغا ئىگە بولۇش توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىر، نۆۋەتتىكى خىزمەت ئۈنۈمىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىر، ئايالىڭىزنى (ياكى ئېرىڭىزنى) تېخىمۇ بەختلىك قىلىش توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىر قاتارلىقلارنى بىر-بىرلەپ تىلغا ئالساق، سانايمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

سىز يازغان ئىجادىي پىكىرلىرىڭىزنىڭ قانچىلىك كۆلكىلىك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئىجادىي پىكىر جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىشتىكى مەقسەت، سىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى ئويغىتىپ، سىزنىڭ تېخىمۇ چوڭ بولغان، يوشۇرۇن ئىجادچانلىق قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇش، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنىڭ زىچ مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشتۇر. سىز تۈزۈپ چىققان ئىجادىي پىكىر تەپسىلىي جەدۋىلى دەسلەپتە ئانچە كارغا كەلمىسە، ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ. ئەڭ مۇھىمى شۇكى، سىز مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادىي پىكىر يارىتىش مۇددىئايىڭىزنى ۋە قابىلىيىتىڭىزنى قوزغىتالىدىڭىز.

بەزىدە بۇ ئىجادىي پىكىر جەدۋىلى تۈزۈش ئۇسۇلى ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمەسلىكى مۇمكىن، بىراق بۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىزنىڭ پۈتۈنلەي بىكار بولغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى سىز جەدۋەل تۈزۈۋاتقىنىڭىزدا، سىزنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىڭىز قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى تەپەككۇرنى قوزغاتقان بولىدۇ. پەقەت سىز بۇ ئۇسۇلنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاپ داۋاملاشتۇرىدىغان بولسىڭىز، ھامان بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن خۇشاللىققا ئېرىشىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يوشۇرۇن ئاڭنىڭ خاتىرىلەش ئۇسۇلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

ئاڭنىڭ رەتلەش پائالىيىتىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، قەغەز- قەلەمنى تەييارلاپ قويۇڭ.

ئالدى بىلەن «مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى» مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىر- بىرلەپ خاتىرىلەپ چىقىڭ، بۇ «ئوت تۇتاشتۇرۇش» باسقۇچىدۇر، ئارقىدىن مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ چىقىڭ، چۈنكى بۇ يوشۇرۇن ئاڭغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان باسقۇچتۇر. ئۇنىڭدىن كېيىنكى باسقۇچ «ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئوي- پىكىرىڭىز»نى يېزىپ چىقىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا ئۆزىڭىزنىڭ يەكۈنىنى مۇئەييەن جاۋاب ۋە ياكى ئىنكار جاۋاب شەكلىدە ئايرىپ يېزىپ چىقىڭ. نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىمىز؟ چۈنكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى كۆپىنچە كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولىدۇ، ئىلگىرى كارغا كەلمەيدۇ دەپ قارالغان يەكۈن بەلكىم بۇ قېتىم مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز مۇشۇنداق يېزىۋاتقاندا، ھەرقانداق مەسىلىنى ئېڭىمىزغا قارشى ھالدا يېزىپ چىقساق بولمايدۇ. قانداق جاۋابقا ئېرىشىش بىلەن كارىمىز بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنى پەقەت يوشۇرۇن ئېڭىمىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرسەك بولىدۇ.

قەغەزنىڭ ئوڭ يۇقىرى بۇرجىكىگە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاخىرقى چېكىنى يېزىپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ. بەلگىلەنگەن مۇددەت توشسىمۇ، بىرەر چارە- تەدبىر ئويلاپ چىقالمىغاندا، مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئاخىرقى كۈنى، يېزىلغان مەسىلىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، «ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئوي-

پىكىرىڭىز» دېگەن قۇرنىڭ ئاستىغا قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق پەيدا بولغان يېڭى ئوي - پىكىرنى يېزىپ چىقىسىڭىز بولىدۇ.

سىز يېزىلغان خاتىرىنى بىر - ئىككى قېتىم تەكرار ئوقۇسىڭىز، يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى قوزغىتىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسىگە ئېرىشەلەيسىز. دەماللىقتا بىرەر چارە - ئۇسۇلغا ئېرىشەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئەنسىرىشىڭىز ھاجەتسىز. چۈنكى بۇ مەسىلىلەر ھەل بولۇشتا ئاز قالغان بولۇپ، ئۇنى يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا يەنە بىر قېتىم تاپشۇرۇپ، خاتىرجەم ھالدا باشقا ئىشلارنى قىلىۋەرسىڭىز بولىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا، كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئېڭىڭىزنىڭ كۈچىدىن گۇمانلانمىسىڭىزمۇ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى تەبىئىي ھالدا پەيدا بولىدۇ.

## ئىجادىي پىكىر خاتىرىسىنى يېزىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

دىققەت قىلىڭكى، بۇ خىل خاتىرىنى يېزىشتىكى مەقسەت، يوشۇرۇن ئاڭدىن ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشتۇر.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى قىلىپ بېقىڭ، مەسىلەن: پىسخىك پائالىيىتىڭىزنىڭ راۋان بولۇشى ئۈچۈن 30 مىنۇت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ زېھنىڭىزنى مەركەزلەشتۈرۈڭ. ئەمدى بىز ئىجادىي پىكىر خاتىرىسى يېزىش ئۇسۇلىنى يىغىنچاقلايلى.

1. مەسىلىنىڭ نۇقتىسىنى تېپىپ چىقىڭ. مەسىلەن: قانداق قىلغاندا پايدىسى تېگىدىغان ئىشقا مەبلەغ سالغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا زېھنىنى يىغقىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا شىركەتكە چىقىمنى ئازايتىش توغرىسىدىكى تەكلىپتىن بىرنى بەرگىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئۆڭۈشلۈك قىلغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلغاندا بېسىمنى ئازايتقىلى بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

قانداق قىلغاندا كىشىلىك ھاياتنى تېخىمۇ جۇشقۇنلۇققا ئىگە قىلغىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارنى سورىسىڭىز بولىدۇ.

2. خاتىرىنى دەسلەپتە يازغاندا، يېزىپ چىققان ئىشلىرىڭىز ئاز بولسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەڭ. سىز قولىڭىزغا قەلەمنى ئېلىپ، ئويلاپ چىقالىغان ھەرقانداق ئىجادىي ئوي-پىكىرنى يېزىپ چىقىڭ. سىز 30 مىنۇت ئىچىدە ئاز دېگەندە ئوي-پىكىردىن 10نى يېزىپ چىقالايسىز، بۇنىڭ ئىچىدە ھېچ بولمىغاندا بىر ئىجادىي ئوي-پىكىر كارغا كېلىدۇ.

3. سىز خاتىرىنى تەكشۈرگەندە نۇرغۇن ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى بايقىشىڭىز مۇمكىن. بىراق، بۇ سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزنىڭ بىكار كەتكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، سىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنىڭ بۇ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا تۈرتكە بولىشىڭىز كېرەك. سىز بۇ ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ بىرىنچىسىمۇ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى بايقىغان تەقدىردىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەڭ، چۈنكى سىز قەلبىڭىزگە ئىجادىي پىكىر ئۇرۇقىنى تىكتىڭىز، ئۇ ھامان بىر كۈنى ئۈنۈپ چىقىدۇ.

4. سىز كىشىلىك ھاياتنىڭ مەلۇم بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىدا تۇرغان چېغىڭىزدا، بۇ ماھارەت ناھايىتى زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سىز مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، ئۆزلىكىدىن ھالقىش، قىممىتىڭىزنى ئاشۇرۇش مەزگىلىدە تۇرغاندا، دادىل قەدەم بىلەن مۇۋەپپەقىيەت يولىغا مېڭىش ئۈچۈن بۇ ماھارەتتىن پايدىلىنىڭ. تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشتە، سىز پۈتۈن زېھنىڭىزنى يىغىپ، ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشىڭىز كېرەك.

5. ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى يېڭى بولىدۇ، دەپ قارىماڭ. «جاھاندا يېڭى ئىش يوق» دېگەن بۇ گەپكە ئوخشاش، نۇرغۇنلىغان ئىجادىي پىكىرلەر ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان ئىشلىتىلگەن بەزى لايىھەلەرنىڭ ئۆزگەرتىشىدۇر، شۇڭا، سىز ئويلاپ چىققان يېڭى ئىجادىي پىكىر كونا ئىجادىي پىكىرنىڭ يېڭىچە

ئۆزگىرىش شەكلى بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇنىڭ يەنىلا ياردىمى بار.

6. بۇخىل ماھارەتنى ئىشلىتىپ باققان ئۇرغۇن كىشىلەر ئىجادىي پىكىرنى يېزىشتا خېلى قىيىنلىنىشى مۇمكىن. بىراق ئىشىنىش كېرەككى، تەر تۆكۈپ ئۆرۈق تىككەن ئادەم ھامان مول ھوسۇلنى خۇشاللىق بىلەن يىغىۋالىدۇ.

## ئىجادىي پىكىر ئارخىپى ئارقىلىق ئىجادچانلىق قابىلىيىتىڭىزنى قېزىش

ئىجادىي پىكىرلىك ئادەم بولۇشتىكى ئىككىنچى مەشىق ئىجادىي پىكىر ئارخىپى ئىشلەش. ھازىردىن باشلاپ ئون كۈنگىچە گېزىت - ژۇرناللاردىن ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك خەۋەر- ئۇچۇرنى كۆرسىڭىز، ئۇنى دەرھال كۆچۈرۈۋېلىپ ئارخىپ قىلىڭ. كۆچۈرۈۋالغان مەزمۇنلارغا دىققەت قىلىڭ، ئۇ چوقۇم سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى ئالاھىدە تارتقان، سىز ئۈچۈن ئەمەلىي ئەھمىيىتى بولغان مەزمۇنلار بولسۇن. ئۇ مەزمۇنلارنى ئارخىپ قىلغاندىن كېيىن، ئاز دېگەندە ئىككى مىنۇت ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى تەپەككۇر قىلىڭ.

كۆچۈرۈۋېلىنغان بۇ مەزمۇنلار سىزنىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتىڭىزنى قازىدىغان سايمانغا ئايلىنىدۇ. سىز ئۈچۈن ئېيتقاندا سىز تاللىۋالغان ھەر قايسى مەزمۇنلاردا مەلۇم بىر ئورتاق نەرسە بولۇشى كېرەك. ئۇ نەرسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزىڭىز ئىكەنلىكىنى تېزلا چۈشىنىۋالالايسىز. سىز بۇلاردىن «ئۆزىڭىزنىڭ قانداق ئادەم»لىكىڭىزنى ئېنىق كۆرۈۋالالايسىز ۋە ئۆزىڭىزگە قايتىدىن باھا بېرەلەيسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ مۇھىتنى ئۆزگەرتىش، ئۆزلۈكىدىن ھالقىش، ئۆز قىممىتىڭىزنى ئاشۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جەريانىدا روھىڭىزغا ۋە ھەرىكىتىڭىزگە كىرەكلىك ماتېرىياللاردۇر.

بۇ مەزمۇنلارنىڭ سىز ئۈچۈن ئەھمىيىتى بولغاچقىلا، ئۇلارنى تاللايسىز. سىز ئۆزىڭىزگە ماس كېلىدىغان بۇ ماتېرىياللارغا تايىنىپ ئۆزىڭىزنى مۇكەممەللەشتۈرسىڭىز بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىر ياش خىزمەتچى مۇشۇ ئۇسۇلغا ئاساسەن، ئۆز خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر ئارخىپ تۇرغۇزغان، بۇ ئۆزىنىڭ خىزمەت دائىرىسىدە مۇشۇ ئارخىپقا تايىنىپ، «بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا مەسىلىنىڭ نۇقتىسىنى ئىپادىلەيدىغان» ئىقتىدارنى ھازىرلىغان. شۇڭا شىركەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر شەخسكە ئايلانغان. بولۇپمۇ يىغىندا ۋە باشلىقنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ قابىلىيىتى ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، خىزمەتداشلىرى ۋە باشلىقى ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ موللۇقىغا، كۆزقاراشلىرىنىڭ ئەتراپلىق ئىكەنلىكىگە ھەيران قېلىشقان. كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئارخىپ تۇرغۇزغانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۇنى تالانت ئىگىسى دەپ قارىغان. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭ سىرى ئۇنىڭ ھەركۈنى ئارخىپ تۇرغۇزغانلىقىدا.

## ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ قەدەم ـ باسقۇچلىرى

ئىجادىي پىكىر ئارخىپى تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، ياخشى ئىجادىي پىكىرگە قانداق ئېرىشىمىز؟

تۆۋەندە بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى چۈشەندۈرىمىز.

بۇنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ:

1. ئۇچۇر يىغىش ــــ ژۇرنال، كىشىلىك مۇناسىۋەت، تېلېفون ئارقىلىق تەكشۈرۈش.

2. ئۇچۇرلارنى تۈرگە ئايرىش، تەھلىل قىلىش ــــ قىيما كېزىت ياكى ئەسلەتمە شەكلىدە تۈرلەرگە ئايرىپ رەتلەش.

3. يىغقان ئۇچۇرلارنى ۋەقەلىك قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش — ئۇچۇرلارنى ئۇستىلىق بىلەن بىرىكتۈرۈش.

4. ۋەقەلىكنى يېزىپ چىقىش — پىلان شەكلىدە يېزىپ چىقىش.

5. كۆرگىلى بولىدىغان قىلىش — يېزىپ چىقىش بىلەن بىرگە قىستۇرما رەسىم ۋە سۈرەتلەرنى قوشۇش.

6. چۈشەندۈرۈش — باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش.

ياخشى ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىش مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىجادىي ئوي-پىكىرلەرنى كاللىدا تەپەككۇر قىلغانغا بولمايدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنى باشقىلارغا كۆرسەتكىلى بولغىدەك ھالەتكە كەلتۈرۈش كېرەك.

تۆۋەندە مۇشۇ تەرتىپ بويىچە تەتقىق قىلىمىز.

ئۇچۇر يىغىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئالدىدىمۇ كۆپ توختالغانىدۇق. ئۆزىڭىز كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارنى تېلېفون بېرىپ تەكشۈرسىڭىز بولىدۇ. ژۇرنالغا كەلسەك، ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان رەسىملەرنى يىرتىۋېلىپ ساقلىسىڭىز بولىدۇ. ئەلۋەتتە، يىرتقاندىن كەسسىڭىز ياخشىراق بولىدۇ. بىراق ئۇچۇر يىغقاندا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىكىڭىز كېرەك.

ئەگەر ئۇچۇرلارنى رەتلەشكە ياكى تەھلىل قىلىشقا بەك كۆپ ۋاقىت كەتسە، چارچاپ قېلىپ ئىشلىگۈڭىز كەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئارخىپ تۇرغۇزۇشتا ئۇچۇرلار بەك رەتلىك بولۇپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇچۇرلارنى سالىدىغان بىرنەچچە ئارخىپ خالتىسى تەييارلاپ قويسىلا بولىدۇ. شۇنداقلا، قولايلىق ئىشخانا بۇيۇملىرىدىن كۆپرەك پايدىلىنىش كېرەك.

ئەڭ مۇھىم بولغىنى ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش باسقۇچى بولۇپ، بۇ ئەڭ ئاساسلىق قىسىم. ھەرقانچە كۆپ ماتېرىيال يىغىشتىن قەتئىينەزەر، بۇ باسقۇچ مۇكەممەل ئېلىپ بېرىلمىسا، قىلغان ئىشىمىزنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. چۈنكى سىز

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىجادىي پىكىرلىك ئادەم بولماقچىمىغۇ!

ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئاۋۋال يىغقان ماتېرىياللىرىمىزنى كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن تەسەۋۋۇرىمىزنى ئەركىن قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: يىغقان ماتېرىياللىرىمىزدىن «يۇقىرى سۈپەتنى قوغلىشىش، دەم ئېلىش بارغانسېرى ئۇزىراۋاتىدۇ، كېچىلىك تۇرمۇش تېخىمۇ موللاشتى» دېگەن ئۇچۇرلارنى بايقىشىمىز مۇمكىن. بۇ ئۇچۇرلار ئارقىلىق قانداق ۋەقەلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇش سىزنىڭ ئىقتىدارىڭىزغا باغلىق.

سىز بۇ ئۇچۇرلارنىڭ ئىچىدىن «ئەندىزە، ئېسىل تائام، مۇشۇكياپىلاق» دېگەن سۆزلەرنى تاللاپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق كېچىدىمۇ تىجارەت قىلىدىغان ئاشخانىلارنى ياكى بويتاقلارنىڭ ئوتتۇرا كېچىدىكى ئەھۋالىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرۈپ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاقتا ئازراقلا قىزىتسىلا ئىستېمال قىلغىلى بولىدىغان، توڭلىتىلغان يېمەكلىكلەرنى سېتىش چارىسىنى تېپىپ چىقىشىڭىز مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «ئەندىزە، ئېسىل تائام، مۇشۇكياپىلاق» دېگەنلەرنى بىرىكتۈرسىڭىز ئاجايىپ ئوي ـ پىكىرلەرگە ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن.

سىزنىڭچە قانداق ئىكەن؟ كاللىڭىزنى كۆپرەك ئىشلىتىپ ئويلاڭ!

بىراق، ئويلانغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، كۆز ئالدىڭىزدىكى ماتېرىياللارنى تەپەككۇر قىلسىڭىز، تەسەۋۋۇرىڭىز ئاندىن تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

تەسەۋۋۇرىڭىز كېڭەيگەندىن كېيىن، ئۇنى يېزىپ چىقىشىڭىز ھەمدە ئىخچام، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان شوئارلارنى قوشۇمچە قىلىپ، باشقىلارغا ئوڭايلا يەتكۈزگىلى بولىدىغان ئۇسۇلنى تەتقىق قىلىشىڭىز كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا قىستۇرما رەسىم ياكى سۈرەتلەرنى قوشۇمچە قىلىپ، رەسمىي ئىجادىي

پىكىرنى يۇتتۇرىشىڭىز كېرەك. زۆرۈر تېپىلغاندا خەرىتە ياكى سخېمىنى قوشۇپ قويسىڭىزمۇ بولىدۇ.

## كېچىكىپرەك ھۆكۈم قىلىش

يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىنغان ئىجادچانلىق ماھارەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن دەسلەپتىكى ئوي - پىكىرلەرگە كېچىكىپرەك ھۆكۈم قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. 1797 - يىلى تۆمۈر ساپان تۇنجى قېتىم كەشىپ قىلىنغاندا، ئامېرىكىنىڭ يېڭى جېرجىي شىتاتىدىكى دېھقانلار «تۆمۈر ئەسۋابلار تۇپراقنى بۇزىدۇ، شۇنداقلا ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۆسۈشىگە تۈرتكە بولىدۇ»، دېگەن باھانە بىلەن تۆمۈر ساپان ئىشلىتىشنى رەت قىلغان. يېڭى شەيئى، يېڭى كۆزقاراشلارنى قارىغۇلارچە تەنقىد قىلغانلىق توغرىسىدىكى مىساللار ناھايىتى كۆپ. بىراق يەنە بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، كۆزقاراش ياكى ئوي - پىكىرلەر تەنقىد قىلىنمىسا، بىز ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ چىقالمايمىز. بۇنداق بولغاندا بىز چەكلىك بايلىقىمىزنى ئىسراپ قىلىۋەتكەن بولىمىز.

بىز ھۆكۈم قىلىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا بەك ماھىر. بىرەر يېڭى ئوي - پىكىر ئوتتۇرىغا چىقسا، بىرىمىز ئۇنى رەت قىلساق، بىرىمىز ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىمىز، بەزىمىز تېخى زەربە بېرىمىز. بەزىلەر ئۇ پىكىرنى قوللىسا، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭغا قارشى ئوي - پىكىرنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن:

— بۇ چارىنى 50 يىلنىڭ ئالدىدا باشقىلار ئويلاپ بولغان!

— بىزنىڭ بۇنى قىلىشقا ئۇنچە كۆپ پۇلىمىز ۋە ۋاقتىمىز يوق!

— ھازىر بۇنداق پىلاننى يولغا قويۇش مۇۋاپىق ئەمەس!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ چارە ھەرگىز كارغا كەلمەيدۇ!

— بىز ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ!

— مەن بۇنداق چارىنى ياقتۇرمايمەن!

مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ قانداقلىقىغا ھۆكۈم قىلماي بولمايدۇ، بىراق قانداقلا بولمىسۇن، ھەربىر ئوي - پىكىرگە پۇرسەت بېرىش كېرەك. ئەگەر ئوي - پىكىر پەيدا بولۇشى بىلەنلا ئۇنى تەنقىد قىلساق، ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايمىز. بۇ خۇددى بىر تەرەپتىن ماي كلاپانغا دەسسەپ، بىر تەرەپتىن تورمۇزغا دەسسىسە، ماشىنىنىڭ ماڭالمىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئېگىز ئۆسكەن كاۋچۇك دەرىخى دەسلەپتە بىرتال ئۇرۇق ئىدى.

يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئۇسۇلى سىزدە بىرەر يېڭى كۆزقاراش ياكى يېڭى ئوي - پىكىر پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭ قانداقلىقىغا كېچىكىپرەك ھۆكۈم قىلىشتۇر. بۇنداق قىلغاندا سىز نەزىرىڭىزنى كەڭ يېيىپ، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوي - پىكىرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالالايسىز. نيۇيورك شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا ئوي - پىكىرلەر پەيدا بولۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ قانداقلىقىغا كېچىكىپرەك ھۆكۈم قىلغاندا، پەيدا بولىدىغان ئوي - پىكىرلەرنىڭ سانى ھەسسىلەپ ئاشىدىكەن.

ھەر بىر ئوي - پىكىر بىرتال ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ. تەنقىد قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئۆسۈش، پورەكلەپ ئېچىلىش پۇرسىتىنى بېرىشىمىز كېرەك. چۈنكى يامان تەنقىد ئوي - پىكىرنىڭ ئۆسۈشىنى چەكلەپ قويىدۇ، ياخشى تەنقىد بولسا ئوي - پىكىرنىڭ ئۆسۈشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى نامايان قىلدۇرىدۇ.

ئوي - خىيال ۋە ھۆكۈمنىڭ تەپەككۇر قىلغۇچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈلۈچ ۋە ئەتۈرگىنىڭ مىخانىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ئوي - خىيال بىلەن ھۆكۈم قىلىش

ئوخشاشمىغان ئىككى خىل ۋاستە بولۇپ، مۇئەييەن ۋە مەلۇم مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بىز دائىم بىر نەرسىلەرگە ھۆكۈم قىلىمىز ۋە ئۇنى تەنقىد قىلىمىز. بىراق ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزنى مەشىق قىلدۇرمايمىز، تەرەققىي قىلدۇرمايمىز ۋە كۈچەيتمەيمىز. ئىجادىي پىكىرگە باي ئادەم بولۇشتىن ئاۋۋال، ئوي - پىكىرلەرنىڭ قانداقلىقىغا كېچىكىپرەك ھۆكۈم قىلىشىمىز، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزنىڭ جارى بولۇشىغا پۇرسەت بېرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭدىن 180 يىل ئىلگىرى، بىر شېئىرىي دراماتوگ: «ئەگەر ئەقىل - ئىدىراك ئوي - پىكىرنى بەكلا چىڭ تەكشۈرسە، ئىجادىي ئوي - پىكىر يۇشۇرۇنىۋالىدۇ» دېگەنىدى.

ئەگەر بىز ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولماقچى بولساق، بىرلا ۋاقىتتا ھەم تورمۇزغا ھەم ماي كلاپانىغا دەسسەيدىغان، ياكى يەرنى ئوغۇتلايمەن دەپ ھەم ئوغۇت ھەم زەھەرلىك دورا چاچىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز كېرەك. بەلكى ئوي - پىكىرنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشنى قارار قىلىشىمىز كېرەك.

## ھەممىنى شەرت - شارائىت ھازىرلانغاندا قىلىشتىن ساقلىنىش

دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئىش مۇكەممەل ئەمەس ياكى مۇكەممەللىككە يېقىنلىشالمىغان. ئەگەر ھەممىلا شەرت - شارائىت ھازىرلانغاندا قىلىمەن دېسىڭىز، مەڭگۈ ساقلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھەرقانچە ياخشى، يېڭى ئوي - پىكىرنىڭمۇ يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. ئادەتتىكىچە پىلان بولسىمۇ، ئۇنى ھەقىقەتەن يولغا قويغىلى بولىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدىغان بولسا، بۇنداق پىلان ئوتتۇرا يولدا بەل قويۇۋېتىدىغان ياخشى پىلاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىق ياخشى. چۈنكى ئادەتتىكىچە بولغان پىلاننى ئاخىرغىچە ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ، ئوتتۇرا يولدا بەل قويۇۋېتىدىغان ياخشى پىلانلاردىن بولسا ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ئەگەر سىز پەقەت ئويلاپلا قىلمايدىغان بولسىڭىز، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز.

ئويلاپ كۆرۈڭ، دۇنيادىكى ھەر بىر نەرسە، جۈملىدىن سۇئىتى ھەمراھتىن تارتىپ ئاسمان پەلەك بىنالارغىچە ۋە بوۋاقلار يېمەكلىكلىرىگىچە ھەممىلا نەرسە ئوي ـ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى.

سىز «ئادەم (مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەر)» نى تەتقىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىككى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى بايقايسىز: مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ناھايىتى تەشەببۇسكار كېلىدۇ، بىز ئۇلارنى «ئاكتىپ، تەشەببۇسكار كىشىلەر» دەپ ئاتايمىز. ئىرادىسىز ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا پاسسىپ كېلىدۇ، بىز ئۇلارنى «پاسسىپلار» دەپ ئاتايمىز.

بۇ ئىككى خىل كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلساق، مۇنداق بىر مۇۋەپپەقىيەت پرىنسىپىنى تېپىپ چىقالايمىز. ئاكتىپ، تەشەببۇسكار كىشىلەر ئۈزلۈكسىز ئىش قىلىدىغانلار بولۇپ، ئۇلار ئىشنى تاكى پۈتتۈرگەنگە قەدەر قىلىدۇ؛ پاسسىپ كىشىلەر بولسا ئىش قىلمايدىغانلار بولۇپ، ئۇلار ئىش قىلغاندا تۈرلۈك باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ كەينىگە تارتىدۇ، تاكى ئۇلار ئاشۇ ئىشنى «قىلماسلىق كېرەك»، «قىلىشقا ئىمكانىيەت يوق»، «ئەمدى كېچىكتۇق» دېگەننى ئىسپاتلىغاندا، ئاندىن بولدى قىلىدۇ.

«ھەممە شەرت ـ شارائىتلار ھازىرلانغاندا ئاندىن ھەرىكەت قىلىش» تىن پەيدا بولىدىغان چوڭ زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئىككى تۈرلۈك پىكىردىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ.

1. تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ئالدىن پەرەز قىلىش. چۈنكى ھەر بىر قېتىملىق تەۋەككۇلچىلىك نۇرغۇنلىغان خەۋپ-خەتەرنى، قىيىنچىلىقنى ۋە ئۆزگىرىشنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەگەر سىز ماشىنا بىلەن يىراق يول يۈرمەكچى بولغاندا، «قاتناش توسۇلۇپ قالمىغان، ماشىنىدا ھېچقانداق چاتاق بولمىغان، ھاۋارايى ئوسال بولمىغان ۋە باشقا ھېچقانداق كۈتۈلمىگەن ئىشلار بولمىغان» شارائىتتا ئاندىن ماڭىمەن دېسىڭىز، قانداق چاغدا ماڭالايسىز؟ ئۇنداق ئويلىسىڭىز مەڭگۈ ماڭالمايسىز. سىز مەلۇم بىر جايغا بېرىشنى پىلانلىغاندا، ئاۋۋال خەرىتىدىن ماڭىدىغان يولنى تاللىۋېلىشىڭىز، ماشىنىڭىزنى تەكشۈرۈپ چىقىشىڭىز ۋە كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئىشلارنى قىلىشىڭىز كېرەك. بۇلارنىڭ ھەممىسى يولغا چىقىشتىن بۇرۇن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار، بىراق كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى پۈتۈنلەي ئالغىلى بولمايدۇ.

2. قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، رېئاللىققا دادىللىق بىلەن يۈزلىنىش، ھەرگىزمۇ قورقماڭ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار ھەرىكەت قىلىشتىن ئاۋۋال ھەممىلا مەسىلىنى ھەل قىلىۋەتكەن بولمايدۇ. ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئامال تېپىپ ئۇنى يېڭىدۇ. ئۇلار مەيلى سودا-سانائەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، ياكى نىكاھ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلىش بولسۇن ۋە ياكى ھەرقانداق پائالىيەتتە بولسۇن، قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا، خۇددى توساققا دۇچ كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، ئامال تېپىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىدۇ.

بىز ھەرقانچە قىلساقمۇ مۇكەممەل بولغان سۇغۇرتىغا ئېرىشەلمەيمىز. شۇڭا بېلىڭىزنى مەھكەم باغلاپ، پىلانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىز كېرەك.

كونكرېت، كارغا كېلىدىغان ئىجادىي پىكىر ناھايىتى مۇھىم. بىزدە ھەرقانداق نەرسىنى ئىجاد قىلالايدىغان ۋە ئۇنى

ياخشىلىيالايدىغان ئىجادىي ئوي - پىكىر بولۇشى كېرەك.

مۇۋەپپەقىيەت ئىجادىي ئوي - پىكرى يوق كىشىلەرگە مەڭگۈ يېقىن بولمايدۇ. بىراق سىز بۇ نۇقتىنى خاتا چۈشەنسىڭىز بولمايدۇ، چۈنكى ئىجادىي ئوي - پىكىر بولغان بىلەنلا بولمايدۇ. سىز نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشتۈرىدىغان ياكى خىزمەت ئۈنۈمىڭىزنى ئۆستۈرىدىغان ئاشۇ ئىجادىي ئوي - پىكىرلەر پەقەت ھەقىقىي ئىشلىتىلگەندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ قىممىتى بولىدۇ.

ھەركۈنى نەچچە مىڭلىغان كىشي مىڭبىر تەسلىكتە ئېرىشكەن يېڭى ئوي - پىكىرلىرىدىن ۋاز كېچىدۇ ياكى ئۇلارنى بىكار قىلىۋېتىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىجرا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن، بۇ ئوي - پىكىرلەر يەنە پەيدا بولۇپ ئۇلارنى قىينايدۇ.

تۆۋەندىكى ئىككى تەكلىپنى ئېسىڭىزدە ساقلاڭ: بىرىنچىسى، ئىجادىي ئوي پىكىرىڭىزنىڭ قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىڭ. ئىجادىي ئوي - پىكىر ھەرقانچە ياخشى بولۇپ كەتسۇن، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرمىسىڭىز، مەڭگۈ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسىز.

ئىككىنچى، ئوي - پىكىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقاندا، كۆڭلىڭىزنى خاتىرجەم تۇتۇڭ. بەزىلەر دۇنيادا ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدىغىنى «مەن ئەينى ۋاقىتتا نېمىشقا ئاشۇنداق قىلمىغان بولغىيتتىم» دەپ پۇشايمان يېيىش دەيدۇ. بىز ھەركۈنى دېگۈدەك باشقىلارنىڭ: «ئاشۇ ۋاقىتتا مۇشۇ سودىنى قىلغان بولسام بېيىپ كەتكەن بولاتتىم!» ياكى «مەن ئاللىبۇرۇن ئويلىغان، ئاشۇ چاغدا نېمىشقا قىلمىغان بولغىيتتىم!» دەپ پۇشايمان يېگەنلىكىنى ئاڭلايمىز. ياخشى، ئىجادىي بىر ئوي - پىكىر كاللىمىزدا تۇنجۇقۇپ كەتسە، ناھايىتى ئەپسۇسلىنارلىق بىر ئىش بولغان بولىدۇ؛ ئەگەر ئوي - پىكىرىمىزنى ئۇزۇل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرالىساق، بۇنىڭدىن چەكسىز قانائەت تاپىمىز، ئەلۋەتتە.

سىز ھازىر ياخشى، ئىجادىي ئوي - پىكىردىن بىرەرنى تاپتىڭىزمۇ؟ تاپقان بولسىڭىز، ھازىردىن باشلاپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىڭ!

# بەشىنچى باب

# تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ دەسمايىسى

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى روھنىڭ خىزمەت سورۇنى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ «يادرو رېئاكسىيە قازىنى»دۇر. ئۇ سىزگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان بىر نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىكى نۇرغۇن شەيئىلەرنى سىزگە يېڭىچە قىياپەتتە نامايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا سىز ئاشۇ نىشاننى قەتئىي ئىشەنچ بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىز كېرەك.

بىزنىڭ كاللىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدىكى ئىجادىي ئوي-پىكىردىن بىرسى بار. ئۇنى باشقا يەردىن ئىزدىشىمىز ھاجەتسىز، بىز پەقەت «ئۇ»نى تۇتۇۋالساقلا بولىدۇ.

دانىيېل. بېرنىتخان دۇنياغا داڭلىق ئارخىتېكتور ۋە شەھەر پىلانلىغۇچى. ئۇنىڭ 1893-يىلى چىكاگودا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋى كۆرگەزمىدە كۆرسەتكەن پىلانلىرى ھازىرقى زامان شەھەرلىرىنى پىلانلاشقا چوڭقۇر ھەم زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ: «پىلاننى بەك كىچىك تۈزمەسلىك كېرەك» دېگەن. چۈنكى، ئۇ ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن چوڭ پىلان تۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلەتتى. سىز تەسەۋۋۇر قىلغانلىرىڭىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايسىز، ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان كەسىپ ياكى خىزمەتنى قىياس قىلالىسىڭىز، رېئال تۇرمۇشتىمۇ ئاشۇلارنى بەرپا قىلالىشىڭىز مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى روھنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىدۇر، شۇنداقلا ھەر بىر ئادەمنىڭ بايلىقىدۇر، شۇنداقلا سىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر تىزگىنلىيەلەيدىغان نەرسىڭىزدۇر. كاۋچۇك دەرىخىنىڭ بىرتال ئۇرۇقتىن ئۆسۈپ چوڭ بولغىنىغا، قۇشلارنىڭ تۇخۇمدىكى ئۇخلاۋاتقان تۆرەلمە ھالەتتىن ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولغىنىغا ئوخشاش، سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزمۇ تەسەۋۋۇرىڭىز ئارقىلىق ئىرىشكەن پىلانلار ئاساسىدا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. دەسلەپتە كاللىڭىزدا ئوي ـ پىكىر پەيدا بولىدۇ، ئارقىدىن بۇ ئوي ـ پىكىرلەر ۋە كۆزقاراشلار پىلان بىلەن بىرىكىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا سىز بۇ پىلانلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىسىز. دىققەت قىلسىڭىز، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىن باشلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز.

## تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى سىزنى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا باشلايدۇ

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنساننىڭ تۈرلۈك پىلانلارنى تەييارلايدىغان ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرىدىغان خىزمەت سورۇنى. قەلبىتىكى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ، تۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى قىلغاندا، ئۇنىڭ ئىزناسى شەكىللىنىدۇ ۋە بۇ ئىزناغا ئاساسەن تۈرلۈك ئارزۇ ـ ئارمانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىنسان ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلالىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىجاد قىلالايدۇ، دەيدىغان بىر گەپ بار.

ئۆتكەن 50 يىلدىن بېرى، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ، تەبىئەتتىكى نۇرغۇن كۈچلەرنى بويسۇندۇردى، بۇ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىش. ئىنسانلار ئاسماننى پۈتۈنلەي بويسۇندۇردى، ئۇچۇش جەھەتتە قۇشلار ئەمدى ئىنسانلارنىڭ رىقابەتچىسى بولالمايدۇ؛ ئىنسانلار تەسەۋۋۇر

قابىلىيىتىگە تايىنىپ، نەچچە مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپمۇ، قۇياشنىڭ قانداق ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقانلىقىنى تېپىپ چىقتى، ئىنسانلار پويىزنىڭ سۈرئىتىنى ئاشۇردى. ھازىر پويىزلار سائىتىگە نەچچە يۈز چاقىرىملىق سۈرئەت بىلەن ئۇچقاندەك ماڭالايدۇ.

ئىنسانلار ئەقىل-ئىدرىكىنى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چەكلىنىپ قالدى. ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تېخى ئەڭ يۇقىرى پەللىگىچە تەرەققىي قىلدۇرالمىدى. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بايقىدى ۋە ناھايىتى ئاساسلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا باشلىدى.

كالىفورنىيە شىتاتىنىڭ دېڭىز بويىدىكى بىر شەھەردە قۇرۇلۇش سېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە قۇرۇلۇش سېلىنىدۇ. شەھەرنىڭ بىر تەرىپى تىك كەتكەن كىچىك تاغلار بولۇپ، قۇرۇلۇش سالغىلى بولىدىغان جاي ئەمەس ئىدى. شەھەرنىڭ يەنە بىر تەرىپىمۇ ئۆي سېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان جاي ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ يەرنىڭ ئورنى بەكلا پەس بولغاچقا، ھەركۈنى دېڭىز سۈيى يانغاندا، بۇ يەرنى سۇ بېسىپ كېتەتتى.

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئىگە بىر ئادەم بۇ شەھەرگە كېلىدۇ. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەمدە ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ، بۇ ئادەممۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇ بۇ شەھەرگە كەلگەن تۇنجى كۈنىلا، بۇ شەھەردىكى يەرلەردىن پايدىلىنىپ پۇل تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن تىك كەتكەن تاغلىق يەرنى، ئاندىن ھەركۈنى دېڭىز سۈيى بىر قېتىم بېسىۋالىدىغان ئورنى پەس يەرنى سېتىۋالىدۇ. ئۇ بۇ يەرلەرنى ناھايىتى ئەرزان سېتىۋالىدۇ. چۈنكى بۇ يەرلەر ھېچقانچىلىك قىممىتى يوق دەپ قارالغان يەرلەر ئىدى.

ئۇ بىرنەچچە تونna پارتلاتقۇچ دورىنى ئىشلىتىپ، تىك كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىچىك تاغلىقنى بوش تويىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئاندىن بىرنەچچە تويا ئېتىتېرىش ماشىنىسى بىلەن بۇ يەرنى تۈزلەيدۇ، ئەسلىدىكى تاغلىق يەر بىردىنلا قۇرۇلۇش سالغىلى بولىدىغان تۈز يەرگە ئايلىنىدۇ، ئۇندىن باشقا، ئۇ يەنە ئارتۇق تويىلارنى ئورنى پەس يەرگە يۆتكەپ، بۇ يەرنى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزرەك قىلىدۇ، نەتىجىدە بۇ يەرمۇ قۇرۇلۇش سالغىلى بولىدىغان تۈز يەرگە ئايلىنىدۇ.

ئۇ نۇرغۇن پۇل تاپقان، ئۇ بۇلارنى قانداق تاپتى؟

ئۇ پەقەت تويىنى كېرەك بولمايدىغان جايدىن كېرەك بولىدىغان جايغا يۆتكىدى. ئۇ پەقەت كېرەكسىز تويىلارنى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بىلەن بىللە ئىشلەتتى، خالاس.

بۇ شەھەردىكى كىشىلەر ئۇنى تالانت ئىگىسى دەپ قاراشتى.

ھەرقانداق ئادەم ئاشۇ ئادەمگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلانسا، تالانت ئىگىسىگە ئايلىنالايدۇ.

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى روھنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىدۇر، شۇنداقلا ھەربىر ئادەمنىڭ بايلىقىدۇر ھەمدە سىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىنبىر تىزگىنلىيەلەيدىغان نەرسىڭىزدۇر.

بىر كۈنى ئەتىگىنى، پولات-تۆمۈر ماگناتى سىۋابىنىڭ ماشىنىسى ئۇنىڭ بىيتىر پولات-تۆمۈر زاۋۇتىنىڭ ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا توختايدۇ. ئۇ ماشىنىسىدىن چۈشىشى بىلەنلا، تېز خاتىرىلىگۈچى بىر ياش ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، بۇ تېز خاتىرىلىگۈچى ئۆزىنىڭ سىۋاب ئەپەندىگە ئۇنىڭ يازىدىغان خەت-چەك ياكى تېلېگراممىسى بولسا يېزىپ بېرەي دەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھېچكىممۇ بۇ يىگىتنى بۇ يەرگە كېلىڭ دېمىگەنىدى. بىراق بۇ يىگىت تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئىشقا سالغان بولۇپ، ئاشۇنداق قىلسا ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىغا ھېچقانداق زىيىنى يوقلىقىنى كۆرۈپ يېتەلىگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ يىگىت «مۇقەررەر» ھالدا مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قاراپ ماڭغان، بۇ يىگىت بىيتىر شىركىتىدىكى ئون نەچچە تېز خاتىرىلىگۈچى

قىلالايدىغان، ئەمما قىلمىغان ئىشنى قىلغاچقا، سىۋاب ئەپەندى بۇ يىگىتنى ياقتۇرۇپ قالغان. ھازىر بۇ يىگىت دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ بىر دورا شىركىتىنىڭ باش لېدىرى.

بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر يىگىتتىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم. بۇ يىگىت سودا ئىنىستىتۇتىنى ئەمدىلا پۈتتۈرگەن بولۇپ، مېنىڭ ئىشخانامدا ئىشلەشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ خەتنىڭ ئارىسىغا قاتلانمىغان ئون دوللارلىق پۇلدىن بىرنى قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى. خەتتە مۇنداق يېزىلغانىدى:

*مەن داڭلىق بىر سودا ئىنىستىتۇتىنى ئەمدىلا پۈتتۈردۈم. سىلىنىڭ ئىشخانىلىرىدا ئىشلىسەم دەيمەن. چۈنكى سودا ھاياتىنى ئەمدىلا باشلىغان مەندەك بىر ياشنىڭ سىلىنىڭ قول ئاستىلىرىدا ئىشلىيەلىشى ناھايىتى زور بەخت.*

*خەتكە قوشۇپ ئەۋەتكەن ئون دوللار پۇل سىلىنىڭ تۈنجى ھەپتىدە ماڭا كۆرسەتمە بېرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ۋاقىتلىرى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ھەق. بۇ پۇلنى ئالسىلا. تۈنجى ئايدا مەن سىلىگە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشنى خالايمەن. بىر ئايدىن كېيىن مېنىڭ ئىپادەمگە قاراپ، ئاندىن مائاشىمنى بېكىتىشكە بولىدۇ.*

*مېنىڭ بۇ خىزمەتكە ئېرىشىشكە بولغان تەشنالىقىم ھاياتىمىدىكى ھەرقانداق بىر ئىشقا بولغان قىزغىنلىقىمدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. بۇ خىزمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن مەن مۇۋاپىق بولغان ھەرقانداق قۇربان بېرىشكە تەييار.*

بۇ يىگىت ئاخىرى ئىشخانامغا كېلىپ ئىشلىدى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئۇنى ئېرىشمەكچى بولغان پۇرسەتكە ئېرىشتۈردى. ئۇ خىزمەت قىلغان تۇنجى ئاي توشاي دېگەندە، ئۆمۈر

www.uyghurkitap.com

سوغۇرتا شىركىتىنىڭ بىر ياش لىدىرى بۇ ئىشنى بىلىپ، بۇ يىگىتنى ئۆزىنىڭ شەخسىي كاتىپلىقىغا يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلدى. بۇ يىگىت ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئۆمۈر سۇغۇرتىسى شىركىتىنىڭ مۇھىم ئەربابى بولۇپ قالدى.

## تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى مۆجىزە يارىتىدۇ

دۇنيا مېھمانخانا ساھەسىدىكى ماگنات تونراد. خىلتون بىر مېھمانخانىغا ئىگە بولۇشتىن ئاۋۋال، ئۆزىنى مېھمانخانا باشقۇرۇۋاتىمەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىمۇ دائىم مېھمانخانا دىرېكتورىنىڭ «رولىنى ئالغان». خىلتون مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تارماق مېھمانخانىلىرىنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇپ چىقىپ، دۇنياغا داڭلىق مېھمانخانا پادىشاھىغا ئايلانغان.

ھىندىرى . كېيسىل ئۆزىنىڭ كەسپىتىكى ھەربىر نەتىجىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئاۋۋال تەسەۋۋۇرىدا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. بۇ راستىنلا قالتىس بىر چارە.

كىشىلەرنىڭ «تەسەۋۋۇر» بىلەن «سېھىرگەرلىك»نى بىر-بىرىگە باغلاپ چۈشىنىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. «تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى» مۇۋەپپەقىيەت ئىلمىدە ھەقىقەتەنمۇ سېھرىي كۈچكە ئىگە.

ئەگەر سىز تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزدىن توغرا پايدىلىنالىسىڭىز، ئۇ سىزنىڭ مەغلۇبىيىتىڭىز بىلەن خاتالىقىڭىزنى قىممەتلىك بايلىققا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنداقلا سىزگە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئىشلىتىدىغان ئادەملەرلا بىلەلەيدىغان ھەقىقەتنى، ئۇ بولسىمۇ تۇرمۇشتىكى ئەڭ چوڭ ئۆڭۈشسىزلىق ۋە كېلىشمەسلىكنىڭ ئەكسىچە ياخشى پۇرسەتلەرنى ئېلىپ

كېلىدىغانلىقىنى تونۇتىدۇ.

ئامېرىكىدىكى داڭلىق بىر ھەيكەلتاراچ ئەسلىدە كوچا ـ كويلاردا قاتراپ يۈرۈيدىغان پوچتىكەش ئىدى. بىر كۈنى ئۇ ترامۋايغا ئولتۇرغاندا، ماشىنا ھادىسىسى يۈز بېرىپ، بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ترامۋاي شىركىتى ئۇنىڭغا بەش مىڭ دوللار تۆلەم بېرىدۇ. ئۇ بۇ پۇل بىلەن مەكتەپتە ئوقۇپ، ئاخىرى بىر ھەيكەلتاراچقا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ ياسىغان ھەيكەللىرى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ تاپقان پۇللىرى ئىككى پۇتى بىلەن پالاقشىپ پوچتىكەشلىك قىلىغان چاغلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. ماشىنا ھادىسىسى يۈز بەرگەچكە، ئۇ تىرىشىپ نىشانىنى ئۆزگەرتكەن ۋە ئۆزىنىڭ تۇغما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرغان.

نېرۋا سىستېمىسى تەسەۋۋۇردىكى جانلىق تەجرىبىلەر بىلەن ئەمەلىيەتتىكى تەجرىبىنى پەرقلەندۈرەلمىگەچكە، پسىخىك سۈرەت بىزنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ، يېڭى ئارتۇقچىلىقلىرىمىزنى ۋە يېڭى ئۇسۇللارنى «ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ». تەسەۋۋۇر بىزنىڭ ماھارەتكە، مۇۋەپپەقىيەتكە ۋە بەختكە ئېرىشىشىمىز ئۇچۇن يېڭى يول ئېچىپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى مەلۇم بىرخىل ئۇسۇلدا ئىش قىلىۋاتىمىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، بىز ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق قىلغان بولىمىز. تەسەۋۋۇر بىزنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغان ئىشلىرىمىزنى مۇكەممەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

پسىخولوگ R.A. ۋاندېر مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: بىر ئادەمنى ھەركۈنى قارىغا ئېلىش تاختىسى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇچقۇر يىڭنە ئېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن، بۇ پسىخىك مەشىقنىڭ ئۈنۈمى ئەمەلىي مەشىق قىلغانلىقىنىڭكىگە ئوخشاش بولغان.

ئامېرىكىنىڭ «تەتقىقات پەسىللىك ژۇرنىلى» دا تەسەۋۋۇر

مەشىقىنىڭ گارغا توپ كىرگۈزۈش ماھارىتىنى ئۆستۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۇنداق بىر تەجرىبە خەۋەر قىلىنغان.

1 - گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلار 20 كۈنگىچە ھەركۈنى گارغا توپ كىرگۈزۈشنى مەشىق قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ تۇنجى كۈندىكى، ئەڭ ئاخىرقى كۈندىكى نەتىجىسى خاتىرىلەپ قويۇلغان.

2 - گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭمۇ تۇنجى كۈندىكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۈندىكى نەتىجىسى خاتىرىلەپ قويۇلغان. بىراق 20 كۈن ئىچىدە ئۇلار مەشىق قىلمىغان.

3 - گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى كۈندىكى نەتىجىسى خاتىرىلەپ قويۇلغان ھەمدە ھەركۈنى ئۇلارغا 20 مىنۇت گارغا توپ كىرگۈزۈشنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرغان. ئەگەر گارغا توپ كىرگۈزەلمىسە، ئۇلار تەسەۋۋۇرىدا تۈزەتكەن.

تەجرىبىسىنىڭ نەتىجىسى مۇنداق بولغان:

1 - گۇرۇپپا ھەركۈنى 20 مىنۇت ئەمەلىي مەشىق قىلغان. ئۇلارنىڭ گارغا توپنى كىرگۈزۈش نىسبىتى 24% ئاشقان.

2 - گۇرۇپپىدىكىلەر ھېچقانداق مەشىق قىلمىغان، شۇڭا ئازراقمۇ ئىلگىرىلەش بولمىغان.

3 - گۇرۇپپىدىكىلەر ھەركۈنى 20 مىنۇت گارغا توپ كىرگۈزۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ گارغا توپ كىرگۈزۈش نىسبىتى 26% ئاشقان.

بۇرۇندىن تارتىپلا ئۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار «توغرا تەسەۋۋۇر قىلىش» ۋە «ئەمەلىيەتنى رىپىتىتسىيە قىلىش» ئۇسۇلىنى بىلىپ - بىلمەي قوللىنىپ، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ناپالېئون ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشتىن ئاۋۋال، بۇ ئىشلارنى تەسەۋۋۇرىدا كۆپ يىل «مانېۋىر» قىلغان. ۋىبور بىلەن مورگىن «كىشىلىك ھاياتتىن تولۇق پايدىلىنىش» دېگەن كىتابىدا: «ناپالېئوننىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدا يازغان كىتاب ئوقۇش خاتىرىسىنى يىغىپ كەلسە

400 بەتتىن ئاشاتتى. ئۇ ئۆزىنى بىر قوماندان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، كورىسكا ئارىلىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان ۋە ئىنچىكە ھېسابلاش ئارقىلىق مۇداپىئە ئورۇنلاشتۇرىدىغان تۇرلۇك جايلارغا بەلگە قىلىپ چىققان»، دەپ يازغانىدى.

## بايلىققا يېتەكلەش پرىنسىپى

شەيئىلەرنىڭ ئەڭ كىچىك بىرلىكلىرىمۇ ئۆزگىرىش ئارقىلىق رەتلىك تىزىلىدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، يەر شارى، سىزنىڭ بەدىنىڭىزدىكى ھەربىر ھۈجەيرە ۋە شەيئىلەرنىڭ ھەربىر ئاتومى كۆرۈنمەس ئېنېرگىيىنى مەنبە قىلغان.

ئارزۇ ـ ئىستەك تەپەككۇر قىلىشتىن شەكىللەنگەن ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر، تەپەككۇر قىلىشتىن شەكىللەنگەن جۈرئەت ـ شىجائەت بولسا، ئېنېرگىيىنىڭ بىرخىل شەكلىدۇر. سىز تەپەككۇرىڭىزغا تايىنىپ مال ـ دۇنياغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغىنىڭىزدا، تەبىئەت دۇنيانى ئاپىرىدە قىلغاندا ئىشلەتكەن «ماددا» ئارقىلىق، ئۆز مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز. كائىناتتىكى ھەممىلا نەرسە مۇشۇ «ماددا» دىن تەركىب تاپىدۇ، جۈملىدىن سىزنىڭ تەپەككۇرىڭىز ئۆز رولىنى كۆرسىتىدىغان جاي ـ سىزنىڭ بەدىنىڭىز، كاللىڭىزمۇ ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن.

سىز ئۆزگەرمەس بەزى پرىنسىپلارغا تايىنىپ بايلىق يارىتالايسىز. بىراق سىز ئاۋۋال بۇ پرىنسىپلارنى پىششىق بىلىشىڭىز ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

سىز نۇرغۇن بايلىققا ئىگە بولۇشنىڭ سىرىنى بايقاش ئۈچۈن تۇرلۇك تەسەۋۋۇرلىرىڭىزنى قانات يايدۇرۇپ ۋە ئۇلارنى تەكرارلاپ، بۇ پرىنسىپلارنى ئېنىق بايان قىلىشىڭىز كېرەك. قارىماققا ناھايىتى

نۇقتا كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەلىتە، ئەمما ناھايىتى چۈشىنىشلىك بىر يېرى شۇكى، «بۇ سىر» ھەرگىزمۇ چوڭ بايقاش ئەمەس. تەبىئەت بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان كۈن، ئاي، يۇلتۇزلاردا، تاغ ـ دەريالاردا، ئەتراپىمىزدىكى ھەر بىر تال گۈل ـ گىياھلاردا ۋە ھەر بىر خىل جانلىقتا ئۆزىنىڭ «بۇ سىر» نى نامايان قىلغان.

تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان مەزمۇنلار ئارقىلىق سىز پرىنسىپ ـ قائىدىلەرگە تايىنىپ ئۆزىڭىزگە تۇپتۇز يول ھازىرلىيالايسىز، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى بەش قولدەك چۈشىنىۋالالايسىز. بۇنداق پەلسەپىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغاندا، ئۆزىڭىز چۈشەنگەن مەزمۇنلارنى ئوبدان تەھلىل قىلىشىڭىز كېرەك، ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشەنچە ـ تەسىراتلىرىڭىزنى قايتا ئويلانغىنىڭىزدا خۇددى ئىلاھىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەندەك بولۇپ، بەزى كۆزقاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايسىز ۋە بۇ خىل پەلسەپە توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولالايسىز.

ئىلمىي تىرىشىش نەزەرىيىسى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىنى پەيدا قىلىشتىكى سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۇنداقلا بۇ نەتىجىلەرنىڭ «سېھىرگەرلىك» ئەمەس، بەلكى پسىخىكىمىز بىلەن مېڭىمىزنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. تىرىشىش نەزەرىيىسى ئادەمنىڭ مېڭىسىنى، نېرۋا سىستېمىسىنى ۋە مۇسكۇل توقۇلمىلىرىنى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان «مۇلازىمەت مېخانىزمى» (نىشاننى ئاپتوماتىك ئىزلەيدىغان ماشىنا بولۇپ، ئاپتوماتىك ئىنكاس قايتۇرۇش ۋە ئۆچۈر ساقلاشنى ۋاستە قىلىدۇ)، ئىنسان مۇشۇ مېخانىزم ئارقىلىق ئۆز نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئىلگىرىلەش يۆلىنىشىنى ئاپتوماتىك ئوڭشايدۇ، دەپ قارايدۇ.

بىراق «مۇلازىمەت مېخانىزمى» ئادەمنىڭ ماشىنا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، بەلكى ئىنسان مېڭىسى بىلەن

تېنىنىڭ ئىنسان ئارقىلىق باشقۇرۇلۇپ، ماشىنىغا ئوخشاش رول ئۇينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنساندىكى ئاپتوماتلاشقان بۇ «ئىجادچانلىق مېخانىزمى»نىڭ ھەرىكەتلىنىشى ئۈچۈن بىر نىشان بولۇشى كېرەك. پسىخولوگلار ئىنسان ئاۋۋال كۆڭلىدە مەلۇم بىر شەيئىنى تونۇشى كېرەك، ئاندىن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشسە بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. سىز قەلبىڭىزدە مەلۇم بىر شەيئىنى «كۆرەلىسىڭىز»، سىزنىڭ «ئىجادچانلىق مېخانىزمى»ڭىز ئاپتوماتىك ھالدا قوزغىلىپ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ. بۇ سىزنىڭ ئاڭلىق ھالدا تىرىشقىنىڭىزدىن ياكى «ئىرادە»ڭىز («كۈچلۈك ئىرادە»)دىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ.

شۇڭلاشقا، بىرەر ئىش قىلغاندا ھەددىدىن زىيادە تىرىشىپ كەتمەڭ ياكى كۈچلۈك ئىرادىڭىز بىلەنمۇ تەسىر كۆرسەتمەڭ، شۇنداقلا قىلغانلىرىم توغرىمۇ دەپ ھەددىدىن زىيادە گۇمانلىنىپمۇ يۈرمەڭ. ئۆزىڭىزنى ئەركىن-ئازادە تۇتۇڭ. بىرەر ئىشنى بەكلا زورۇقۇپ «قىلماڭ»، كۆڭلىڭىزدە ھەقىقىي يەتمەكچى بولغان نىشانىڭىزنى ئويلاڭ، ئاندىن بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىجادچان، مۇۋەپپەقىيەت مېخانىزمىڭىز ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن. يەتمەكچى بولغان نىشانلىرىڭىزنى ئويلاش ئارقىلىق ئاكتىپ روھىي ھالەتكە ئىگە بولىسىز. بىراق، سىز بۇنىڭلىق بىلەن تىرىشىشتىن ياكى خىزمەت قىلىشتىن توختاپ قالسىڭىز بولمايدۇ. تىرىشچانلىقىڭىز سىزنى ئەرزىمەس پسىخىك توقۇنۇشلارغا ئارىلاشتۇرماستىن، نىشانىڭىزغا قاراپ ئىلگىرىلىتىدۇ. بۇنداق پسىخىك توقۇنۇش مەلۇم بىر ئىشنى «قىلماقچى» ياكى «سىناپ باقماقچى» بولغاندا، كۆڭلىدە باشقا ئىشنى ئويلىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق پسىخىك ھالەتتە زېھنىڭىز چېچىلىپ كەتكەچكە، مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارمۇ بىر كۆڭۈلنى ئىككى يەرگە ئىشلەتمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ ئىككى خىل شەكلى

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ «ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى» ۋە «ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى» دەپ ئىككى خىل شەكلى بولىدۇ.

ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى: كىشىلەر تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ، كونا كۆزقاراش، تەپەككۇر ياكى پىلانلارنى يېڭىدىن بىرىكتۈرىدۇ. بۇخىل تەسەۋۋۇردا ھېچقانداق نەرسە ئىجاد قىلىنمايدۇ، پەقەت تەجرىبە، تەلىم - تەربىيە، كۆزىتىش قاتارلىق تۈرلۈك ماتېرىياللار ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدۇ. كەشپىياتچىلار بۇنداق قابىلىيەتنى دائىم پايدىلىنىدۇ. بىراق «تالانت ئىگىلىرى» بۇنىڭدىن مۇستەسنا، چۈنكى تالانت ئىگىلىرى ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمىغاندا ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلىنالايدۇ.

ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى: ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلانغاندا، ئىنسانلار چەكسىز ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى «ئىلھام» ۋە «ئاندىن بىلىش» كە ئېرىشىش قابىلىيىتى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بارلىق يېڭى ئۇسۇل - چارىلەر ۋە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەر ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئارقىلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلىدۇ. بۇ قابىلىيەت ئارقىلىق ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى «تەڭشەپ»، باشقىلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى بىلەن ئالاقە قىلالايدۇ.

ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئۆزلۈكىدىن قوزغىلىدۇ. ئەمدى بىز ئۇنىڭ قوزغىلىش ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىمىز. ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئېڭىمىز تېز سۈرئەت بىلەن ئىشلەۋاتقاندىلا، ئاندىن قوزغىلىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان كۈچلۈك ئارزۇ - ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە تۇرۇۋاتقان چاغلاردا قوزغىلىدۇ.

ئىنسانلار ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلانغاندىلا، ئۇلارنىڭ سەزگۈرلۈكىمۇ بۇنىڭغا ئۇيغۇن تاناسىپ بولىدۇ.

داڭلىق سودىگەرلەر، سانائەتچىلەر، مالىيە مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئۇلۇغ شائىر، يازغۇچى، مۇزىكانت، سەنئەتكارلارنىڭ داڭلىق بولالىشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلانغانلىقىدا.

ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىشلىتىلگەنسېرى خۇددى مۇسكۇللار ياكى بەدەن ئەزالىرى ئىشلىتىلگەنسېرى تەرەققىي قىلغانغا ئوخشاش تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ.

ئارزۇ - ئىستەك خىرە - شىرە بولغان ۋە ناھايىتى تېزلا يوقاپ كېتىدىغان بىرخىل ئوي - خىيال، بىرخىل قىزغىنلىقتىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرمىساق، ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. سىز ئارزۇ - ئىستىكىڭىزنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش جەريانىدا ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. بىراق، بەزى قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەندە، ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

## تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئارزۇ - ئىستەكنى بايلىققا ئايلاندۇرىدۇ

سىزنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزدىن پايدىلانمىغىلى ئۇزۇن يىل بولغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق سىز بۇ قابىلىيىتىڭىزنى ئىشلەتسىڭىزلا، ئۇ قايتىدىن جانلىنىپ تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇخىل قابىلىيەت ئىشلىتىلمەي قويۇپ قويۇلغىنى بىلەن ھەرگىزمۇ يوقاپ كەتمەيدۇ.

ھازىردىن باشلاپ دىققىتىڭىزنى ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرۈڭ. چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇخىل تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى سىزنىڭ ئارزۇ-ئىستەكنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش جەريانىڭىزدا كۆپرەك ئىشلىتىدىغان بىرخىل قابىلىيەتتۇر.

ئارزۇ-ئىستەكنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پىلان كېرەك بولىدۇ. بۇ پىلانلار تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئاساسىدا، بولۇپمۇ ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ.

ئۇسۇل-چارىلەر بارلىق بايلىقلارنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، كۆزقاراش تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ مەھسۇلى. ئەمدى بىز نۇرغۇن بايلىقلارنى ياراتقان ئۇسۇل-چارىلەرنى تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ باقايلى، بۇ مىساللاردىن سىز تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ قانداق شەكىل ئارقىلىق نۇرغۇن بايلىق يارىتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بەزىبىر توغرا ئۇچۇرلارغا ئېرىشىپ قالسىڭىز ئەجەب ئەمەس.

بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى، سەھرالىق پېشقەدەم بىر دوختۇر ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ شەھەرگە كېلىدۇ. ئۇ ئېتىنى باغلاپ قويغاندىن كېيىن، بىر دورىخانىنىڭ كەينى ئىشىكىدىن كىرىپ، دورا ساتقۇچى ياش بىلەن «باھا تالىشىش» قا باشلايدۇ.

پېشقەدەم دوختۇر بىلەن دورا ساتقۇچى پوكەينىڭ كەينىدە بىر سائەتتىن كۆپرەك تالاشقاندىن كېيىن، پېشقەدەم دوختۇر دورىخانىدىن چىقىدۇ. ئۇ ئات ھارۋىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، كونا پاسوندىكى چوگۈندىن بىرنى ۋە ياغاچ قوچۇغۇچ (چوگۈندىكى نەرسىلەرنى قوچۇشقا ئىشلىتىدىغان)تىن بىرنى ئېلىپ، دورىخانىنىڭ كەينى ئىشىكى ئالدىغا قويىدۇ.

دورا ساتقۇچى بۇ چوگۈننى سىنچىلاپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ، پېشقەدەم دوختۇرغا بېرىدۇ. بۇ پۇل دەل 500 دوللار بولۇپ، دورا ساتقۇچىنىڭ بار-يوق يىغقان پۇلىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىدى.

پېشقەدەم دوختۇر ئۇنىڭغا بىرتال باغاقچە بېرىدۇ. بۇ باغاقچىغا سىرلىق رېتسېپ يېزىلغانىدى. بۇ باغاقچىدىكى خەتلەر ئارقىلىق

بىر پادىشاھنىڭ جىنىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى. بىراق، بۇ دوختۇر ئۇچۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى. باغاقچىدىكى بۇ خەتلەر چۆگۈننى قايىنتىلايتتى، بىراق نۇرغۇن مال ـ دۇنيانىڭ ئۇنىڭدىن چوقۇم ئېقىپ چىقىدىغانلىقى دوختۇرغا ۋە دورا ساتقۇچى ياشقا نامەلۇم ئىدى.

پېشقەدەم دوختۇر بۇ سودىدا 500 دوللار تاپقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. دورا ساتقۇچىنىڭ بار ـ يوق يىغقان پۇلىنىڭ ھەممىسىگە بىر كونا چۆگۈن ۋە بىرتال باغاقچە سېتىۋالغانلىقى ناھايىتى چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلىق بولاتتى. دورا ساتقۇچى ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سالغان مەبلىغى ئارقىلىق ئاشۇ بىر چۆگۈندىن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئالاۋىدىنىڭ سېھىرلىك چىرىغىدىن كۆپرەك مال ـ دۇنياغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

دورا ساتقۇچىنىڭ پۇل خەجلەپ سېتىۋالغىنى ئەقىل ئىدى.

بۇ چۆگۈن دورا ساتقۇچى ياش سىرلىق رېتسېپىقا پېشقەدەم دوختۇرمۇ بىلمەيدىغان بىرخىل نەرسىنى قېتىشى بىلەن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان.

سىز ھېلىقى ياشنىڭ رېتسېپىقا نېمە قاتقانلىقىنى تاپالامسىز؟ قانداق نەرسە بۇ چۆگۈندىن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا پەيدا قىلغان؟ سىز ئوقۇۋاتقان بۇ ۋەقەلىك ھېكايە ـ چۆچەكلەردىنمۇ سىرلىق، ئەمما ھەقىقىي بولغان ئىش بولۇپ، ئەقىل ـ چارە شەكلىدە چۈشەندۈرۈلگەن.

ئەمدى بىز بۇ ئەقىلنىڭ قانچىلىك مال ـ دۇنيا ياراتقانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى. بۇ ئەقىل كىشىلەرنى بايلىققا ئېرىشتۈرۈپلا كەلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەر بۇ چۆگۈندىكى نەرسىلەرنى رېتسېپ بويىچە تەييارلاپ نەچچە مىليون ئادەمگە سېتىپ، يەنە نۇرغۇن مال ـ دۇنياغا ئېرىشتى.

بۇ كونا چۆگۈن ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شېكەر ئىستېمالچىسىغا ئايلىنىپ، شېكەر قومۇشى ئۆستۈرىدىغان، شېكەر

www.uyghurkitap.com

ئايرىيدىغان ۋە شېكەر ساتىدىغان نەچچە ئونمىڭلىغان كىشىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ كونا چۆگۈن ھەر يىلى نەچچە مىليون تال ئەينەك بوتۇلكىنى ئىشلىتىپ ئەينەك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلارنى نۇرغۇن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇ كونا چۆگۈن ئۆچۈن خىزمەت قىلىدىغان تىز خاتىرىلىگۈچىلەر، كۆچۈرۈپ يازغۇچىلار، ئېلان مۇتەخەسسىسلىرى مەملىكەتنىڭ ھەممىلا يېرىگە تارقالدى. شۇنداقلا مەھسۇلاتلارنى تەسۋىرلەيدىغان سەنئەتكارلارنىمۇ شان ـ شۆھرەتكە ۋە بايلىققا ئىگە قىلدى.

بۇ كونا چۆگۈن جەنۇبتىكى كىچىك بىر بازارنى سودا شەھىرىگە ئايلاندۇردى. ھازىر بۇنىڭ پايدىسىنى بىۋاسىتە كۆرۈۋاتقانلار مۇشۇ شەھەردىكى ھەر بىر كەسىپ ۋە ھەربىر پۇقرا.

بۇ ئەقىلنىڭ تەسىرى ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالدى. بۇ ئەقىل بىلەن ئۇچراشقانلارغا بايلىق سۇدەك ئاقتى.

چۆگۈن پەيدا قىلغان بايلىقلار بىلەن جەنۇبتا ئەڭ داڭلىق ئالىي مەكتەپ قۇرۇلۇپ، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ياشلارنى بۇيەردە مۇۋەپپەقىيەت مەشىقىنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ مەكتەپ ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

ئەگەر ئاشۇ كونا چۆگۈننىڭ مەھسۇلاتلىرى گەپ قىلالىغان بولسا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى ۋە كىتاب قىلىپ يېزىلىپ نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان بولاتتى. شۇنداقلا بۇ ھېكايىلەرنىڭ ئىچىدە رومانتىك مۇھەببەت، سودا ۋە بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغانلارنىڭ كۈرەش قىلىش تارىخى توغرىسىدىكى ئىشلار بولغان بولاتتى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە رومانتىك مۇھەببەت توغرىسىدا بىر ۋەقەنىڭ

بولغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن. چۈنكى مەن ئاشۇ ئىشنى باشتىن كەچۈرگەن. ھەممە ئىش دورا ساتقۇچى ھېلىقى كونا چۆگۈننى سېتىۋالغان جايدىن باشلانغان. بۇ جايدا مەن ئايالىم بىلەن تونۇشقان. ھېلىقى سېھىرلىك چۆگۈننىڭ ھېكايىسىنى ماڭا دەل ئايالىم ئېيتىپ بەرگەن. مەن ئۆزۈمنىڭ «ياخشى، يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر» ماڭا ياتلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلغان چاغدا، ئىككىمىز ئاشۇ چۆگۈننىڭ مەھسۇلاتىنى ئىچىۋاتاتتۇق.

سىز مەيلى كىم بولۇڭ ياكى قانداق يەردە بولۇڭ، قانداق كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماڭ، «كوكا كولا» دېگەن بۇ خەتنى كۆرگەندە، كوكا كولا شىركىتىنىڭ بارلىق بايلىق ۋە ھوقۇق-ئىمتىيازغا پەقەت بىر كۆزقاراش ئارقىلىق، يەنى دورا ساتقۇچى ياش ئاسا . گاندېلېرنىڭ سىرلىق رېتسېپىقا قاتقان سىرلىق تەركىب-تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئارقىلىق ئېرىشكەنلىكىنى ئېسىڭىزدە تۇتىسىڭىزلا بولىدۇ.

بۇ رېئاللىقنى ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ كىتابقا يېزىلغان بايلىققا ئېرىشىش توغرىسىدىكى قەدەم-باسقۇچلار دەل كوكا كولانىڭ تەسىر دائىرىسىنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى شەھەر-بازارلارغا، كەنتلەرگە ۋە ھەربىر دوقمۇشقىچە كېڭىيىشىدىكى ۋاسىتىسىدۇر. يەنە بىر نۇقتا ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزمۇ كوكا كولاغا ئوخشاش دۇنياغا داڭلىق ئىچىملىك ۋە ئۇلۇغ نەتىجە يارىتالايسىز.

## ئەگەر مەندە بىر مىليون دوللار بولسا

تۆۋەندىكى ھېكايە «ئىرادىلىكلەر مۇرادىغا يېتەلەيدۇ» دېگەن ماقالىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايىنى ماڭا چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر مائارىپچى، روھانىي، مەرھۇم فرانك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گانسولىس ئىيتىپ بەرگەندى. ئۇنىڭ دىن تارقىتىش ھاياتى چىكاگودىكى ئەشيا دۆۋىلەش مەيدانىدا باشلانغانىدى.

گانسولىس ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، مائارىپ تۈزۈلمىسىدىكى نۇرغۇن نۇقسانلارنى بايقايدۇ. ئۇ، مەن مەكتەپ مۇدىرى بولسام، بۇ ئەھۋاللارنى چوقۇم تۈزىتىمەن دەپ ئويلايدۇ.

ئۇ ئۆزى مەكتەپ قۇرۇش، ئەنئەنىۋى مائارىپ ئەندىزىسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق قارارىغا كېلىدۇ.

ئۇ بىر مىليون دوللار بولسا ئاندىن پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايتتى. بۇنچە كۆپ پۇلنى نەدىن تېپىشى كېرەك؟ ئىرادىلىك بۇ ياش مىسسىئونېرنىڭ كاللىسىدا پەقەت مۇشۇ سوئاللا بار ئىدى.

بىراق، ئۇ ھېچقانداق ئامال تاپالمايدۇ.

ئۇ ھەركۈنى مۇشۇ خىيال بىلەن ئۇخلاپ قالاتتى. شۇنداقلا ھەركۈنى ئەتىگىنى مۇشۇ خىيال بىلەن ئورنىدىن تۇراتتى. قەيەرگىلا بارمىسۇن، ئۇ بۇ خىيالنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتمەيتتى. ئۇ بۇ خىيالنى تاكى ئۇنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئارزۇ-ئىستەككە ئايلانغانغا قەدەر قايتا-قايتا ئويلايدۇ.

دوكتور گانسولىس مىسسىئونېر بولۇپلا قالماي، پەيلاسوپمۇ ئىدى. ئۇ باشقا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغا ئوخشاشلا، قەتئىي نىشانىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. شۇنداقلا ئۇ كۈچلۈك ئارزۇ-ئىستەك قەتئىي نىشانغا تىرەك بولغاندا، بۇ نىشانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىنىڭ ھاياتىي كۈچكە ۋە جۇشقۇنلۇققا تولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى ئۇ بىلەتتى. بىراق، بىر مىليون دوللارنى قەيەردىن تېپىشنى بىلمەيتتى. ئەگەر ئەھۋال ئاشۇ تەرىقىدە كېتىۋەرسە، كۆپ سانلىق كىشىلەر ئاخىرى: «ھەي، مېنىڭ تاپقان چارەم يامان ئەمەس ئىدى. بىراق قۇرۇق خىيال قىلغان بىلەن بىر ئىش تاك ئاتمايدىكەن. يەنە كېلىپ مەن بۇ بىر مىليون دوللارنى مەڭگۈ تاپالمايمەن»، دېيىشى مۇمكىن. بىراق

دوكتور گانسولېس ئۆنداق دېمەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرى ۋە قىلغانلىرى ناھايىتى مۇھىم. شۇڭا ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ بايانىنى ئاڭلاپ باقايلى: «بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن خانەمدە ئولتۇرۇپ، قانداق قىلسام پۇل يىغىپ پىلانىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇراتتىم. بۇنى ئويلاۋاتقىنىمغا ئىككى يىلچە بولغانىدى. بىراق ئويلاشتىن باشقا ھېچنېمە قىلالمىدىم.

ھەرىكەت قىلىدىغان پەيت كەلدى!

مەن بىر ھەپتە ئىچىدە كېرەكلىك بولغان بىر مىليون دوللارنى ھازىرلىماقچى بولدۇم. بۇ پۇلنى قانداق تېپىشنى ئانچە ئويلاپ كەتمىدىم. مۇھىمى شۇكى، مەن ھەپتە ئىچىدە بۇ پۇللارنى ھازىرلاپ بولۇش قارارىغا كەلگەندىن كېيىن، مەندە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل ئاجايىپ ئىشەنچ پەيدا بولدى. كۆڭلۈمگە قانداقتۇر بىرسى: ‹نېمىشقا بالدۇرراق بۇ قارارغا كەلمىگەنىدىڭ؟ بۇ پۇل سېنى ساقلاۋاتىدۇ!› دېگەندەك قىلاتتى.

ئىش شۇنداق تۇيۇقسىز بولدى. مەن گېزىتخانىغا تېلېفون بېرىپ، ئەتە «ئەگەر مەندە بىر مىليون دوللار بولسا، قانداق قىلاتتىم؟» دېگەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

مەن دەرھال نۇتۇققا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدىم. بىراق راستىنى ئېيتسام، بۇ نۇتۇققا تەييارلىق قىلىۋاتقىنىمغا ئىككى يىل بولغاچقا، نۇتۇققا تەييارلىق قىلىش تەسكە چۈشمىدى.

ئوتتۇرا كېچە بولماستىنلا، نۇتۇق ئورگىنالىنى يېزىپ بولدۇم. مەن ئىشەنچ بىلەن ئۇيقۇغا چۆمدۈم. چۈنكى مەن كاتىپىنىڭ بىر مىليون دوللارنىڭ چېكىنى ئېلىپ مېنىڭ يېنىمغا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولغانىدىم.

ئەتىسى مەن ئورنۇمدىن سەھەر تۇرۇپ، مۇنچىغا كىرىپ نۇتۇق ئورگىنالىنى ئۈنلۈك ئوقۇدۇم. ئاندىن نۇتقۇمنىڭ بىرقىسىم كىشىلەرنى جەلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ مېنى كېرەكلىك پۇل بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قوللىشىنى تىلىدىم.

دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقىنىمدا، مەندە ھېلىقىدەك ئىشەنچ تۇيغۇسى يەنە پەيدا بولۇپ، ھېلىقى پۇلغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەندىم. ھاياجانلانغىنىمدىن ئورىگىنالىنىمۇ ئالماي مۇنچىدىن چىقتىم، مۇنبەرگە چىقىپ نۇتۇق سۆزلەيدىغان چېغىمدىلا، ئاندىن نۇتۇق ئورىگىنالىنى ئالماي كەلگەنلىكىم ئېسىمگە كەلدى.

قايتىپ بېرىپ ئورىگىنالىنى ئەكىلەي دېسەم ئۈلگۈرەلمەيتتىم. مەن نۇتۇق ئورىگىنالىنى ئەكىلىشكە بارمىدىم، چۈنكى يوشۇرۇن ئېڭىم ماڭا نۇتۇققا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بەرگەنىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن نۇتۇق سۆزلەشكە كىرىشتىم. مەن تاماشىبىنلارغا سۆزلىمەستىن، ئۆزۈمنى تەڭرى ئالدىدىمۇ سۆزلەۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلدىم. مەن بىر مىليون دوللار پۇلۇم بولسا قانداق ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىمنى سۆزلىدىم. شۇنداقلا چوڭ بىر مائارىپ ئاپپاراتى قۇرۇپ، ياشلارنى بۇ يەردە ئەمەلىي بىلىم ئۆگىنەلەيدىغان ۋە ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىش پىلانىمنى سۆزلەپ بەردىم.

نۇتۇقنى سۆزلەپ بولۇپ ئولتۇردۇم. ئالدىدىكى ئۈچىنچى رەتتە ئولتۇرغان بىر ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇنبەرگە قاراپ كەلدى. مەن بۇ ئەرنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدىم. ئۇ مۇنبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، قولىنى چىقىرىپ تۇرۇپ: «ھۆرمەتلىك ئەپەندى، نۇتقىڭىزنى ياقتۇردۇم. ئەگەر سىزدە بىر مىليون دوللار بولسا، دېگەن ھەممە ئىشلىرىڭىزنى قىلالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشىنىدىغانلىقىمنى ۋە نۇتقىڭىزغا بولغان ئىشەنچىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئەتە ئەتىگەن ئىشخانامغا بېرىڭ، مەن سىزگە بىر مىليون دوللار بېرىمەن. مېنىڭ ئىسمىم فىلىپ. يارمۇ»، دېدى.

ياش گانسولىس يارمۇ ئەپەندىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ بىر مىليون دوللارنى ئالدى. ئۇ بۇ پۇلغا يارمۇ تەبىئىي پەن ۋە سانائەت

پەنلىرى ئىنىستىتوتىنى، يەنى هازىرقى ئىلىنوئىس تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنىستىتۇتىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

ئۇ بىر مىليون دوللارغا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا ئېرىشتى. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىككى يىلغىچە كۈچلۈك ئارزۇ - ئىستەكنى يېتىلدۈرگەنىدى.

بۇ مۇھىم پاكىتنى ئېنىق كۆرۈڭ: ئۇ بىر مىليون دوللارغا ئېرىشىشنى نىيەت قىلىپ، بۇ پۇلغا ئېرىشىشنىڭ كونكرېت پىلانىنى تۈزۈپ، 36 سائەت ئىچىدە بۇ پۇلغا ئېرىشكەن.

تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، گانسولېسنىڭ بىر مىليون دوللارغا ئېرىشىشتىكى پرىنسىپى هازىرمۇ كارغا كېلىدۇ. بۇ پرىنسىپتىن سىزمۇ پايدىلىنالايسىز. دۇنيانىڭ هەممىلا يېرىگە باب كېلىدىغان بۇ پرىنسىپ هازىرمۇ ئەينى ۋاقىتتا ياش مىسسىئونېر گانسولېس ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا پايدىلانغىنىغا ئوخشاش ئۈنۈملۈك ۋە كارغا كېلىدۇ.

## كۆزقاراشنى پۇلغا ئايلاندۇرۇش

گاندرلىر بىلەن گانسولېسنىڭ ئورتاقلىقىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار كۆزقاراشقا ئېنىق پىلانىنى قوشۇپ ۋە قەتئىي ئىشەنچىنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىپ، كۆزقاراشنى پۇلغا ئايلاندۇرغان. بۇ ئېنىق پاكىتنى ئۇلار ئىككىلىسى بىلىدۇ.

ئەگەر سىزمۇ بەزى كىشىلەرگە ئوخشاش جاپالىق ئىشلىگەندە ۋە سەمىمىي بولغاندىلا بايلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن بولسىڭىز، ئەمدى ئۇنداق ئويلىماڭ. چۈنكى، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس. بايلىققا تىرىشىپ ئىشلەش بىلەنلا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بايلىققا ئېنىق ئېھتىياجغا ئاساسەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. تەلەي ياكى پۇرسەتكە تايانغان بىلەنلا بولمايدۇ. چوقۇم ئەمەلىي

پرىنسىپ ـ قائىدىلەرنى قوللانغاندا، ئاندىن بولىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، كۆزقاراش ھەرىكەتكە تۈرتكە بولىدىغان غەيرەت ـ شىجائەت بولۇپ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىدۇ. ئۇستا تىجارەتچىلەر تاۋار سېتىلمىغان جايدا ئەقىل ئىشلىتىپ تاۋارنى ساتقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئاددىيلا تىجارەتچىلەر بۇنى بىلمەيدۇ، بۇ دەل ئۇلارنىڭ «ئاددىيلىقى» بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەبتۇر.

بىر ئاددىي مۇقاۋىلىق كىتاب سودىگىرى مۇھىم بىر ئىشنى بايقايدۇ. بۇنىڭ بارلىق نەشرىياتچىلار ئۈچۈن قىممىتى ناھايىتى زور ئىدى. ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىتابنى مەزمۇنىغا قاراپ ئەمەس، ئۇنىڭ ئىسمىغا قاراپ ئالىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بازىرى كاسات كىتابلارنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتمەي، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتكەندە، كىتابتىن بىر مىليون پارچىدىن كۆپ سېتىلغان. ئۇ سېتىلمىغان كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىنى يىرتىۋېتىپ، كىتابنى باشقا بىر نامدا «پايدا بېرىدىغان» مۇقاۋىغا ئۆزگەرتىپ ساتقان، خالاس.

بۇ كۆزقاراش ناھايىتى ئاددىي، بىراق بۇ كەم ـ كۆتىسىزكى، بىر ئەقىلدۇر. بۇ ئەقىل دەل تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدۇر.

كۆزقاراشنى باشقىلار بەلگىلەپ بەرمەيدۇ. ئەقىل ـ چارە تاپىدىغانلار باھانى ئۆزى بېكىتەلەيدۇ. ئەگەر ئۇلار ئەقىللىق بولسا، ئاشۇ پۇلغا ئېرىشەلەيدۇ.

نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشكەنلىك توغرىسىدىكى ھېكايىلەر كۆزقاراشنىڭ ئىجادچىلىرى ۋە ئۇلارنى پۇلغا قويغۇچىلارنىڭ ئۆچرىشىشىدىن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوبدان ھەمكارلاشقان كۈنىدىن باشلانغان. كارىنگىنىڭ ئەتراپىدا چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئادەم بولۇپ، ئۇلار چارە ـ تەدبىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى، باشقىلار قىلالمىغاننى ئۇلار قىلالايتتى. كارىنگىنىڭ بۇ ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىشى ئۆزىنىمۇ ۋە ئۇلارنىمۇ بېيىتىش ئىدى.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بىر ئۆمۈر ئارزۇ ـ ئىستەكلەر بىلەن

پايدىلىق «ئۆزگىرىش» نى كۆتىدۇ. پايدىلىق ئۆزگىرىش بىر ئادەمگە پۇرسەت ئاتا قىلىشى مۇمكىن. بىراق ئەڭ بىخەتەر پىلان «تەلەي» گە تايانمايدۇ. ماڭا ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ پۇرسەتنى ئاتا قىلغان پايدىلىق «ئۆزگىرىش» نىڭ تۆھپىسى چوڭ، بىراق بۇ «ئۆزگىرىش» بايلىققا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى، مەن بۇ پۇرسەت ئۈچۈن 25 يىل بوشاشماي تىرىشقانىدىم.

بۇ «ئۆزگىرىش» مېنى كارنېگ بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ۋە ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلدى. ئاشۇ پۇرسەتتە كارنېگ مېنىڭ قەلبىمگە بىر كۆزقاراشنىڭ ئۇرۇقىنى تىكتى ۋە مېنى مۇۋەپپەقىيەت پرىنسىپلىرىنى يىغىنچاقلاپ، مۇۋەپپەقىيەت پەلسەپىسىنى شەكىللەندۈرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشەندۈردى. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشى مېنىڭ بۇ 25 يىللىق مېھنەتلىك تەتقىقاتىمدىن مەنپەئەت ئالدى، بۇخىل پەلسەپىنى قوللىنىپ نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشتى. باشلاش نۇقتامىنىڭ ئانچە يۇقىرى ئەمەسلىكىنى ۋە بىر ئەقىل - چارىگىلا تايانغانلىقىمنى ھەممىلا ئادەم ئويلاپ يېتەلىشى مۇمكىن.

پايدىلىق ئۆزگىرىشقۇ كارنېگدىن كەلدى، ئىرادە، ئېنىق نىشان، نىشانغا يېتىشكە بولغان ئارزۇ - ئىستەك ۋە بوشاشماي تىرىشىشلار قەيەردىن كەلدى؟ بۇخىل ئارزۇ - ئىستەك ئادەتتىكى ئارزۇ - ئىستەك ئەمەس. بۇ، مەغلۇبىيەتكە، تەنقىد - زەربىگە، بىر مەزگىللىك ئۈمىدسىزلىككە ۋە قايتا - قايتا كەلگەن ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ئۆتەڭ ئارزۇ - ئىستەكتۇر، كۆپ بويى خىيالىڭىزدىن نېرى بولمايدىغان بىر خىل ئېتىقادتۇر.

كارنېگ قەلبىمگە مۇشۇ كۆزقاراشنىڭ ئۇرۇقىنى تىككەندىن باشلاپ، بۇ كۆزقاراش قەلبىمدە ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ، ئىلھامغا ۋە تەسەللىگە ئېرىشىپلا كەلدى. شۇڭلاشقا بۇ كۆزقاراش قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قېلىش ئۆياقتا تۇرسۇن، ئاكتىپ ۋە جانلىق بولۇپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

ئاستا ـ ئاستا بۇ كۆزقاراش ساغلام ئۆسۈپ، كۈچى زورىيىپ مېنى تىزگىنلەيدىغان دەرىجىگە باردى. كۆزقاراش ئەنە شۇنداقتۇر، دەسلەپتە سىز كۆزقاراشقا ھەرىكەت ۋە ھاياتلىق ئاتا قىلىسىز، كېيىن ئۇ ئۆزلۈكىدىن كۈچىيىپ، تۇسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

كۆزقاراش كۆرۈنمەس قۇدرەتتۇر، ئۇنىڭ قۇدرىتى ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلغان ئىنسان جىسمى ۋە مېڭىسىدىنمۇ كۈچلۈكتۇر. كۆزقاراشنى ياراتقان ئىنسان جىسمى ۋە مېڭىسى تۇپراققا كۆمۈلگەندىن كېيىنمۇ، كۆزقاراش يەنىلا ئۆزلۈكىدىن تەرەققىي قىلىپ ئۆز ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

## تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى روھنىڭ خىزمەت سورۇنىدۇر

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى روھنىڭ خىزمەت سورۇنىدۇر، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتنىڭ «يادرو رېئاكسىيە قازىنى» دۇر. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى سىزگە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان بىر نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا دۇنيادىكى نۇرغۇن شەيئىلەرنى يېڭىچە قىياپەتتە سىزگە نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بىراق تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولغان بىلەنلا بولمايدۇ، سىز يەنە قەتئىي ئىشەنچ بىلەن نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىز كېرەك. ھەرىكەتنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا نوربېرت ۋىل ئىلىم ـ پەندىكى ئىجادىيەت جەريانىنى مىسال كەلتۈرۈپ تۇرۇپ: «ئالىملار جاۋابى قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشقا كىرىشكەندە، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى تۈپتىن ئۆزگىرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئەمەلىيەتتە جاۋابنىڭ يېرىمىنى تېپىپ بولغان بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇڭلاشقا، كاللىمىزدا مۇۋەپپەقىيەت توغرىسىدىكى ئىجادىي پىكىر بار بولغان چاغدا، مۇۋەپپەقىيەتنىڭ مەلۇم جايدا بارلىقىغا ئىشەنسەك بولىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ پۈرسەتنى تۇتۇشتا ماھىر بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئۆزلۈكسىز تەپەككۇر قىلىپ تۇرغاندا كاللىمىز ئۆتكۈرلىشىدۇ. ھورۇنلۇق قىلساق كاللىمىز گاللىشىدۇ. قانۇنىيەتلىك ھەرىكەت قىلغاندىلا، بەدەننىڭ ساغلاملىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولغاندەك، مېڭىنى دائىم چېنىقتۇرۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. سىزنىڭ ئۆزىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىڭىزدا مېڭىڭىزنى قوزغىتىش ۋە مەشىق قىلدۇرۇش پىلانىمۇ بولۇش كېرەك. كىتاب-ماتېرىيال ئوقۇش تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە كۆزىتىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى. سىز بىرەر نەرسە ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىكى يېزىق قەلبىڭىزدە تەسەۋۋۇرغا ئايلىنىپ، كىتاب-ماتېرىياللاردىكى كۆزقاراشنى ئوڭايلا چۈشىنىۋالالايسىز. سىز «ئاچكۆز» بىر ئوقۇرمەن بولۇشىڭىز كېرەك. سىز گېزىت-ژۇرنال ۋە ئۆزىڭىزنى ياخشىلايدىغان كىتاب-رومانلارنى ئوقۇش ئارقىلىق بىلىمىڭىزنى ئاشۇرالايسىز، كۆزىتىش قابىلىيىتىڭىزنى يېتىلدۈرەلەيسىز ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزدىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنالايسىز.

قەلب خۇددى پاراشۇتقا ئوخشاش بولۇپ، ئېچىلغاندىلا ئاندىن رولى بولىدۇ. سىز كۆڭۈل-كۆكسىڭىزنى كەڭ ئېچىپ مەلۇم بىر ئىشنىڭ قانداقلىقىغا باھا بەرگەندە، تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىشىڭىز ۋە شەخسىي ھېسسىياتىڭىز، بىر تەرەپلىمە قارىشىڭىزنىڭ ھۆكۈم قىلىشىڭىزغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلىنىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا سىز باشقىلار سەل قارىغان پاكىتلارنى ئېنىق كۆرەلەيسىز. كۆزقاراش ياكى نەزەر دائىرىنىڭ تارلىقى سىزنى ھاياتىڭىزدىكى نۇرغۇن ياخشى پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ.

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنىڭ پاكىتقا خىلاپ ئىش قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى ياكى پاكىتنى بۇرمىلاپ ئۆز سەنىمىڭىزگە

www.uyghurkitap.com

دەسسەۋاتقانلىقىڭىزنى بايقىغاندا، ئۆزىڭىزدىن: «مەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايمەن؟ ئەقىل - ھوشۇم جايىدىمۇ - ئەمەسمۇ؟ ھېسسىياتىم كاللامنى قايمۇقتۇرۇپ قويدىمۇ، يوق؟» دەپ سورىسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىگە نامۇۋاپىق بىر قارارنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئېغىر خاتالىق بولىدۇ. باشقىلارنى ئالداش ياخشى ئەمەس، بىراق ئۆزىڭىزنى ئالدىسىڭىز تۈگىمەس بالا - قازاغا مۇپتىلا بولىسىز.

## تەلۋىلەرچە ئوي - پىكىرنى بوغماسلىق كېرەك

تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى سالغان كىشەندۇر.

ئىلھامىڭىز قوزغىلىپ، كاللىڭىزدا بەزى ئوي - پىكىرلەر پەيدا بولغاندا، يېنىكلىك بىلەن ئۇلارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەڭ: چۈنكى بۇ ئوي - پىكىرلەر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە قارىماققا ناھايىتى تەلۋىلەرچە كۆرۈنسىمۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن يىراقنى كۆرەلىگەنلىكىگە ئىگە ئوي - پىكىر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر سىز كارخانىلارنىڭ پىلان تۈزىدىغان ياكى تەدبىر بەلگىلەيدىغان ئورۇنلىرىدا ئىشلىسىڭىز ھەر بىرەيلەننى تۈرلۈك ئوي - پىكىرلەرنى بايان قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇشىڭىز كېرەك. شۇنداقلا بۇ باسقۇچتا ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئوي - پىكىرلىرىگە بەك قاتتىق تەگەپ قويماسلىقىڭىز ياكى بۇ ئوي - پىكىرلەرنى بەك ئىنچىكە تەھلىل قىلماسلىقىڭىز كېرەك. ھەر بىر ئوي - پىكىر ياخشى چارىدۇر. بۇ ئوي - پىكىرلەرنى يىغىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۈچۈرلاردىن پايدىلانغاندا، ئەڭ ياخشى ئوي - پىكىر پەيدا بولىدۇ ۋە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىشلىتىلىدۇ.

چۈشكۈن كىشىلەر مەڭگۈ خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيدۇ ۋە

ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئۇلارغا مەغلۇبىيەت ۋە پەرىشانلىق ھەمراھ بولۇپلا يۈرىدۇ.

سىز رەزىللىكنىڭ ئاقلىغۇچىسى بولۇپ، ياخشى ئوي-پىكىرلەرگە زەربە بېرىشتىن خۇشاللىق تېپىشىڭىز مۇمكىن، بىراق سەلبىي ئوي-پىكىر ھامان سەلبىي ئاقىۋەتنى پەيدا قىلىدۇ. سىزنىڭ ئاكتىپ ئىدىيىڭىز سىزنى ئاكتىپ ئوي-پىكىرلەرنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ؛ سىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرىڭىز سەلبىي، ئۈمىدسىز بولسا، ئۇ سىزنى سەلبىي نەتىجىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ھەربىر ئىنساننىڭ مېڭىسى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى قوزغىتىدىغان سورۇندۇر.

ئىدىيىنىڭ يەتكۈزۈش جەريانىنى ئېلىم-پەن مەيلى قانداقلا چۈشەندۈرمىسۇن، مۇنداق بىر ئىش ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ سىز باشقىلارنىڭ ئوي-پىكىرىنىڭ كۈچىدىن پايدىلانماقچى بولىدىكەنسىز، روھىي ھالىتىڭىزنى تەڭشەپ، باشقىلارنىڭ ئوي-پىكىرىنى قوبۇل قىلىشىڭىز كېرەك. «كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش» روھىي ھالەتنى تەڭشەش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق سىز باشقىلارنىڭ قىممىتى بار ئوي-پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلالايسىز. سىز باشقىلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىغاندا ئۆزىڭىزنىڭ كۆزقاراشلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، زەن قويۇپ ئاڭلاڭ، تەنقىد قىلماڭ، شۇنداقلا دىققىتىڭىزنى سۆزلىگۈچىگە ئەمەس، مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئۇچۇرغا قارىتىڭ ۋە سۆزلىگۈچى دەۋاتقان كۆزقاراشلارنى چۈشىنىڭ. مېڭىڭىزنى باشقىلار دائىم سەلقارايدىغان ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ۋە ئۇلارنى قوبۇل قىلالايدىغان قىلىپ مەشىق قىلدۇرۇڭ، چۈنكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئىبارەت بۇ «قوبۇللىغۇچ» توغرا چاستوتىغا تەڭشەلمىگەن.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتى باشقىلارنى تەنقىددىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورقمايدىغانلار جارى قىلدۇرالايدىغان قابىلىيەت بولۇپ، زامانىمىز مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۈرچىنى ئۈستىگە ئالغان. ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بىزنى ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىكى ئىلغار ئىدىيە ۋە پەن ـ تېخنىكىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردە يېڭى كۆزقاراشقا ئىگە بولۇشىغا ۋە ئۇلارنى تەجرىبە قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ھەمىشە تېخىمۇ ياخشى ھەرىكەت ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئۆزىگە تېخىمۇ ئالغا بېسىش تەلىپىنى قويىدىغانلارغا مەنسۇپ، چۈنكى ئىجادچانلىق قابىلىيىتى سەككىز سائەتلىك خىزمەت ۋاقتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. شۇنداقلا پۇل بىلەنمۇ مۇناسىۋەتسىز. ئۇنىڭ نىشانى، قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشتۇر.

## تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى ئىرىلدۇرۇڭ

قەدىمدىن تارتىپلا ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قىلالىغانلىكى نەرسىنى ئىجاد قىلىپ كەلدى. ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن ئوبدان پايدىلانغانلىقتىن، 50نەچچە يىلدىن بېرى ئىنسانىيەت ياراتقان «مۆجىزە»لەر بۇرۇنقىلارنىڭكىدىن تېخىمۇ مول ۋە ئۇلۇغ بولدى.

ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ، ھەتتا يەرشارىدىن نەچچە مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇياشنى تەھلىل قىلىپ ئۇنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېسابلاپ چىقتى، ئۇنىڭدىكى ئېلېمېنتلارنى ئېنىقلىدى. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولغاچقىلا، ئىنسانلار ئاۋازدىن تېز سۈرئەتتە ساياھەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بۇلار ھازىر ھەممىلا ئادەم بىلىدىغان ئادەتتىكى ساۋات بولۇپ قالدى.

ھەممىگە قادىر ئىنسانلار ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن زادى قايسى دەرىجىگىچە پايدىلىنالايدۇ؟ ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي

پايدىلىنالامدۇ-يوق؟ ھازىرغا قەدەر ئىنسانلار تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ ئاران 10 مىليوندىن بىرىدىن پايدىلىنالىدى. بىز ئىنسانلار ئۆزىمىزنىڭ مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىمىزنى بايقاپ، ئۇنىڭدىن ئەمدى پايدىلىنىشقا باشلىدۇق.

ئەگەر تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرمىسىڭىز، ئۇ ئاستا-ئاستا ئاجىزلىشىدۇ. ئەگەر تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىز ئاجىزلاشقان بولسا، ئۇنى تىرىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ زور قۇدرىتىنى تېخىمۇ كۆپرەك جارى قىلدۇرۇشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى ئۇزۇنغىچە ئىشلەتمەي ئاجىزلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۈمىدسىزلەنمەڭ. چۈنكى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى پۈتۈنلەي قۇرۇپ يوقاپ كەتمەيدۇ.

ھازىرچە زېھنىڭىزنى يىغىپ، ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنىڭ ئاستا-ئاستا تىرىلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلىڭ. چۈنكى كۆرۈنمەس ئارزۇ-ئىستىكىڭىزنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزدىن پايدىلىنىشىڭىز كېرەك.

شۇڭلاشقا، بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، ئىجادىي پىكىرلىرىڭىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان پىلانلارنى تۈزۈڭ. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، پىلانلارنى قەغەزگە ئېنىق قىلىپ يازغاندا، ئىجادىي پىكىرلەر تەدرىجىي ھالدا كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىجادىي ئوي-پىكىرلەرنى پىلان تەرىقىسىدە يېزىپ چىقىش تەپەككۇرنى پۇل ۋە بايلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ تۇنجى قەدىمى.

ئەگەر سىز رەڭگارەڭ، ئۆزگىرىشچان بۇ دۇنيادا بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى ھەرگىزمۇ «قۇرۇق خىيالچى» دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ بوز يەر

ئېچىش روھىدىن ئۆگىنىڭ، بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ ئارزۇ-ئىستىكى بولغاچقىلا، بوگۈنكىدەك ئولۇغ ماددىي مەدەنىيەتلەر بارلىققا كەلگەن. ئۇنتۇپ قالماڭكى، روھنى ھاياتىي كۈچكە ئايلاندۇرىدىغان مەنبە بولغاچقىلا، بىزدە ھازىرقىدەك ئىقتىدار، قابىلىيەتلەر يېتىلگەن. ھورۇن، قورقۇنچاق تەنقىدچىلەرنىڭ يېڭى دۇنيانى يارىتىشى پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ ئېنىق نىشان ئۇچۇن تۆھپە قوشۇشى ۋە تەسەۋۋۇر نەتىجىسىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۇچۇن سىز تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى قوزغىتىشىڭىز كېرەك.

# ئالتىنچى باب

# يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ئىجادىي پىكىرنىڭ پىلتىسى

ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز ئەقىل - پاراسىتى بىلەن كائىناتتىكى چەكسىز ئەقىل - پاراسەت ئوتتۇرىسىدىكى بىۋاسىتە كۆۋرۈك بولۇپ، بۇ خىل ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى دەل يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر قابىلىيىتىدۇر.

ئۇلۇغ سەنئەتكارلار، ئەدىبلەر، مۇزىكانتلار ۋە شائىرلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ بولالىغانكى، ئۇلار ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ، «قەلبتىن چىققان سادا» غا قۇلاق سالىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن.

بىرەر مەسىلىنى ئۇزاققىچە ئويلىنىپمۇ ھەل قىلغىلى بولمىغاندا، بەزىدە بىراۋنىڭ بىرەر ئېغىز گېپى، بىرەر ماقالە ياكى بىرەر مەنزىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، مەسىلىنى ئوڭايلا ھەل قىلىمىز. بۇ خۇددى: «بىر كېچىدىلا باھار كېلىپ، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارنىڭ چېچەكلىشى» گە ئوخشايدۇ. مانا بۇ كىشىلەر دەۋاتقان ئىلھامدۇر.

ئىلھام قانداقتۇر سىرلىق نەرسە ئەمەس. ئىدىيە ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەت ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلىشىدۇ ۋە جىددىيلىشىدۇ. بۇ چاغدا ئويلىنىۋاتقان مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولغان بولۇپ، بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆچرىسىلا يېڭى ئوي - پىكىر پەيدا بولىدۇ. بۇ ئوي - پىكىر ئىلھامدۇر.

## كاللىنى بىر ئىشلىتىپ ئەقىل تاپماقنىڭ مەنبەسى

بىرەر ئوي - پىكىر كاللىمىزدا پەيدا بولسا، بىز ئۇنى «كاللىنى بىر ئىشلىتىپ ئەقىل تاپماق» دەيمىز. بىراق بۇ «كاللىنى بىر ئىشلىتىپ ئەقىل تاپماق» لار تۆۋەندىكى بىر ياكى بىر قانچە مەنبەدىن كېلىدۇ.

1. چەكسىز ئەقىل - پاراسەت.

2. سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ تەسىراتلىرى ساقلىنىدىغان يوشۇرۇن ئاڭ. بۇنىڭ ئىچىدە خالىغان بەش ئەزا

سەزگۈلىرىنىڭ مېڭىگىچە بارىدىغان تەپەككۇرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يىغىلغان

3. بىراۋنىڭ ئاڭلىق ئوي - پىكرىدىن پەيدا بولغان كۆزقاراش ياكى سۈرەت.

4. بىراۋنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ خەزىنىسى.

بۇلاردىن باشقا، «ئىلھام» نى پەيدا قىلىدىغان ياكى «كاللا ئىشلىتىش» ئارقىلىق ئېرىشىدىغان ئوي - پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ باشقا مەنبەسى يوق.

مېڭە پائالىيىتى يۇقىرىدىكى بىر ياكى بىرقانچە مەنبەنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرىغاندا، ئادەمنىڭ تەپەككۇر سەۋىيىسى ئادەتتىكىدىن يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شۇنداقلا ئادەم ئادەتتە خىزمەت ۋە باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا كۆرۈلۈپ باقمىغان كەڭ نەزەر بىلەن يىراققا نەزەر تاشلايدۇ.

ئىنسان مېڭىسى ھەرقانداق بىرخىل شەكىلدىكى غىدىقلىنىشقا ئۇچرىسا، ئىنسان خۇددى ئايروپىلانغا چىققاندەك

ئادەتتە كۆرۈش دائىرىسىنىڭ چەكلىمىلىكلىكى تۈپەيلى كۆرەلمىگەن نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ. ئېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئىنسان تەپەككۇر سەۋىيىسىنىڭ بۇ خىل يۈكسەكلىكىدە تۇرغاندا ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ياشاش ئېھتىياجىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ (ئىنسان يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، ئولتۇراق جاي ئۇچۇن تىرىشقاندا نەزەر دائىرىسى چەكلىنىپ قېلىپ، تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ). ئۇ، ئايروپىلانغا چىقىپ يىراققا نەزەر سېلىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش بولۇپ، كۆرۈش دائىرىسىنى توسۇپ تۇرغان تاغ ـ جىلغىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئۇنىڭ كەينىدىكى مەنزىرىلەرنى كۆرگەنگە ئوخشاش ئادەتتىكى پارچە ـ پۇرات ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولماستىن، بەلكى بولۇتلارنى يېرىپ قۇياشنى كۆرەلەيدىغان ئىدىيە مەنزىلىدە تۇرغان بولىدۇ.

تەپەككۇر سەۋىيىسىنىڭ بۇخىل يۈكسەكلىكىدە تۇرغاندا، قەلبىتىكى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ھەرىكەت ئەركىنلىكى بېرىلىدۇ. 6 ـ سەزگۈنىڭ رولىنىڭ جارى بولۇشىدىكى توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. باشقا ھەرقانداق ئەھۋالدا تېگىشكە بولمايدىغان كۆزقاراشلار ئاسان ھېس قىلغىلى بولىدىغان ۋە قوبۇل قىلغىلى، ئېرىشكىلى بولىدىغان كۆزقاراشلارغا ئايلىنىدۇ. «6 ـ سەزگۇ» نىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى تالانتلىقلار بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ پەرقىدۇر.

## ئىلھام مەسلە ھەل قىلىشتىكى مەخپىي رىتسىپ

«كاللىدا تۇيۇقسىز ناھايىتى ياخشى بىر ئىجادىي پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشى»، «كاللىنى بىر ئىشلىتىپلا مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان بىر چارىنى تېپىش» قاتارلىقلار بىر ئادەم قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ ھەل قىلالمىغاندا يۈز بېرىدىغان ئەھۋالدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئوي ـ خىيال ۋە ئىجادىي پىكىرلەر دائىم تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ.

ئىنسان غەرەز ئاڭقارغىدەك بولغاندىن تارتىپ نۇرغۇنلىغان، تۈرلۈك مەسىلىلەرگىنە، كىچىك دېسە شەخسىنىڭ، ئائىلىنىڭ مەسىلىلىرىگە، چوڭ دېسە جەمئىيەتنىڭ، دۆلەتنىڭ مەسىلىلىرىگە، ھەتتا تارىخنىڭ، بىر دەۋرنىڭ مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىدۇ.

«دەرسلىك كىتابلاردىن جاۋابىنى تاپقىلى بولىدىغان ھەرقانداق بىر سوئال مەسىلە ھېسابلانمايدۇ». بۇ جۈملىنىڭ ئاساسى مەنىسى مۇنداق: ھەرقانداق مەسىلىنىڭ ھەل بولۇش ۋاقتى بولىدۇ. ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ جاۋابىنى تىرىشىپ ئىزلەشنى خالاش ـ خالىماسلىقىڭىزدا.

بەزى بىلەرمەنلەر تالانتلىقلارنى «ئۇزۇن چاچ قويىدىغان، غەلىتە تاماقلارنى يەيدىغان، تەنھا تۇرىدىغان ۋە چاقچاقلارنىڭ مازاق قىلىش ئوبيېكتلىرى» دەپ قارايدۇ. بىراق تالانتلىقلار توغرىسىدىكى ياخشىراق تەبىر مۇنداق بولۇشى كېرەك: «تالانتلىقلار ئۇسۇل ـ چارىلەرنى تاپالايدىغان، تەپەككۇر قابىلىيىتىنى قانداق كۈچەيتىشنى بىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزگىچە بىلىملەر بىلەن ئەركىن ـ ئازادە ھەپىلىشەلەيدۇ».

ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىدىغانلار بىردىنبىر سوئاللارنى سوراپ، تالانتلىقلارنىڭ تەبىرىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلارنىڭ سورايدىغان 1 ـ سوئالى: «قانداق قىلغاندا ئادەتتىكى تەپەككۇرغا چېتىلمايدىغان بىلىم مەنبەلىرى بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ؟ 2 ـ سوئالى: «تالانتلىقلارلا ئۇچرىشالايدىغان بىلىم مەنبەلىرىنىڭ ئىچىدە مەلۇم بولغانلىرى بارمۇ، يوق؟ ئەگەر بار بولسا، بۇ بىلىم مەنبەلىرى نېمە؟ قانداق قىلغاندا بۇ بىلىم مەنبەلىرى بىلەن ئۇچراشقىلى بولىدۇ؟»

6 ـ سەزگۈنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئىسپاتلىنىپ بولدى. بۇ 6 ـ سەزگۈ ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدۇر. بۇ قابىلىيەتنى كۆپ

سانلىق كىشىلەر ئۆمۈرۋايەت ئىشلەتمەيدۇ، ئىشلەتتى دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىقتىن بولغان بولىدۇ. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا 6 - سەزگۈسىنى پىلانلىق، مەقسەتلىك ھالدا ئىشلىتىدىغانلار بەك ئاز. بۇ قابىلىيەتنى ئۆزلۈكىدىن ئىشلىتەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ رولىنى پىششىق بىلىدىغانلار تالانتلىقلار بولىدۇ.

دىندا ئېيتىلىدىغان تۈرلۈك ۋەھىيلەر، كەشپىيات ساھەسىدىكى تۈرلۈك ئاساسى قانۇنىيەت، يېڭى پرىنسىپ - قائىدىلەرنىڭ ھەممىسى ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئاندىن بايقالغان.

ئىلىم - پەن تەرەققىي تاپقان، ماددىي مەدەنىيلىك دەۋرىدە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭى ئۇسۇلغا تايىنىپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزى مەسىلىلەر قارىماققا بىر خىلدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئوخشىشىدىغان مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، مەيلى بالىلارنىڭ تەربىيىلىنىش مەسىلىسى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسىلىسى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ياساش قاتارلىق مەسىلىلەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئوخشاش مەسىلىلەر.

بۇ مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا پەيدا بولىدىغان ئىلھام بىزنى ئەڭ ياخشى ھۆكۈم بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ئەڭ ياخشى مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. قانداق قىلغاندا مەنپەئەتكە ئېرىشەلىشىمىز بىزنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا مەسىلىنى ھەل قىلىۋېتىدىغان ئىقتىدار - ئىلھامغا تايىنىشىمىزغا باغلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سىزمۇ تالانتلىقلار قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنالايسىز

تالانتلىقلار بىلەن ئادەتتىكى غەلىتە مىجەزلىك كەشپىياتچىلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پەرقى شۇيەردىكى، تالانتلىقلار ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىدۇ. غەلىتە مىجەزلىك كەشپىياتچىلار بولسا، بۇ خىل قابىلىيەتتىن قىلچە خەۋەرسىز. تالانتلىق كەشپىياتچىلار ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بىلەن ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن بىرلا ۋاقىتتا پايدىلىنالايدۇ.

مەسىلەن: كەشپىياتچىلار ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە (ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش قابىلىيىتى) تايىنىپ، تەجرىبىلەرنىڭ توپلىنىشى ئارقىلىق ئېرىشكەن كۆزقاراش، پرىنسىپلارنى رەتلەپ ۋە ئۇلارنى بىرىكتۈرۈپ، كەشىپ قىلىشقا كىرىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بىلىمنى يېتەرسىز، كەشىپ قىلىشقا يەتمەيدۇ دەپ قارىسا، ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئارقىلىق كېرەكلىك بىلىمگە ئېرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇسۇلى ئادەمنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ پەرقلىق بولىدۇ. بىراق، ئۇلار قوللىنىدىغان قەدەم - باسقۇچلار ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك:

1. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى قوزغىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئادەتتىكىدىن يۇقىرى سەۋىيىدە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇلار بىر قېتىمدا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئەلغان بىردىن ئارتۇق مەنبە ئارقىلىق ئەقىل - پاراسەتنى غىدىقلايدۇ، شۇنداقلا ئۆزى تاللىغان باشقا مەنبەلەر ئارقىلىقمۇ غىدىقلايدۇ.

2. ئۇلار ئەقىل - پاراسىتىنى مەلۇم بولغان كەشپىيات ئامىللىرىغا (ئورۇنلىنىپ بولغان قىسىم) مەركەزلەشتۈرىدۇ ۋە نامەلۇم ئامىللارنىڭ مۇكەممەل سۈرىتىنى (ئورۇنلانمىغان قىسىم) مېڭىسىدە سىزىپ چىقىدۇ. ئۇلار مېڭىسىدىكى بۇ سۈرەتنى تاكى

يوشۇرۇن ئاڭ قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەنگە قەدەر ساقلايدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار قەلبىدىكى بارلىق ئوي - خىياللارنى چىقىرىۋېتىپ قەلبىدە «ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولىدىغان ئوي - پىكىر» نىڭ پەيدا بولۇشىنى كۈتىدۇ.

پەيدا بولغان ئوي - پىكىر بەزىدە كونكرېت، چاققان بولىدۇ. بەزىدە سەلبىي بولىدۇ. ئۇلار 6 - سەزگۈ ياكى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئېدىسون ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ چوغلانما لامپۇچكىنى كەشىپ قىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇنىۋېرسال تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ، ئون مىڭ خىلدىن ئارتۇق چارىنى ئويلاپ چىققان. ئۇنىڭ فاتېفوننى كەشىپ قىلىش جەريانىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئىشلىتىلگەنسېرى، يوشۇرۇن ئاڭدىن تاشقىرى ئىجادىي ئامىللارنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالايدۇ؛ شۇنداقلا، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئىشلىتىدىغان ئادەملەر ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە بارغانسېرى تايىنىدۇ ۋە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ تەرەققىيات ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئىشلەتكەندىلا، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ .

«ۋىجدان» پۈتۈنلەي 6 - سەزگۈ ئىقتىدارى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ. ئۇلۇغ سەنئەتكارلار، ئەدىبلەر، مۇزىكانتلار ۋە شائىرلار شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ بولالىغانكى، ئۇلار ئىجادى تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە تايىنىپ، «قەلبىتىن چىققان سادا» غا قۇلاق سالىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. «ئۆتكۈر» تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئەڭ ياخشى ئوي - پىكىرنىڭ «تاسادىپىي» پەيدا بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى بىلىدۇ.

بىر ئۇلۇغ ناتىق ئەسلىدە نامى چىقمىغان بىر ئادەم ئىدى. ئۇ بىر كۈنى كۆزىنى يۇمۇپ، ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارىمىغا تايانغاندىلا، ئاندىن نام چىقىرىشقا قاراپ يۈزلەنگەن، باشقىلار ئۇنىڭدىن ناتىقلىقتا كامالەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن كۆزنى يۇمۇۋالغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «شۇنداق قىلغان چېغىمدىلا، قەلبىمدە چارە ـ ئەقىل پەيدا بولىدۇ، ئاندىن مەن ئۇلارنى سۆزلەيمەن»، دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئامېرىكىنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە بىرەر مۇھىم تەدبىر بەلگىلەشتىن ئاۋۋال، كۆزنى ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت يۇمۇۋېلىپ ئويلىنىۋالىدىغان، داڭلىق بىر ئادەم بار. باشقىلار ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ «كۆزۈمنى يۇمسام، تېخىمۇ يۇكسەك ئەقىل ـ پاراسەتكە ۋە ھاياتىي كۈچكە ئېرىشىمەن » دەپ جاۋاب بەرگەن .

## ئىلھام يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇر

ئىجادىي پىكىرگە باي كۆپ قىسىم كىشىلەر تۇيۇقسىز بىر نەرسىنى چۈشەنگەنلىكىنى ياكى «يوروكا (گرىكچە «مەن تاپتىم» دېگەن مەنىدە) » نى يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ تۆھپىسى دەپ قارايدۇ. تۆۋەندىكىسى، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ ئەسىردە سىتسىلىيە ئارىلىدا يۈز بەرگەن ۋەقە. بىر كۈنى ئەتىگىنى، پادىشاھ فىزىكا ئالىمى ئارخىمېدنى ئوردىغا چاقىرتىدۇ. پادىشاھ كۆرەڭلىگەن ھالدا بىر تەرەپتە تۇرغان ئارخىمېدقا: ـ قانداق؟ ئارخىمېد، بۇ تاج چىرايلىقمىكەن؟ سەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاشتىن يەنە بىرنى ياسىيالامسەن؟ ـ دەيدۇ.

ئارخىمېد سەل تېرىكىدۇ. ئۇ پادىشاھنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ:

ـــ ئالىيلىرى، بۇ تاج ساپ ئالتۇندىن ياسالغانمىدۇ؟ ـــ دەيدۇ. ئېنىقكى، بۇ سوئال پادىشاھ ئۈچۈن تەس سوئال ئىدى.

چۈنكى پادىشاھ زەرگەرگە تاجنى ساپ ئالتۇندىن ياساشنى بۇيرۇغانىدى، بىراق ھازىر بۇ تاجنىڭ پادىشاھنىڭ دېگىنى بويىچە ياسالغان ـ ياسالمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ چاغدا پادىشاھ ئارخىمېدنى چاقىرىپ كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى.

ـــ ئارخىمېد، سېنى چاقىرتىشىمدىكى ئاساسلىق مەقسەت بۇ تاجنىڭ ساپلىقىنى تەكشۈرتۈش. بىراق تاجنى بۇزۇۋەتسەڭ بولمايدۇ، دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ پادىشاھ.

ئارخىمېد ناھايىتى ئوسال بولۇپ، باياتىنقى گەپنى قىلىمىسام بوپتىكەن دەپ پۇشايمان قىلىدۇ ۋە قانداق قىلىش توغرىسىدا ئويلىنىدۇ. ئۇزاق ئويلانغان بولسىمۇ، بىرەر ئامال تاپالمايدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى 3 ـ ئەسىردە «بىلمەيمەن» دېيىش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايتتى. بۇنداق دېيىش بەزىدە كاللا كېتەتتى. ئارخىمېد يېنىكلىك بىلەن «بىلمەيمەن» دېيىشكە پېتىنالمايتتى، ئەلۋەتتە. ئۇ ئويلىنىۋاتقان كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مۇنچىغا بارىدۇ. ۋاقىت تېخى بالدۇر، شۇنداقلا مۇنچىغا كەلگەنلەر ئاز بولغاچقا، ۋاننىدا سۇ لىپمۇلىق ئىدى. ئارخىمېد ۋاننىغا كىرگەندە، ۋاننىدىكى سۇ تېشىپ چىقىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئارخىمېد بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ: «توغرا! مەن تاپتىم!» دەپ ۋارقىرايدۇ ۋە سۇدىن سەكرەپ چىقىپ، ھاياجانلانغان ھالدا تەجرىبىخانىغا يۈگرەيدۇ.

ئارخىمېدنىڭ چارىسى مۇنداق ئىدى: تاجغا باشقا نەرسىلەرنىڭ ئارىلاشتۇرۇلغان ياكى ئارىلاشتۇرۇلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، تاجنى سۇغا سالغاندا سىقىپ چىقىرىلغان سۇ بىلەن ئوخشاش مىقداردىكى ئالتۇننى سۇغا سالغاندا سىقىپ چىقىرىلغان سۇنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قارىسىلا بىلگىلى بولاتتى. بۇلارنى ئويلاپ چىققان ئارخىمېد ھېچنېمىگە قارىماي ۋاننىدىن سەكرەپ چىقىپ، سىرتقا چىقىپ: «مەن تاپتىم! مەن تاپتىم! (يوروكا! يوروكا!)» دەپ ۋارقىرايدۇ.

www.uyghurkitap.com

مانا بۇ ئارخىمېدنىڭ لەيلىتىش كۈچى توغرىسىدىكى قائىدىنى بايقاش جەريانىدىكى مەشھۇر ۋەقەدۇر.

بۆسۈش خاراكتېرىدىكى يېڭى ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئىچىدە نوقۇل ئاڭ تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق پەيدا بولغانلىرى ناھايىتى ئاز. يېڭى ئوي - پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدا يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ ناھايىتى زور تۆھپىسى بار.

ئاڭلىق ئاڭغا سېلىشتۇرغاندا، يوشۇرۇن ئاڭ تۆۋەن سەۋىيىدىكى ياكى تۆۋەن قاتلامدىكى بىرخىل ئاڭ پائالىيىتىدۇر. كىشىلەرنىڭ بەزىبىر ئىختىيارسىز پائالىيىتى ياكى ھەرىكىتىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە تىزگىنلىنىشى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ رول ئوينايدىغانلىقىدىن بولىدۇ. مەسىلەن: نەپەسلىنىش، يۈرەك سوقۇش قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلەر ئەمەلىيەتتە رول ئوينايدىغان، ئەمما ئۇنى سەزگىلى بولمايدىغان غىدىقلىغۇچىلارغا بولغان جاۋابەن ئىنكاس، ئادەت خاراكتېرلىك ھەرىكەت، ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىش ۋە چۈش كۆرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تەڭشەش تىزگىنلىشىدە بولىدۇ. ئېنىقكى، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ بۇ خىل تەڭشەش - تىزگىنلىشى كىشىلەرنىڭ نورمال پائالىيىتى ئۈچۈن ئېيتقاندا تۆۋەن سەۋىيىدىكى، ئاڭسىز بىر ھالەت ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا تايانماي تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى، مەقسەتلىك، ئىدراكىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. يوشۇرۇن ئاڭ دەل كىشىلەرنىڭ ئاساسىي ھاياتلىق پائالىيىتى ياكى فىزىئولوگىيىلىك يۈكتىن قۇتۇلۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئىدراكىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇنداقلا، تۆۋەن سەۋىيىدىكى بۇخىل ئاڭ پائالىيىتى ياكى يوشۇرۇن ئاڭ تېخىمۇ كۆپلىگەن ئۇچۇرنى ساقلاشقا، بۇ ئۇچۇرلارنى پەرقلەندۈرۈش، تاللاش، ئايرىپ چىقىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا موھتاج. ئۇنداق بولمايدىكەن، يوشۇرۇن ئاڭ

تۇرلۇك تەڭشەش - تىزگىنلەشلەرنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارالمايدۇ. شۇڭلاشقا، شۇنداق دەپ قاراشقا بولىدۇكى، ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئۇچۇن ئېيتقاندا، يوشۇرۇن ئاڭ ئاڭلىق ئاڭغا قارىغاندا تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە.

## يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى روياپقا چىقىرىدۇ

يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر بىزنىڭ ئاڭ قاتلىمىمىزدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنى ئاڭ ياكى بىز تىزگىنلىيەلمەيمىز. يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىجادىي ئوي - پىكىرلەر پەيدا بولۇش ۋە يوشۇرۇنۇش جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

يوشۇرۇن ئاڭ دېگەن بۇ ئۇقۇمغا داڭلىق روھ تەھلىلچىسى فرويد «ئادەم نېمە ئۇچۇن چۈش كۆرىدۇ» دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېرىشكەن.

فرويد مېڭىنىڭ رولىنى مۇز تاغنىڭ سۇ ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان قىسمى ۋە سۇغا چۆكۈپ تۇرغان قىسمىغا ئوخشايدۇ دەپ قارايدۇ. ئاڭ سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرغان مۇز تاغقا ئوخشايدۇ. ئۇ پسىخىكىنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان قىسمى بولۇپ، پسىخىكىنىڭ كىچىك بىر قىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ يوشۇرۇن ئاڭ بولسا خاتىرىنىڭ سىرتقى يۈزىدە ساقلىنىدۇ ۋە چوڭ مېڭە پوستلاق قەۋىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ چوڭ مېڭە چۈش كۆرۈش، ئويقۇ كەلتۈرۈش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاندا ياكى توك ئارقىلىق غىدىقلانغاندا ئاندىن پەيدا بولىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ سۇغا چۆكۈپ تۇرغان مۇز تاغقا ئوخشاش سۇ ئۈستىدىكى مۇز تاغنى تىرەپ تۇرىدۇ ۋە مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىپ ھەل قىلىدۇ. فرويد ھەربىر ئوي - پىكىرنىڭ يوشۇرۇن ئاڭدىن كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئاڭغا ئايلىنىشى پسىخىكىنىڭ ئوي-پىكىرگە بولغان قارشىلىنىشىش دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر ئوي-پىكىرلەرنى بىخەتەر ۋە قوبۇل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىغاندا، يوشۇرۇن ئاڭ ئاڭغا ئايلىنىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەردىكى يوشۇرۇن ئاڭدىن پايدىلانغانلىق توغرىسىدىكى مىساللار نۇرغۇن. مەسىلەن: سەنئەتكارلار بىلانكىر، شېللىي، كەشپىياتچى ئېدىسون، بۈيۈك مۇتەپەككۇر گائۇس قاتارلىقلار يوشۇرۇن ئاڭدىن پايدىلانغان. شۇڭلاشقا شېكىسپىر يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنى «تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئىشلىتىپ، نامەلۇم شەيئىنى كونكرېت قىلىپ شەكىللەندۈرىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ»، دەپ ئاتىغان.

شائىر راۋل ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئېيتقانىدى. مەسىلەن: بىر قېتىم ئۇ «ئات»نىڭ شېئىر يېزىشتىكى بىر ياخشى ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى ئويلايدۇ. بىراق بۇ خىيال پەيدا بولغاندىن كېيىن ئۇ باش قاتۇرۇپ ئويلىنىۋەرمەستىن، بۇ خىيالنى «خۇددى بىر پارچە خەتنى خەت ساندۇقىغا سالغان»غا ئوخشاش يوشۇرۇن ئېڭىغا تاپشۇرىدۇ. ئالتە ئايدىن كېيىن، ئات توغرىسىدىكى شېئىرنىڭ مىسرالىرى ئۇنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغاندا، ياخشى بىر شېئىر ئوڭايلا پۈتۈپ چىقىدۇ. ۋارد دېسىمي ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ئوي-پىكىرلىرى ئەنە شۇ ئۇيقۇسىز كېچىلەردە پەيدا بولغان. ئۇ ھەركۈنى ئەتىگىنى خىزمەتكە ماڭغاندا، باشقىلار ئويلاپمۇ تۈگىتەلمەيدىغان بىر تالاي يېڭى ئوي-پىكىرلەرنى ئېلىپ ماڭاتتى. ماتېماتىك ھېنرى. بويىنكاي يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى بايقاش جەريانىدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئېينىشتېيىن نۇرغۇن ياخشى ئوي-پىكىرلەرگە ئەتىگەندە ساقىلىنى ئەلفاندا ئېرىشكەن.

ھەر ماتورىدىكى ۋات كومپرېسسورى زامانىمىزدىكى ئۇلۇغ كەشپىياتلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر كۈچەيدىن ئومۇميۈزلۈك پايدىلىنىشتىكى باشلامچى دەپ قارىلىدۇ. ۋات كومپرېسسورنى ياساش ئۈچۈن ئىككى يىل تىرىشقان بولسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋات سەيلە قىلىۋاتقاندا، يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ئۇنىڭغا جاۋابنى تېپىپ بېرىدۇ.

ئادەتتىكى قابىلىيىتى بارلارمۇ يوشۇرۇن ئېڭىدىن تەپەككۇرغا تايىنىپ، بەدىئىي ۋە ئىجادىي، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى يارىتالىشى مۇمكىن. بىراق ئۇلار يوشۇرۇن ئېڭىغا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان ئۇلۇغ، ئىجادچان تالانتلىقلارنىڭ سەۋىيىسىگە مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئادەتتىكى كىشىلەر يوشۇرۇن ئاڭغا ۋە ئۇنىڭ قابىلىيىتىگە سەل قارايدۇ ياكى ئىشەنمەيدۇ، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر يوشۇرۇن ئاڭغا ئىشىنىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. يېڭىلىق ياراتقۇچىلاردىن بولىمىز دەيدىكەنمىز، يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىن ئوبدان پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

## يوشۇرۇن ئاڭنى مەسىلە ھەل قىلىشتىكى ياردەمچى قىلىش

يوشۇرۇن ئاڭ ئاڭدىن تۈزۈلىدۇ. بەش ئەزادىن ئۆتۈپ ئاڭغا بارىدىغان تەپەككۇرنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى مۇشۇ ئورۇندا تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى خۇددى ئارخىپ ئىشكاپىغا خالىغاندا سالغىلى ۋە ئالغىلى بولىدىغان خەت-چەكلەرگە ئوخشايدۇ.

سەزگۈ ئەزادىن كېلىدىغان تەسىرات ياكى ئوي-پىكىرنىڭ ماھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يوشۇرۇن ئاڭ

www.uyghurkitap.com

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ساقلايدۇ. سىز ئۆز ئارزۇ-ئىستىكىڭىزگە ئاساسەن، يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا ھەرقانداق پىلان، ئىدىيەنى كىرگۈزەلەيسىز ياكى بايلىق تېپىش توغرىسىدىكى نىشانىڭىزنى كىرگۈزەلەيسىز. يوشۇرۇن ئاڭ ئىشەنچ دېگەندەك ھېس-تۇيغۇلارنى، ئارزۇ-ئىستەكلەرنى تېزلا ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئارخىمېدنىڭ «مەم تاپتىم» دەپ خۇشال بولۇش تەجرىبىسى ئامەت بىلەن قولغا كەلگەن ئەمەس. خۇددى پاست ئېيتقاندەك: «ئامەت قۇشى تەييارلىق كۆرگەن قەلبكە قونىدۇ». ئارخىمېد پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جاۋابنى ئىزدىگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى مەسىلىگە مەركەزلەشكەن ۋە ئۇنىڭغا مەسىلىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ قەلبى ئەركىن-ئازادە چاغدا، جاۋاب ئۇنىڭ ئېڭىدا نامايان بولغان.

يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئەڭ زور پايدىسىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنى ئاڭدىكى مەسىلە ھەل قىلىدىغان ياردەمچىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، دىققىتىمىزنى، زېھنىمىزنى ئۆزىمىز ئۈچۈن مۇھىم بولغان مەسىلە ۋە نىشانلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تېپىپ چىقىشىمىز، ئاندىن مەسىلىنى ئاڭ ئارقىلىق ھەل قىلىشقا كىرىشىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا يوشۇرۇن ئاڭ تەپەككۇر قىلىشقا قاتنىشالايدۇ.

ھەركۈنى بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش، بىر قېتىمدا بىر ئاساسلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش بىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ھەركۈنى ئەتىگەندە ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى بىرنەچچە قېتىم يېزىش ئارقىلىق، يوشۇرۇن ئېڭىنى قوزغىتىدۇ.

مەسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ تەپەككۇر قىلغاندىن كېيىن، قەلبىڭىزنى ئارام ئالدۇرۇپ، تەپەككۇر قىلىشنى، پىلانلاشنى، كۆڭۈل بۆلۈشنى، سىناپ بېقىشنى، ئۈمىد قىلىشنى، ھۆكۈم قىلىشنى ۋە تىزگىنلەشنى ئازايتىڭ. بىر ئاز دەم ئېلىۋېلىڭ،

ئۆزىڭىزنى ئەركىن-ئازادە تۇتۇڭ، ئۇخلىۋېلىڭ ياكى سىزنى خۇشال قىلىدىغان ۋە مەسىلىدىن ۋاقتىنچە نېرى بولىدىغان ئىشلارنى قىلىڭ، مەسىلەن: باشقا ئىشلارنى ئويلاش، ئاستا يۈگرەش، يۇيۇنۇش، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ئايلىنىش دېگەندەك. ئوي-پىكىرلەر ئەركىن-ئازادىلىكتىن پەيدا بولمايدۇ، بەلكى سىز ئاڭ پائالىيىتىڭىزگە دىققىتىڭىزنى مەركەزلەشتۈرگەنلىكىڭىز ئۈچۈن يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ھەرىكەتكە كېلىدۇ.

ئادەم ئەركىن-ئازادە بولغاندا، يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ ئۇچرىشىش دائىرىسى كېڭىيىدۇ، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمۇ كۈچىيىدۇ. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئىنسانلار ئەركىن-ئازادە شارائىتتا ۋە ياتقان چاغدا ئۆرە تۇرغاندىكىدىن بەكرەك ئىجادىي تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدىكەن. يېقىنقى تەتقىقاتلارمۇ ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ئەركىن-ئازادە شارائىتتا ھەرىكەتكە ئوخشاش ئۆز رولىنى ئەڭ ياخشى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئەلفا مېڭە دولقۇنىنىڭ پائالىيىتى بىلەن ئەركىن-ئازادە بولۇش مۇناسىۋەتلىك. مارتىندال ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە باي خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغاندا ئەلفا مېڭە دولقۇنىنىڭ كۈچىيىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. كۆپ سانلىق كىشىلەر ئەركىن-ئازادە شارائىتتا تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئەلفا مېڭە دولقۇنى كۈچىيىدۇ، بىراق مەسىلە ھەل قىلغاندا بولسا، ئۇلارنىڭ ئەلفا مېڭە دولقۇنى ئاجىزلايدۇ. مانا بۇ، ئىجادىي پىكىرگە باي كىشىلەر بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى.

www.uyghurkitap.com

## سوئال ـ ئىلھامنى پەيدا قىلىدىغان ئاساستۇر

ئىلھام قۇرۇقتىن قۇرۇق پەيدا بولمايدۇ. بەلكى كېرەكلىك ماتېرىياللار ۋە سوئال ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساس بولىدۇ.

20 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرىدىن ئېينىشتېين بىلەن فىروئىدنى مىسالغا ئالايلى. فىروئىد ھەرقانچە باش قاتۇرسىمۇ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى تېپىپ چىقالمايتتى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، روھ تەھلىلى توغرىسىدىكى نۇرغۇن دادىل قىياس ـ پەرەزلەرنىڭ ئېينىشتېيننىڭ كاللىسىدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ ھەۋەسكە ئاساسەن تەتقىقات ئوبيېكتىنى تاللاش ۋە ماتېرىيال توپلاش ئارقىلىق نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇش تەبىئىي ئىش. ئىراق ئاشۇنداق بولمىغان بولسا، دۇنيادا نەدىمۇ يۇقارقىدەك ئىككى ئالىمنىڭ تەلىماتى مەيدانغا كەلسۇن؟

شۇڭلاشقا، بىرەر مەسىلىنى تەتقىق قىلغاندا چوقۇم مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاش كېرەك. بۇ ماتېرىياللار كىتابتىكى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئادەتتە مول ماتېرىياللارغا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش، ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلاش، ئۆز بېشىمىزدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئېرىشىمىز. بۇ ئۈچ يول بىلەن ئېرىشكەن ماتېرىياللار مەڭگۈلۈك ۋە قىممەتلىكتۇر.

ئىراق، ماتېرىيال توپلىغان بىلەنلا بولمايدۇ. ماتېرىيال توپلىغاندا كۆڭۈل قويۇپ تاللاشقا ۋە ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ماتېرىياللارغا ئېرىشىپ، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

مەسىلەن: شۋېيتسارىيىلىك بىر كەشپىياتچى قانداق نەرسىنى توگمىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەندە، كىيىم كىيىشنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇ كۆزىتىش ئارقىلىق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەپ، ئاخىرى

سىستېمىنى كەشىپ قىلىدۇ. بۇ كەشپىيات ئۇنى بايغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭلاشقا، ماتېرىيال توپلاشتا بىر سوئال بولۇشى كېرەك ۋە مۇشۇ سوئالنى مەركەز قىلىپ، كۆپ تەرەپتىن ماتېرىيال توپلىغاندا، ئىلھام پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا ئاز ئىش بىلەن كۆپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

گېرمانىيىلىك خىمىيە ئالىمى گايكۇللېر ھىدروكاربىد تەجرىبىسىنى نۇرغۇن قېتىم ئىشلەپمۇ ئۆزى ئويلىغان مولېكۇلا فورمۇلاسىنى تاپالمايدۇ. ئۇ باش قاتۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر كېچىسى چۈشىدە تۇگۇلۇپ ياتقان بىر بوغما يىلاننى كۆرىدۇ. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلھام ئېلىپ، بېنزول مولېكۇلىسىنىڭ قۇرۇلمىسىنى بايقايدۇ.

بىز ھەممىمىز، نيۇتوننىڭ ئالمىنىڭ دەرەختىن چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالەملىك تارتىش كۈچى قانۇنىيىتىنى بايقىغان دەپ قارايمىز. بىراق بۇنداق دېيىش ئانچە توغرا ئەمەس، چۈنكى نيۇتونمۇ بۇ خىل تاسادىپىلىقنى ئىنكار قىلغان، ئۇ: «مەن بۇ مەسىلىنى بۇرۇنلا تەپەككۇر قىلغانىدىم»، دېگەن.

يۇقىرىدىكى بىر نەچچە ئالىمنىڭ تەتقىقاتى، تەپەككۇردىن ئىلھام ئېلىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان چارىنى تاپالايمىز. ئېسىمىزدە تۇتۇشىمىز كېرەككى، قانداق تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن قەتئىينەزەر، ئۇزۇل ـ كېسىل تەپەككۇر قىلىش، تەجرىبە قىلىش كېرەك. چۈنكى ئىلھام دەل مۇشۇ چاغدا پەيدا بولۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

يولۇققان مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىش، تەتقىق قىلىشتىن باشقا، قولىمىزدا تەييار ماتېرىياللارنىڭ بولغىنى ناھايىتى ياخشى. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تەھلىل قىلغاندا، ئىلھام پەيدا بولمىسىمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىۋەتكىلى بولىدۇ. بىراق بىر تالاي يېڭى بىلىم، يېڭى ھالەت، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، قولىمىزدىكى ماتېرىياللار يەتمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئىلھامنىڭ

www.uyghurkitap.com

پەيدا بولۇشى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى بولىدۇ.

بىراق، ئىلھام پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى تەتقىق قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## ئىلھام تاسادىپىي پەيدا بولمايدۇ

كىشىلەردە بەزى ئوي - پىكىرلەر تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە تۇيۇقسىز پەيدا بولىدىغان بۇ ئوي - پىكىرلەر ھەرگىزمۇ تاسادىپىي پەيدا بولمايدۇ، بەلكى شۇ ئادەمنىڭ بۇرۇنقى كىشىلىك ھايات كەچۈرمىشلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا بەزى ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشى مۇقەررەردۇر.

قەدىمدىن ھازىرغىچە، جۇڭگودىن چەت ئەللەرگىچە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر تاسادىپىي پەيدا بولغان ئىلھامغا تايىنىپ، نۇرغۇن قىيىن ئىشلارنى ئورۇنلىغان. ئەلۋەتتە، بۇ ئىلھامغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىشقا ۋە ياخشى ئوي - پىكىردە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بۇخىل تىرىشچانلىق ۋە ئوي - پىكىرلەر تېخىمۇ ياخشى ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىشەنگەندە ۋە يېتەرلىك تىرىشقاندىلا، ياخشى ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىشەنمەي، سەمىمىي بولۇپ تىرىشقاندا، بەزىدە ياخشى ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بىراق يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىشەنگەندە، تېخىمۇ ياخشى ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بەزىلەر: «تالانت تىرىشچانلىقتىن كېلىدۇ» دەيدۇ. بىراق بۇنداق دېگەنلىك تىرىشچانلىق بولسىلا

تالانت ئىگىسىگە ئايلانغىلى بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ قابىلىيىتى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ھەددىدىن زىيادە تىرىشىش ئارقىلىق گەرچە تالانت ئىگىسى بولۇشقا يېقىنلاشقىلى بولسىمۇ، تالانت ئىگىسىگە ئايلانغىلى بولمايدۇ. بىراق تىرىشمىسا، تەبىئىي تالانتى بار ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ئوخشاشلا تالانت ئىگىسىگە ئايلىنالمايدۇ.

ئىلھام ياكى تالانت ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش مەسىلىسىدۇر. بۇخىل ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى ئېچىمىزدا ئىشلەتكىلى بولۇپلا قالماي، سودا ساھەسىدىمۇ قوللانغىلى بولىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى بولۇش كېرەك. ئاكتىپ ئىشلىگەندىلا، ئىلھام پەيدا بولىدۇ. ئېتىقاد بولغاندىلا نۇرغۇن ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەتكىمۇ تېزلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، سىزدە ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش ئىرادىسىنىڭ بار-يوقلۇقىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق بىر ئىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىرادە بولۇش كېرەك. ئۆز ئالاھىدىلىكىڭىزدىن جانلىق پايدىلانمىغاندا، ئىرادە بولسىلا، بەزىدە ئۆزگىچە يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدىكى ئىشلارنى ياخشى قىلغىلىمۇ بولىدۇ.

بىز دائىم ئۇلۇغ كەشپىياتچىلارنىڭ ھەممىسى تالانت ئىگىسى، بىزدەك ئادەتتىكى ئادەملەرگە سېلىشتۇرغاندا ئۇلارنىڭ كاللىسى بىزنىڭكىدىن بەكرەك ئىشلەيدۇ، ئۇلار بىزدىن تەلەيلىك دەپ قارايمىز. بىراق، نيۇتوندەك مۇشۇنداق ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرى ئەگەر تىرىشىپ تەپەككۇر قىلمىغان بولسا، ھېچقانداق كەشپىيات-ئىختىرانى يارىتالمىغان بولاتتى. تاسادىپىي پەيدا بولغان تەپەككۇر، بىۋاسىتە سېزىم ياكى 6-سەزگۈمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، تىرىشمىسا ھېچقانداق نەتىجە بەرمەيدۇ.

تالانتنى خېلى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان داڭلىق بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

پروفېسسورمۇ تەپەككۇر قىلمىسا ھەرگىزمۇ ئىلھامغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ: «ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئالىي پائالىيىتىنىڭ رولى ناھايىتى مۇھىم. ئىلھامنىڭ ئىرادىسىز ۋە ئالىي پائالىيەتسىز پەيدا بولۇشىنى روھىي كېسەللەردىلا كۆرگىلى بولىدۇ»، دېگەن.

ھەرقانداق كەشپىيات، بايقاش، ئىلھام ياكى بىۋاسىتە سېزىم بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پەيدا بولۇشتىن ئاۋۋال تەپەككۇر پائالىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈشى كېرەك. بۇ، يۈكسەك ئىجادچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان پىلانلاش قابىلىيىتىگە ئوخشاش بىر ئىش. «ئىرادىنى، ئاڭنى ئاساس قىلغان تەپەككۇر پائالىيىتى» ئىجادىي پىكىر يارىتىشنى ئۆگىنىشنىڭ تۈنجى قەدىمى. بىز ئىجادىي پىكىر يارىتىش جەريانىدا ئۇنىڭ «تاسادىپىي» پەيدا بولۇشىنى كۈتسەك بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

## بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولغاندا ئىلھام پەيدا بولىدۇ

ئىلھام كۆپىنچە سەيلە قىلىۋاتقاندا ياكى يۇيۇنۇۋاتقاندا تاسادىپىي پەيدا بولىدۇ. مۇزارت كىتابىغا: «ئالدىراش، جىددىي خىزمەتتىن ئايرىلىپ، كۆڭۈل ئازادىلىككە چىققاندا، تىزگىنىدىن بوشىغان ئات دالا قوينىغا كەلگەندەك بولىمەن» دەپ يازغان. ئېدىسونمۇ مەيگە ئولتۇرغاندا ياكى سەيلە قىلغاندا، تۇيۇقسىزلا بەزى ئىلھامغا ئېرىشەتتى. ئالىم پويىتكار: «ئۇستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇش يېڭى بىلىمگە ئېرىشىش ۋە پەلسەپۋى قائىدىلەر توغرىسىدا ئويلىنىش ئۈچۈندۇر. ئۇستەلدىن ئايرىلغاندىلا ئىلھام پەيدا قىلىدىغان مەنبەنى بايقىغىلى بولىدۇ، بۇ ئىككىسىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك»، دېگەندى.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىلھام ئۇلۇغ ئىدىيىنى

شەكىللەندۈرىدىغان ئاساس بولۇپ، ئۇ كۆڭۈل ئەركىن - ئازادە شارائىتتا، مەسىلەن: ئىتتىكاپتا ئولتۇرغاندا ياكى بىرىلىپ خىيال قىلىۋاتقان چاغدا، ئۆزىمىزگە ئويغۇ كەلتۈرىدىغان شارائىتتا پەيدا بولىدۇ.

ساكىيامونى فوكۇس دەرىخى تۈۋىدە ئىتتىكاپتا ئولتۇرۇپ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن. ئەگەر بىزمۇ ساكىيامونىدەك دەرەخ تۈۋىدە كۈنبويى ئولتۇرىمىز دېسەك سەل بىمەنىلىك بولۇپ قالىدۇ. ساكىيامونى كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇ تەختنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى تەرك ئېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن توختىماي تەپەككۇر قىلغان. مانا مۇشۇنداق پىسخىك شارائىتتا، ئۇ فىكۇس دەرىخى تۈۋىدە ئىتتىكاپتا ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز ھەقىقەتنى چۈشەنگەن. ساكىيامۇنى ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا يويۇنۇۋاتقان بولسا، ئوخشاشلا ھەقىقەتنى چۈشىنىشى مۇمكىن ئىدى.

بىرى گېيوتىدىن: «سىز كىتاب ئوقۇش ئادەمنىڭ مەنىۋىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، دەيسىز. بىراق نىمە ئۈچۈن يېقىندىن بېرى كىتاب ئوقۇغىنىمىزنى كۆرگىلى بولمايدۇ» دەپ سورىغاندا، گېيوتى تەبىئىي ھالدا: «توغرا دەيسىز، پىلە قۇرتى ئۈجمە يوپۇرمىقىنى ھەم تېز ھەم جىق يەيدۇ. بىراق ئۇ غوزەكنى ھاسىل قىلىۋاتقاندا، بىر نەرسە يېمىسىمۇ بولىدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ راستىنلا قالتىس بىر ئوخشىتىش. خۇددى ئۇن بولغان بىلەن، ئۇنى بولدۇرغاندا ئاندىن بولكا قىلغىلى بولىدۇ.

ئېدىسون: «تالانت 99% تىرىشچانلىق ۋە بىر پىرسەنت ئىلھامدىن كېلىدۇ»، دېگەنىدى. ئالدى بىلەن كۆپ تەرەپلەردىن يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىش، ماھارەت ئۆگىنىش، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن نىشانىمىزنى تورغۇزۇشقا كىرىشىشىمىز كېرەك. ئاندىن كېيىن سەيلە قىلىپ، بېرىلىپ خىيال قىلىدىغان ماكاننى تېپىشىمىز كېرەك. «بولكىنىڭ خېمىرى بولغان»دا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىزدە ئۇي ـ پىكىرلەر ئۆزلۈكسىز پەيدا بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، باشقىلارنىڭ سىزگە يېقىنچە نەزەر بىلەن قارىشى ۋە چىن كۆڭلىدىن ماختىشى ئۈچۈن، سىزنىڭ يېڭى بىلىملەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىشىڭىز ناھايىتى زۆرۈر. بولمىسا، سىز پەقەت قۇرۇق خىيال سۈرۈشكە ئامراق بولۇپ قالىسىز.

## تارىخ كېچىدە يارىتىلغان

فىرىدرىخ كېكۇلې — يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ دەپ قارايدۇ. گېرمانىيىلىك خىمىيە ئالىمى گايكۇللىر بىر كۈنى يېرىم ئۇيقۇ ھالىتىدە تۇرۇۋاتقاندا، چۈشىدە «يىلاننىڭ تولغىنىشى» دىن شەكىللەنگەن ھالەتنى كۆرىدۇ. بۇ مەنزىرىدىن ئۇ ئانئوگانىك خىمىيىدىكى خىمىيىۋى فورمۇلانى ئەسكە ئالىدۇ. بۇ سىلىشتۇرما ئۇلانما تەسەۋۋۇر پائالىيىتى ئارقىلىق، ئۇ كاربون زەنجىرلىرىنىڭ بىرىكىشىدىكى سىرنى چۈشىنىپ يېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ كاللىسىدا بېنزول مولېكۇلىسىنىڭ ھالقىسىمان قۇرۇلمىلىق شەكلى ئايان بولىدۇ. ئەنئەنىۋى كۆزقاراشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، كۈتۈلمىگەن يەردىن چىققان تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ بۇ مەھسۇلى كىشىلەرنىڭ ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇردى، گايكۇللىر ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولمىغاچقا، كۆڭلۈمدە باشقا ئىشلارنى ئويلاپ تۇراتتىم. مەن مەشكە قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتىمەن. ئاتوملار كۆز ئالدىمدا ئۇچماقتا ئىدى. ئۇلار ئۇزۇن سەپ بولۇپ تىزىلغان بولۇپ ئۆزگىرىشچان ئىدى، يېقىنلاشتى، توتاشتى، ئۇلار خۇددى يىلانغا ئوخشاش تولغانغان ئىدى. قارا، ئۇ نېمە؟ بىر يىلان ئۆزىنىڭ

قـۇيرۇقىنى چىشلەپ، كـۆز ئالدىمـدا تولغانماقتـا ئىـدى. مـەن تۆيۈقسـىز ئۆيقۇمـدىن ئـويغىنىپ، پـۈتۈن بىـر كېچـە مۇشـۇ پـەرەز توغرىسىدا ئىشلىدىم.»

«تـارىخ كېچىـدە يارىتىلغان» دېگەن بـۇ گـەپ بىـر كىتـابنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ گەپ چوڭقۇر ھەقىقەتنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن.

بىـر تىلشـۇناس كـەچلىكى ئۇيقۇسـى كەلمىگـەندە، ئورنىـدىن تۇرۇپ تەپەككۇر دېڭىزىغا چۆككەن. كالللىسىـدا بىـرەر ئىلھام ياكى ئـوزاق ئويلىنىپمـۇ ھـەل قىلالمىغـان مەسـىلىنىڭ جـاۋابى پـەيدا بولغانـدا، ئـۇنى كېچىـك خاتىرىگە يېزىـۋېلىپ، ياستۇقىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان. ئايالى ئالەمدىن ئۆتۈپ بىر ـ ئىككى ئاي ئىچىدە، ئۇ 500 نەچچە كۇپلېت مەرسىيە يېزىپ چىققان.

مۇنـەۋۋەر ئىنگلىك باشقۇرغۇچىلار ياكى كارخانىچىلارمـۇ بىـرەر يېڭـى ئـوي ـ پـىكىر پـەيدا بولغانـدا ئـۇنى دەرھـال خـاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن ياستۇقىنىڭ يېنىغا خاتىرە قويۇپ قويىدۇ. بۇ ئۇسۇل بىزنىـڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

دۇمـاس «گـراف كىدوسـانىنىڭ ئىنتىقـام ئېلىشـى»، «ئـۈچ مەرگـەن» دېگـەن ئەسـەرلىرى بىلـەن دۇنياغـا تونـۇلغان بولـۇپ، بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە نۇرغۇن تەسىرلىك رومانلارنى يازغان. ئـۇنىڭ يېزىقچىلىق سۈرئىتى ناھايىتى تېز بولغاچقا، بەزىلەر ھەتتا باشـقا يازغـۇچىلار ئـۇنىڭغا يېزىشـىپ بېرىۋاتامـدىكىن دەپ گـۇمانلانغان. شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ئۇنىڭ ئوغلى كىچىك دۇماستىن سورىغاندا، ئوغلـى خاپـا بولغـان ھالـدا: «بـۇ قانـداق گـەپ؟ دادام كـەچلىكى تامـــاقنى جىـــق يەۋالـــدىغان بولغاچقـــا، تامـــاق ســـىڭمەي ئۇخلىيالمايـدۇ، شـۇڭا ئـۇ ئـۇزۇن كېچىلـەرنى يېزىقچىلىـق بىلـەن ئۆتكۈزىدۇ»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئادەم چوقان ـ سۈرەنلىك مۇھىتتا تۇرغاندا، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى ياكى ئـەقىل ـ ئىـدرىكىنىڭ كۈچى ئاجىزلايدۇ، يوشـۇرۇن ئاڭ خۇددى تىزگىنىدىن بوشانغان ئاتتـەك ئـەركىن ـ ئازادە بولـۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتى تولۇق ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا تەپەككۇرى جانلىنىدۇ.

كۈندۈزدىكى بارلىق ئىزدىنىشلەر كېچىنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆككەندە، تەسەۋۋۇر كېمىسى بىردىنلا ھەرىكەتلىنىدۇ، شۇنداقلا ئەسلىدىكى تارغىنە تەپەككۇر يولى كېڭىيىپ، تار نەزەرىيە، پرىنسىپلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. نەتىجىدە ئويلاپمۇ باقمىغان ئىلھامغا تۈرتكە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قىلچە ئاساسسىز بولغان خىياللارنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلا پەيدا بولىدىغان ئوي-پىكىرلەرنى پەرقلەندۈرۈپ تاللىشىمىز ۋە ئويدان ئويلىنىپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى خاتىرىلىۋېلىشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىجادىي پىكىرگە باي ئادەمگە ئايلانغىلى بولىدۇ.

## ئۇيقۇدا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى —— تەسرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشتۇر

ئۇخلاشتىن ئاۋۋال تەپەككۇر قىلىڭ. سىز ئۇخلاۋاتقاندا، تەپەككۇرىڭىز مەسىلە بىلەن بىرگە چۈشىڭىزگە كىرىدۇ. سىز چۈشىڭىزدىمۇ تەپەككۇر قىلىسىز، يەنە كېلىپ تەپەككۇر دائىرىڭىز تېخىمۇ كەڭ بولىدۇ. يەنە كېلىپ سىز بۇ ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭىز مۇمكىن.

بىر مەسىلىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدىكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پەرەز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپمۇ ھەل قىلغىلى بولمىغاندا، ئۇيقۇدا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا كۈتۈلمىگەن نەتىجىلەرگە ئېرىشكىلىمۇ بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇخلاۋاتقاندا، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ يىراق نۇقتىدىن ئويلىغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا

تەپەككۇر ھېچقانداق كۆزقاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ ۋە مەسىلىلەرنى ئوخشاشمىغان نۇقتىدىن كۆزەتكىلى بولىدۇ. بۇنداق بولغاندا تەسىرات ئۆز رولىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ ۋە ناھايىتى كەڭ تارقىلىدۇ، شۇنداقلا ئىلھامغىمۇ ئوڭايلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

تەسەۋۋۇرنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقىلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلغاندا يېڭى ئوي-پىكىرلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولىدۇ. شۇڭا چوڭ مېڭىدىكى تەسىراتمۇ تەبىئىيلا تېخىمۇ كەڭ ۋە تېخىمۇ يىراققا تارقىلىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ئاشكارا ئاڭ تاشقى غىدىقلاشقا ئۇچرىغاندا، يوشۇرۇن ئاڭنىڭ بارلىق مۇقىم كۆزقاراشلار ياكى سۇبيېكتىپ كۆزقاراشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلىدۇ، ئىجادىي ئوي-پىكىرلەرمۇ مېڭىدىن پەيدا بولىدۇ، يەنى تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىنىدۇ.

## چۈشنىڭ سىرلىق كۈچىدىن پايدىلىنىش

تەھلىل قىلىشقا ۋە غەيرىي ئىجادىي تەپەككۇرغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ، ھەر ھەپتىدە نۇرغۇن ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، ئوڭ مېڭىسى ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدۇ (يەنى ئۇلار ئۇخلىغان ۋاقىتتا). ھەربىر ئادەمنىڭ ھەر كۈنى كېچىسىدىكى چۈشى بىر نەچچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بۇ باسقۇچلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى تېز سۈرئەتتىكى كۆز ھەرىكىتىدۇر. ئەگەر بىر ئادەم تېز سۈرئەتتىكى كۆز ھەرىكىتى باسقۇچىدا ئويغانسا، كۆرگەن چۈشىنىڭ مەزمۇنىنى ئەستە تۇتالايدۇ. چۈشنى ھەممىلا ئادەم كۆرىدۇ، بەزىلەر چۈشنى ئەسلىيەلمەيدۇ، بەزىلەر بولسا ئازراقمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ. ئوڭ مېڭىسى ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر قىلىدىغانلار كۆرگەن چۈشنى تېزلا ئەسلىيەلەيدۇ، سول مېڭىسى ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدىغانلار بۇنداق ئەمەس. بۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. چۈش ئوڭ مېڭىنى ئاساس قىلىدىغان بىرخىل پائالىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس كۆرۈش سەزگۈلۈك مەنئۇي تۈسى بولىدۇ، بۇلارنى تىل ياكى لوگىكا ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، ئويغاق ھالەتتە چۈشىمىزنى ئەسلىگەندە، چۈشىمىزدىكى كۆرۈنۈشلەر ئوڭ مېڭىدىكى ھالەتتىن سول مېڭىدىكى ھالەتكە ئۆزگىرىشى كېرەك. بۇلاردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، چۈش ناھايىتى ئالاھىدە بولغان بىرخىل پىسخىك ھالەت، شۇنداقلا ئوڭ مېڭىنىڭ ناھايىتى ئالاھىدە بولغان بىرخىل ئىپادىلىنىش شەكلى.

## چۈش بىزنىڭ ئەڭ چىن بىر قىسمىمىز

چۈشىمىزدىكى ئاجايىپ - غارايىپ ئىشلار ۋە كۆرۈنۈشلەرنىڭ ماتېرىياللارنى ئىزدەش، تۈركە ئايرىش، رەتلەش ئارقىلىق بىرەر مەنىنى يىغىنچاقلاش جەريانى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىندەك كۆرۈنىدۇ، بۇ خۇددى كۇتۇپخانا باشقۇرغۇچىنىڭ كۇتۇپخانا تاقىلىشتىن ئىلگىرى بارلىق كىتابلارنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويغىنىغا ئوخشايدۇ. چۈش تىلىنى مەقسەتلىك ھالدا چۈشەنگىلى (يەنى سول مېڭە ئارقىلىق چۈشەنگىلى) بولمايدۇ. سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋەتتە ۋە لوگىكىلىق ئوقۇملارغا ئەھمىيەت بېرىدىغان سول مېڭە چۈشتىكى كۆپلىگەن ئۇچۇرلارنى ئىزدەش تۈركە ئايرىشقا ئامالسىز. چۈش تىلىنى چۈشىنىش ئۇچۇن ئوڭ مېڭىنى پۈتۈنلەي ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. چۈشتىكى بۇرۇنقى تەجرىبىلەردىن، بەزىدە ھەتتا بالىلىق دەۋرىدىكى تەجرىبىلەردىن پەيدا بولغان غەلىتە كۆرۈنۈشلەر ئوڭ مېڭىنىڭ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل

قىلىش ئۇچۇن ئومۇمىيۈزلۈك ئىزدەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. چۈشتىكى غەلىتە، قىلچە ئاساسسىز دەپ قارالغان كۆرۈنۈشلەر ئوڭ مېڭىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدە بىر قىسمى.

گەرچە بىزنىڭ چۈش توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىز ئانچە توغرا بولۇپ كەتمىسىمۇ، بىراق چۈشنىڭ مۇھىملىقى شەكسىزدۇر. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك: بىرىنچى، چۈشنىڭ مەزمۇنى تۇرمۇشىمىزدا يۈز بەرگەن ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك، يەنى «كۈندۈزى ئويلىغان ئىشلار كېچىسى چۈشكە ئايان بولىدۇ». بىز ئومۇمەن ئۆزىمىز يولۇققان رېئال مەسىلىلەرنى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلغانلىقى توغرىسىدىكى چۈشلەرنى كۆرىمىز. ئىككىنچىسى، چۈش ئۆتمۈشتىكى تەجرىبىلەردىن، سول مېڭىنىڭ قابىلىيىتى يەتمەيدىغان بەزى ئەسلىمىلەردىن مۇناسىۋەتلىك تۇيغۇ ۋە ماتېرىياللارنى تاللىۋالىدۇ. ئۈچىنچى، چۈش بىزگە ئۆزىمىزگە ئالاقىدار مەڭگۈ يوقالمايدىغان ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ چۈشكە بولغان تونۇشىمىز ۋە تەبىرىمىز قانچىلىك چەكلىك بولۇپ كەتسۇن، بىراق چۈشنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ چىن بىر قىسمىمىز ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

## چۈشىڭىزدىن ئوبدان پايدىلىنىڭ

بىز چۈشىمىزنى مەلۇم نىشانىمىزغا پىلانلىق ھالدا تەدبىقلىيالامدىمىز؟ چۈشنى تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ ئاددىي ئۇسۇلى چۈشىڭىزنىڭ رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا بۇيرۇق قىلىشتۇر. مەسىلىنى ئوڭ مېڭىگە تاپشۇرۇپ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان ئەتراپلىق كۆزقاراشقا ئىگە بولىمىز. بىراق بۇنىڭ پۈتكۈل جەريانى ئاڭلىق،

ئويغاق ھالەتتە ئەمەس، بەلكى ئاڭسىز، ئۇيقۇ ھالىتىدە ئىلىپ بېرىلسا، بۇ جەريان ناھايىتى سىرلىق تۇيۇلىدۇ.

گەرچە بىز ئۇخلىغاندا ئويغاق بولمىساقمۇ، بىراق بىزدە تۇيغۇ بولىدۇ. بەزىلەر قوڭغۇراقلىق سائەت بولسىلا ئاندىن ئويغىنالايدۇ، ئۇلار ئويغىنىشتا ئۇيقۇ ھالىتىدە ھەرىكەتلىنىدىغان بىرخىل ئۆز ئۆزىنى بەلگىلەيدىغان پىسخىك سىستېمىغا تايىنىدۇ. بىر ئانا تورلۇك ۋاراڭ-چۇرۇڭلار قۇلىقىغا كىرىپ تۇرسىمۇ ئۇخلىيالايدۇ، بىراق ئۇنىڭ بالىسى ئازراقلا ئىڭىشىپ قويسا، دەرھال ئويغىنىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئۇخلاۋاتقاندا بىرەرسى ئىسمىمىزنى چاقىرسا، دەرھال ئويغىنىشىمىز مۇمكىن. بىراق باشقىلارنىڭ ئىسمىنى چاقىرسا ئويغانمايمىز. بۇنىڭدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز ئۇخلاۋاتقاندا، ئەتراپتىكى ئىشلارنى پەقەتلا بىلمەسلىكىمىز مۇمكىن. بىراق بىزنىڭ مېڭىمىز يەنىلا ھەرىكەت قىلىۋاتقان، تۇيغۇغا ئىگە بولغان بولىدۇ.

## چۈشكە قانداق بۇيرۇق قىلىش كېرەك

ئۇخلاشتىن ئاۋۋال مەسىلىلەرنى ئوبدان ئويلاپ، ئاندىن مېڭىڭىزدىن ئۆزىڭىزگە جاۋاب تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭ. ئەگەر خالىسىڭىز ئۇنلۇك دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز يەنە ئۆزىڭىزدىن چۈش مەزمۇنىنى ئەستە تۇتۇۋالغان باسقۇچتا ئويغىنىشنى ۋە چۈش مەزمۇنىنى تولۇق چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىشىڭىز كېرەك. شۇندىلا مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايسىز. ئۆزىڭىزگە تەلەپنى بەكلا يۇقىرى قويۇۋالماڭ. بىرىنچى قېتىمدىلا ھەممىنى ئىگىلىۋېلىش خىيالىدا بولماڭ. بۇ مەشىق باشقا مېڭە مەشىقلىرىگە ئوخشاش، ھەربىر باسقۇچنى تەكرار مەشىق قىلغاندىلا، ئاندىن ماھارەتنى پىششىق ئىگىلىگىلى بولىدۇ.

دەسلەپتە سىز جىمجىت ئولتۇرۇپ كۆرگەن چۈشلىرىڭىزنى (قانداق چۈش بولسا بولۇۋېرىدۇ) ئەسلەپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئاندىن دىققىتىڭىزنى مەلۇم بىر مەسىلىگە يىغىپ، مۇشۇ مەسىلىلەرنى «بىر تەرەپ قىلغان» چۈشلىرىڭىزنى ئەسلەڭ. ئۇنىڭدىن كېيىن، چۈشىڭىزنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلسىڭىز، چۈشىڭىزنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تەدبىقلىيالايسىز. قانداق قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇخلاشتىن ئاۋۋال چۈشىڭىزنى خاتىرىلەشكە قەغەز-قەلەمنى يېنىڭىزغا قويۇپ قويۇڭ. چۈش ئوڭايلا غايىب بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ناھايىتى زور ئىلھامغا ئېرىشكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىشتىن ئۆتە كىشىنى مەيۇسلەندۈرىدىغان ئىش بولمىسا كېرەك.

تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىدىن پايدىلانغانغا ئوخشاش، سىزمۇ ئۆزىڭىزدىن كۆرگەن چۈشىڭىزنى ئەسلەشنى ۋە ئۇنى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تەدبىقلاشنى تەلەپ قىلسىڭىز بولىدۇ. مالاي يېرىم ئارىلىدىكى سەينولارنىڭ چۈش كۆرۈش ئەنئەنىسى بار بولۇپ، بۇ ئەنئەنە گۆدەكلىك دەۋرىدىن باشلاپ ئۇلارغا سىڭدۈرۈلىدۇ. سەينولار ئۆزلىرى كۆرگەن چۈشلەرنى ئەستە تۇتىدىغان بولۇپ، بۇ چۈشلەر مىللەتنىڭ، شەخسنىڭ تەرەققىياتى ياكى كۈندىلىك ئىشلارغا پايدىلىق ئىلھام ۋە يېتەكچى پرىنسىپ، دەپ قارىلىدۇ. چۈشنىڭ غەرب مەدەنىيىتىدە تۇتقان ئورنى ئۇنىڭ مېڭىنىڭ باشقا ئىقتىدارىغا ئوخشاش تۆۋەن بولۇپ كەلگەنىدى. بىراق بىز ھازىر چۈشنىڭ ئىجادىيلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق، شۇڭا ئىنسان قەلبىدىكى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشتۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ قابىلىيەتلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىزنىڭ ئىجادىي پىكىر ياراتقۇچىغا ئايلىنىشىمىزغا پايدىلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پەيدا بولغان ئوي - پىكرنى تۇتۇۋېلىش

ئۇيقۇسىزلىق ۋە ئۇيقۇلۇق بىلەن ئويغاقلىق ئارىسىدىكى ھالەت ئىجادىي پىكىرلەر ئەڭ كۆپ پەيدا بولىدىغان ۋاقىت. يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك، ۋارد دېسىنىنىڭ نۇرغۇن ئوي - پىكىرلىرى ئۇيقۇسىز قالغان كېچىلەردە پەيدا بولغان.

ئوي - پىكىرلەر ھازىرلىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئوي - پىكىر ھەرقانداق چاغدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: يېرىم كېچىدە، قەھۋەخانىدا، ساقال ئېلىۋاتقاندا ياكى دېڭىز ساھىلىدا سەيلە قىلىۋاتقاندا پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا پەيدا بولغان ئوي - پىكىرلەرنى تۇتۇۋېلىشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرۇش كېرەك.

19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاۋستىرىيىلىك تالانتلىق كومپوزىتور شوبېرت بىر كۈنى بىرنەچچە دوستى بىلەن ۋېنانىڭ شەھەر سىرتىدا سەيلە قىلىدۇ. قايتىپ كېلىۋاتقاندا ئۇلار بىر قاۋاقخانىغا كىرىدۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا شوبېرت ئۈستەلدىكى شېكىسپىر شېئىرلىرى دېگەن بىر كىتابنى ئېلىپ ئوقۇيدۇ ۋە بىر ئازدىن كېيىن: «مېلودىيە تاپتىم!» دەپ ۋارقىرىۋېتىدۇ. شوبېرت خۇددى ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق قاۋاقخانىنىڭ سىرتىدا تۇرۇۋاتقاندەك تىزلىك بىلەن مېلودىيەنى تاماق تىزىملىكىگە يېزىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ 15 مىنۇتتا قالمايلا «ئاڭلا، ئاڭلا، بوز تورغاي» دېگەن داڭلىق شېئىرنىڭ مۇزىكىسىنى يېزىپ چىقىدۇ.

ئىجادچانلىقتا ئىگە كۆپ سانلىق كىشىلەر ئوي - پىكىرلەر ھازىرلىنىۋاتقان مەزگىلدە ياخشى ئوي - پىكىرگە ئېرىشكەن. ئالىم دون. نايشى ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئىجادىي ئوي - پىكىرلەرگە يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولدا ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقاندا ئېرىشكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئېمسونم ھەركۈنى ۋاقىت چىقىرىپ، ئېقىن سۇ

بويىغا بېرىپ چوڭقۇر ئويغا چۆككەن.

يوشۇرۇن ئاڭنى قوزغىتىدىغان بىۋاسىتە ئامىللار ھەمىشە تاسادىپىي، تۇيۇقسىز تەسىر كۆرسىتىدىغان بولغاچقا، ئىجادىي ئوي - پىكىرلەر كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى دەل ۋاقتىدا تۇتۇۋالمىغاندا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلا غايىب بولۇشى مۇمكىن. ئەنگلىيىلىك ماتېماتىك خامىلتون، ئەگەر مەن تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئوي - پىكىرلەرنى دەل ۋاقتىدا تۇتۇۋالمىغان بولسام، «تۆت يولىنى تۇتاشتۇرۇش»، «كۋارتېرنئون» قاتارلىقلارنى بايقىشىم (بۇ ماتېماتىكىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە) 15 - 10 يىل كېچىكىپ كەتكەن بولاتتى، دەپ قارىغان.

مۇنداق بىر ئىش بولغان: فرانسىيىلىك داڭلىق فىزىكا ئالىمى ئامپېر بىر كۈنى كەچقۇرۇن كوچىدا ئايلىنىۋاتقاندا، مەلۇم بىر سوئالنىڭ جاۋابى كاللىسىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇ دەرھال يانچۇقىدىن كۈندۈزى ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغان بىر تال بورنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ، ئالدىدىكى بىر «دوسكى»غا يېزىپ ھېسابلاشقا كىرىشىدۇ. بىراق ئۇ ھېسابلاپ بولمايلا، «دوسكا» مېڭىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ماڭغاچ ھېسابلايدۇ. بىراق «دوسكا» بارغانسېرى تېز ماڭغاچقا، ئۇ قوغلاپ يېتىشەلمەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىنى زاڭلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. ئەسلىدە ھېلىقى مېڭىۋاتقىنى دوسكا بولماستىن، بەلكى قارا پەيتوننىڭ كەينى ئىدى.

ئوي - پىكىر ياكى مەسىلىنىڭ جاۋابى دەرھال پەيدا بولۇشى مۇمكىن. شۇنداقلا بىرنەچچە سائەت، بىر نەچچە كۈن، بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئېڭىمىزدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن، ۋە بەلكىم مەڭگۈ پەيدا بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، ۋاقىت - قەرەلنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلى، يوشۇرۇن ئاڭ بىزگە ئەڭ ياخشى قارارنى چىقىرىپ بېرىشتىن ئاۋۋال، بىز ئېڭىمىزدا قارار چىقىرىشىمىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەت ياراتقان جىمى نەرسە تەپەككۇردىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى مەنبە قىلغان. ئىنسان تەپەككۇر قىلمىغان نەرسىنى يارىتالمايدۇ. تەپەككۇرنىڭ ياردىمىدە پىلان تۈزۈلىدۇ. ئىنسان تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدىغان تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئارقىلىق پىلان ياكى نىشان تۇرغۇزۇلۇپ، كىشىلەرنى ئۆزى تاللىغان ساھەدە نام چىقىرىشقا باشلايدۇ.

## قانداق قىلغاندا يوشۇرۇن ئاڭ ئېنېرگىيىسىنى ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ

يوشۇرۇن ئاڭ كېچە-كۈندۈز ھەرىكەت قىلىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ ئىنسانلارمۇ سەۋەبىنى بىلمەيدىغان جەريانلار ئارقىلىق چەكسىز ئەقىل-پاراسەتنىڭ كۈچىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئادەمنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنى رويابقا چىقىرىدۇ ۋە نىشانغا يېتىشتىكى ئەڭ ئەمەلىي ۋاسىتىدىن پايدىلىنىدۇ.

سىز يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىيەلمەيسىز، بىراق سىز ئۆز خاھىشىڭىزغا ئاساسەن، يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا ھەرقانداق پىلان، ئارزۇ-ئىستەكنى ياكى سىز رېئاللىققا ئايلاندۇرماقچى بولغان نىشاننى يەتكۈزۈپ بېرەلەيسىز.

يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكى چەكسىزدۇر، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. بۇخىل بىرلەشتۈرۈشنىڭ كىشى قەلبىنى ئىلھاملاندۇرۇشتىكى قۇدرىتىگە ئادەم قايىل بولماي تۇرالمايدۇ.

ھەر قېتىم يوشۇرۇن ئاڭ توغرىسىدا مۇھاكىمە بولغاندا، ئۆزەمنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغاندەك ھېس قىلىمەن. بۇ بەلكىم بىز ئىنسانلارنى بىلىم خەزىنىسىدە يوشۇرۇن ئاڭ توغرىسىدىكى

بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئاز بولغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. سىز يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ۋە يوشۇرۇن ئاڭنى ۋاسىتە قىلىپ، ئارزۇ-ئىستەكنى رويابقا چىقىرىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، سىز ئېنىق بىر نىشانغا ئىگە بولۇشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى ھېس قىلالايسىز.

ھازىر سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەركۈنى يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇر ئىچىدە ئۆزىڭىزمۇ تۇيمىغان ھالدا ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى ئەستە تۇتۇشىڭىز كېرەك. بۇ تەپەككۇرنىڭ بەزىسى ئىجادىي، ياخشى بولسا، بەزىسى سەلبىي، يامان بولىدۇ. ھازىرسىز سەلبىي تەپەككۇرنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ ۋە ئۆز ئېڭىڭىزغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن تايىنىپ، ئارزۇ-ئىستەكنىڭ ئىجادىي تۇرتكىسىدە يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى تىزگىنلەشكە تىرىشىۋاتىسىز.

بۇنى قىلغاندىن كېيىن، سىز يوشۇرۇن ئاڭنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئىگە بولغان بولىسىز، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، سىز بۇ دەرۋازىنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىيەلەيسىز. سىز كېرەك قىلمايدىغان ھەرقانداق ئوي-پىكىر يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ.

يوشۇرۇن ئاڭ «تۇيغۇ» ياكى ھېسسىيات ئارىلاشقان تەپەككۇرنىڭ تەسىرىگە ئوڭايلا ئۇچرايدۇ، چىن قەلبىتىن چىققان ئىدراكىي تەپەككۇرنىڭ تەسىرىگە ئوڭاي ئۇچرىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھېسسىي ئوي-پىكىرلەر يوشۇرۇن ئاڭنى تىزگىنلەيدۇ، بۇنىڭغا پاكىت تەييار. كەيپىيات ۋە تۇيغۇنىڭ كۆپ سانلىق كىشىلەرنى تىزگىنلەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بىر پاكىت. ئەگەر يوشۇرۇن ئاڭنىڭ كەيپىيات ۋە تۇيغۇ ئارىلىشىپ كەتكەن ئوي-پىكىرلەرگە بولغان ئىنكاسى تېزراق بولسا، بۇ چىنلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بولغان بىر نەچچە خىل كەيپىيات بىلەن تونۇشۇشىمۇ ناھايىتى زۆرۈر بولىدۇ. ئىجادىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەيپىياتلار ئاساسلىقى 7خىل، سەلبىي كەيپىياتلارمۇ 7خىل. سەلبىي كەيپىياتلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەپەككۇردىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە قوشۇلۇپ، يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىغا يېتىپ بارىدۇ. ئىجادىي كەيپىياتلارنى بولسا ئىنسان ئۆز-ئۆزىگە بېشارەت بېرىش پرىنسىپى ئارقىلىق ئۆزى خالىغان يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇردىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە قوشۇشى كېرەك.

بۇ ھېسسىياتلارنى ياكى كەيپىياتلارنى بولكا ياساشتا خېمىرغا سالىدىغان ئېچىتقۇغا ئوخشاتساق بولىدۇ. چۈنكى ھەرىكەت مۇشۇ ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ ۋە تەپەككۇردىن ئىبارەت ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى پاسسىپلىقتىن ئاكتىپلىققا ئۆزگەرتىدۇ. بۇلاردىن سىز ھېسسىيات تەكشى ئارىلاشتان تەپەككۇرنىڭ نېمە ئۈچۈن «ھېسسىياتسىز» تەپەككۇرغا قارىغاندا كىشىلەرنى ھەرىكەت قىلىشقا تېخىمۇ ئىلھاملاندۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايسىز .

سىز نۇرغۇن بايلىققا ئېرىشىش توغرىسىدىكى ئارزۇ-ئىستىكىڭىزنى يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ «ئاڭلىغۇچىسى» قىلماقچى بولۇۋاتقانسىز، بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئاۋۋال قانداق قىلغاندا بۇ «ئاڭلىغۇچى» غا يېقىنلاشقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك. سىز چوقۇم بۇ «ئاڭلىغۇچى» چۈشىنەلەيدىغان گەپلەرنى قىلىشىڭىز كېرەك. بولمىسا ئۇ گېپىڭىزگە قۇلاق سالمايدۇ. بۇ «ئاڭلىغۇچى» كەيپىيات ياكى تۇيغۇ توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بۇ يەردە يەتتە خىل ئىجادىي كەيپىيات بىلەن يەتتە خىل سەلبىي كەيپىياتنى تونۇشتۇردۇق، بۇنىڭ سىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا بۇيرۇق قىلغاندا سەلبىي كەيپىياتتىن ساقلىنىپ، ئىجادىي كەيپىياتتىن پايدىلىنىشىڭىزغا پايدىسى بار.

يەتتە خىل ئىجادىي كەيپىيات:

1. ئارزۇ - ئىستەك
2. ئىشەنچ
3. مۇھەببەت
4. مىجەز
5. قىزغىنلىق
6. رومانتىك ھېسسىيات
7. ئۈمىد

بۇنىڭدىن باشقا ئىجابىي كەيپىياتلار نۇرغۇن، بىراق بۇ يەتتە خىلنىڭ كۈچى ئەڭ زور. ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدىغان كەيپىيات دېگەندە بۇ يەتتە خىل كەيپىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالماي قالمايدۇ. بۇ يەتتە خىل كەيپىياتنى ئوبدان تىزگىنلىگەندە (بۇلاردىن پايدىلانغاندا، ئاندىن تىزگىنلىگىلى بولىدۇ) باشقا ئىجابىي كەيپىياتلارنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىز ھازىر ئوقۇۋاتقان بۇ كىتاب قەلبىڭىزنى ئىجابىي كەيپىيات بىلەن تولدۇرىدۇ ۋە سىزنىڭ «مال-دۇنياغا بولغان ئاڭلىقلىقىڭىز» نى كۈچەيتىدۇ. بۇلارنىڭ رولى دەل مۇشۇنىڭدا.

يەتتە خىل سەلبىي كەيپىيات:

1. قورقۇنچ
2. ھەسەتخورلۇق
3. نەپرەت
4. قىساس
5. ئاچكۆزلۈك
6. خۇراپىيلىق
7. غەزەپ

ئىجابىي كەيپىياتلار سەلبىي كەيپىياتلار بىلەن چىقىشالمايدۇ. بۇ ئىككىسى بىرلا ۋاقىتتا ئېڭىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئاڭنى ئىككىسىنىڭ بىرى تىزگىنلەيدۇ. شۇڭلاشقا، سىز قەلبىڭىزنىڭ ئاساسەن ئىجابىي كەيپىياتنى

www.uyghurkitap.com
تۇيغۇر كىتاب تورى

تەركىب تېپىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك. بۇنداق چاغدا، ئادەت قانۇنى سىزگە ياردەم بېرىدۇ. ئىجابىي كەيپىياتتىن جانلىق پايدىلىنىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈڭ! ئىجابىي كەيپىياتلار قەلبىڭىزنى تىزگىنلەپ، سەلبىي كەيپىياتلارنى چوقۇم چىقىرىدۇ.

بۇ كىتابتىكى كۆرسەتمىلەرگە خەتمۇ خەت، جۈملىمۇجۈملە رىئايە قىلسىڭىز، يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى تىزگىنلەيسىز. يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدا ئازراقلا يامان ئوي پەيدا بولسا، يوشۇرۇن ئېڭىڭىز سىزگە ئاتا قىلغان ئىجابىي ياردەمگە ئېرىشىشتىكى بارلىق پۇرسەتلەرنى ۋەيران قىلىدۇ.

## يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى تولۇق قېزىڭ

هازىرقى بۇ ئىلىم - پەن دەۋرىدە، كىشىلەر نەچچە ئاي، هەتتا نەچچە يىل سەرپ قىلسا، ئاندىن هېسابلاپ چىقىرالايدىغان مۇرەككەپ ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى كومپيۇتېر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ. نەچچە مىليون، نەچچە ئون مىليون خىل ماتېرىيال بولۇپ كەتسۇن، كومپيۇتېر بۇلارنى رەتلەپ ئارخىپ قىلىپ ساقلايدۇ ياكى سىزگە توغرا جاۋابنى چىقىرىپ بېرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، ئۇ ماتېرىياللارنىڭ توغرا - خاتالىقىغا هۆكۈم قىلالمايدۇ. ئومۇمەن، كومپيۇتېر بېرىلگەن ماتېرىياللارغا تايىنىپ مەسىلىنى هەل قىلىدۇ، ئەگەر ماتېرىيالدا خاتالىق بولسا، جاۋابمۇ مۇقەررەر خاتا بولىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىمۇ كومپيۇتېرغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭغا توغرا ماتېرىيال بېرىلمىسە، توغرا جاۋاب تېپىپ بېرەلمەيدۇ. تۆۋەندە بىز يوشۇرۇن ئاڭدىن ئوبدان پايدىلىنىش توغرىسىدىكى بىر قانچە تۈرلۈك ئۇسۇلنى تونۇشتۇرىمىز.

1. ھەركۈنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى بىلىم قوبۇل قىلىڭ.

بۇ ئۇسۇل مەكتەپ تۇرمۇشى، خىزمەت، دەم ئېلىش قاتارلىق تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق تەرىپىگە ماس كېلىدۇ. ئەگەر سىز ھازىرقى خىزمەتتىن بىر نەرسە ئۆگەنگىلى بولمايدۇ دەپ قارىسىڭىز، باشقا تەرەپتىن تولۇقلاڭ. مەسىلەن: ھەركۈنى ئازدىگەندە يېرىم سائەت ئەتراپىدا خىزمىتىڭىزگە مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنى ئوقۇڭ، كەچكى بوش ۋاقىتلىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ، كەسىپكە ئالاقىدار لېكسىيەلەرنى ئاڭلاڭ ياكى كەچلىك مەكتەپتە ئوقۇڭ. شۇندىلا «قەلب كۇتۇپخانىسى» موللىنىدۇ.

2. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدىن كۆپرەك پايدىلىنىڭ.

مەلۇم بىر مەسىلىنى ئىككى سائەت ئەتراپىدا ئوبدان ئويلانغاندىن كېيىن، دەم ئېلىڭ ياكى باشقا ئىش قىلىڭ. بۇنداقتا بىر تەرەپتىن نېرۋىلىرىڭىزنى ئارام ئالدۇرالايسىز، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنىڭ رول ئوينىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت بېرەلەيسىز. بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇ مەسىلىنىڭ كۆپ ئاددىيلاشقانلىقىنى ھېس قىلىسىز.

3. يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇڭ.

مەسىلىنى ياخشىلاش ياكى ھەل قىلىش ئۈچۈن سىز ئۆزىڭىزدە ئىجابىي تەپەككۇر ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى ئىجادچانلىققا باي ھەرىكەتلەرگە سىڭدۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىجادچانلىق مۇھىتى يارىتىپ بېرىشتۇر. بۇنداق قىلغاندا سىز ناھايىتى تېزلا ئۆز قابىلىيىتىڭىزنى ئاشۇرالايسىز.

4. يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدا پەيدا بولغان ئوي - پىكىرنى تۇتۇۋېلىڭ.

قاچان بولۇشتىن قەتئىينەزەر، كاللىڭىزدا بىرەر ئوي - پىكىر پەيدا بولسا، ئۇنى دەرھال يېزىۋېلىپ ساقلاپ قويۇشىڭىز كېرەك.

www.uyghurkitap.com

ئاندىن بۇلارنى ھەرئايدا بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىپ، خىزمىتىڭىزگە پايدىلىق كۆزقاراشلارنى تاللاپ، ئۇنىڭ پايدا-زىيىنىنى ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىشكە كىرىشىڭ.

5. يوشۇرۇن ئېڭىڭىزنى ئاكتىپ كۆزقاراشلار بىلەن بېيىتىڭ.

مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلىدىغان پاسسىپ كۆزقاراشلارنى ۋە ئۆچمەنلىك، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ناچار ھېسسىياتلارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ. بۇ ھېسسىياتلار سىزنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ. بۇ ھېسسىياتلارنى تەلتۆكۈس چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، توغرا، پايدىلىق، ئىجابىي ئوي-پىكىرلەرنى كىرگۈزۈڭ. شۇندىلا سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا كېرەكلىك كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى ئاكتىپ پوزىتسىيىگە ئېرىشەلەيسىز.

# يەتتىنچى باب

## قاتتىق ئۇيقۇدىكى بىۋاستە سېزىمنى ئويغىتىش

ئىنساننىڭ بىۋاستە سېزىمى ئىدراكسىز ياكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا مەسىلىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر بىلىشتۇر.

نېفىت ماگناتى پاۋل . گايدىنىڭ ئۆمرى «ئۆز-ئۆزىگە بايلىق يارىتىش ئىلمى» نىڭ نۇرغۇن پرىنسىپلىرىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزىنى ئۆزىڭىزگە ھېكمەتلىك سۆز قىلىۋالسىڭىز بولىدۇ: «مەيلى سىز ياقتۇرۇڭ ياكى ياقتۇرماڭ، دۇنيادا ( مىليونېر ئېڭى) دېگەن بۇ نەرسە مەۋجۇت».

ئومۇمەن ئېيتقاندا ھەر بىر ئادەمدە تۇغما «ئالدىن بىلىش » ئىقتىدارى بولىدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئالدىن بىلىشى تەربىيىلەنگەن ياكى تەجرىبىسى مول كىشىلەرنىڭكىدەك توغرا ۋە ئۆتكۈر بولمايدۇ.

«ئالدىن بىلىش»كە ماھىر كىشىلەر ئوڭايلا مۆۋەپپەقىيەت يولىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇلار دائىم بىردەملىك سېزىمىگە تايىنىپ تەپەككۇر قىلىدۇ ۋە مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى مۇمكىن قىلىدۇ، ناچار ھالەتنى ئەۋزەل شارائىتقا ئايلاندۇرىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى كىشىلىك ھاياتتىكى مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ ئاچقۇچلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بىۋاسىتە سېزىمگە تايىنىپ قىممىتى بار ئوي - پىكىرلەرنى تاللاش

بىر كەشپىياتچىنىڭ ھەقىقىي خىزمىتى، ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئىچىدىكى كارغا كېلىدىغانلىرىنى تاللاپ چىقىشتىن ئىبارەت. بىراق تاللاش پرىنسىپى ناھايىتى نازۇك بولۇپ، ئۇنى ئاساسەن ئېنىق تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا پەقەت سەزگۈگە تايىنىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ، بىراق ئۇنى فورمۇلا قىلىپ يېزىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل قاراش «سەزگۈ»نى پەن ۋە كەشپىيات قاتارلىق ئوبيېكتىپ بىلىملەرنىڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ قارايدۇ.

تۇرمۇش يېتەرلىك بولمىغان ئاساستىن يېتەرلىك يەكۈن چىقىرىدىغان بىر خىل سەنئەت. قايسى ئوي - پىكىر ئەڭ ياخشى؟ كىشىلەر بۇ توغرىدا يەكۈن چىقىرىشتىن ئاۋۋال، پايدىلانغۇدەك يېتەرلىك ماتېرىيالغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بۇنىڭ ئۈچۈن ئاڭ قاتلىمىدىن ئىزدەپلا قالماي، كەڭرى بولغان يوشۇرۇن ئاڭ قاتلىمىدىنمۇ ئىزدەيدۇ، كىشىلەر ئاڭدىكى تەپەككۇردىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرى بىۋاسىتە سېزىم تەپەككۇرىدىن پايدىلىنىدۇ. بىۋاسىتە سېزىم تەپەككۇرى، ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭنى بىرلەشتۈرگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

سەنئەتكارلار يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرغا تېخىمۇ تايىنىدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ئارقىلىق سەنئەتكە ئالاقىدار ئوي - پىكىرلەرنى تېپىپ چىقىدۇ. ئىجادىي پىكىرلىكلەر ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭغا تايىنىپ ئەڭ ياخشى ئوي - پىكىرنى تاللاشقا ماھىر كېلىدۇ، ئۇلار ئېغىدىكى تەجرىبە، بىلىم، پىسخىكا ۋە پوزىتسىيىگە تايىنىدۇ.

كائىنات، ئەر-ئايال، قېرى-ياش، ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر، بۇلۇت ۋە شامال، قۇم ۋە يۇلتۇز، جىسىم، ماكان، ھەربىر تال تاش ۋە تەبىئەتنىڭ ھەربىر مەھسۇلىنىڭ ئۆزىگە خاس ماھىيىتى، ئۆزگىچە قۇرۇلمىسى ۋە ئالاھىدە مەۋجۇتلۇق شەكلى بولىدۇ.

تەبىئەت ۋە ھاياتلىقنىڭ ھەر بىر تەرىپى ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە بولۇپ، باشقا سۇبىستانسىيە ياكى تەشكىلىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق پۈتۈنلۈك بىلەن قۇرۇلمىنىڭ بىرخىل ماس مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە يېتىدۇ.

نۇرغۇنلىغان پسىخولوگىلار بىزگە قارار چىقىرىش ۋە ئوي-پىكىرگە ئېرىشىش جەريانىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس پىسخىك ئۆز ۋە تەجرىبىلىك ئۆزىگە تايىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. پسىخولوگىلار بىزنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ ئىدراكقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ، ئومۇمەن كىشىلەر كۆرگەن ۋە باشتىن كەچۈرگەن ئىشلارنى بولۇپمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەجرىبىسى بار ئىشلارنى پىسخىك ئۆز قوبۇل قىلغاندا، كىشىلەر بۇرۇنقى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىنى تاللاشقا مايىل بولىدۇ.

مۇزىكانت مۇزارت، مېنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىم مېنىڭ ئۆزگىچە پىسخىك ئالاھىدىلىكىمنى تەرەققىي قىلدۇرغانلىقىمنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى دەپ قارىغان. ئۇ بۇرۇننىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىر ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغانغا ئوخشاش، مېنىڭ ئۆزۈمگە خاس ئالاھىدىلىكىم مېنىڭ مۇزىكىلىرىمنىڭ ئۇسلۇبىنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىماسلىقىدىكى سەۋەب دەپ چۈشەندۈرگەن.

گەرچە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيدىغان بولساقمۇ، بىراق بىز ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلالمايمىز. كىشىلەر سەنئەت سارىيىدا ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، مەلۇم رەسسام سىزغان رەسىملەردىن ئىپادىلەنگەن مەنىنى پەرەز قىلىدۇ، ئەمما پەرىزى خاتا چىقىدۇ،

www.uyghurkitap.com

چۈنكى رەسساملارمۇ بەزىدە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئاشۇ رەسىمنى سىزغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەڭ قىممەتلىك بار سەنئەت ئەسەرلىرى نۇرغۇن كىشىلەردە تۈرلۈك ئۆزگىچە كۆزقاراشلارنى پەيدا قىلىدىغان ئەسەرلەردۇر. ناتونۇش ئەسەرلەرنى قوبۇل قىلىش، بىر رەسىمنى ئۆز گۈزەللىكىنى ئىپادىلىگەن دەپ ياقتۇرۇشى مۇمكىن؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر مۇشۇ رەسىمنى ئىنساننىڭ ئىنسانغا بولغان ياۋۇزلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، دەپ ياقتۇرۇشى مۇمكىن.

يېڭىلىق يارىتىش جەريانى شەخسنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پەيدا بولغان ئۆزگىچە مۇناسىۋەت ياكى ھەرىكەتتۇر. كىشىلەر تېخىمۇ ئىجادچانلىققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پەرق ئېتىشى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە نىشانى، ئېھتىياجى ۋە تەجرىبىسىگە ئاساسەن ئەڭ قىممەتلىك بار ئوي-پىكىرلەرنى تاللىشى كېرەك.

## پاۋل. گايدىنىڭ بايلىق يارىتىش توغرىسىدىكى بىۋاستە سېزىمى

بەزىلەر نېفىت ماگىناتى پاۋل. گايدىغا مۇنداق باھا بەرگەن: «ئۇ چەكسىز جەلپكارلىقىدا، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يىراقنى كۆرەرلىككە ۋە ئۆزىنى قوللايدىغان كۈچلۈك مەنىۋى كۈچكە ئىگە».

گايدى كۈچلۈك بىۋاستە سېزىم قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ قابىلىيىتى ئادەتتىكىدىن تاشقىرى بولغاچقا، گايدىنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە تەدبىرلىرى ھەمىشە «ئادەتتىكىدىن ھالقىپ» كەتكەن. ئۇ تۇزۇمگە خىلاپلىق قىلغۇچى ئەرباب دەپ قارالغان.

گايدى «كۆپچىلىكنىڭ پىكرى» گە ئېسىلىۋالماستىن، ئۆزىنىڭ بىۋاستە سېزىم قابىلىيىتىگە قەتئىي ئىشەنگەچكە بېيىغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئوتتۇرا شەرقتە مول نېفىت بارلىقىنى ئاڭلىغان گايدى ئوتتۇرا شەرىقتىكى «بىتەرەپ رايون»غا بېرىپ، نېفىتكە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. بارلىق چوڭ نېفىت شىركەتلىرى چىشىنى بىلەۋاتقان بۇ يېڭى بازارغا كىرىش ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، توختام ئىمزالايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە گايدىنىڭ بۇ توختامنى ئىمزالىغانلىقى ئەخمىقانىلىق ئىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا گايدى ھەممە پۇلىدىن قۇرۇق قالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى .

دەسلەپكى تۆت يىلدا باشقىلارنىڭ گېپى توغرا چىقىدۇ، چۈنكى گايدى بۇ جەرياندا بىر تېممىمۇ نېفىتقا ئېرىشەلمەيدۇ. بۇخىل ئەھۋال 1952 - يىلغىچە داۋاملىشىدۇ، بىراق گايدى بىر ئازمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ.

ئۇنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى نېفىتلارنىڭ ئۇنىڭ قېزىشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ نېفىتلار ھامان بايقىلاتتى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئاخىرى يەردە قالمايدۇ. 1953 - يىلى، ئۇ نېفىتنى بايقايدۇ. ئارقىدىن گايدى بىتەرەپ رايوننى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بۇرغىلاش ئارقىلىق بۇ يەردە راستىنلا ناھايىتى مول نېفىت بارلىقىنى بايقايدۇ. گايدى كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋالماي ۋە مەغلۇپ بولماي، دېگەن پەرەزلەرگە قۇلاق سالمىغاچقا، ئاخىرى نېفىتكە ئېرىشىدۇ.

گايدى 1976 - يىلى 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆمرى «ئۆز-ئۆزىگە بايلىق يارىتىش ئىلمى» نىڭ نۇرغۇن پرىنسىپلىرىنى چۈشەندۇرۇپ بەردى. تۆۋەندىكى مۇنۇ سۆزنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزىگە ھېكمەتلىك سۆز قىلىۋالسا بولىدۇ: «مەيلى سىز ياقتۇرۇڭ ياكى ياقتۇرماڭ، دۇنيادا ‹مىليونېر ئېڭى› دېگەن بۇ نەرسە مەۋجۇت».

www.uyghurkitap.com

# تەجرىبىگە بولغان ئۇرتاق چۈشىنىش

ئىنسانىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمى ئىدراكسىز ياكى ئەمەلىيەتكە ئويغۇن كەلمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئەكسىچە، ئۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئەگەر سىز چۈشتىن كېيىن يامغۇر ياغىدىغانىدەك ھېس قىلىسىڭىز (بۇ سىزنىڭ ئاسماندا بۇلۇت بارلىقى ياكى تېمپېراتۇرىنىڭ يۇقىرىلىقىنى سەزگىنىڭىزدىن ئەمەس، بەلكى ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھاۋارايىنى سەزگەنلىكىڭىزدىن بولۇشى مۇمكىن)، دەرۋەقە يامغۇر ياغىدۇ. بۇلار بىۋاسىتە سېزىمنىڭ ئىپادىلىرى.

ئېينىشتېين بىۋاسىتە سېزىم توغرىسىدا مۇنداق مۇپەسسەل بىر قاراشقا ئىگە ئىدى. يەنى بىۋاسىتە سېزىم «تەجرىبىگە بولغان ئورتاق چۈشىنىش» كە تايىنىدۇ دەپ قارىغان. بىۋاسىتە سېزىم مەسىلىلەرنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر بىلىشتۇر، بۇخىل بىلىش تەجرىبىنىڭ توپلىنىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئۇ، تەجرىبە توپلىنىپ مەلۇم بىر سەۋىيىگە يېتىپ ئىدراك بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا تۇيۇقسىز ئورتاقلىق پەيدا بولغان، پىكرى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەندەك ئىپادىلىنىدىغان بىرخىل چۈشىنىشتۇر.

ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەرتى ئۇلارنىڭ ئىچكى ھۆكۈمى ۋە تاللىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار قۇلاق ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى قەلبى ئارقىلىق ئاڭلايدۇ. بۇنداق دېگەنلىك ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە كىشىلەر باشقىلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىشنى خالىمايدۇ ياكى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس، شۇنداقلا ئاڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، تەپەككۇر قىلىش دېگەنلىكمۇ ئەمەس. تېخىمۇ مۇۋاپىقراق قىلىپ ئېيتقاندا،

ئۇلار ئاڭدىكى يەكۈننى چىقارغاندىن سىرت، ئۇنىڭ توغرىلىقىنى «ھېس قىلىدۇ»،

پىلاتون: «مەسىلىنى ھەل قىلىش خاتىرىگە تايىنىش دېگەنلىكتۇر. ئەگەر بىز بۇرۇنلا جاۋابىنى بىلمىگەن بولساق، مەسىلىگە يولۇققاندا ئۇنى قانداقمۇ ھەل قىلالايتتۇق؟» دېگەنىدى. بەلكىم بىز يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىن بۇرۇنلا بىلىدىغان جاۋابنى تاللىغانلىقىمىزنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. پىلاتوننىڭ دېگەنلىرىنىڭ توغرا-خاتالىقىنى قويۇپ تۇرايلى. ئۇنىڭ بۇ گېپى تۇيغۇنىڭ بىزنىڭ ئىلگىرىكى بىلىملىرىمىز ۋە تەجرىبىلىرىمىزنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ مەلۇم بىر جەھەتتىكى بىلىمىمىز ۋە تەجرىبىمىز يېتەرسىز بولسا، بۇ جەھەتتە بىۋاسىتە سېزىمىمىزگە تايانغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ رولى چەكلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مەلۇم بىر ساھەدىكى ھەقىقىي مۇتەخەسسىسنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىنىڭ توغرىلىقى مۇتەخەسسىس ئەمەسلەرنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. ئىجادچانلىققا ئىگە كىشىلەر ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىغا ھەقىقىي ئىشىنىشتىن ئاۋۋال ئۆز كەسپىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆگىنىشى كېرەك. سىز «مەندە بىر خىل سېزىم بار» دەيدىغان ھېلىقىدەك ھاياجانلىنىشتىن كېيىن، ئۆز تۇيغۇڭىزغا ئىشىنىۋەرسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سىزنىڭ ئويلاۋاتقىنىڭىز سىز ئەڭ ئوبدان بىلىدىغان ساھە بولسا، ئوي-پىكىرلىرىڭىزنىڭ توغرا بولۇش مۇمكىنچىلىكىمۇ چوڭ بولىدۇ. بىۋاسىتە تۇيغۇغا ئىشىنىدىغان بۇخىل ئۇسۇلمۇ يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## بىلىمنىڭ سۈپىتى ۋە سانى —— ئاساسلىق ئامىل

ھەرقانداق تەپەككۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. بىۋاسىتە سېزىملىق تەپەككۇر قابىلىيىتىمۇ ھەم شۇنداق. بۇخىل بىۋاسىتە سېزىم قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولغانىكەن، ئۇنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن قانداق زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاش كېرەك؟ ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئۇنداق قىلىش تەسمۇ ئەمەس. كۆپ يىللىق بىلىملەرنى توپلاپ، ئۇلاردىن سۈپەتكە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا پايدىلانسىڭىزلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر ئاساسلىق ئامىل ئېرىشكەن تەجرىبىلەردىن پىششىق پايدىلىنىشتىن ئىبارەت.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا تاشقى دۇنيانىڭ غىدىقلىشى ياكى تەسىرى ئارقىلىق بەزى ئىشلارغا قارىتا ئالدىن بىلىش پەيدا بولىدۇ. ئۇ پەيدا بولغان ئاشۇ پەيتتە توغرا يۆلىنىشنى تۇتالىغاندا، يۈز بېرىش ئالدىدىكى ئىش ياكى ھەرىكەتنى ھېس قىلغىلى ۋە ئالدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

كۆپلىگەن پاكىتلار بىلىم قانچىكى كۆپ بولغان تەرەپلەردە پەيدا بولىدىغان ئالدىن بىلىشنىڭ ئۇنۇمىنىڭمۇ شۇنچە كۆرۈنەرلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئالدىن بىلىشنىڭ توغرىلىق نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. بىراق بۇنىڭدا يەنە بىر ئادەمنىڭ ئادەتتە پارچە ـ پۇرات تەسىرات ياكى خىياللارنى رەتلەپ، ئۇنى بىلىم قاتارىدا ئەستە ساقلىغان ـ ساقلىمىغانلىقىغا قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

ئادەتتە، ئالدىن بىلىش تۇيغۇمىزدىن پايدىلانغاندا، ئۆزىمىزنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن بىلىملەر كىتابتىن ئېرىشكەن بىلىملەردىن بەكرەك كارغا كېلىدۇ ۋە توغرا بولىدۇ.

كىشىلىك ھايات سەپىرىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلار خۇددى سۇدا

مەيداندىكى كاساتچىلىقتا ئوخشايدۇ، ھەرقانچە ئەنسىز يىللاردىمۇ ياخشى نام قالدۇرغانلار چىقىدۇ؛ ھەرقانچە كاساتچىلىق دەۋرىدىمۇ بەزى شىركەتلەرنىڭ تىجارەت سوممىسى ئېشىپبېرىدۇ، مەھسۇلاتلىرىنى كىشىلەر تالىشىپ سېتىۋالىدۇ. بۇ نېمە سەۋەبتىن؟ بۇ پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ بىلىم قوبۇل قىلىشقا ۋە ئۇنىڭدىن جانلىق پايدىلىنىشقا ماھىر بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

## تەسراتنى تۇتۇۋېلىش بىۋاستە سېزىمنىڭ پەيدا بولۇشىغا پايدىلىق

كۈندىلىك تۇرمۇشتا قانداق قىلغاندا بىردەملىك تەسراتنى تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ؟

ئالدى بىلەن بىز خاتىرىمىزدا ساقلىنىدىغان تەسرات ۋە بىلىملەرنىڭ تىل-يېزىق ماتېرىياللىرىدىنمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك.

بىر ئالىمنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمنىڭ خاتىرىسىدىكى تىل بىلىملىرى بىلەن تەسرات بىلىملىرىنىڭ نىسبىتى 1:10000 بولىدىكەن. بۇ ستاتىستىكىدىن تەسرات ئارقىلىق خاتىرىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ تىل-يېزىق ئارقىلىق ئەستە ساقلاشتىنمۇ كۆپ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

تۆۋەندىكى مىساللار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەر تېخىمۇ ئوڭاي چۈشىنىۋالالايدۇ.

مەسىلەن: بىز كاللىمىزدا بىرتال «گۈل» نىڭ ئوبرازىنى ياراتماقچى بولساق، نۇرغۇن گۈللەرنى ناھايىتى تېزلا ئويلاپ چىقىمىز. مەسىلەن: «پىياز گۈل»، «ئەتىرگۈل»، «پىگان گۈل» دېگەندەك ياكى «ئاق گۈل»، «قىزىل گۈل»، «سېرىق گۈل»، «چوڭ گۈل»، «كىچىك گۈل» قاتارلىق كونكرېت

www.uyghurkitap.com

ئوبرازلارنى ئويلاپ چىقىمىز. بۇنداق تەسىراتلارنى بىرىكتۈرۈشنى ئەركىن ـ ئازادە ئويلىيالايمىز، شۇنداقلا توسالغۇسىمۇ ئۇچرىمايدۇ. تەپەككۇرنىڭ ئەركىن قانات قېقىشى بىر ئادەم ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بەھرىلىنىشتۇر.

كۈندە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان مەلۇم بىر نەرسىنىڭ نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقالايدىغانلاردىن مىڭ ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرقانچىسى چىقار. كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئەسكەرتىپ قويۇلمىسا، ئۇلار ئادەتتە بىپەرۋا ھالەتتە كۆرمىگەندەك يۈرۈۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئادەتتە ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى ئەتراپلىق كۆزىتىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈپ، كۆزەتكەنلىرىمىزنى تەسىراتىمىزغا كىرگۈزۈۋەتسەك بولىدۇ. شۇنداقلا، سىز ئۇلارغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، ئۇلار خۇددى بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىققاندەك بولىدۇ.

بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق نۇرغۇن شەيئىلەر توغرىسىدىكى تەسىراتنى توپلىغىلى بولىدۇ. يېڭى تەسىراتلار بىلەن كونا تەسىراتلارنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق كېلەچەكنى ئالدىن بىلىشكە تېخىمۇ ئوبدان تەتبىقلىغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇلار سىزنىڭ شەيئىلەرگە ھۆكۈم قىلىشىڭىزدىكى ئاساس بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئىنسانلارنىڭ ئالدىن بىلىش ئىقتىدارى تېخىمۇ كارغا كېلىدۇ.

ئەگەر بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنى تۇتۇۋالالىغاندا، ھەممىسىنى (ياكى كۆپ قىسمىنى) ئەستە تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋاقىت ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. كەم ماتېرىياللار ئارىسىدا توغرا ئالدىن بىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

## ئەمەلىي تەجرىبە جەريانىدا بىۋاستە سېزىمگە ئېرىشىش

ئەمدى بىز بىۋاستە سېزىمنى يېتىلدۈرۈشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مۇھىم نۇقتا توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتەيلى.

ئالدى بىلەن ئەمەلىي تەجرىبە بولۇشى كېرەك، بۇ نۇقتا ھەرگىزمۇ كەم بولسا بولمايدۇ.

بىۋاستە سېزىم يوشۇرۇن ئاڭ بىلەن تەجرىبىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان. يەنى بۇرۇنقى تەسىراتلارنىڭ مەلۇم بىر خىل غىدىقلاشنىڭ تەسىرىدە قايتىدىن پەيدا بولۇشىدۇر.

بۇخىل باغلىنىش تۆپەيلى، تاشقى غىدىقلاشلار، مەسىلەن: ئەيىبلىنىش، ماختىلىش، ياكى ئازاب ـ ئوقۇبەت، تەسەللى قاتارلىق تۈرلۈك ئىنكاس شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇخىل بىۋاستە سېزىم بىر نەچچە كىتابنى ئوقۇش ياكى باشقىلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا پەيدا بولمايدۇ.

ئۆزى دەسمايە سېلىپ سودا قىلىپ باقمىغانلار خۇددى شېكىسپىرنىڭ «ۋېنتسىيىلىك سودىگەر» دېگەن ئەسىرىدىكى باش قەھرىمانغا ئوخشاش، ئۆزى دەسمايە سېلىپ سودا قىلغاندىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى ھېس قىلالمايدۇ، شۇنداقلا پايدا تاپقاندىكى شاتلىق ۋە مەمنۇنىيەت تۇيغۇسىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

شۇڭلاشقا، ئۈچۈرغا ئېرىشمەكچى، ئىلھامغا ئېرىشمەكچى بولغاندا، پۇت ـ قوللار، ھەتتا چاچلارمۇ ھەرىكەت قىلىشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك.

ئەمەلىي تەجرىبىگە تايانمىغان ئىلھام خۇددى قىمارغا ئوخشاش بولۇپ، ئىلمىي بولمىغان بىرخىل ھۆكۈمدۇر. بۇنداق ئىلھامنى تەلەي سىناش دېيىشكە بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ توغرا چىقىپ قالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ بولىدۇ، بىراق كۆپ ھاللاردا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاتا بولۇپ چىقىدۇ. بۇلار ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ.

كىتاب ئوقۇش ۋە باشقىلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىلىملەر ئوخشاشلا مېڭىدە ساقلىنىدۇ، بىراق بۇ بىلىملەر ھەزىم بولۇپ قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، شۇنداقلا بەدەنگە ئىنكاس ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزەلەيدۇ. ئەمەلىي تەجرىبە بولسا بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. ئەمەلىي تەجرىبە تەسىراتنى ئاز-تولا رەتلىسىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

بۇ قائىدە خۇددى ئەزەلدىن قارىغۇرۇك يەپ باقمىغان ئادەمگە قارىغۇرۇكنىڭ تەمىنىڭ قانداقلىقىنى ھەرقانچە چۈشەندۈرسىمۇ چۈشىنەلمىگەنگە ئوخشاش. ئەلۋەتتە، بۇنداق ئەھۋاللاردا سىز تەمى ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا يېمەكلىكلەرنى (مەسىلەن: لىمون ياكى شاپتۇل دېگەندەك) ئۇنىڭغا يېگۈزۈپ باقسىڭىز، ئاز-تولا چۈشىنىشى مۇمكىن، بىراق يەنىلا قارىغۇرۇكنى ھەقىقىي يەپ باققاندەك كونكرېت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۇنىڭغا قارىغۇرۇكنى يېگۈزۈپ بېقىشتۇر.

## بىۋاستە سىزنى چېنىقتۇرۇشتىكى زۆرۈر دەرس

ھەربىر ئادەمنىڭ «مۇۋەپپەقىيەت» توغرىسىدىكى تەبىرى ئوخشاش بولمايدۇ، بىراق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش. مەسىلەن: سودىگەرلەر تاۋارلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇشىنى مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايدۇ؛ پاي چېكى بىلەن ھەپىلىشىدىغانلار پايدا تېپىشنى مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايدۇ؛ ۋاسكېتبول تەنھەرىكەتچىلىرى مۇسابىقىلەردە يېڭىپ چېمپىيون بولۇشنى مۇۋەپپەقىيەت دەپ قارايدۇ؛ تاۋارلارنىڭ بازىرى ئىتتىك بولۇش،

پايدا تېپىش ۋە غەلىبە قىلىش شۇ ئىشقا ئالاقىدار كىشىلەر ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت ھېسابلىنىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە نىشانغا يەتكەن ئاشۇ پەيتلەردە پەيدا بولغان ھاياجان قەلبىڭىز بىلەن جىسمىڭىزنى بىرلەشتۈرۈپ، سىزنى شاد ـ خۇراملىقتا چۆمدۈرىدۇ.

ئەلۋەتتە، مۇۋەپپەقىيەت بولغانىكەن، مەغلۇبىيەتمۇ بولىدۇ. ئەگەر مۇۋەپپەقىيەتنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئوڭۇشلىقىغا ئوخشاتساق، مەغلۇبىيەت كىشىلىك ھاياتنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىغا ئوخشايدۇ. ئىشلىرىدا نەتىجە قازانغان ئادەم مەغلۇبىيەتنى پۈتلىكاشاڭ دەپ قارىمايدۇ. ئەكسىچە ئۆزىنى سىنايدىغان سىناق دەپ قارايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم مەغلۇبىيەتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى يوققا چىقارغان بولىدۇ. ئوڭۇشسىزلىقتىن مەغلۇپ بولۇشتەك تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىدىغان، غەلىبىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقالايدىغانلارغا مەغلۇبىيەت ئىلاھىمۇ ھېچقانداق ئامال قىلالمايدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى تېپىپ چىقىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى —— ئەمەلىي كۆزىتىش ۋە ھېس قىلىشتۇر.

مال ساتقۇچىنى مىسالغا ئالساق، ئۇ مال ساتقاندا چوقۇم خېرىدارلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاساس قىلىپ، بىر تەرەپتىن تاۋارنى چۈشەندۈرگەچ، بىر تەرەپتىن گەپنى خېرىدارغا قارىتىشى كېرەك. شۇندىلا خېرىدارمۇ ئۇنىڭ گېپىگە دىققەت قىلىپ، ئۇنى ئىشەنچلىك ئادەمكەن دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئىككىلەنمەيلا سېتىۋالىدۇ. ئەكسىچە، مال ساتقۇچىنىڭ پوزىتسىيىسى سوغۇق، گەپ ـ سۆزىنىڭ باش ـ ئايىغى بولمىسا، خېرىدارمۇ زېرىكىپ، بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ كېتىپ قالىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، مال ساتقۇچىلار ماگىزىنىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى كۆزىتىشنى بىلىشى، ئاندىن سودىسى راۋاج تاپقان

تۇغقۇز كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماگىزىنلارغا كىرىپ مال سېتىشى كېرەك. شۇنداقلا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە خېرىدارلارنىڭ قىزىقىشىنى ئاساس قىلىشى، ئۇلارنى قايىل قىلىش ماھارىتىنى ئىگەللىۋېلىشى كېرەك. شۇندىلا نىشانغا ئۇتۇقلۇق يەتكىلى بولىدۇ.

دۇنيادا مېھنەتسىز كېلىدىغان نەتىجە بولمايدۇ، شۇنداقلا دەسلەپتىلا ئۇتۇقلۇق بولىدىغان ئىشمۇ يوق. بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئۇتۇقسىزلىققا ئۇچراشتىن خالىي بولۇش تەس. مەغلۇبىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ۋە ئىشنى قايتىدىن باشلاشتۇر. چۈنكى پۇرسەت ھامىنى كېلىدۇ. سىز پۇرسەتنى ھېس قىلغىنىڭىزدا، ئالدىڭىزدىكى ئۇتۇقلۇق بىر يول بولىدۇ.

بىراق ھېچقايسىمىز مۇۋەپپەقىيەتكە قاچان ئېرىشىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمىز. بىز كۆڭلىمىزدە مۇشۇنداق ئەقىدىنى ساقلاپ، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولساق، ئېرىشىدىغان نەتىجىلىرىمىز بىر-بىرىدىن ياخشى بولىدۇ. بۇ خۇددى كالتەك توپ ماھىرلىرى مەغلۇب بولغان، ئۇنىڭغا ئوخشاش قېتىم مەشىق قىلغاندىن كېيىن، توپ ئۇتۇشقا بولغان ئىشەنچىسى بارغانسېرى كۈچەيگەنگە ئوخشاش بىر ئىش.

شۇڭلاشقا، قىلغان ئىشنى تاكى مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا قەدەر ئۈزلۈكسىز قىلىش كېرەك. بىۋاسىتە سېزىم قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە بۇ نۇقتىمۇ ناھايىتى مۇھىم.

## تەسرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش

ئەگەر سىز بىۋاسىتە سېزىم قابىلىيىتىڭىزنى تېخىمۇ كۈچلۈك قىلماقچى بولسىڭىز، تەسرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىدىغان

ئادەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. مەسىلەن: سىز مال ساتقۇچى بولغاندا، خېرىدارلارغا تاۋارلارنى چۈشەندۈرگەندە، خېرىدار: «يامان ئەمەستەك قىلىدۇ» دېگەن بولسا، سىز بۇ خېرىدار ئالىمەن دېدى دەپ چۈشىنىپ قالسىڭىز بولمايدۇ. سىز چوقۇم خېرىدارنىڭ پوزىتسىيىسى، نەزىرى قاتارلىقلارنى كۆزىتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ كەيپىياتى خۇشال بولۇپ، تاۋارنى قولىدىن چۈشۈرمىسە، ئۇنداقتا بۇ خېرىدار چوقۇم مال سېتىۋالىدىكەن دەپ ھۆكۈم قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، سىز خېرىدارلارنىڭ يېنىدىن كەتمەكچى بولغاندا، خېرىدار سىزگە «بىردەم تۇرمامسىز!» دېيىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى چىن دىلىدىن قىلغان-قىلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى كۆزەتسىڭىز بولىدۇ، سىز توختىغان چاغدا، ئەگەر ئۇ سائىتىگە قارىمىغان بولسا، ئۇ سىزنى سەمىمىيلىك بىلەن تۇتۇپ قالغان بولىدۇ.

بۇنداق ئىنچىكە كۆزىتىشلەر قارىماققا مۇھىم ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ، بىراق بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا، چوقۇم كۆپرەك تەپەككۇر قىلىش كېرەك. بولمىسا، ئۇقۇشماسلىق ياكى چۈشىنىشمەسلىك كېلىپ چىقىپ، سودا قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خېرىدارنى بىزار قىلىپ قويىمىز.

بىراق نەق مەيداندا يۈز بەرگەن تەسىراتنى ئېسىمىزدە ساقلاش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. مال سېتىشتىن ئاۋۋال خېرىدارنىڭ قايسى تەرەپكە قىزىقىدىغانلىقىنى تېزلىك بىلەن كۆزىتىپ چىقىپ، ئاشۇ قىزىقىشىنى چۆرىدەپ گەپ ئېچىشىڭىز كېرەك. شۇنىدىلا خېرىدارلارنى گېپىڭىزگە قىزىقتۇرالايسىز، ھەتتا ساتماقچى بولغان تاۋارغىمۇ قىزىقتۇرالايسىز. ئەكسىچە، بىر كۈنى سىز خېرىدارلارنىڭ ئۆيىدە گولف توپ سايمانلىرىنى كۆرسىڭىزمۇ، بېلىق تۇتۇش توغرىسىدا بىر تاغار گەپ ساتسىڭىز ياكى ھويلىدىكى چىرايلىق گۈللەرنى كۆرۈپمۇ بىر نەچچە ئېغىز ماختاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قويمىسىڭىز، خەۋەردارلار سىزنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن تۇرسۇن، ھەتتا سىزدىن بىزار بولىدۇ.

تەسىرات تەجرىبىنىڭ توپلىنىشىدۇر. توپلانغان بۇ تەجرىبىلەر مېڭىدە ساقلانغاندىن كېيىن ئۇبدان تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە ئاندىن تەسىرات پەيدا بولىدۇ، بىراق تەسىراتنى تىل ئارقىلىق ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. ئۆتكۈر بىۋاسىتە سېزىم دەل مۇشۇنداق ئەھۋالدا پەيدا بولىدۇ. سىز كۆرگەن گۈزەل گۈل-گىياھلار ۋە سىز كۆزەتكەن باشقىلارنىڭ پوزىتسىيىسى، ھەرىكىتى قاتارلىقلار سىزنىڭ ئۆز بېشىڭىزدىن ئۆتكەن تەجرىبىلەر بولىدۇ. تەجرىبىنى قانداق قىلىپ تەسىراتقا ئايلاندۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەل ئىپادىلەش سىزنىڭ دائىم تەپەككۇر قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىڭىزغا ۋە تەھلىل قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقىڭىزغا باغلىق بولىدۇ.

تەسىرات بەزىدە روشەن، جانلىق بولسا، بەزىدە كونا بولىدۇ. روشەن، ئەمما مۇھىم بولمىغان تەسىراتلار ئۇزاق ئۆتمەيلا مۇجمەللىشىپ كېتىدۇ. بىراق كونا، ئەمما تەسىرى چوڭقۇر تەسىراتلار ئېسىڭىزدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلمەيدۇ.

چەت ئەللىك بىر باۋلىڭ توپ مۇتەخەسسىسى بىر ژۇرنال تەھرىراتىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېگەن: «ئەمەلىيەتتە مېنىڭ توپ ئېتىشتا ھېچقانداق سىرىم يوق. مەن پەقەت غەلىبە قىلغان ۋاقتىمدىكى ئۇسۇلۇمنى دائىم ئويلاپ تۇرىمەن ۋە ئەڭ ياخشى ھەرىكەت ھالىتىمنى ئەستە چىڭ ساقلايمەن، بۇلار مەن توپنى ئاتقاندا ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ، خالاس». قارىماققا بۇ ئۇسۇلنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە يېرى يوقتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق بۇ ئۇسۇل كىشىلەردە ئۆتكۈر بىۋاسىتە سېزىم قابىلىيىتىنى ئۈنۈملۈك يېتىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇسۇلمۇ تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنلىكنىڭ نەتىجىسى. بىر ئادەمنىڭ كەسىپداشلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇشىنىڭمۇ

سەۋەبى مۇشۇ يەردە.

تەتقىقات، كەشپىيات ياكى سودا ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە يەتكۈزۈشنىڭ ئۇسۇلىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. تىل ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئەمەس، بەلكى تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئىگەللەش كېرەك. ھازىرقى دەۋرىمىزدە، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن بىۋاسىتە زېھىن قابىلىيىتىڭىزدىن پايدىلانمىسىڭىز بولمايدۇ.

بىرەر ئىش قىلغاندا ئۇنىڭ بىرنەچچە مۇھىم نۇقتىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى تەسىراتقا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئاندىن ئالدىرىماي تەپەككۇر قىلغاندا ئىشلار ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولغانلار ئۈچۈن تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ناھايىتى مۇھىم.

## ماتېرىياللارنى دائىم تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەش

تەجرىبە بىر ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلىرىدىن توپلىنىدۇ، شۇنداقلا باشتىن ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى تەتقىق قىلىش ۋە رەتلەشكە تايىنىدۇ. تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە رەتلەش پرىنسىپى مۇنداق: سىزنىڭ قىلغان ئىشىڭىز مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان بولسۇن ياكى مەغلۇب بولغان بولسۇن، سىز ئۇنى باشتىن-ئاياغقىچە ئۈزۈل-كېسىل تەتقىق قىلىشىڭىز، تەھلىل قىلىشىڭىز ۋە مېغىزىنى ئېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشىڭىز كېرەك، شۇنداقلا سىزنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىڭىز بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئۆتكۈرلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزدىكى سەۋەب، تەجرىبىلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە رەتلىگەندە مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەت ئامىللىرىنى يىغىنچاقلاپ چىقىش ۋە بۇ ئارقىلىق بىۋاسىتە سېزىمنى تېخىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈر قىلىشتۇر. شۇڭا، سىز بۇنداق ئەھۋالغا يەنە يولۇققاندا، سىزنى مەغلۇبىيەتكە دۇچار قىلغان سەۋەبنى تېزلا سېزىۋالالايسىز ۋە دىققەت قىلىسىز، شۇنداقلا مەغلۇبىيەت پاتقىقىغا قايتا پېتىپ قالمايسىز. بۇنداق چاغدا سىزدە مۇۋەپپەقىيەت ئىشەنچىسى-مۇنداق قىلسام چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن دېگەن ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، سىزدە بىۋاسىتە سېزىم پەيدا بولىدۇ.

ئەگەر بىر پىلان-لايىھە بار بولسا، سىز مۇنۇلارنى تەكشۈرۈپ باقتىڭىزمۇ: ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىش ياخشى ئىشلەندىمۇ؟ ئېلاننىڭ ئىشلىنىشى ئۆز قەرەلىدە ئېلىپ بېرىلدىمۇ؟

تەتقىق قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، ھاۋا بېسىمى، نەملىك قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈردىڭىزمۇ-يوق؟ تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئۆلچەمگە يەتتىمۇ-يوق؟

ئەگەر ئىگىلىك باشقۇرۇش بولسا، خېرىدارلارنىڭ مال زاكاس قىلىش مىقدارىنى تەكشۈرۈپ باقتىڭىزمۇ-يوق؟ مەبلەغنىڭ ئوبوروت بولۇشىدا مەسىلىلەر بارمۇ-يوق؟ خىزمەتنى قول ئاستىڭىزدىكىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە تەقسىم قىلدىڭىزمۇ-يوق؟

بۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا، ئۇلارنى تەتقىق قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە رەتلەش ئارقىلىق، مەغلۇبىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئامىللىرىنى ئىگەللىيەلەيسىز، شۇنداقلا بىۋاسىتە سېزىم قابىلىيىتىڭىز تەدرىجىي ھالدا كۈچىيىدۇ.

# ئۆتكۈر بېۋاستە سىزىم شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشتىن كېلىدۇ

ئەگەر سىز بىر ئوقۇغۇچىغا تونۇگۇنكى كىنونىڭ ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بەر دېسىڭىز، ئۇ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا دەرسلىكنىڭ مەلۇم بىر پاراگىرافىدىكى ئاساسىي مەزمۇننى سۆزلەپ بەر دېسىڭىز، ئۇ دەپ بېرەلمەسلىكى، ھەتتا بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئەگەر سىز ھەركۈنى سىز ياقتۇرمايدىغان باشلىقىڭىزغا مۇكەممەل بولمىغان بىر دوكلاتنى بېرىشىڭىز كېرەك بولسا، كۆڭلىڭىزدە نېمىلەرنى ئويلايسىز؟ قانداق كەيپىياتتا بولارسىز؟ بەلكىم سىز بۇنىڭدىن قېچىپ، تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ ئەتىگە كېچىكتۈرۈشىڭىز مۇمكىن. ھەر قېتىم مۇشۇ ئىشنى ئويلىغىنىڭىزدا كۆڭلىڭىز پەرىشان بولىدۇ، مىجەزىڭىز غەلىتە بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەي دېسىڭىزمۇ، ئۇ سايىدەكلا سىزدىن ئايرىلالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىئارام بولىسىز، قۇسۇسىز، ئاشقازىنىڭىز ئاغرىيدۇ....

ئەكسىچە، سىز بۈگۈن ئاپتوبۇستا چىرايلىق بىر قىزنى ئۇچرىتارمەنمىكىن دەپ ئويلىسىڭىز، كاللىڭىزدا گۈزەل تەسىراتلار پەيدا بولۇپ، كەيپىياتىڭىز بىردىنلا ياخشىلىنىدۇ. قەدىمىڭىزمۇ يېنىكلەيدۇ، گەرچە بىر ئازدىن كېيىن شىركەتكە بېرىپ، باشلىقىڭىزغا دوكلاتنى تاپشۇرۇپ بېرىدىغان بولسىڭىزمۇ، كۆڭلىڭىزدىكى پەرىشانلىق جىق يېنىكلەيدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش، بەزى ئىشلار كەيپىياتقا تەسىر يەتكۈزىدۇ، نەتىجىدە بەدەننىڭ ئىنكاسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىنىشىپ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا تەسىراتنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنىمۇ ئوڭايلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىشنىڭ ئۈنۈمى تىل ئارقىلىق تەسەۋۋۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشىڭىزدىن تۆت ـ بەش ھەسسە ياخشى. مەسىلەن: تەسىرات ئارقىلىق ۋە تىل ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە سىزدە ئوخشاشلا خىلاپلىق تۇيغۇسى پەيدا بولغان بولسا، تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تۇيغۇ تىل ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تۇيغۇدىن تۆت ـ بەش ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ خۇددى سىز ھەرقېتىم ئۆزىڭىز ھېلىقى باشلىقىڭىزنىڭ سىزنى ئاۋارە قىلغانلىقىنى ئويلىسىڭىزلا، كۆڭلىڭىز قاتتىق بىئارام بولغىنىغا، ھەتتا جۇدۇنىڭىز تۇتقىنىغا ئوخشايدۇ.

قورقىدىغان ياكى ياقتۇرمايدىغان شەيئىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئىنسانىنىڭ تۇغما قابىلىيىتى. شۇڭلاشقا، بىزار بولغان شەيئىلەرنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇش ۋە گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرۇشمۇ ناھايىتى تەبىئىي بىر ھادىسە. سالامەتلىك ئۈچۈن بىزار بولغان شەيئىلەرنى ئۇنتۇش بەدەنگە پايدىلىق.

ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن ئادەم دىسكونىڭ رىتىمىنى ئاڭلىسىلا، ئىختىيارسىز ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بېلىق تۇتۇشقا ھېرىسمەن ئادەم بېلىق تۇتۇشنىڭ گېپى چىقسىلا، يەمچۈك تاشلاپ بېلىق تۇتقانىدىكى گۈزەل ئەسلىمىلەر كاللىسىدا پەيدا بولىدۇ ۋە يەنە: «ئەمدى بېلىق تۇتقاندا ئۆزۈم پىلىكىدىكى قۇرتلارنى يەمچۈك قىلسام تېخىمۇ ئوبدان بولىدىكەن!» دېگەندەك پەرەزلەرنى قىلىدۇ. ئالدىن بىلىش بۇنداق چاغدا ناھايىتى كۈچىيىدۇ، ئەكسىچە، كەيپىيات خۇشال ئەمەس چاغدا، بۇنداق كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا بولمايدۇ، پەقەت كۆڭلىڭىز بىئارام تۇرىدۇ، خالاس.

بىۋاسىتە سېزىمى ئۆتكۈر دەپ قارىغانلار ئىش قىلغاندا بولسۇن، ياكى پاراڭلاشقاندا بولسۇن، ناھايىتى قىزىقىسىنغان كەيپىياتتا بولىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ قىزىقىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## تۇراقلىق كۆزقاراش بىۋاستە سېزىمنى گاللاشتۇرىدۇ

ئۆتكۈر بىۋاستە سېزىم بولغىنىكەن، گال بىۋاستە سېزىمىمۇ بولىدۇ. بىۋاستە سېزىمنىڭ گاللىشىشىدىكى سەۋەب مەلۇم بىر ئىش توغرىسىدىكى كۆزقاراشتا بولۇپ، شەكىلگە ھەددىدىن زىيادە ئېسىلىۋالغاندا، ئۈنۈملۈك ئوي ـ پىكىرلەر پەيدا بولالمايدۇ، نۇرغۇن مۇھىم ئامىللارمۇ چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ قائىدىنى تۆۋەندىكى ئاددىي بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرەيلى.

بىر كۈنى بىراۋ سىزدىن: «ئورۇندۇقنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىسا، سىز قانداق جاۋاب بېرىسىز؟ بەلكىم بۇ چاغدا تۇراقلىق بىر تەسىرات كاللىڭىزدا پەيدا بولۇپ، سىز ئىككىلەنمەيلا: «ئورۇندۇقتا كىشىلەر ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدۇ» دېيىشىڭىز مۇمكىن. توغرا! بىراق سىز ئۇنىڭ باشقا ئىشلىتىلىشىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ سىز ئەزەلدىن ئورۇندۇقنى باشقا جايلاردا ئىشلىتىپ باقمىغاچقا، جاۋاب بېرەلمەيسىز. ئەمدى بىز كاللىمىزنى ئىشلىتىپ ئويلاپ باقايلى: ئولتۇرغىلى بولۇش ئورۇندۇقنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى كىچىك بىر تەرەپ. كىشىلەر ئورۇندۇققا دەسسەپ ئېگىزدىكى نەرسىلەرنى ئالالايدۇ. بەزىدە ئورۇندۇقنى رىشاتكا ئورنىدا ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ ياكى ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندا ئۆزىمىزنى قوغدىغىلىمۇ بولىدۇ ياكى ئىشخانىنىڭ زىننەت بۇيۇمى قىلغىلىمۇ بولىدۇ، ۋەھاكازالار.

ئەگەر مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، ماتېرىياللارنى ئەستە ساقلىغاندا، كېيىن بىرەر ئۆزگىرىشكە يولۇققاندا ئۇلار دەرھال كاللىدا پەيدا بولىدۇ ۋە ناھايىتى تېزلا ئىنكاس قايتۇرغىلى بولىدۇ. ئەگەر سىز «ئورۇندۇق كىشىلەر ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدىغان نەرسە» دېگەن بۇ قارىشىڭىزدا چىڭ تۇرۇۋالسىڭىز، ئوغرىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا

www.uyghurkitap.com

دەرھال يېنىڭىزدىكى ئورۇنىدۇقنى ئېلىپ ئۆزىڭىزنى قوغدىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

تۇراقلىق كۆزقاراشلاردىن ۋاز كېچىش دېمەككە ئوڭاي، قىلماق تەس. بىراق بىۋاسىتە سىزنىڭ يېتىلدۈرۈشتە بۇمۇ ناھايىتى مۇھىم بىر شەرت.

## ئاكتىپ شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش

ئىنسان تەپەككۇرى نىشانى بار كومپيۇتېر سىستېمىسىغا ئوخشايدۇ. كالليىڭىزدىكى يوشۇرۇن ئاڭ كومپيۇتېر پروگراممىسىغا ئوخشاش بۇ مېخانىزمنىڭ ھەرىكەت نەتىجىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدا سىز بىرەر مەغلۇبىيەتچى بولسىڭىز، سىز كۆڭۈل «ئېكران» ىڭىزدا مەيۇسلەنگەن، چوڭ ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئۆزىڭىزنى ئۆزلۈكسىز كۆرۈپ تۇرىسىز؛ «سەن ئالغا باسالمايسەن، يارىماس» دېگەندەك سەلبىي ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ تۇرىسىز؛ ئاندىن ئۈمىدسىزلىنىسىز، ئۆزىڭىزنى كەمسىتىسىز، ئىلاجىسىزلىقىڭىزنى، ئىقتىدارسىزلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز — رېئال تۇرمۇشتا بولسا سىز «مۇقەررەر» مەغلۇپ بولىسىز.

يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدا سىز بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز كۆڭۈل «ئېكران» ىڭىزدا جۇشقۇن، شىجائەتلىك ئۆزىڭىزنى كۆرۈپ تۇرىسىز؛ «ياخشى قىلدىڭ، ئەمما سەن تېخىمۇ ياخشى قىلالايسەن» دېگەندەك ئىلھاملاندۇرغۇچى ئۇچۇرلارنى ئاڭلاپ تۇرىسىز؛ ئاندىن شادلىنىسىز، ئۆزىڭىزنى قەدىرلەيسىز، خۇشال ئىكەنلىكىڭىزنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز — رېئال تۇرمۇشتا بولسا سىز «مۇقەررەر»

مۇۋەپپەقىيەت قازىنىسىز.

يوشۇرۇن ئېڭىمىزدا ئاكتىپ ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ تەسىرى پاسسىپ ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىشتىن كۈچلۈك بولىدۇ.

بىزنىڭ نېرۋا سىستېمىمىز ناھايىتى «ئەخمەق»، خۇشال بىر ئىشنى كۆرسەك، ئۇ خۇشاللىق ئىنكاسىنى قايتۇرىدۇ؛ قايغۇلۇق ئىشنى كۆرسەك، قايغۇلۇق ئىنكاسىنى قايتۇرىدۇ. ئەگەر سىز «كۆڭۈل كۆزىڭىز» بىلەن خۇشال ئىشلارنى ياكى قايغۇلۇق ئىشلارنى «كۆرسىڭىز»، ئۇ يەنىلا شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

سىز خۇشال ئىشلارنى ئويلاشقا ئادەتلەنسىڭىز، نېرۋا سىستېمىڭىزمۇ سىزنى شاد ـ خۇرام كەيپىياتقا ئىگە قىلىدۇ. ئەگەر بىز دائىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىساق، بىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلارغا خاس مىجەز تەدرىجىي يېتىلىدۇ ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك كىشىلىك ھاياتقا ئىگە بولالايمىز.

بىزنىڭ مېڭىمىز ناھايىتى نازۇك بىر كومپيۇتېرغا ئوخشايدۇ، بىز ئۇنىڭغا «غەلىبە قىلغۇچى» نى كىرگۈزۈشنىڭ ئېپىنى بىلمىگەچكە، تۇرمۇشتا تەبىئىي ھالدا «غەلىبىلىك ھەرىكەت» پەيدا بولىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى «غەلىبە قىلغۇچى» غا ئايلاندۇرالايمىز.

سىز غەلىبە قىلغۇچى بولماقچى — مۇۋەپپەقىيەت قازانماقچى بولسىڭىز، ھازىرقى مۇشۇ پەيتتىن باشلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازلارنى ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك ۋە ئاكتىپ تەسەۋۋۇردىن پايدىلىنىپ نېرۋا سىستېمىڭىزنى «مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىنىڭ كومپيۇتېرى» غا ئايلاندۇرۇشىڭىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەسىراتنى ئىگىلەش، سەزگۈرلۈكنى ئاشۇرۇش

«بىۋاسىتە سېزىم قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش» دېگىنىمىز، ئالدىن بىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان مۇمكىنچىلىكلەرنى كۆپەيتىش دېگەنلىكتۇر. نۇرغۇن كىشىلەر پەقەت ئىشەنچلىك ئامىللارنى ئىگىلىسەكلا بىۋاسىتە سېزىم ئۆتكۈرلىشىدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بىۋاسىتە سېزىمنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈش ئۈچۈن يەنە تەسىرات ماتېرىياللىرىنى ئىگىلەش كېرەك. خۇددى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى ھەرىكەت ۋە تەپەككۇرغا ئوخشاش مۇھىم ئېپىنى ئىگىلەپ، ماتېرىياللارنى كاللىمىزغا كىرگۈزۈپ تەسىراتقا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

«تەسىراتنى ئىگىلەش» دېگەن نېمە؟ تەسىراتنى ئىگىلەش دېگىنىمىز، ئالدىن بىلىش تۇيغۇسىنى تېخىمۇ سەزگۈر قىلىش ئۈچۈن مېڭىدە ساقلانغان بىلىم ـ ماتېرىياللارنى يەنە بىر قېتىم ئۈنۈملۈك رەتلەش ۋە تەپەككۇر قىلىش دېگەنلىكتۇر.

تەسىراتنى ئىگىلەشنىڭ بىرىنچى قەدىمى: ئالدى بىلەن ئالدىن بىلىش تۇيغۇسىنى سەزگۈر قىلىدىغان ئامىللارنى ئىگىلەپ، ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. بۇ ئامىللار تۆۋەندىكىچە:

1. تەسىرات ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

2. ئۆزگەرمەس، تۇراقلىق كۆزقاراشلارنى چىقىرىۋېتىش كېرەك.

3. تەجرىبە توپلاش كېرەك.

4. مۇۋەپپەقىيەت قازانغانغا قەدەر ئۇزلۇكسىز تىرىشىش كېرەك.

5. ئالدىن بىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان ئوبيېكتلارنى ياخشى كۆرۈش كېرەك.

6. تەسىرات ماتېرىياللىرىنى رەتلەيدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

# قەلبىمىز بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدۇ

قەدىمكى ئىبرايلار زامانىسىدىكى مىستىتىسىزمچىلار ئالۋاستىنى مۇنداق سۈرەتلىگەن: ئىلاھىنىڭ يامان گېپىنى قىلىدىغان، ئىلاھىنىڭ ئېيتقان ھەقىقەتلىرىنى بۇرمىلايدىغان ۋە يالغان گەپ قىلىدىغان كىشىلەر. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ئىنسانىنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت بولىدۇ، بۇ ئىككىسى ئىنسانىنىڭ ھەقىقەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان خاھىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس. بۇ خۇددى سىزنىڭ توكنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىڭىزدا خاتا بولسا، بىرەر يېرىڭىزنى كۆيدۈرىۋالغىنىڭىز ياكى زەخىملەنگەنلىكىڭىزگە ئوخشايدۇ.

مۇشۇ قائىدىگە ئوخشاش، ئەگەر يوشۇرۇن ئاڭدىن توغرا پايدىلىنالمىسا، ئىنكار خاراكتېرىدىكى ئىنكاس پەيدا بولىدۇ. تەبىئەت كۈچلىرى رەزىل بولمىسا، بىز مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئىنكاسقا ئېرىشەمدۇق ياكى ئىنكار قىلىدىغان ئىنكاسقىمۇ؟ گەپ بىزنىڭ تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن قەلبىمىزدىكى كۈچنى قانداق ئىشلىتىشىمىزدە. قاتتىق كۆز بويامچىلىق، يەنى قەلبىڭىزدە يوشۇرۇنغان تۈرلۈك شەيئىلەر، ئەھۋاللار، ھادىسىلەر...، سىزنىڭ نامراتلىشىشىڭىز، بالا-قازاغا يولۇقىشىڭىز، بەختسىز بولۇشىڭىز...دىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر.

بىراۋ سىزنى دەلدۈش دېسە، سىز دەلدۈش بولمىغاندىكىن بۇ گەپ كار قىلمايدۇ. سىز قەلبىڭىزنى جىمجىت يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا تاپشۇرسىڭىز، قەلبىڭىز جىمجىتلىقتا ۋە مېھرى-مۇھەببەتكە تولىدۇ، تەقدىرمۇ سىزگە تۈرلۈك پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بېرىدۇ. كۈچ-قۇدرەت قەلبىڭىزدىن پەيدا بولىدۇ، بىراق ئۇ تاشقى دۇنيادا مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئەگەر سىز بىر مەسىلىنىڭ يەكۈنى ئۈچۈن بىر كۈن باش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتۇرۇپمۇ، كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولمىسا، ئۇنى ئويلىماڭ، ۋاقتىنچە ھېچقانداق قارارمۇ چىقارماڭ، بۇ مەسىلە ئۇيقۇڭىزدا تەبىئىي ھالدا ھەل بولسۇن. چۈنكى يوشۇرۇن ئاڭغا توسالغۇ ئازراق بولغان ۋاقىت ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى خىزمەت پەيتىدۇر.

جىددىيلىشىش، ئالدىراش، تىت ـ تىت بولۇش قاتارلىق كەيپىياتلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىش قىلىشنى ئويلايدىغان بىمەنە ئادەتتۇر: ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېلېۋىزور كۆرگەچ دەرس تەكرارلىشى، كارخانىچىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزى ھازىر دەۋاتقان خەتكە قاراتماي، بۈگۈن ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلارغا قارىتىپ، كۆڭلىدە بىرلا ۋاقىتتا ھەممىنى ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىشى بۇنىڭ مىسالى بولالايدۇ.

بۇنداق يامان ئادەتلەر بىلىپ ـ بىلمەي يېتىلىپ قالىدۇ، بۇنداق ئادەتكە ئۆگىنىپ قالغانلار بۇنى سېزىۋالالمايدۇ. بىز ئالدىمىزدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغاچقا، نېرۋىمىز زىيادە سەزگۈرلىشىپ، غەم قىلىدىغان، تىت ـ تىت بولىدىغان بولۇپ قالىمىز.

نېرۋىدىكى بۇخىل بىئارامسىزلىق كەيپىيات خىزمەت تۈپەيلى پەيدا بولمايدۇ. بەلكى كۆڭۈلدىكى ئوي ـ پىكىر ــــ «مەن بۇ ئىشلارنى بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنلىشىم كېرەك» تۈپەيلى پەيدا بولىدۇ. بىزنىڭ جىددىيلىشىشىمىز مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنى قىلماقچى بولغانلىقىمىزدا. شۇنداق بولغاچقا، تەبىئىيلا ئۆزىمىزگە خاپىلىق تېپىۋالىمىز ۋە ئۇڭۇشسىزلىققا ئۇچرايمىز. شۇڭلاشقا، توغرا ئۇسۇل: بىر قېتىمدا بىرلا ئىشنى قىلىش.

بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بىز بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئىش قىلىشنى ئويلىمايدىغان بولىمىز، شۇنداقلا پۈتۈن دىققىتىمىزنى قىلىۋاتقان ئىشىمىزغا مەركەزلەشتۈرىمىز. بۇخىل پوزىتسىيە بىلەن ئىش قىلغاندا ئەركىن ـ ئازادە بولۇپ ئالدىراپ

قالمايمىز، تىت-تىت بولمايمىز ۋە پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن تەپەككۇر قىلالايمىز.

## ئۆز-ئۆزىگە بېشارەت بېرىشنىڭ بەش چوڭ پرىنسىپى

بىز يوشۇرۇن ئاڭنى نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىغا قاتناشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئاكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ بولمىسا، بارلىق پىلان ۋە ھەرىكەتلەر كارغا كەلمەيدۇ.

بىراق يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق پىلانلاشنىڭ بىرنەچچە خىل ئۇسۇلى ئىچىدە «بېشارەت بېرىش» ئۇسۇلى غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا بەكرەك ياردەم بېرىدۇ.

سىزنىڭ ئاشكارا ئېڭىڭىز سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىز ۋە تاشقى كۈچلەرنىڭ تۇغرا يېتەكچىلىكىدە يوشۇرۇن ئاڭدىن كۈچلۈك ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى پەيدا قىلدۇرىدۇ.

قەلبىڭىز ئۆز-ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ھالىتىدە تۇرغاندا، قەلبىڭىزنىڭ سىرتتىن كەلگەن ئۇچۇرلارنى قوبۇل قىلىدىغان ئىشىكى پۈتۈنلەي ئوچۇق بولىدۇ، شۇڭلاشقا بۇچاغ يوشۇرۇن ئاڭ ئارقىلىق پىلانلاشقا ماس كېلىدۇ.

ئالدىدا ئېيتقاندەك، باشقىلار ياكى باشقا شەيئىلەرنىڭ يېتەكلىشىدە، ئىنسان جىسمى روھى ئازادلىككە ئېرىشىدۇ. مەسىلەن: ئۆز-ئۆزىڭىزگە بېشارەت بېرىۋاتقان ھالەتتە بىراۋنى سىزگە سەن ھازىر شىمالىي قۇتۇپتا تۇرۇۋاتىسەن دەپ بېشارەت بەردى دەپ پەرەز قىلساق، سىز مەن راستىنلا شىمالىي قۇتۇپتا تۇرۇۋېتىپتىمەن دەپ ئويلىشىڭىز، ھەتتا سوغۇقتا تۇرۇۋاتقاندەك لاغىلدىشىڭىز مۇمكىن.

ياكى سىز تىياتىرخانىدا ئولتۇرۇپ، تىياتىردىكى ئارتىسنىڭ قىلىن پوپايكا كىيىۋالغانلىقىنى كۆرگەندە، سىز تىياتىرغا بەكلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىرىشىپ كەتكەن بولسىڭىز، ھاۋانىڭ تىنجىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭىز، ھەتتا ئىختىيارسىز يەڭلىرىڭىزنى تۈرۈۋېتىشىڭىز مۇمكىن.

ئەگەر بىر ئادەم بېشارەتكە ئۇچراپ، قولىنى مۇز سۇيى بار چېلەككە تىققاندەك تەسەۋۋۇر قىلسا، ئۇ قولىنىڭ ئۈيۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشى مۇمكىن. شۇڭا باشقىلارنىڭ بېشارىتىگە ئۇچراشتىن پەيدا بولغان كۈچ ـ قۇدرەتنى نىشانىنى ئىزدىشىمىزگە سەرپ قىلساق بولىدۇ ــ چۈنكى بۇخىل ئەقىدە يوشۇرۇن ئېڭىمىزغا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولىدۇ؛ بەزىدە سىزمۇ بۇ خىل ئاكتىپ ئەقىدىنى قوزغىتالايسىز ياكى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىدە ئۆزىڭىزدە ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرەلەيسىز.

ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىشنى ئۆگەنگەندە تۆۋەندىكى بەش چوڭ پرىنسىپنى ئەستە ساقلاش كېرەك.

1. ئىخچام بولۇش: سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بېكىتكەن مەنىۋى شۇئارىڭىز ئىخچام بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: «مەن بارغانسېرى بېيىۋاتىمەن» دېگەندەك.

2. ئاكتىپ بولۇش: بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم. ئەگەر سىز: «مېنىڭ نامرات بولغۇم يوق» دېسىڭىز، بۇ پاسسىپ گەپ ـ سۆز «نامراتلىق» دېگەن بۇ كۆزقاراشنى يوشۇرۇن ئېڭىڭىزغا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا، سىز ئىجادىي ھالدا: «مەن بارغانسېرى بېيىۋاتىمەن» دېيىشىڭىز كېرەك.

3. ئىشەنچ: سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز «ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن» بولۇشى، كاللىڭىزدا زىددىيەت ۋە قارشىلىق بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر سىز «مەن بۇيىل ئىچىدە بىر مىليون دوللار تاپىمەن» دېگەن گېپىڭىزنى مۇمكىن بولمايدىغاندەك ھېس قىلسىڭىز، ئۆزىڭىز قوبۇل قىلالىغۇدەك نىشاننى تاللىسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن: «مەن بۇيىل ئىچىدە 50مىڭ دوللار تاپىمەن»

دېگەندەك.

4. تەسەۋۋۇر قىلىش: ئۆزىڭىز بېكىتكەن نىشانلارنى يادلىغاندا ياكى ئۈنلۈك ئوقۇغاندا، كاللىڭىزدا ئۆزىڭىز ئۆزگەرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ ئوبرازىنى ئېنىق كۆرەلىشىڭىز كېرەك. سىز كاللىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ بېيىغان ھالىتىنى كۆرەلمىسىڭىز، مەڭگۈ بېيىيالمايسىز.

5. ھېسسىيات: ئۆزىڭىزنى ساغلام ھېس قىلسىڭىز، پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز كۈچكە تولىدۇ؛ ئۆزىڭىزنى بايلىق يارىتىۋالغاندەك ھېس قىلسىڭىز، مول مەزمۇنلۇق كىشىلىك ھاياتتا ياشاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىسىز. سىز نىشانىڭىزنى ئۈنلۈك ئوقۇغاندا (ياكى يادلىغاندا) ھېسسىياتىڭىزنى سىڭدۈرۈشىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئېغىزدا دېگەن بىلەنلا ئىش تاڭاتمايدۇ. چۈنكى سىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىڭىز ئىدىيە ۋە ھېسسىياتنىڭ ماسلىشىشى ئاساسىدا ئىشلەيدۇ.

## سىزنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىڭىزدىكى ئۇسۇل

ئەلۋەتتە، تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەنلا مۆۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىن ئەمەس. سىزنىڭ قانداق تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز، قانچىلىك دەرىجىدە تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى. ئاجىز ئۈمىدنىڭ قەلبتىكى رولىمۇ ئاجىز بولىدۇ، قەلبتىن چىققان ئەكس تەسىرىمۇ ئاجىز بولىدۇ؛ ئەكسىچە، كۈچلۈك تەسەۋۋۇرنىڭ قەلبتىكى رولىمۇ زور بولىدۇ، شۇنداقلا مۇناسىپ ئىنكاسىمۇ پەيدا بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، تەسەۋۋۇرنى مۆۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ كۈچ - قۇدرىتى قىلىشىڭىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭقۇر تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن بىرگە ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز ۋە بىر شەيئىگە

مەركەزلەشتۈرۈشىڭىز كېرەك. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى مەنىۋى شوئارلارنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىگە تايىنىشىڭىز كېرەك. مەنىۋى شوئارلار تەسەۋۋۇرغا قولايلىق يارىتىپلا قالماستىن، تەسەۋۋۇرنىڭ مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ چۈشىنىشلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى كۈچ ـ قۇۋۋەت قىلىپ تويلايدۇ.

ئەگەر سىز تەسەۋۋۇرنى بىرخىل مەنىۋى شوئار دەپ قارىمىسىڭىز، ئېيتىڭىزدىكى نەرسىلەر ئېنىق ئوبرازغا ئىگە بولالمايدۇ، شۇنداقلا كۈچ ـ قۇۋۋەت بولۇپمۇ تويلانمايدۇ. ھەممىلا ئادەم ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىققا يولۇقۇۋەرمەيدۇ، ئەمما ھەممىلا ئادەمنىڭ ئاز ـ تولا قىيىنچىلىقى بولىدۇ. ھەممىلا ئادەم ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىش ئارقىلىق مەنىۋى شوئارلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. ئەڭ ئۇنۇملۇك بىرخىل ئۇسۇل مەلۇم بىر جۈملىنى مەقسەتلىك ئەستە تۇتۇش ۋە موھتاج بولغاندا بۇ جۈملىنى يوشۇرۇن ئېڭىڭىزدىن ئەدىيىڭىزدە پەيدا قىلىشتۇر.

ئۇنداقتا سىزنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىڭىزگە ياردەم بېرىدىغان ئۇسۇل قايسى؟ ئادەم پەرەز قىلالىغان ۋە ئىشەنگەن نەرسىگە ئاكتىپ روھىي ھالەتتە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن بۇ گەپنى ئەستە تۇتۇشىڭىز، چۈشىنىشىڭىز ۋە كۆڭلىدە نەچچە رەت تەكرارلىشىڭىز كېرەك. بۇ ئۆز ـ ئۆزىگە بېشارەت بېرىشنىڭ بىرخىل شەكلى، شۇنداقلا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مەنىۋى شوئاردۇر.

# سەككىزىنچى باب

# «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتى سىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى قوزغىتىدۇ

«تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتى سىزگە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا سىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى قوزغاپلا قالماستىن، مۇشۇ جەرياندا سىزنى شادلاندۇرىدۇ ۋە ھاياجانلاندۇرىدۇ.

ئىجادىي پىكىرگە باي «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتى سىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىڭىزنى قوزغىتىدۇ. ئۇ يېڭىلىق يارىتىش دەرۋازىسىنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى

.

نۇرغۇن كىشىلەر تاشقى كۈچكە تايانغاندىلا كۆپلىگەن ئىجادىي، يېڭى ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقىرالىشى مۇمكىن؛ بەزى كىشىلەر نۇرغۇن ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقالايدۇ، بىراق بۇ ئوي-پىكىرلەر ئادەتتىكىچە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئوي-پىكىرلەرنى ئىخچاملاپ ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالمايدۇ؛ يەنە بەزى كىشىلەر خاتا مەسىلىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن ئوي-پىكىرلەرنى ئويلاپ چىقالايدۇ، بىراق بۇ ئوي-پىكىرلەرنىڭ دەسلەپكى مەسىلىگە ھېچقانداق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

پايدىسى بولمايدۇ. «تىرىشىپ ئورۇنلاش» جەريانى ۋە ئۇسۇلى يۇقىرىدىكى تۈرلۈك كىشىلەرگە ياردەم بېرىدۇ ۋە ئىلھاملاندۇرىدۇ، شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ئادەم ۋە مەسىلىلەرنى قىسمەن ياكى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىدۇ.

ئىجادىي پىكىرگە باي «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتىنىڭ ئاساسلىق تەدبىرى ۋە ئارتۇقچىلىقى ئۆي - پىكىرلەرنى بىرلەشتۈرۈش ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرۈش، ئۇزاققىچە تەييارلىق قىلىش، سىستېمىلىق ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەركىن - ئازادە، شاد - خۇرام تەپەككۇر قىلىش، چوڭلارچە تەپەككۇر قىلىش ۋە بالىلارچە تەسەۋۋۇر، قورۇلما، ئەركىنلىك، ھۆكۈم ۋە تەنقىدكە ئىگە بولۇشتۇر. «تىرىشىپ ئورۇنلاش» جەريانى بىرخىل قورۇلما بىلەن تەمىنلەيدۇ، «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتى دەل مۇشۇ قورۇلما ئىچىدە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى قوزغىتىدۇ. ئۇلار يېڭىلىق يارىتىش دەرۋازىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچتۇر.

## ئىجادىي پىكىرگە باي «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ماھارىتى

بۇ كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسىملىرىدا بىز ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرىنى سۆزلىدۇق. ئىجادچانلىق ماھارىتى ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدۇ. بىراق ئىنسانىيەت ئىش - ھەرىكىتىنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش، ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ مۇھىملىقىنى سىزگە ئۆزىڭىزدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. گاللىپى: «سىز بىر ئادەمگە ھېچقانداق ئىشنى ئۆگىتەلمەيسىز، پەقەت ئۇنىڭ ئىزدىنىشىگە ياردەم بېرەلەيسىز» دېگەنىدى. بۇ كىتابمۇ پەقەت سىزنى بەزى مەشىقلەر ۋە قاراشلار بىلەن تەمىنلەپ،

سىزنى ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ، قالغان ئىشلاردا ئۆزىڭىزگە تايىنىسىز.

تۆۋەندە تۈرلۈك ئىجادىي تەپەككۇر ماھارەتلىرىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

1. مەسىلىنى بىكىتىش ماھارىتى.

مەركىزىي نۇقتىنى تېپىش: (1) ئۆزىڭىزدىن مەسىلە نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدۇ دەپ سوراڭ. بۇ ئارقىلىق مەسىلىگە بولغان تونۇشىڭىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. (2) مەسىلىنى يەنە كىچىك مەسىلىلەرگە پارچىلاڭ.

مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش: مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئازدىگەندە نۇقتىلىق ئۈچ تەرەپتىن تەسۋىرلەڭ. ئاندىن بۇ تەسۋىرلەشلەرنى بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ۋەكىللىك بىرىكمىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى، مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك بولغان تەسۋىرلەشنى قايتىدىن يېزىپ چىقىڭ.

مۇھىم نۇقتىنى كېڭەيتىش: مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈرلۈك ئۆلچەم ۋە نىشانلارنى تۈرغۇزۇپ چىقىپ، ئاندىن ئۇلارنى كېڭەيتىڭ ۋە مۇشۇ ئاساستا پەيدا بولغان يېڭى ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى يېزىپ چىقىڭ.

2. ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئوي-پىكىرلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ماھارىتى.

ئىدىيىنى ئەسكەرتىش: كەچۈرمىشى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئەقىل-پاراسىتى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنىڭ سىزنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشىڭىزغا بولغان پىكىرىنى ئاڭلاڭ. ئۇلارنىڭ پىكىرىدىن ئوبدان پايدىلانسىڭىز، ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى قوزغىتالايسىز.

غەلىتە ئوي-پىكىرلەرنى يېزىپ چىقىش: بىمەنە، كۈلكىلىك ئوي-پىكىرلەرنى يېزىپ چىقىڭ ۋە بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ مۇۋاپىق، كارغا كېلىدىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ

چىقىدۇ.

ئەركىن تەسەۋۋۇر: «لوگىكا جەھەتتە سىزنىڭ مەسىلىڭىزگە مۇناسىۋەتسىز شەيئىلەر» بىلەن «سىزنىڭ مەسىلىڭىز» ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقنى تېپىپ چىقىپ، يېڭى ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى قوزغىتىدۇ. (1) بىرەر جىسىمنىڭ، رەسىمنىڭ، ئۆسۈملۈكنىڭ ياكى ھايۋاننىڭ ئىسمىنى يېزىڭ. (2) ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىڭ. (3) بۇ ئالاھىدىلىكلەردىن پايدىلىنىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يېڭى ئوي-پىكىرنى قوزغىتىڭ.

ياخشى ئوي-پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش: توپلىغان ئوي-پىكىرلەرنى لوگىكىلىق ئۇسۇل بويىچە بىرىكتۈرۈپ، يېڭى ئوي-پىكىرنى قوزغىتىدۇ.

3. ئەڭ ياخشى ئوي-پىكىرنى پەرقلەندۈرۈش ماھارىتى.

ئوي-پىكىرنى بىرىكتۈرۈش: نىشانىڭىز ۋە ئۆلچىمىڭىزگە يەنە بىر قاراپ چىقىپ، بىۋاسىتە سېزىمىڭىزغا تايىنىپ ئۆزىڭىز ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان ئوي-پىكىرنى تاللاپ چىقىڭ.

ئوي-پىكىرنى كۈچەيتىش: ئوي-پىكىرلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تېپىپ چىقىڭ ۋە بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى ئامال قىلىپ ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇڭ. ئاندىن ئوي-پىكىرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئازايتىڭ.

ئوي-پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش: ھەل قىلىش ئۇسۇلىڭىز پەيدا قىلىش مۇمكىن بولغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يامان نەتىجىنى ئويلاڭ. ئاندىن ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتىپ يامان نەتىجىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىپ، ياخشى نەتىجىنىڭ ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرۇڭ.

## ھەقىقىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئەڭ مۇھىم

ئېيىنشتېيىن مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىنمۇ مۇھىملىقىنى، چۈنكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پەقەت بەزىبىر ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلدىن ياكى تەجرىبە قىلىش ماھارىتىدىن پايدىلانساقلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. داڭلىق قۇرۇلۇش شىركىتىدە ئىشلەيدىغان بىر ئىنژېنېر ئۇلارنىڭ لايىھىلەش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ 3/1 قىسىم ۋاقتىنى مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇشقا سەرپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش ناھايىتى مۇھىم، بۇ خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك: «ياخشى باشلىنىش مۇۋەپپەقىيەتنىڭ يېرىمى».

گەرچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ناھايىتى مۇھىم بولسىمۇ، بىراق بىز ئۆزىمىز يولۇققان مەسىلىنى چۈشىنىشكە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلمايمىز. ئەمەلىيەتتە، بىرقانچە مىنۇت ۋاقىتنى كۆپرەك سەرپ قىلىپ، مەسىلىگە قارىتا ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولۇش بىر نەچچە سائەت، بىر نەچچە كۈن، ھەتتا بىر نەچچە يىل ۋاقىتنى ئېنىق بولمىغان بىر مەسىلىگە سەرپ قىلغاندىن كۆپ ياخشى.

مەسىلىنى بېكىتىش باسقۇچى مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدىكى مەسىلە بىلەن تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتۇر. ئەگەر بۇ باسقۇچ ياخشى ئىشلەنسە، ئاشكارا ئاڭ بىلەن يوشۇرۇن ئاڭ زور دەرىجىدە بىرلىشىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تەبىئىي، ئىجادىي ھەم ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىدۇر. ئەگەر بىز مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېكىتسەك، يوشۇرۇن ئاڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئاتلىنىدۇ.

بىزنىڭ نېمە قىلىشىمىز قانچىلىك قىلغانلىقىمىزدىن

www.uyghurkitap.com

مۇھىم. مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك قىلغانلىقىمىز مۇھىم ئەمەس. مەسىلىنى ھەل قىلىش-قىلماسلىقىمىز مۇھىم.

مەسىلەن: قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان غەۋۋاس ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن: قانداق قىلسام قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلالايمەن؟ قانداق قىلسام نەپەسلىنىپ تىرىك تۇرالايمەن؟ قانداق ئۇسۇلدا قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالايمەن؟ ئادەتتە بىز بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى تۇتۇۋېلىپ، پۈتۈن زېھنىمىزنى ئاشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قارىتىمىز.

## زېھنىنى يىغىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش

بەزىدە بىز دەرەخنى كۆرۈپ ئورماننى كۆرمەيدىغان ياكى ئورماننى كۆرۈپ دەرەخنى كۆرمەيدىغان ياكى دەرەخنى كۆرۈپ يوپۇرماقنى كۆرمەيدىغان ئىشلارنى قىلىمىز. نىشاننى ئېنىق كۆرۈش ئۈچۈن دىققەتنى مۇۋاپىق مەركەزلەشتۈرۈش كېرەك. ئەگەر بىز ئىزدەۋاتقىنىمىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەك، تاپقىنىمىز باشقا نەرسە بولۇپ قالىدۇ؛ ئەگەر قەيەرگە بېرىشىمىزنى بىلمىسەك، باشقا جايغا بېرىپ قالىمىز. ئەگەر بىز دىققىتىمىزنى ھەل قىلىشتا ئەرزىيدىغان مەسىلىگە قاراتمىساق، ھەل قىلغىنىمىز خاتا ياكى قىممىتى يوق مەسىلە بولۇپ قالىدۇ. دىققىتىمىزنى خاتا مەسىلىگە قاراتساق، يېڭىدىن يەنە بىر مەسىلە پەيدا قىلىپ قويىمىز. تۇرمۇشتىكى ئەڭ يامان ئىشلارنىڭ بىرى ئۆزىمىز پەيدا قىلغان مەسىلە بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش تەس.

قۇياش نۇرى يەرشارىنىڭ سىرتقى يۈزىگە تەكشى چۈشكىنىگە ئوخشاش، بىزنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىمىزمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. «فوكۇس نۇقتىسىغا يىغىش» ئۇسۇلىغا ئوخشاش بىزمۇ زېھنىمىزنى بىر مەسىلىگە يىغساق، خۇددى لوپا ئەينەك نۇرنى

بىرىەرگە يىغقانغا ئوخشاش بىزنىڭ زېھنىمىزمۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈتمنى يانلۇرىدۇ.

مەسىلىنى ئېنىق بېكىتىش ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئۇ جاۋابنى ئاز-تولا كۆرسىتىپ بېرىدۇ ياكى يوشۇرۇن ئاڭدا جاۋابنى پەيدا قىلىدۇ. «فوكۇس نۇقتىسىغا يىغىش»نىڭ بەدەن ماھارىتىدىكى رولى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك. مەسىلەن: تېننىس توپ ياكى گولف توپ ئوينىغاندا، دىققەتنى توپقا مەركەزلەشتۈرۈش غەلىبە قىلىشتىكى ئاچقۇچ. كۆزىڭىزنى توپقا قاراتمىسىڭىز، توپ ئۇرۇش سەۋىيىڭىز تېز تۆۋەنلەيدۇ. پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق دىرىژور توسكاينىن 80ياشقا كىرگەندە ئوغلى ئۇنىڭدىن سىزنىڭ ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەت نېمە؟ دەپ سورىغاندا، توسكاينىن: «مەن بىر ئىشنى قىلغاندا، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش بولىدۇ، مەيلى بۇ ئىش سىمفونىيە ئوركېستىرىغا دىرىژورلۇق قىلىش ياكى ئاپېلىسىن پوستىنى سويۇش بولسۇن» دەپ جاۋاب بەرگەن. داڭلىق بۇ دىرىژورنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى باشقا تەنھەرىكەتچىلەر، سودىگەرلەر، سەنئەتكارلار، يازغۇچىلار ۋە ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە ئوخشاش زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

زېھنىنى يىققاندا، «ئاز ساندىكى ئىشنى ياخشى قىلىش» بىلەن «كارغا كەلمەيدىغان ئىشنى جىق قىلىش»نىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، ئەگەر بىز ھەممىلا ئىشنى مۇھىم دەپ قارىساق، ھەقىقىي مۇھىم ئىشتىن بىرسىمۇ چىقمايدۇ. داڭلىق بىر يازغۇچى ئەسلەپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەن ۋاسكېتبول، تېننىس توپ، ۋالىبول ۋە پەي توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن. شۇنداقلا مېخانىكا، پەن، پسىخولوگىيە، مۇزىكا ۋە سەنئەتكىمۇ بەكلا قىزىقىمەن. مەن مۇشۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىدە كۆزگە كۆرۈنۈش ئۈچۈن جىق تىرىشقان، ئەمما 35يىللىق ھاياتىمدىن كېيىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇكەممەل ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ئاخىرى چۈشەندىم. بۇلارنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مەن بىر-ئىككى تەرەپتىلا تىرىشتىم. ھازىر مەن شاد-خۇراملىقتا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتىم. مېنىڭ قىزىقىشىم ھازىرمۇ كۆپ، شۇنداقلا تۈرلۈك پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىمەن، بىراق مەن ھەممىلا تەرەپتە كۆزگە كۆرۈنۈشكە تىرىشمايمەن».

سودىگەرلەر، پېداگوكلار ۋە سانائەت مۇتەخەسسىسلىرى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلماقچى بولسا، ھېچقانداق مەسىلىنى ئوبدان ھەل قىلالمايدۇ. بۇ خۇددى بىر ياغاچچى بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە مىخ قاقماقچى بولسا، بىر نەچچىنى مايماق قىېقىپ سالغىنىغا ئوخشايدۇ. مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلماقچى بولىدىكەنمىز، يولۇقۇش مۇمكىن بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىشىمىز، ئاندىن بۇلارنى مۇھىملىقى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. مۇھىم بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنماسلىقى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل.

## «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراشنىڭ پايدىسى

مەسىلىنى بايان قىلىش بىرخىللا ياكى تار دائىرىلىك بولۇپ قالسا، بىز مۇمكىن بولىدىغان نۇرغۇن جاۋابلاردىن ۋاز كېچىمىز.

مەسىلەن: «نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت بولىدۇ؟» دەپ سوراش ئارقىلىق كەڭ دائىرىلىك جاۋابقا ئېرىشكىلى، مەسىلىگە تېخىمۇ ياخشى يۈزلەنگىلى بولىدۇ.

بىر قۇرۇلۇش تەپتىشى تاشيولنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىدە دائىم قاتناش توسۇلۇپ قالىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل

قىلىش ئۇچۇن ئاۋۋال بۇ مەسىلىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىش ۋە مۇناسىۋەتلىك جاۋابلارنى ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى. «نېمە ئۇچۇن» دەپ سوراش ئارقىلىق مەسىلە توغرىسىدا كەڭ دائىرىلىك بايانغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى مىسالدا مۇشۇ ئىش چۈشەندۈرۈلىدۇ.

مەسىلە توغرىسىدىكى دەسلەپكى بايان مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى، يەنى يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى كېڭەيتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. قۇرۇلۇش ساھەسىدە بىر مەسىلە توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى بايان كۆپ ھاللاردا مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى دەسلەپكى ئۇسۇل بولۇپ قالىدۇ.

ھەربىر قېتىم «نېمە ئۇچۇن» دەپ سورىغاندا مەسىلە توغرىسىدا تېخىمۇ كەڭ چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى ۋە ئىلگىرىكى كۆز قاراشلاردىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ كەڭ دائىرىلىك ئۇسۇللىرى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بارلىق تار دائىرىلىك ئۇسۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا، «نېمە ئۇچۇن» دەپ سوراش مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى ھەل قىلىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. مەسىلە پەيدا قىلىش مۇمكىن بولغان يېتەرسىزلىكنى كېڭەيتىش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلىگىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا زېھىن كارغا كەلمەيدىغان نۇرغۇن ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىغا سەرپ بولۇپ كېتىدۇ. بىزگە كېرەكلىك بولغىنى، مەسىلىنى مۇۋاپىق بايان قىلىش، بەك كەڭمۇ، بەكمۇ تارمۇ بولماسلىق كېرەك.

ئەگەر سىز تېخىمۇ بېيىماقچى بولسىڭىز، بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىدەك بولۇشى مۇمكىن: بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى، ھوقۇقنى، تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىلىنىش، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇش، ئۆز-ئۆزىڭىزنى قەدىرلەش ياكى بالدۇرراق دەم ئېلىشقا چىقىش بولسا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقىي مەسىلە «مەن قانداق قىلسام بالدۇرراق دەم ئېلىشقا چىقالايمەن؟» بولۇشى

www.uyghurkitap.com

كېرەك. بەزى كىشىلەرنىڭ بالدۇرراق دەم ئېلىشقا چىقماقچى بولۇشىدىكى سەۋەب باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان تۇرمۇشنى بالدۇرراق ئاياغلاشتۇرۇش، كۈن بويى بېلىق تۇتۇش ياكى باشقا جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىش دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈندۇر. ئەگەر بالدۇرراق دەم ئېلىشقا چىقىشتىكى سەۋەب باشقا جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىش بولسا، بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ساياھەت ۋاستىچىسى بولۇش، ساياھەت يېتەكچىسى بولۇش ياكى دىپلوماتىيە خىزمىتىگە قاتنىشىش قاتارلىقلار بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا سىزنىڭ باي بولۇشىڭىزنىڭ ياكى بالدۇرراق دەم ئېلىشقا چىقىشىڭىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. يۇقىرىدىكى چارىلەر پۇل تاپقاندىن كېيىن ئاندىن ساياھەتكە بېرىش چارىسىدىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى سىز قەلبىڭىزدىكى ئۆلچەمگە مەڭگۈ يېتەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بىۋاستە تاپالايمىز، شۇنداقلا كارغا كېلىدىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلىغا ئېرىشەلەيمىز.

## مەسىلىنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈش

يېڭى بىر ماشىنا لايىھىلىمەكچى بولغاندا، شەك-شۈبھىسىزكى، بۇنى ماشىنا گەۋدىسىنى لايىھىلەش، ماتورنى لايىھىلەش، چاق ۋە ئىچكى قىسمىنى لايىھىلەش دەپ بۆلۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلىنى يۇقىرىقىدەك بۆلگەندىن تاشقىرى، يەنىمۇ كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، مەسىلەن: ماشىنا گەۋدىسىنى لايىھىلەشنى ماشىنا شەكلىنى لايىھىلەش، كۆتۈرۈش كۈچىنى لايىھىلەش دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلىنى مانا مۇشۇنداق كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈش لايىھىلەش تالانتى ۋە

ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق.

بىر كىتابنىڭ باب، پاراگراف ۋە كىچىك تېمىلارغا بۆلۈنۈشىدىكى مەقسەت، مەلۇم بىر مەسىلىنى بايان قىلىش ۋە شۇ مەسىلىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا يازغۇچىنىڭ يېزىشقا ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشى، ئىشلىتىشى، ئىنكاس قايتۇرۇشىغا قۇلايلىق بولۇش ئۈچۈندۇر. ھەربىيلەر دۈشمەنلەرنى تۈرلۈك كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلىدۇ. ئاندىن ئاساسىي كۈچنى توپلاپ بۇ بۆلەكلەرنى بىر-بىرلەپ تارمار قىلىدۇ. خۇددى كونىلار ئېيتقاندەك: «مىڭ چاقىرىملىق ئۇزۇن سەپەرمۇ تۇنجى قەدەمدىن باشلىنىدۇ».

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولنى قانداق كېڭەيتىش مەسىلىسىنى كېڭەيتىدىغان دائىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، يول يۈزىنىڭ تۈرى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۆينى زىننەتلەش مەسىلىسىنى تۈرلۈك ئۆيلەرنى زىننەتلەش، تام قەغىزىنى، سىرىنىڭ رەڭگى ۋە ئەينەكنى تاللاش، ئۆي جاھازىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، رېمونت قىلىشنىڭ تەس-ئوڭايلىقى قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تاختىمۇشۇك ياساشتىمۇ تاختىمۇشۇكنى لايىھىلەش، ئىشلىتىدىغان ماتېرىيال، تاختىمۇشۇكنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، چاشقاننى بىرتەرەپ قىلىش، يەمچۈك تاللاش، كۆركەم لايىھىلەشتىكى تەلەپ قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

ھەممىلا مەسىلىنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلگىلى بولىدۇ. ئىقتىدارى جەھەتتىن بۆلۈشكە بولىدۇ، مەسىلەن: چاشقانغا تۇزاق قۇرۇش ياكى ئۇنى قويۇۋېتىش، ھوجرىنى ياكى مېھمانخانىنى بېزەش دېگەندەك؛ ۋاقىت جەھەتتىنمۇ بۆلۈشكە بولىدۇ، مەسىلەن: ئەڭ دەسلەپكى ياكى ئەڭ ئاخىرقى لايىھەنىڭ پۈتىدىغان ۋاقتى دېگەندەك.

مەسىلىنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈش يېڭى لايىھەنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياخشىلاشقا ياكى بار لايىھەنى تۈگىتىشكە ناھايىتى پايدىلىق. مەسىلەن: بىر كىتابنى ئىقتىداردىغا قاراپ كىتاب بەتلىرى، تۈپلەش ئۇسۇلى ۋە مۇقاۋا قاتارلىق بۆلەكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئەمدى بىز تۈپلەش مەسىلىسىنى كۆرۈپ باقايلى، كىتاب تۈپلەشتە شىلىم، بۇرمىلىق ئۇشكە، قىسقۇچ، كىتاب تىككۈچ قاتارلىقلار ئىشلىتىش مۇمكىن بولغان قورال ـ سايمانلاردۇر. ئەمدى ئىشلىتىدىغان قەغەزگە قاراپ باقايلى، قاتتىق قەغەز، گېزىت قەغىزى ياكى رەسىم قەغىزى قاتارلىقلارنى كىتاب تۈپلەشكە ئىشلەتكىلى بولىدۇ. مۇقاۋىنى بولسا قاتتىق قەغەزلىك مۇقاۋا، ئادەتتىكى قەغەزلىك مۇقاۋا، رەخت مۇقاۋا ياكى سۇلياۋ مۇقاۋا دەپ بۆلۈشكە بولىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىتابلار يۇقىرىدىكى ئامىللار بويىچە تۈپلىنىدۇ.

كەشپىياتچى كاتلىن: «تەتقىقات جەريانى مەسىلىنى كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈش جەريانىدۇر. شۇڭا، بۇ جەرياندا ئۆزىمىز بىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى بايقىشىمىز مۇمكىن، بىراق بىز ۋاقتىمىزنى مەسىلىنىڭ نامەلۇم قىسمىنى ھەل قىلىشقا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك» دېگەنىدى. مەسىلىنى پارچىلىغاندىلا، بىز مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

## مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش، مەسىلىنى بايان قىلىشنى ئاددىيلاشتۇرۇش

دۇنيا ئىغىر دەرىجىلىكلەر بوكس پادىشاھى ئالى ئۆزىنىڭ كۈچەپ مۇشت ئېتىشتىن ئاۋۋال رەقىبىنىڭ قارشىلىق كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە مۇشتىنى بوشراق ئېتىپ، رەقىبىنى سىناپ باقىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدى. گولف توپ ماھىرلىرى توپ كالتىكىنى توغرا تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىدۇ، ئەگەر توپ كالتىكى ئالىقان بىلەن بارماقنىڭ ئارىسىدا تۇتۇلسا، ئۇبدان

تۇتۇلمىغان بولىدۇ، ئۇرۇلغان توپمۇ نىشاندىن چەتنەيدۇ.

«مۇھىم نۇقتىنى ئىگەللەش» ئۇسۇلى سىزنىڭ مۇجمەل ۋە ئېنىق تەبىرى بولمىغان مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تېپىپ چىقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق بىز مەسىلىنى تېخىمۇ ئىخچام ۋە مۇكەممەل بايان قىلالايمىز. بۇ ئۇسۇل بەلكىم مەسىلىنىڭ «سانى» نى جىق ئۆزگەرتمەسلىكى مۇمكىن، بىراق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ «سۈپىتى» گە بولغان تەسىرى ناھايىتى چوڭ.

ئەڭ روشەن مەسىلىلەرگە بولغان چۈشىنىش كۆپىنچە ھاللاردا ئەڭ يېتەرسىز بولىدۇ. مۇھىم نۇقتىنى ئىگەللەش بىزنىڭ روشەن مەسىلىگە بولغان چۈشىنىشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا بىز مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئىخچام بايان قىلالايمىز. خۇددى ئېينىشتېين ئېيتقاندەك: «ھەربىر ئىشنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاددىيلاشتۇرۇش، ئەمما ئاددىيلاشتۇرۇلغان مەسىلىنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرماسلىق كېرەك». شۇڭلاشقا بىز زېرىكىش كەيپىياتىنى، خاتا تەكىتلەش ۋە خاتا ئۇچۇرلارنى كاللىمىزدىن چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك. خۇددى بىر ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى كۆرسەتكەندەك: «ئىجادچان كىشىلەر مۇرەككەپ ئەھۋاللارنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ ھەمدە ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تەھلىل قىلىپ ئىخچام ئىپادىلىيەلەيدۇ».

«مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش ئۇسۇلى»نىڭ مۇھىم نۇقتىسى، مەسىلە توغرىسىدىكى پارچە-پۇرات، چۈشىنىكسىز بايانلارنى مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئىگىلىگەن ئىخچام بايانغا ئايلاندۇرۇشتۇر.

مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى نۇقتىلىق بايان قىلغاندىن كېيىن، ئىككى قۇر سۆزنى ئەسلىدىكى نۇقتىلىق سۆزنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش كېرەك. ئاندىن مەسىلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىغا ھەممىدىن بەكرەك ۋەكىللىك قىلالايدىغان سۆزنى تېپىپ چىقىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېرەك. ئاچقۇچلۇق بۇ سۆزلەردىن پايدىلىنىپ مەسىلىنى بايان قىلساق، مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىمىز تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. مەسىلەن: «قانداق قىلغاندا ئاخشىمى ئوڭايلا ئۇخلىيالايمىز؟» دېگەن بۇ مەسىلىدە «ئوڭاي ئۇخلاش» نۇقتىلىق سۆز بولۇپ، بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىككى قۇر سۆز تۆۋەندىكىدەك:

چوڭقۇر، تېز، بىخارامان ، ئاسان، ئارام ئېلىش، مۈگىدەش، ئۇيقۇ، بەدەننى ئەركىن قويۇۋېتىش، يېشىنمەيلا كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىش.

لۇغەتنى ئاختۇرۇش ئارقىلىق ئوخشىشىپ كېتىدىغان، ئورنىغا دەسسەتكىلى بولىدىغان سۆزلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. ئەگەر بىز «چوڭقۇر ئۇيقۇ»نى تاللىساق، بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىشقا بولىدۇ — «مەن قانداق قىلسام ئاخشىمى چوڭقۇر ئۇيقۇغا چۆكەلەيمەن؟» ئوڭاي ئۇخلاش دېگەندە ئۇيقۇنىڭ كېلىشى تەكىتلىنىدۇ. چوڭقۇر ئۇخلاش دېگەندە ئۇيقۇدىن بەدەن ئەسلىگە كېلىش تەكىتلىنىدۇ. مانا بۇلار بىز دىققەت قىلىدىغان نۇقتا. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، باشقا ئىككى سۆزنى بىرلەشتۈرسەك، مەسىلە توغرىسىدا تېخىمۇ ياخشى بايانغا ئېگە بولالايمىز.

ئەمدى بىز «ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدە ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى قانداق قىلغاندا ئۆستۈرگىلى بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىنى كۆرۈپ باقايلى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئاشۇرۇش بۇ مەسىلىدىكى نۇقتىلىق سۆز بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان سۆزلەر تۆۋەندىكىچە:

ھەسسىلەپ ئاشۇرۇش، ئىلگىرى سۈرۈش، ئاشۇرۇش، كېڭەيتىش، يوغىنىتىش، ھاياتىي كۈچ، ئۈنۈم، ئىشلەپچىرىش كۈچى، خىزمەت يۈكى، ئۈنۈم.

بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش» مەسىلىنى ھەقىقىي تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدۇ. شۇنداقلا بۇ مەسىلە «قانداق قىلغاندا

ماشىنا ئىشچىلىرىنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟» دېگەنگە ئۆزگىرىپ، پۈتۈنلەي شەخسنىڭ تەجرىبىسىگە تايىنىدىغان ئەتراپىمىزدىكى بىر ئىشقا ئايلىنىدۇ. گەرچە ئىككى قۇردىكى سۆزلەرنى تورلۇك شەكىلدە بىرىكتۈرگىلى بولسىمۇ، بىر توپ بىلىملىك كىشىلەر بۇلارنىڭ ئىچىدىن تاللىغاندا، كۆپ سانلىقلارنىڭ تاللىشى بىردەك بولىدۇ.

«مۇھىم نۇقتىنى ئىگەللەش ئۇسۇلى» ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس، شۇنداقلا نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەپەككۇر قىلىشمۇ كەتمەيدۇ. مەسىلىگە بولغان بايانمۇ بەك چوڭ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ. بىراق ئالدىدا دېيىلگەندەك، «مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش» ئۇسۇلى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا كومپېدىيىلىك تۈستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇددى باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ تىراييېكتورىيىسى، پىئانىنو ئاھاڭىنىڭ ئۆزگىرىشى ئاخىرقى نەتىجىگە كۆرۈنەرلىك تەسىر كۆرسەتكەنگە ئوخشايدۇ.

## مۇھىم نۇقتىنى كېڭەيتىش، چەكتىن ھالقىش

ئېنىق نىشانى بولمىغان ئادەم نىشانغا مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ. ئەگەر بىز قارىغا ئاتقاندا ئۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىر چەمبەر سىزساق، قارىغا تېخىمۇ دەل ئاتالايمىز. مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئۇزاق مەزگىللىك نىشان، قىسقا مەزگىللىك نىشان ۋە ئۆلچەملەر ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە تەبىر بېرىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن: بىز تاختىمۇشۇكنى ئەرزان، كۆركەم، چىداملىق ۋە ئىشلىتىش ئوڭاي قىلىپ لايىھىلىمەكچى. بۇ تەبىر ۋە نىشانلار بىزنىڭ تاختىمۇشۇكنى قىممەت، ئىسكەتسىز، مۇرەككەپ، چىدامسىز، ئىشلىتىش تەس قىلىپ لايىھىلىمەسلىكىمىزگە ياردەم بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى نىشانلار بىزنى مەلۇم ئۆلچەم بىلەن

تەمىنلەيدۇ، بۇ ئارقىلىق بىز تۇرلۇك لايىھىلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللايمىز. بىراق يەنە بىرجەھەتتىن ئېيتقاندا، مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بۇ ئۆلچەملەر يېڭى ۋە ئىجادىي ئوي-پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا توسالغۇ بولۇپ، ئىلگىرى بېكىتكەن نىشانىمىزغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەرقانداق ئوي-پىكىرنى چەتكە قېقىشىمىز مۇمكىن.

ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق يازغۇچى كافكا مۇنداق دېگەنىدى: «ھەربىر ئادەم ئۆزى ئېلىپ يۈرگەن رامكا ئىچىدە ياشايدۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن ھايۋاناتلار توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى يېزىشىنىڭ سەۋەبى، شۇنداقلا تەبىئەتكە قايتىش توغرىسىدىكى ئېپتىدائىي ئارزۇ-ئىستەكنىڭ ئىپادىلىنىشى. ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، تەبىئىي ياشاشلا ئىنسان تۇرمۇشى بولىدۇ، بىراق بىز كۆپىنچە ھاللاردا بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيمىز، شۇنداقلا چۈشىنىشنىمۇ خالىمايمىز. ئەمەلىيەتتە، ياشاش ئىنسان ئۈچۈن بىرخىل يۈك بولغاچقا، ئۇلار تەسەۋۋۇر-خىيال قىلىشتىن ۋاز كېچىدۇ، شۇنداقلا كۆپچىلىكنىڭ پاناھىدا ئۆزلىرىنى بىخەتەر ھېس قىلىدۇ. ئىنسانلار تالاي كۈچلاردىن ئۆتۈپ ئىشخانىغا بېرىپ خىزمەت قىلىدۇ، تاماق يەيدۇ ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارىدۇ. نەتىجىدە ئۇلاردا يېڭى شەيئىلەرگە قىزىقىش بولمايدۇ، ئۇلار پەقەت ئادەتكە، قائىدىگە ۋە بۇيرۇققا بويسۇنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئىنسانلار ئەركىنلىكتىن ۋە مەسئۇلىيەتتىن قورققاچقا، ئۆزى سالغان تۇرمىگە سولىنىپ تۇرۇشنى خالايدۇ.»

«مۇھىم نۇقتىنى كېڭەيتىش» ئۇسۇلى بىزنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان چەكلىمە ۋە قورقۇنچنى يېڭىپ، مەۋجۇت بولمىغان چەكتىن ھالقىپ، كەڭ تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئاڭ قاتلىمىمىزنى كېڭەيتىپ، ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋە مۇمكىن بولمايدىغان بەزى ئىشلارنى تەپەككۇر قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كۆڭلىمىزدىكى

پاراكەندىچىلىكنى تۇگىتىدۇ. بىر ئادەم يېڭى ئوي ـ پىكىرگە ئىگە بولسا، ئۇنىڭ ئىدىيىسى قاتماللاشمايدۇ.

ئىلمىي فانتازىيىلىك ھېكايىلەر كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىزدەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. كەشپىياتچى كاتلىن ئۆزىنىڭ ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىنى كېڭەيتتى. ھەممىباب ئاپتوموبىل شىركىتى زاۋۇتتىن چىققان ماشىنىلارنى 17كۈندە ئاندىن سىرلاپ بولاتتى. كاتلىن تەتقىقاتچىلارغا بۇ ئىشنى بىر سائەتتىلا قىلىپ بولۇش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. بۇ ئىش قارىماققا مۇمكىن بولمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ بۇ ئوي ـ پىكىرىنى ھېچكىممۇ كارغا كېلىدۇ دەپ قارىمايدۇ، بەزىلەر ھەتتا بۇرنىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويىدۇ. بىراق ئارىدىن بىر نەچچە ئاي ئۆتكەندە، كاتلىن بۇ نىشانىغا يېتىدۇ.

ماسلو ئىجادچانلىق ئېڭىغا ۋە مەقسەت ـ مۇددىئاغا ئىگە كىشىلەردە كىشىلىك پەزىلەت بىلەن مۇناسىۋەتسىز بەزى تالانتنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «... پەقەت تىرىشىپ خىزمەت قىلىش ۋە جاسارەتكىلا ئىگە، مەسىلەن: بىر ئادەم دادىل ۋە مەغرۇرانە ھالدا ئۆزىنى سەنئەتكار دەپ قارىسا، ئۇ ئۆزىگە سەنئەتكارلارغا خاس پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇنداقلا باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا سەنئەتكاردەك مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم تەبىئىيلا سەنئەتكارغا ئايلىنىدۇ». مۇھىم نۇقتىنى كېڭەيتىش ئۇسۇلى مەسىلە ۋە نىشان قاتلىمىنى مانا مۇشۇنداق دادىل ھالدا كېڭەيتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىدىيىنى ئەسكەرتىش ئۇسۇلى

يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ئەڭ ياخشى ئوي - پىكىرنى بېكىتىشتىن ئاۋۋال، ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ئوي - پىكىرلەرنى يىغىشى كېرەك. ئۇلار ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشاش، بىرەر ياخشى ئۇسۇل ياكى كارغا كېلىدىغان ئۇسۇلنى تاپسىلا، باشقا ئۇسۇللار توغرىسىدا تەپەككۇر قىلماي، دەرھال ئاشۇ ئۇسۇل بويىچىلا قىلىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ.

ئەگەر بىز ئەڭ دەسلەپكى ئوي - پىكىرىمىزدە چىڭ تۇرۇۋالساق، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى، مۇكەممەل بولمىغان ئوي - پىكىرنى قارىغۇلارچە قوللانماسلىقىمىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۇسۇلنى تاللاشتىن ئاۋۋال ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن ئوي - پىكىرنى تېپىپ چىقىشىمىز ۋە بۇ ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق نەزەر-دائىرىمىز كېڭىيىپ، مەسىلىلەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلايدىغان بولىمىز. شۇنداقلا تۈرلۈك ئوي - پىكىرلەرنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن كۆزىتەلەيمىز ۋە سېلىشتۇرالايمىز.

«ئىدىيىنى ئەسكەرتىش»، «غەلىتە ئوي - پىكىرلەرنى يېزىپ چىقىش»، «ئەركىن تەسەۋۋۇر» ۋە «ياخشى ئوي - پىكىرنى ئومۇملاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىجادچانلىقنى قوزغايدىغان بۇ ئۇسۇللار بىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئوي - پىكىرگە ئېرىشىشىمىزنىڭ قورالى. «ئىدىيىنى ئەسكەرتىش ئۇسۇلى» بىزنىڭ باشقىلاردىن يېڭى كۆز قاراشقا ئېرىشىشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ. «ئەركىن تەسەۋۋۇر» ۋە «غەلىتە ئوي - پىكىرلەرنى يېزىپ چىقىش» بىزنىڭ ئادەتلەنگەن تەپەككۇر ئۇسۇلىنى بۇزۇۋېتىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ ۋە يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئوي - پىكىرنى تېپىپ بېرىدۇ. «ياخشى ئوي - پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى» ئارقىلىق ھازىر بار بولغان

ئوي - پىكىرلەر بىلەن يېڭى ئوي - پىكىرلەرنى باغلاشتۇرالايمىز.

«ئىدىيىنى ئەسكەرتىش» ئۇسۇلى ئىجتىھات بىلەن تىرىشىشنى تەكىتلەيدۇ. كەچۈرمىشى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەردىن ئوي - پىكىرنى قوزغىتىدىغان ئەسكەرتىشكە ئىگە بولۇش كېرەك. بۇنداق ئەسكەرتىشلەر باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن، گەپ - سۆزلەردىن ۋە مەھسۇلاتلاردىن كېلىشى مۇمكىن. باشقىلاردىن ئەسكەرتىشكە ئېرىشىش يەنە بىر جۈپ كۆزگە، يېڭى خاتىرىگە ۋە تەجرىبىگە ئېرىشكەنگە ئوخشايدۇ. بەزىدە بىز ھەتتا باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىدىنمۇ ئۆگىنىمىز. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئىدىيىنى ئەسكەرتىش» ئۇسۇلى مەقسەتسىز ئېرىشكەن تاسادىپىي ئىلھامغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ يېڭى ئوي - پىكىرنى ئىجتىھات بىلەن ئەسكەرتىدىغان ئۇسۇلدۇر.

«ئىدىيىنى ئەسكەرتىش ئۇسۇلى» باشقىلارنىڭ ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۇسۇل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجادىي ئوي - پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ ئاددىي ھەم قىزىقارلىق بىر ئۇسۇلىدۇر. باشقىلار بىلەن بولغان ھەر بىر قېتىملىق مۇھاكىمە ياكى پاراڭ ئوي - پىكىرنى قوزغىتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى، شۇڭا بۇ ئۇسۇلنى ئوبدان ئىگىلەش كېرەك.

سىزنىڭ مەسىلىڭىزگە قارىتا ھېچقانداق تەجرىبە ياكى بىلىمگە ئىگە ئەمەس كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىش ۋە بۇ پاراڭ ئارقىلىق ئىجادىي تەپەككۇرنى قوزغىتىش «ئىدىيىنى ئەسكەرتىش» ئۇسۇلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. مەسىلەن: بىر سودىگەر ئوغلىدىن سودىدىكى تەۋەككۇلچىلىك توغرىسىدىكى پىكىرىنى سورىشى مۇمكىن ياكى بىر مائارىپچى سۇ تۇرۇبىسى ئىشچىسىدىن ئوقۇتۇش خىزمىتىگە بولغان پىكىرنى سورىسا بولىدۇ. كەسىپ ئەھلى ئەمەس بۇ كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرى ئېنىق بولماسلىقى ياكى ئۇنىڭدىن بىۋاسىتە پايدىلانغىلى بولماسلىقى مۇمكىن. بىراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ پىكىرلەر كەسىپ ئەھلىنىڭ تەپەككۇر يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ياخشى ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشتۈرۈشى مۇمكىن.

ئەسكەرتىلگەن ئوي - پىكىر قوزغاتقۇچ بولۇپ، باشقا ياخشى ئوي - پىكىرلەرنى قوزغىتىدۇ. بىراق ئۇنى بىۋاسىتە ئەكىلىپ قوللىنىشقا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىغا باھا بېرىشكە بولمايدۇ. كاللىمىزدا قانداق ئوي - پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى كۆپىنچە ھاللاردا بىزنىڭ بىلىمىمىزگە ۋە قىممەت قارىشى توغرىسىدىكى ھۆكۈمىمىزگە باغلىق بولىدۇ. بوكسىيورچى قېرىنداش قەلەمنى ئوڭاي تۇتقىلى بولىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىشكە تەكلىپ بەرسە، بۇ تەكلىپ چوقۇم باشقىلارنىڭ ئويلىغىنىغا ئوخشىمايدۇ. بىر مىخانىكىنىڭ كاللىسىدا قېرىنداش قەلەمنى سىلىق، قولدىن چۈشۈپ كەتمەيدىغان قىلىش توغرىسىدىكى ئوي - پىكىر پەيدا بولۇشى مۇمكىن .

بەزى شىركەتلەر كەچۈرمىشى ۋە ئىقتىدارى ئوخشاشمايدىغان ھەرخىل كىشىلەرنى مەقسەتلىك يىغىپ ، مەسىلە ھەل قىلىدۇ، بۇنداق كىشىلەرنى يىغىش ئۆزئارا قوزغىتىش رولىنى ئوينايدىغان بولۇپ، بىر ئادەمنىڭ ئادەتتىكى ئوي - پىكرى يەنە بىر ئادەمنىڭ ياخشى ئوي - پىكىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى مەنبە بولۇپ قالىدۇ، ئېدىسون ئۆزى ئېرىشكەن بەزى ئوي - پىكىرنى ناھايىتى ئىجادىيلىقتا ئىگە ئىكەن دەپ ماختىغاندا، ئېدىسون «بۇ ئوي - پىكىر ھاۋادا» دەپ ئىنكار قىلغان. ئەگەر بۇ ئوي - پىكىرنى ئۇ بايقىمىغان بولسا ، باشقىلار بايقايتتى. گەرچە ئوي - پىكىر ھاۋادا بولسىمۇ، بىراق بىز ئېدىيىندە ئازاد بولمىساق، باشقىلاردىن، كىتابتىن ياكى كۆزىتىشتىن ئىلھام ئالمىساق، بۇ ئوي - پىكىرگە ئېرىشەلمەيمىز.

ئۆزئارا ئوي - پىكىرنى قوزغىتىش ئارقىلىق ئادەتلەنگەن كۆز قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭىچە كۆرسىتىش قابىلىيىتىگە ۋە ئىجادىي ئوي - پىكىرگە ئېرىشەلەيمىز. ۋىلىيام.جامېس: «تالانت

ئەمەلىيەتتە شەيئىلەرنى ئادەتلەنمىگەن ئۇسۇل ئارقىلىق سېزىش قابىلىيىتى » دېگەنىدى.

بېل بىلەن گىرووي ئوخشاش بىر كۈندە ئامېرىكا پاتېنت ئىدارىسىدىن « تېلېفون »نىڭ پاتېنتىنى ئىلتىماس قىلغان، بىراق پاتېنت ھوقۇقىغا ئاخىرقى ھېسابتا بېل ئېرىشىدۇ. ئوي ـ پىكىر « ھاۋا »دىكى چاغدا، تۈرلۈك كەشپىيات ۋە بايقاشلار بىرلا ۋاقىتتا بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر « ھاۋادىكى » ئوي ـ پىكىردىن پايدىلىنىشنى بىلمەيدۇ، چۈنكى كىشىلەر باشقىلاردىن مەسىلىنىڭ مۇكەممەل جاۋابىغا ئېرىشىشنىلا بىلىدۇ، ئەمما ئەتراپىتا تولۇپ ياتقان كۆزقاراش ۋە ئەسكەرتىشلەردىن ئۇبدان پايدىلىنىشنى بىلمەيدۇ.

## ئەركىن ئوي ـ پىكىردىن پايدىلىنىش

ماسلو ھەربىر يېڭى ئوي ـ پىكىرنىڭ دەسلىپىدە قارىماققا سەل تەلۋىلىكتەك، سەل ئەخمىقانىلىقتەك تويۇلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. شۇڭلاشقا بىز نېمە ئۈچۈن سەل تەلۋىلىك خاراكتېرىدىكى، ئەخمىقانە، قارام ئوي ـ پىكىرلەردە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يېڭىچە ۋە كارغا كېلىدىغان ئوي ـ پىكىرلەرنى پەيدا قىلمايمىز؟

چوڭلاردا ئىجادىي ئوي ـ پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشى بالىلارنىڭ ئويۇنىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. « غەلىتە ئوي ـ پىكىرلەرنى يېزىپ چىقىش ئۇسۇلى » ھەربىر ئادەمنىڭ ئويۇن ئويناش تەبىئىتىنى قوزغىتىدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلىي نەتىجىگە ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى ئويۇن جەريانىدا پەيدا بولغان غەلىتە ئوي ـ پىكىرلەر پىسخىك ئۇلانما تەسەۋۋۇر ۋە غىدىقلاشنى پەيدا قىلىدۇ ۋە مەسىلىنى يېڭى، ئۆزگىچە جاۋابقا ئىگە قىلىدۇ. بىر پارچە كونا

www.uyghurkitap.com

كۆپىكنى شەپكە ئورنىدا ئىشلىتىش كۆلكىلىك ھەم غەلىتە ئوي-پىكىر بولۇپ، بىراق بىز سىناپ باقساق، بۇ ئوي-پىكىر خېلى ياخشى ۋە مۇۋاپىق ئوي-پىكىرگە ئۆزگىرىشى مۇمكىن، مەسىلەن: كۆپىكتىن پايدىلىنىپ ئۆزگىچە بىر شەپكە قۇرۇلمىسىنى ياساپ چىققىلى بولىدۇ.

گەرچە ئويۇن ۋە ۋاقىتلىق ئەخمىقانىلىق خاراكتېرىدىكى ئوي-پىكىر قىلىش ئاسان بولمىسىمۇ، بىراق بۇنىڭ ئىجادىي پىكىرنى پەيدا قىلىدىغان ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈش كېرەك. ھەرقانچە تەلۋىلەرچە ياكى ئەخمىقانە ئوي-پىكىر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىز كۆڭلىڭىزدە ئويلىغانلىرىڭىزنى دېسىڭىز ياكى يېزىپ چىقسىڭىز بولىدۇ، بۇ ئىجادىي ئوي-پىكىرگە ئېرىشىشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى. مېڭىنى سەگىتىش ئۇسۇلى غەلىتە ۋە ئەخمىقانە ئوي-پىكىرلەرنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، چۈنكى بۇ ئوي-پىكىرلەر ئەمەلىي ۋە كارغا كېلىدىغان ئوي-پىكىرلەرگە ئايلىنىدۇ.

بەزىلەر «غەلىتە ئوي-پىكىرلەرنى يېزىپ چىقىش ئۇسۇلى»نى قوللانسا ئەيىبلەشكە ئۇچرايدۇ ھەمدە يۈزنى تۆكۈۋالىدىغان گەپ دەپ قارايدۇ. ئەگەر كۆلكىلىك، غەلىتە ئوي-پىكىرلەرنى كارغا كېلىدىغان ئوي-پىكىرگە ئايلاندۇرغىلى بولمىسا، باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچراش مۇمكىن. بىراق بىز ئۆزىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئاگاھلاندۇرۇشىمىز كېرەك. نۇرغۇن ئۇلۇغ ئوي-پىكىرلەر دەسلەپتە مازاق قىلىنىشقا ۋە تەنقىدكە ئۇچرىغان. نۇرغۇن كۆلكىلىك ئوي-پىكىرلەر ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ياخشى ئوي-پىكىرلەر بولۇشى مۇمكىن. ماتورلۇق قېيىق بۇنىڭ بىر مىسالى بولالايدۇ. ماتورلۇق قېيىق ئەڭ دەسلەپتە «فولتوننىڭ ئەخمىقانە ئىشى» دەپ قارالغان. تۆۋەندىكى مىسالمۇ باشقىلارنىڭ نەزىرىدە كۆلكىلىك ھەم بىمەنە دەپ قارىلىشى مۇمكىن.

بىر ئادەم كۆلچەكتىن نېلۇپەر قازماقچى بولۇپ، تىزىنىڭ چوڭلۇقىدىكى بىر سايىمان بىلەن كۆلچەكنىڭ تېگىنى بويلاپ

قازىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇ يەل قۇيۇپ بېرىدۇ. ئەتراپتىكىلەر چاقچاق قىلىپ: «سەن كۆلچەكنىڭ تېگىدە مۇشۇنداق ئىككى ـ ئۈچ قېتىم يەل قويۇپ بەرسەڭ، نېلۇپەر قورقىنىدىن سەكرەپ چىقىشى مۇمكىن» دەيدۇ. بۇ گەپتىن شۇ يەردىكى يەنە بىر ئادەمنىڭ كاللىسىدا مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولىدۇ: قىسىلغان ھاۋانى نەيچە ئارقىلىق كۆلچەك تېگىدىن پۈركىسەك قانداق بولار؟ بەلكىم نېلۇپەرنى قازغىلى بولار.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەجرىبە قىلىدۇ، ئەمما مەغلۇپ بولىدۇ، پەقەت كۆپۈكلا چىقىپ، نېلۇپەر سۇ يۈزىگە ئۆرلەپ چىقمايدۇ. «تېخىمۇ كۈچلۈك كۈچ بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ ئۇ، ئارقىدىن ئۇ تۆرۈۋېيدىكى سوغا بېسىم بېرىپ، نېلۇپەرنى قېزىپ چىقالايدۇ. بۇ ئۇسۇلدا تىرنا ئادەمنى زەخىملەندۈرۈپ قويارمۇ دەپ ئەنسىرەش ھاجەتسىز، شۇنداقلا قېزىپ چىقىلغان نېلۇپەرمۇ پاك ـ پاكىزە يۇيۇلۇپ چىقىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئۇسۇل نېلۇپەر قېزىشتىكى ئۇسۇل بولۇپ ئومۇملىشىدۇ.

«غەلىتە ئوي ـ پىكىرلەرنى يېزىپ چىقىش ئۇسۇلى» ناھايىتى قىزىقارلىق. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، چوڭلارنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ مەنبەسى بالىلارنىڭ ئويۇنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاۋۋال بالىلارچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق بىمەنە، كۈلكىلىك ئوي ـ پىكىرلەرگە ئېرىشىش، ئاندىن چوڭلارچە تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق بىمەنە ، كۈلكىلىك ئوي ـ پىكىرلەرنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ياخشى ئوي ـ پىكىرگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. سىناپ بېقىڭ! سىز ئۆزىڭىز ئېرىشكەن ياخشى ئوي ـ پىكىردىن ۋە يېڭى ئىلھامدىن ھەيران قالىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ئەركىن تەسەۋۋۇرنىڭ سېھرىي كۈچى

لېئاناردو مۇنداق دېگەنىدى: «مەن تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان ھەرقانداق بىر لايىھەنى تاشلىۋەتمەيمەن، گەرچە ئۇ قارىماققا پارچە ـ پۇراتتەك، كۈلكىلىكتەك بىلىنىشى مۇمكىن. بىراق ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتنى قوزغىتىشقا، تۈرلۈك كەشپىياتلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا ناھايىتى پايدىلىق. بۇ خۇددى سىز تامدىكى داغلارنى كۆزەتكەندە، ئۇنىڭ تۈرلۈك مەنزىرىلەرگە ئوخشايدىغانلىقىنى بايقايسىز. مەسىلەن: تاغ، دەريا، تاش، دەل ـ دەرەخ دېگەندەك. بەلكىم سىز جەڭ قىلىۋاتقان ئادەمنى ياكى غەلىتە چىراي ۋە كىيىملەرنى ۋە ياكى قارىماققا ناھايىتى مۇكەممەل كۆرۈنىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. بۇ كۆرۈنۈشلەر تامدا گىرەلىشىپ، خۇددى ياڭراق قوڭغۇراق ئاۋازىغا ئوخشاش، ئۆزىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغان ھەرقانداق بىر گەپ ـ سۆزنى ئاڭلىشىڭىز مۇمكىن».

تامدىكى داغلار قارىماققا گۈزەل تاغلار، دەريالار، ئېقىن قاتارلىقلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. بىراق بىز ئىجادىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرەلىسەك، ھەرقانداق ئىككى شەيئىنىڭ ئوخشاشلىقىنى بايقىيالايمىز ۋە بۇ ئارقىلىق ئىجادچانلىقىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرالايمىز. بىر يوپۇرماق بىلەن بىر پىچاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ئوخشاشلىق بار؟ بىز يوپۇرماقتىن يېڭى پىچاق لايىھىلەش توغرىسىدىكى قانداق ئىلھامغا ئېرىشەلەيمىز؟ يوپۇرماق يېشىل رەڭدە بولىدۇ، ئۇنىڭ غولى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا سۇ سىڭمەيدۇ ھەم ئۆسەلەيدۇ. يوپۇرماقنىڭ يېشىل رەڭدە بولىدىغانلىقىدىن رەڭلىك پىچاق لايىھەلەشنى ئويلايمىز؛ يوپۇرماقنىڭ غولىدىن پىچاق دەستىسى، ئىلمەكى ياكى تاسمىسى قاتارلىقلارنى لايىھەلەپ، پىچاقنى

ئاشخانىدا ئېسىپ قويىدىغان قىلغىلى بولىدۇ؛ يوپۇرماقنىڭ سۇ سىڭمەيدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پىچاقتا سىر بېرىش ئارقىلىق سۇ سىڭمەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ؛ يوپۇرماقنىڭ ئۆسەلەيدىغان ئالاھىدىلىكىدىن پىچاقنى ئۇزارتقىلى - قىسقارتقىلى ۋە قاتلىغىلى بولىدىغان قىلىپ لايىھىلەشكە بولىدۇ.

ئىككى نەرسىنىڭ ئوخشاشلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا باغلىنىش بولۇشى كېرەك، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، قارىماققا مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدىغان ئىككى نەرسىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى خۇددى يوپۇرماق بىلەن پىچاقنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرگەندەك بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

قوۋىماق بىلەن ئاياغنى بىرلەشتۈرۈپ باقايلى. قوۋىماق يۇمىلاق، كۆپ قىسىم ئاياغلارنىڭ گىرۋەكلىرىمۇ يۇمىلاق؛ قوۋىماقتا بىر تۆشۈك بولىدۇ، بەزى ئاياغلارنىڭ سىرتقى يۈزىدىمۇ ھاۋا ئۆتۈشۈش تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ؛ قوۋىماقتا كۆپۈكچىلەر بولىدۇ، بەزى ئاياغلارمۇ راھەت بولۇش ئۈچۈن، ئاياغنىڭ تاپىنى بولۇتتەك ھاۋا ئۆتۈشىدىغان قىلىپ لايىھىلەنگەن.

چوڭقۇر پىكىر قىلىدىغان ۋە مەسىلىنى ئىجادىي پىكرى ئارقىلىق ھەل قىلىدىغانلاردىن بولۇش ئۈچۈن بىز مۇناسىۋەتسىز شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەت پەيدا قىلىپلا قالماستىن، ئىجادىي جاۋاب پەيدا قىلىدىغان يېڭىچە مۇناسىۋەتنى پەيدا قىلىشىمىز كېرەك. ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش دېگىنىمىز، شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئارقىلىق يېڭى ئوي - پىكىرگە ئېرىشىش دېگەنلىكتۇر. يېڭى ئوي - پىكىرنى قوزغىتىدىغان «ئەركىن تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى» ئارقىلىق بىز شەيئىلەرنى ئىجتىھات بىلەن كۆزىتەلەيمىز ۋە بۇ شەيئى بىلەن باشقا شەيئىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېرىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز. بۇ جەرياندا دائىم يېڭى ئىلھام ۋە ئوي - پىكىرلەر پەيدا بولىدۇ.

«ئەركىن تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى»نى قوللانغاندا، تۆۋەندىكى قەدەم -

www.uyghurkitap.com

باسقۇچلارغا رىئايە قىلىش كېرەك.

1. مەلۇم بىر جىسىمنى، رەسىمنى، ئۆسۈملۈكنى ياكى ھايۋاننى تاللاڭ. تاللىغان نەرسىڭىز مەسىلە بىلەن قانچە مۇناسىۋەتسىز بولسا، ئىجادىي ئوي - پىكىر ۋە يېڭى ئىلھامنىڭ پەيدا بولۇشىغا شۇنچە پۇرسەت تۇغۇلىدۇ.

2. تاللىغان شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەپسىلىي يېزىپ چىقىڭ. بۇ باسقۇچنى ئورۇنلىسىڭىزلا ئاندىن كېيىنكى قەدەمنى داۋاملاشتۇرالايسىز.

3. شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مەسىلە ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق يېڭىچە ئوي - پىكىر ۋە ئىلھامنى قوزغىتىش كېرەك.

تۆمۈرتومشۇق بىلەن زەيتۇن توپ تەنھەرىكەتچىسىنىڭ ئوخشاشلىقى نەدە؟ ئۇلارنىڭ بېشى دائىم قاتتىق زەربىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. تەتقىقاتچىلار تۆمۈر تومشۇقنىڭ بېشىنىڭ قۇرۇلمىسىنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بېشىدا بولۇتسىمان سۆڭەكلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە مېڭىنى مەھكەم قوغداپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى سۇيۇقلۇقلارنىڭ ناھايىتى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن سىلكىنىشنى يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى، مېڭىنىڭ ئەتراپىدا سىلكىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مۇسكۇللارنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ. تەتقىقاتچىلار بۇنىڭدىن زەيتۇن توپ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ قالپىقىنى مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ياخشىلاپ، يېنىك ۋە قېلىن كۆپتۈرمە سۇلياۋنى تەگلىك قىلىپ، سىرتقى قېپىنى نېپىز ھەم قاتتىق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپ سوركىلىشتە زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قىلساق، بۇنداق قالپاق ھەم مۇستەھكەم ھەم ئېلاستىكلىق قالپاق بولىدۇ، دەپ يەكۈن چىقارغان.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۇلانما تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىگە ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ. تەتقىقاتچىلار تۆمۈر تومشۇقنىڭ بېشىنى كۆزەتكەندە، زەيتۇن توپ تەنھەرىكەتچىسىنىڭ

قالپىقىنى ئۆيلىيالىغان. مانا بۇ «ئەركىن تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى» دىن ئوبدان پايدىلانغانلىق توغرىسىدىكى بىر مىسال.

## ياخشى ئوي - پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش

بىز ئادەتتىكى ساۋات دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئوي - پىكىرلەرنى دادىللىق بىلەن ئۆزگىچە بىرىكتۈرۈپ، يېڭىچە ئوي - پىكىرگە ئېرىشىشىمىز كېرەك. كۆپ ساندىكى كىشىلەر يېڭىلىق يارىتىش ئاسان ئىش، ئۇ پەقەت بار بولغان ئامىللارنى ياكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېڭىچە بىرىكتۈرۈشكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆنۈپرسال ئوي - پىكىر ھاسىل بولىدىغان يېڭىچە بىرىكتۈرۈش قابىلىيىتى دەپ قاراشقا بولىدۇ، بۇخىل يېڭى بىرىكىشنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ چوڭ بولىدۇ.

بىر ماتېماتىك ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى مۇنداق بايان قىلغان: «مەن مەلۇم بىر خىل باغلىنىش بولمىغان فۇنكىتسىيەنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن 15كۈن ۋاقتىمنى سەرپ قىلدىم. مەن ھەركۈنى خىزمەت ئۈستىلىمنىڭ يېنىدا بىر - ئىككى سائەتچە ئولتۇرۇپ، نۇرغۇن ئۇسۇلدا بىرىكتۈرۈپ باققان بولساممۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمىدىم. بىركۈنى كەچتە مەن ئادىتىمنى ئۆزگەرتىپ، قېنىق دەملەنگەن قەھۋە ئىچتىم، بىراق ئۇيقۇم كەلمەي ئوي - پىكىرلەر كاللامدا كۆپلەپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. مەن بۇ ئوي - پىكىرلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، بىرخىل مۇقىم بىرىكىشنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە مەن بۇخىل فۇنكىتسىيەنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىسپاتلىدىم. بۇ فۇنكىتسىيە گىپېر گېئومېتىرىيىلىك سانلار قاتارىدىن كەلگەن بولۇپ، مەن نەتىجىنى بىرنەچچە سائەتتىلا يېزىپ چىقتىم.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سودا سانائەت، سودىگەرچىلىك ۋە سېتىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى. رەسسام رەڭ ۋە شەكىلنى بىرلىكتۈرىدۇ. مۇزىكانت مۇزىكا بىلەن ئاۋازنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىرلىكتۈرىدۇ، خىمىيە ئالىملىرى ۋە فىزىكا ئالىملىرى تۈرلۈك ئېلېمېنتلارنى بىرلىكتۈرىدۇ. «ياخشى ئوي - پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى» يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئېھتىياتچان، سىستېمىلىق ئۇسۇل بولۇپ، تۈرلۈك ئوي - پىكىرلەرنى لوگىكىلىق ئۇسۇل بويىچە ۋە تاسادىپىي بىرلىكتۈرۈپ، يېڭى كۆز قاراش ۋە يېڭىچە كۆزىتىش نۇقتىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

بىرلىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېڭى ۋە كېرەككە كېلىدىغان ئوي - پىكىرنى پەيدا قىلغىلى بولىدۇ، بۇ ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق يولدۇر. ئىشخانىدىكى ئۈستەل بىلەن چىراغنى مۇۋاپىق بىرلىكتۈرۈش ئارقىلىق تۈرلۈك ئوي - پىكىرلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن. مەسىلەن: ئۈستەل چىرىغى، ئۈستەل شەكلىدىكى زىننەت لامپا قوندىقى، ئۈستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قويغىلى بولىدىغان چىراغ دېگەندەك. ئىشخانىدىكى ئۈستەل بىلەن ئورۇندۇقنى بىرلىكتۈرۈش ئارقىلىق يېڭى ئوي - پىكىرنى قوزغاتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۈستەلگە تۇتاش ئورۇندۇق ياكى تەۋرەنمە ئورۇندۇققا تۇتاش ئۈستەل دېگەندەك.

لوگىكىلىق ئۇسۇل بويىچە بىرلىكتۈرۈشتىن باشقا، مۇناسىۋەتسىز شەيئىلەرنى ئىختىيارىي ۋە تاسادىپىي بىرلىكتۈرۈش تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ ياردىمىدە يېڭى ئوي - پىكىرگە ئايلىنىدۇ. بۇ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان تۆمۈرتۇمشۇق بىلەن زەيتۇن توپ تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ قالپىقى توغرىسىدىكى مىسالغا ئوخشايدۇ. سىز ئىشخانىدىكى تۈرلۈك نەرسىلەرنى خالىغانچە بىرلىكتۈرۈشنى ئىجادچانلىقنى قوزغىتىشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى قىلسىڭىز بولىدۇ.

«ياخشى ئوي - پىكىرلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى»نىڭ ئاساسلىق نىشانى يېڭىچە كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن تەمىنلەپ،

ئالاھىدە مەسىلىنى ھەل قىلىشتۇر. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ بىرەر مەسىلىنى ھەل قىلىشتا، ئالدى بىلەن مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان ئۇسۇللارنى تېپىپ چىقىپ، ئاندىن لوگىكىلىق ئۇسۇل بويىچە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئوي - پىكىرنى بىرىكتۈرۈپ، يېڭى ئىجادىي تەپەككۇرنى قوزغىتىش كېرەك.

بىرنەچچە خىل بىرىكتۈرۈش بىلەنلا يېڭى ئوي - پىكىرگە ئېرىشىش ناتايىن. بىراق بىرىكتۈرۈش قېتىم سانى كۆپ بولسا، يېڭى ئوي - پىكىرگە ئېرىشىش مۇمكىن. ماتېماتىكىلىق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىككى خىل ئوي - پىكىرنىڭ بىرىكىشى بەش خىل بولىدۇ، بەش خىل ئوي - پىكىرنىڭ بىرىكىشى 10خىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بەش خىل ئوي - پىكىرنى بىرىكتۈرگەندە، باشقا 10خىل ئوي - پىكىرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، بۇخېلى كۆپ بىرىكىشتۇر.

تۆۋەندىكى مەسىلىنى ئويلاپ بېقىڭ: «مەن قانداق قىلسام باشقىلار بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۆتەلەيمەن؟» بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى باشقىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارغا بولغان قىزىقىشنى ئىپادىلەش، ئۇلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ماختاش بولۇشى مۇمكىن. باشقىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارغا بولغان قىزىقىشنى ئىپادىلەشنى بىرىكتۈرۈشتىن ئورتاق قىزىقىدىغان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش كېرەكلىكىنى بىلىۋالىمىز. باشقىلارغا ياردەم بېرىش ۋە ئۇلارنى ماختاشنى بىرىكتۈرۈشتىن باشقىلارنى ماختاش ياكى ئۇلارنىڭ خوجايىنىغا، جۆرىسىگە، ئاتا - ئانىسىغا ئۇلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش كېرەكلىكىنى ۋە بۇ ئارقىلىق دوستلىرىڭىزغا سىزنىڭ ياردەم بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىۋالالايمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەڭ ياخشى ئۆي-پىكىرنى پەرقلەندۈرۈش

قانداق ماشىنا كىشىلەرنى ئەڭ جەلپ قىلىدۇ؟ قانداق يېمەكلىك ئەڭ يېيىشلىك؟ قانداق ئۇسۇل دوستلۇقنى ئەڭ كۈچەيتىدۇ؟ قانداق ئۆي ئەڭ ئازادە-ھوزۇرلۇق؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىي پىكىرلىك سوئاللاردۇر. بىراق بۇلارنىڭ ئەڭ توغرا جاۋابى يوق، ئەڭ ياخشى جاۋابمۇ كۆپىنچە ھاللاردا ئادەمگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، بەزىلەر كونا پاسوندىكى فورت ماركىلىق ماشىنىنى ياقتۇرىدۇ. بەزىلەر ياۋا ئات ماركىلىق ماشىنىنى ياخشى كۆرىدۇ. بەزىلەر ياپونىيىنىڭ تويوتا ماركىلىق ماشىنىسىنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئىجادىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال مەسىلىنى تەپسىلىي ھالدا بېكىتىپ چىقىش ۋە ھەل قىلىش مۇمكىن بولغان ئۆي-پىكىرلەرنى تېپىپ چىقىش، ئاندىن بۇ ئۆي-پىكىرلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، مەسىلىنىڭ جاۋابى قىلىش كېرەك. ئۆي پىكىر قانچە كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى ئۆي-پىكىرگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەمما ئۇمۇ ئوخشاشلا قانداق قىلغاندا ئەڭ ياخشى ئۆي-پىكىرنى تاللىۋالغىلى بولىدۇ دېگەن قىيىنچىلىقنى ھاسىل قىلىدۇ. «ئۆي-پىكىرنى بىر تۇتاش تۈزىتىش» ئىجادىي ئۇسۇل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆي-پىكىرنى تەبىئىي تاللاش ئۇسۇلىنى ياخشىلىيالايدۇ. «ئۆي-پىكىرنى كۈچەيتىش» تاللانغان ئۆي-پىكىرنى تۈزىتىش ۋە كۈچەيتىش بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قىممىتىنى ۋە قوللىنىشچانلىقىنى ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆي-پىكىر قاتتىق تاللىنىپ ئارقىدىن تۈزىتىلىدۇ، مۇكەممەل قىلىنىدۇ. «ئۆي-پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش»مۇ بىر ئىجادىي ئۇسۇل بولۇپ، ئۇنىڭ رولى ئۆي-پىكىرنى تۈزىتىش ۋە ياخشىلاش، شۇنداقلا ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئۆي-پىكىر پەيدا قىلىش مۇمكىن

بولغان نەتىجىگە دىققەت قىلىشتۇر. بۇ ئۇسۇل يامان نەتىجىنى ئازايتىپ، ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرىدۇ. شۇنداقلا ياخشى نەتىجىنى ئاشۇرۇپ، ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزىدۇ. «ئوي - پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» ئۇسۇلى ئەمەلىيەتتە ئوي - پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش - ئايلاندۇرماسلىقنى قارار قىلىش ئۇسۇلىدۇر.

## ئوي - پىكىرنىڭ ئۆلچىمىنى تاللاش

ئۆلچەم بىزنىڭ قايسى ئوي - پىكىرنىڭ ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بېكىتىشىمىزدىكى بىر مىزان بولۇپ، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنە، سىستېما، ئېھتىيات ئامىللىرى بىزنىڭ ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭنى مەركەزلەشتۈرىدىغان تاللاش ئىقتىدارىمىزغا پايدىلىق.

مەسىلىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن نىشان ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاشنىڭ ئۆلچىمىدۇر. ئەگەر بىز تاختىمۇشۇك لايىھىلىمەكچى بولساق، تەننەرخى ئەرزان، ئىشلىتىشى ئاددىي، ئوڭشاش ئاسان، كۆركەم ۋە قۇلايلىق بولۇش لايىھىلەش نىشانىمىز بولىدۇ. بۇ نىشانلار بىزنىڭ تۈرلۈك شەكىلدىكى لايىھىلەرنى تاللىشىمىزدىكى ئۆلچەم بولىدۇ. تۈرلۈك مەسىلىلەرگە تۈرلۈك ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. كەشپىيات تۇغرىسىدىكى ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئۆلچىمى ياساش چىقىمى، تەرەققىي قىلدۇرۇش چىقىمى، ئاسراش چىقىمى، ئاددىي ۋە كۆركەم قىلىپ لايىھىلەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەخسلەرنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئۇسۇلنى تاللاشنىڭ ئۆلچىمى بولسا چىقىم، ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قىيىن - ئاسانلىقى، باشقىلارغا كۆرسىتىدىغان ئىجابىي ۋە سەلبىي تەسىرى، تۆلىنىدىغان بەدەل، مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتى ۋە مەغلۇبىيەت كەلتۈرۈپ چىقىرىش

مۇمكىن بولغان ئاقىۋەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۈرلۈك كىشىلەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تۈرلۈك ئۆلچەمگە ئاساسلىنىپ تاللايدۇ. كىچىك بالا رەڭگى ئوچۇق قەنت-گېزەكنى تاللىشى مۇمكىن، چوڭلار بولسا تەملىك قەنت-گېزەكلەرنى تاللىشى مۇمكىن. بەزىلەر كىشىنى روھلاندۇرىدىغان، ئادەم كۆپ جايلارغا بېرىپ دەم ئېلىشنى ياخشى كۆرسە، بەزىلەر ئادەمدىن خالىي، جىمجىت، يىراقلاردىكى تاغلىق رايونلاردا دەم ئېلىشنى خالايدۇ.

ئۆلچەم ئەڭ ياخشى ئوي-پىكىرنى تاللاشتىكى بىردىنبىر ئاساس ئەمەس. بىراق ئۇ بىزنىڭ ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭغا تايىنىپ ئەڭ ياخشى ئوي-پىكىرنى تاللىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ئۆزى سېتىۋالماقچى بولغان ماشىنىنىڭ ئۆلچەملىرىنى تەپسىلىي تورغۇزۇپ چىقىدۇ. بۇ ئۆلچەملەر ماشىنىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى چاققان، ئەرزان، ئازادە بولۇشى، كەينىدىكى يۈك-تاق ساندۇقىنىڭ چوڭ بولۇشى، ساتسىمۇ خېلى پۇلغا يارايدىغان بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن ئىزدەپ، بۇ ئۆلچەملەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىر ماشىنىنى تاپىدۇ. بىراق بۇ ماشىنىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، ئاخىرىدا ئۇ قىممەت باھالىق بىر مۇسابىقە ماشىنىسىنى تاللايدۇ. بۇنىڭدا باشقا سەۋەب يوق بولۇپ، پەقەت ئۇ بۇ ماشىنىنى ياقتۇرغان، خالاس. بىزنىڭ ئېڭىمىزدىكى ئۆلچەملەر كۆپىنچە ھاللاردا بىز ھەقىقىي ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىلەرنى ئەمەس، بەلكى «ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەر»نى ياكى «باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى بىز ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىلەر»نى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

# ئۆي - پىكىرنى باھالاش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى مىسال

ئەڭ ياخشى ئۆي - پىكىرنى تاللاش ئۈچۈن ئاۋۋال مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئۆلچەمنى دەڭسەپ بېقىش كېرەك. ئاندىن كېيىن ئەھمىيەتسىز ۋە بىمەنە ئۆي - پىكىرلەرنى شاللىۋېتىش، ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆي - پىكىرلەرنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. تۆۋەندە بىز مۇھاكىمە قىلىدىغان ئۆي - پىكىرگە باھا بېرىش ئۇسۇلى خېلى مۇكەممەل ۋە چوڭقۇر ئۇسۇل بولۇپ، ئەڭ ياخشى ئۆي - پىكىرنى تاللاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

تۆۋەندىكى سوئالنى ئويلاپ بېقىڭ: «قانداق قىلغاندا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن دوست بولغىلى بولىدۇ؟» بۇ سوئالنىڭ جاۋابى: كۈلۈمسىرەپ قاتنىشىش، بىراۋنى ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىش، كىيىم - كېچەككە ئەھمىيەت بېرىش، قىزىقىش يېتىلدۈرۈش، باشقىلاردىن دوست بولۇشنى تەلەپ قىلىش، كۆپرەك زىياپەت ئۆتكۈزۈش، بىراۋنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىش، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش، كوللېكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، دوستلىرىدىن ئۆزىنى يېڭى دوستلارغا تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش، نام چىقىرىش، گېزىتكە دوست ئىزدەش ئېلانى بېرىش، بىر نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۆي كۆچۈش ۋە يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشۇش، باشقىلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بارلىق جاۋابى ئەمەس، بىراق بۇ جاۋابلار خېلى ئىجادىيلىققا ئىگە، چۈنكى ئۇلار تۈرلۈك ئۆي - پىكىرلەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا بىزنىڭ تاللىشىمىزغا پايدىلىق.

ئەڭ ياخشى ئۆي - پىكىرلەرنى تاللىغاندا، ئەھمىيەتسىز، بىمەنە ۋە ئاسان ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغان ئۆي - پىكىرلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شاللىۋېتىش كېرەك. مەسىلەن: باشقىلاردىن دوست بولۇشنى تەلەپ قىلىش، نورغۇن دوستى بار كىشىلەر بىلەن توي قىلىش، تېخىمۇ ياخشى كىشىلىك پەزىلەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، نام چىقىرىش، گېزىتكە دوست ئىزدەش ئېلانى بېرىش، بىر نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۆي كۆچۈش دېگەندەك. ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئوي-پىكىرلەرنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن: كۈلۈپقا قاتنىشىش، خەير-ساخاۋەت ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىش، كوللىكتىپ پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش، ئالىي مەكتەپ دەرسلىكىنى تاللاش، دېگىنىز ساياھەتكە قاتنىشىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى «قاتنىشىش» توغرىسىدىكى ئوي-پىكىردۇر. كىيىم-كېچەككە ئەھمىيەت بېرىش، قىزىقىش يېتىلدۈرۈش، باشقىلارغا خۇشامەت قىلىش، باشقىلارغا قىزىقىش، تېخىمۇ ياخشى پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە باشقىلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىقلار بولسا «ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش» كە دائىر ئوي-پىكىرلەردۇر. ئۈچىنچى تۈردىكىلىرى بولسا «باشقىلار بىلەن تەشەببۇسكار ھالدا ياكى بىۋاسىتە ھالدا دوست بولۇش» توغرىسىدىكى ئوي-پىكىردۇر. مەسىلەن: بىراۋنى ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىش، زىياپەتنى كۆپرەك ئۆتكۈزۈش، باشقىلارنى ئاشخانىغا تەكلىپ قىلىش، دوستلىرىدىن ئۆزىنى يېڭى دوستلارغا تونۇشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش دېگەندەك. بۇ ئوي-پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى مەسىلىنىڭ جاۋابى بولىدۇ، شۇنداقلا شەخسىنىڭ ئۆزگىچە كىشىلىك پەزىلىتى، نىشانى ۋە ئېھتىياجىمۇ جاۋابنى بەلگىلەيدۇ. بىراق بىز تاللايدىغان ئەڭ ياخشى ئوي-پىكىر بىز ئەڭ ئاۋۋال سىناپ بېقىشنى خالايدىغان ئۇسۇلدۇر.

ئەڭ ئاخىرقى تاللاش جەريانىدا بىز ئىشلىتىدىغان ئۆلچەم: تۇتقان دوست بىلەن بولغان دوستلۇق چوڭقۇر بولۇشى ۋە ئۇزاققىچە داۋاملىشىشى، دوست بولۇشقا سەرپ قىلىدىغان چىقىم ئازراق بولۇشى ۋە كاللىنى ئازراق قاتۇرۇش، شۇنداقلا بولغۇسى دوستىمىز

بىزنىڭ يېڭى دوست تۇتۇش مۇددىئايىمىزنى سېزەلمەيدىغان بولۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئۆلچەملەرنى كۆرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، بەزىلەر ئۇچۇن بىراۋنى ئۆيىگە كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىش ئەڭ ياخشى تاللاش بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم بەزىلەر ئۇچۇن ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئۇندىن باشقا، سىز «ئوي - پىكىرنى باھالاش» ئۇسۇلىنى قوللانسىڭىز بولىدۇ.

«ئوي - پىكىرنى باھالاش ئۇسۇلى» ئارقىلىق سىز ئۆزىڭىز تاللىغان ۋە يىغىنچاقلىغان ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تېپىپ چىقالايسىز. بۇنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ئالدى بىلەن بېكىتكەن ئۆلچەمگە ئاساسەن ھەربىر ئوي - پىكىرنى باھالاپ چىقىش، ئاندىن ھەربىر ئوي - پىكىرگە بېرىلگەن ئومۇمىي نومۇرنى تېپىپ چىقىپ، بۇ ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرقى بىۋاسىتە سېزىمنى تاللاشتىن ئىلگىرى تېخىمۇ كۆپ ئاڭدىكى ئويغىنىشنى ئاشاراشقا يارده بېرىش. نومۇر بېرىشتە، 1 نومۇر «ياخشى»غا، 2 نومۇر «ئوتتۇراھال»غا، 3 نومۇر «ناچار»غا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوي - پىكىرلەرنى توغرا قۇرغا، ئۆلچەمنى تىك قۇرغا يېزىپ بىر-بىرلەپ باھالاش كېرەك.

يۇقىرىدا مۇھاكىمە قىلىنغان «يېڭى دوستنى قانداق تۇتۇش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىنى ئوي - پىكىرنى باھالاش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. ئاۋۋال، ئەڭ ياخشى ئوي - پىكىردىن 4 - 3نى تاللاپ چىقىش كېرەك. مەسىلەن: بىراۋنى ئۆيگە كەچكى تاماققا تەكلىپ قىلىش، كۇلۇبقا قاتنىشىش ۋە كىنىم - كېچەككە ئەھمىيەت بېرىش دېگەندەك. ئاندىن كېيىن ھەربىر ئۆلچەمگە ئاساسەن ھەربىر ئوي - پىكىرگە 3 - 1گىچە نومۇر بېرىش كېرەك.

ئوي - پىكىرنى باھالاش ئۇسۇلى ئەڭ ياخشى ئوي - پىكىرنىڭ ئەڭ ئاز نومۇرغا (ئەڭ ياخشى نومۇرغا) ئېرىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۆزىڭىز تاللىغان نومۇر بېرىش ئۇسۇلىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاساسەن، ئەڭ ئاخىرىدا «مەن كۆلۈۋىقا قاتنىشىشىم كېرەك» دېگەن قارارنى چىقىرىشىڭىز مۇمكىن. سىز يەنە «باشقىلارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىش»نى ئەڭ ياخشى ھەل قىلىش چارىسى دەپ قارىشىڭىز مۇمكىن! شۇڭا، ئۆزىڭىزنىڭ تۇيغۇسىغا ئىشىنىڭ. ئاۋۋال باشقىلارنى كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىپ بېقىڭ، چۈنكى بۇ توغرا ئۇسۇل بولۇشى مۇمكىن.

## لىموننى لىمون شەربىتىگە ئايلاندۇرۇش

ئىنساندا ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ تەنقىد قىلىشىدىن قېچىش خاھىشى بولىدۇ، بىراق «ئوي-پىكىرنى كۆچەيتىش» ئۇسۇلى بىزنىڭ بۇ خاھىشتىن قۇتۇلۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئوي-پىكىرنى كۆچەيتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوي-پىكىرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئېنىق تونۇش كېرەك. ئاندىن باشقىلارمۇ بۇ يېتەرسىزلىكنى تونۇشتىن ئاۋۋال يېتەرسىزلىكنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇ جەريان ئەمەلىيەتتە لىموننى لىمون شەربىتىگە ئايلاندۇرۇش جەريانىغا ئوخشايدۇ. سىز باشقىلارنىڭ تەنقىدىدىن يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالالايسىز. ئوي-پىكىرنى كۆچەيتىشنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى باشقىلارنىڭ مۇۋاپىق تەنقىدىگە ئاساسەن ئوي-پىكىرنى تۈزىتىشتۇر. يېتەرسىزلىكنى تۈزىتىپلا قالماي، ئارتۇقچىلىقنى كۆچەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆي-پىكىرنى تېخىمۇ كارغا كېلىدىغان قىلىش كېرەك.

ئوي-پىكىرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇش كۆپىنچە ھاللاردا ناھايىتى پايدىلىق، ئايروپىلان قاتنىتىدا مېڭىش ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان بىر ئادەمدىن بىراۋ: «سىز ئايروپىلان قاتنىتىدا ئەڭ چوڭ توسالغۇ — شامالغا قانداق تاقابىل تۇرىسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ شامالنى ئۆزۈمگە خىزمەت قىلدۇرىمەن، دەپ

جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئايروپىلان قانىتىدا تۇرغاندا شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىدىغان ھالەتتە ئەمەس، بەلكى شامال ئۇنىڭ ئايروپىلان قانىتىدا تۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان ھالەتتە تۇرغان. ئۇ لىموننى (شامالنى) لىمون شەربىتىگە ئايلاندۇرغان.

ئەگەر بىز ئۆينىڭ يېنىغا بىر تۈپ دەرەخ تىكمەكچى بولساق، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۆگزىگە ۋە ھويلىغا چۈشىدۇ، دەرەخنى پۇتاپ تۇرۇش كېرەك، ئۇ ئۆينىڭ كۆرۈنۈش دائىرىسىنى توساپ قويىدۇ، شۇنداقلا ئۆينىڭ يورۇقلۇقىنى توساپ قويىدۇ، دېگەندەك تەنقىدلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇي - پىكىرنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بۇ تەنقىدلەرنى ئىجابىي تەرەپكە بۇرۇشىمىز كېرەك. مەسىلەن: غازاڭلار تەبىئەتتىكى پەسىل ئۆزگىرىشىنى ھېس قىلدۇرىدۇ، دەرەخنى دائىم پۇتاپ تۇرۇش ياخشى ھەرىكەت ھېسابلىنىدۇ، ئۆينىڭ كۆرۈنۈش دائىرىسىنى توساپ قويۇش شەخسىي سىرىمىزنى ساقلاشقا پايدىلىق، ئۆينىڭ يورۇقلۇقى توسالسا، ئۆي ئىچى تېخىمۇ سالقىن بولىدۇ، دېگەندەك.

ئەگەر ئوي - پىكىرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىقمۇ رازى بولمىساق، ئوي - پىكىرنى تۆۋەندىكىدەك كۈچەيتسەك، تەنقىدنى ئازايتساق بولىدۇ. مەسىلەن: غازاڭدىن قۇتۇلىمەن دېسەك، دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ تىكسەك بولىدۇ؛ ئازراق پۇتارمەن دېسەك، ئاستا ئۆسىدىغان دەرەخ تىكسەك بولىدۇ؛ ئۆينىڭ كۆرۈنۈش دائىرىسىنى توساپ قويمايمەن دېسەك، دەرەخنى ئۆينىڭ بۇرجىكىگە تىكسەك بولىدۇ؛ ئۆينىڭ ئىچىنى يورۇقراق قىلىمەن دېسەك، شالاڭراق ئۆسىدىغان دەرەخ تىكسەك ياكى دەرەخنى دېرىزىدىن يىراقراق جايغا تىكسەك بولىدۇ.

ناھايىتى مەشھۇر مۇنداق بىر سۆز بار: «ئەگەر سىز ئېرىشكەنلىرىڭىزگە رەھمەت ئېيتالمىسىڭىز، ئېرىشەلمىگەنلىرىڭىزگە رەھمەت ئېيتىڭ!» بۇنداق ئىجابىي تەپەككۇر پايدىلىق نەتىجىنى پەيدا قىلىدۇ، بىراق بۇنداق نەتىجە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ. ئەگەر بىز ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا، مەسىلەن: پۇتىمىز ئۈزۈلۈپ كەتسە ياكى ماشىنىمىزنىڭ چاقى ئېتىلىپ كەتسە، ئاكتىپ تەپەككۇر بىزنىڭ ئۈمىدۋار بولۇشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ ۋە پىسخىك بېسىمنى يېنىكلىتىدۇ. بۇ خۇددى يەنە بىر ماقالىدا دېيىلگىنىدەك: «ئۈمىدۋارلىق خۇشاللىققا تولغان قەلب بولۇپ، سۇ قايىنىغان چەينەكنى ناخشا ئېيتقۇزالايدۇ.» بىراق ئاكتىپ تەپەككۇر كىشىلەرنى ئوڭۇشسىز ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە ھەرىكەتلەندۈرەلمىسە، ئۇنىڭ ھېچقانچە پايدىسى بولمايدۇ.

بىز تەنقىد تۈپەيلى ئوي-پىكىرىمىزنى دەرھال ئۆزگەرتسەك ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسەك بولمايدۇ، ئەكسىچە تەنقىدنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى تونۇشىمىز كېرەك. بەلكىم بىز غازاڭدىن ھۇزۇرلىنىشىمىز ۋە ئۇنى پەسىل ئۆزگىرىشىنىڭ ئۇچۇرى دەپ قارىشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋالدا قارارىمىزنى دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەرەخ تىكىشكە ئۆزگەرتىشىمىز ئوي-پىكىرىمىزنى كۈچەيتكەنلىك بولىدۇ.

ئوي-پىكىرىڭىزنىڭ مەلۇم ئىجابىيلىقتا ئىگە ئىكەنلىكىگە قاراپلا، ئۇنى ياخشى ئوي-پىكىركەن دەپ قالسىڭىز بولمايدۇ. بىر مودا ناخشىنىڭ تېكىستىدە مۇنداق يېزىلغان: «ھەربىر ئىشقا ئۆزىنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا گۈزەل كۆرۈنىدۇ». مېنىڭ ئوي-پىكىرىم توغرا دەپ تۇرۇۋالماڭ، باشقىلارنىڭ تەنقىدىگىمۇ قۇلاق سېلىڭ، بەزىدە ئۆزىڭىز تەنقىدچى بولۇپ، ئوي-پىكىرلىرىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى قويماي تېپىپ چىقىڭ. ئاندىن بۇ يېتەرسىزلىكلەرنى ئارتۇقچىلىققا ئايلاندۇرۇڭ ۋە بۇ ئوي-پىكىرلەرنى تۈزىتىپ تېخىمۇ قىممەتلىك قىلىڭ.

ئوي-پىكىرنى كۈچەيتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشتا ئۆزىڭىزنىڭ ئوي-پىكىرىڭىزنى تەنقىد قىلىشىڭىزغا، باشقىلارنىڭ مول تەجرىبىسى ۋە بىلىمى ئاساسىدا ئوي-پىكىرىڭىزنى كۆزىتىشكە

توغرا كېلىدۇ. پسىخولوگلار دائىم باشقىلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆزىتىش دېگەنلىك ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇش دېگەنلىك.

ھەر بىرىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق ئەندىشىسى ۋە ئۆزىمىزگە چۇشلۇق قىينىلىدىغان يېرىمىز بولىدۇ، شۇنداقلا داۋاملىق ئىلگىرىلەش جاسارىتىمىزمۇ بولىدۇ. ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرىگە ئىشىنىدىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئەندىشىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ئۇنىڭغا يۈزلىنەلەيدىغان كىشىلەر مۇۋاپىق تەنقىدكە ئىنكاس قايتۇرمايدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا تەپەككۇرى بىر قەدەر ئوچۇق ۋە ئېلاستىكلىققا ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا ئوي-پىكرى ئىجادىيلىققا ئىگە بولىدۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىمۇ چوڭ بولىدۇ.

بىرەر ھەل قىلىش چارىسىغا ئىگە بولساق، ئۇنى دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئالدىرىمايمىز، ئەمما بۇ ھەل قىلىش چارىسىنىڭ مۇكەممەل ئەمەسلىكىگە، ئۇنى يولغا قويۇشقا كېتىدىغان چىقىمنىڭ كۆپلىكىگە ياكى بۇ چارىنىڭ بەك مۇرەككەپلىكىگە سەل قارايمىز. «ئوي-پىكىرنى كۆچەيتىش» ئۇسۇلى پىشمىغان ئوي-پىكىرنى دەرھال ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىدىغان خاھىشىمىزنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بىزگە ئوي-پىكىرنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن يېتەرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇنىڭ ياردىمىدە بىزنىڭ ئوي-پىكىرگە بولغان چۈشەنچىمىز چوڭقۇرلايدۇ، ھەتتا ئوي-پىكىرنى تۈزىتىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىزگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئوي پىكىرنى كۆچەيتىش نەتىجىسىدە ھەم ئوي-پىكىر كۆچىيىدۇ، ھەم ئوي-پىكىر ئىگىسىمۇ ئۇستىلىشىدۇ، شۇنداقلا ئوي-پىكىر ئىگىسىنىڭ ئوي-پىكىرگە بولغان ئىشەنچىمۇ كۆچىيىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## جاسارەتنى ئۆرغۈتۈش، ئۆي - پىكرنى ئىلھاملاندۇرۇش

شېكسپېر مۇنداق دېگەن: «ئەندىشە بىزگە خائىنلىق قىلغۇچىدۇر. سىناپ بېقىشتىن قورققانلىقىمىز ئۈچۈن بىز كۆپىنچە ھاللاردا ئېرىشەلەيدىغان مەنپەئەتتىن مەھرۇم قالىمىز.» بىز مەسىلىنى ھەل قىلالايدىغان ياخشى ئوي - پىكىرگە ئېرىشىپ تۇرىمىز، ئەمما ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان جاسارەت ۋە غەيرەت بولمىغاچقا، ئۇ شۇنداقلا ئۇچۇقۇپ كېتىدۇ. تېخىمۇ يامان يېرى شۇكى، ئەندىشە خىيالىمىزدىن نېرى كەتمىگەچكە، پەرىشان بولۇپ، گاڭگىراپ قالىمىز. «ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» بىر خىل ماھارەت بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جاسارىتىنى ئاشۇرىدۇ ياكى ئوي - پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بەك خەتەرلىك ياكى ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ قىلىش قىممىتى بولمىغاندا، بۇ ئوي - پىكىردىن ۋاز كەچتۈرۈپ، كۆڭلىنى ئازادىلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانى مۇشۇ باسقۇچقا كەلگەندە، داۋاملاشتۇرۇشنى ياكى ۋاز كېچىشنى قارار قىلىش كېرەك. «ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» ئۇسۇلى كىشىلەرنى تېخىمۇ كەسكىن قىلىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەرنى ئەڭ زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئوي - پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۈندەيدۇ، يا كىشىلەرنى بۇ ئوي - پىكىردىن ۋاز كەچتۈرىدۇ.

كۆپ قىسىم تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە ھەرىكەتنى تاماملاشنىڭ مۇھىملىقىنى تەنھەرىكەتچىلەر ئوبدان بىلىدۇ. مەسىلەن: گولف توپ ۋە تېننىس توپ ئويۇنىغاندا ھەرىكەتنى تاماملاش (توپنى ئۇرغاندىن كېيىنكى ھەرىكەتلەر) ياخشى ماھىرلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرت. بۇنىڭ ئۈچۈن مەشىق قىلىشقا، زېھىن سەرپ قىلىشقا ۋە كەسكىن بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. «ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» ئۇسۇلى بىزنىڭ ئوي - پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش

ئىقتىدارىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدۇ ۋە بىزنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەشكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئوي - پىكىرنى تاللاش جەريانىدا تۈرلۈك ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكىنى سېلىشتۇرۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرنى تاللاپ ئەمەلگە ئاشۇرىمىز. «ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق رولى ئوي - پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يامان نەتىجىنى كۆپەيتۇرۇشتۇر. ئاندىن كېيىن زۆرۈر بولسا، ئوي - پىكىرنى تۈزىتىپ، ئۇنىڭ يامان نەتىجىسىنى ئازايتىش، ياخشى نەتىجىسىنى ئاشۇرۇشتۇر. ئەمەلىيەتتە «ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» نىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكىرنى تەكشۈرۈشى ۋە تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئوي - پىكىرنى ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتۇر.

بىر كەسپىي تېننىس توپ ماھىرىنىڭ «ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» توغرىسىدا ياخشى بىر مىسالى بار. «بىر مەيدان مۇسابىقە تۈگىگەندىن كېيىن، مەن دەرھال ئىككىنچى مەيداندىكى رەقىبىمنى ئويلىدىم. ئۇ شىمالىي كالىفورنىيەلىك نامى چىققان ماھىر ئىدى. ئۇنىڭ مۇسابىقە تەجرىبىسى مېنىڭكىدىن كۆپ، ماھارىتىمۇ مېنىڭكىدىن ياخشى ئىدى. مەن بىرىنچى مەيداندىكى ئۇسۇل بويىچە ئوينىغان بولسام يېڭىلىپ قالاتتىم.

«بىراق مېنىڭ ئەھۋالىم ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى، تىزىم ئازراق زەخىملەنگەن، دىققىتىممۇ چېچىلغان بولۇپ، سەل جىددىيلىشىپ تۇراتتىم. ئاخىرى مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم. مەن ئالدى بىلەن ئۆزۈمدىن: ‹ئەڭ يامان ئاقىۋەت نېمە بولىدۇ؟› دەپ سورىدىم. بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددى: ‹مەن ئىككىنچى مەيدان مۇسابىقىدە 6:0 نەتىجە بىلەن ئۇتتۇرۇشۇم مۇمكىن›. ‹ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا قانداق قىلىمەن؟› دەپ

www.uyghurkitap.com

سورىدىم، مەن ئارقىدىن ‹بۇچاغدا مەن مۇسابىقىدە شاللىنىپ قالىمەن ۋە يۇك ـ تاقلىرىمنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە قايتىمەن›. باشقىلار مەندىن ‹قانداقراق ئوينىدىڭ؟› دەپ سورىسا، مەن ‹ئىككىنچى مەيداندا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم، دەيمەن› دەپ ئويلىدىم كۆڭلۈمدە. ئۇلار بەلكىم مەندىن: ‹رەقىبىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن، ئۇ قانچە نومۇر ئالدى؟› دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئىككى مەيداندا بىرمۇ نومۇر ئالالمىغانلىقىمنى ئېتىراپ قىلىمەن. مەن يەنە ئۆزەمدىن: ‹ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىمەن؟› دەپ سورىدىم. بۇنىڭغا مەن: ‹گەرچە مەن يېڭىلگەن بولساممۇ، بىراق ناھايىتى تېزلا ئەسلىمگە قايتىپ، تېخىمۇ ياخشى ئويناىمەن› دەپ جاۋاب بەردىم».

«مەن ئەڭ يامان نەتىجىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلدىم. گەرچە ئۇنداق قىلىش ياخشى بولمىسىمۇ، ئۇنى قوبۇل قىلالمىغۇدەك ياكى ئۇنىڭدىن پەرىشان بولغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدىم. ئاندىن كېيىن مەن يەنە ئۆزەمدىن: ‹ئەڭ ياخشى نەتىجە قانداق بولىدۇ؟› دەپ سورىدىم. بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، مەن ئىككى مەيداندا 6:0 نەتىجە بىلەن ئۇتتۇۋېلىشىم مۇمكىن ئىدى».

ئىككىنچى مەيداندا ئېرىشكەن نومۇر پەرەزدىكى ئەڭ يامان ئاقىۋەتتىن ياخشى بولغاچقا، ئۇ روھلىنىدۇ ۋە ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ، پۈتۈن زېھنىنى ئىككىنچى مەيداندىكى مۇسابىقىگە قارىتىدۇ.

كۈچ ـ قۇۋۋەت ھەرىكەت قىلىشتىن كېلىدۇ. ئادەم كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى قانچە ئىشلەتكەنسېرى، شۇنچە ئۇرغۇيدۇ. شۇڭلاشقا، كۈچ ـ قۇۋۋەتنى كۆپرەك ئىشلىتىپ، ئوي ـ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دەرھال كىرىشىش ياكى ئوي ـ پىكىردىن ۋاز كېچىپ باشقا ئىش قىلىش كېرەك. مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئەڭ يامان ئەھۋال ھېچنىمە قىلماسلىق، يەنى يا ئوي ـ پىكىرنى

ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشمەسلىك، يا بۇ ئوي - پىكىردىن ۋاز كېچىپ باشقا ئىشنى قىلماسلىقتۇر.

«ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» نىڭ قەدەم - باسقۇچلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئوي - پىكىرنى يۇرگۈزۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ يامان نەتىجىنى تىزىپ چىقىش.

2. ئوي - پىكىرنى تۈزىتىپ، ئەڭ يامان نەتىجىنى ئازايتىش ۋە ئەڭ ياخشى نەتىجىنى ئاشۇرۇش.

3. ئوي - پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزنى ۋە ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىش - قىلماسلىقنى قارار قىلىش.

ئەگەر سىز زىيادە ئېھتىياتچانلىقىڭىز تۈپەيلى ھېچقانداق ئوي - پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىپ باقمىغان بولسىڭىز، ياخشى ئىش ياكى يامان ئىشنىڭ ھېچقايسىسى سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلمەيدۇ. بىراق، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، قارىماققا ئەقىللىق كۆرۈنىدىغانلار دائىم قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىدۇ. ئەمما ئۇنۇملۇك، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار ئۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمايدۇ. ھاياتنى پەقەت زىياننى ئازايتىشقىلا سەرپ قىلىپ، پايدىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشمايدىغان ئاشۇنداق كىشىلەرنى دورىماڭ. «ئوي - پىكىرنى ئىلھاملاندۇرۇش» ئۇسۇلىدىن ئوبدان پايدىلىنىپ، كۈچ - قۇۋۋىتىڭىزنى قىممىتى بار ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيەتلىرىگە قارىتىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

# تەپەككۇر بىلەن ھەرىكەت ــ ئوي ـ پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدۇ

ئەقىل بىلەن بىرلەشمىگەن ھەرىكەت تەلۋىلىكنىڭ بىرخىل شەكلى، ھەرىكەت بىلەن بىرلەشمىگەن ئەقىل دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەخمىقانىلىقتۇر.

ئوتتۇرا ھال بىر ئوي ـ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى ياخشى بىر ئوي ـ پىكىرنى قۇرۇق خىيال قىلغاندىن ياخشى. «تىرىشىپ ئورۇنلاش» ئۇسۇلىنىڭ تەكىتلەيدىغىنى ــ ھەرىكەت. مۇۋەپپەقىيەت 100% تەپەككۇر قىلىشلا ئەمەس، ئۇ يەنە 100% ھەرىكەت قىلىشتۇر.

كەشپىياتچى كاتلىن: «ئەقىل بىلەن بىرلەشمىگەن ھەرىكەت تەلۋىلىكنىڭ بىر خىل شەكلى. ھەرىكەت بىلەن بىرلەشمىگەن ئەقىل دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئەخمىقانىلىق» دېگەنىدى. يېڭىلىق يارىتىش جەريانى ياخشى بىر سوئالغا جاۋاب تېپىشتىن باشلىنىشى كېرەك، ئەمما بۇنى ئاخىرلاشتۇرۇش نۇقتىسى قىلىۋالماسلىق كېرەك. مەسىلىگە جاۋاب تېپىشتا كىشىلەر ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جون. ئالود مۇنداق

دەپ يازغانىدى: ئاز ساندىكى ئوي ـ پىكىرلەرلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئوي ـ پىكىرنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقى ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىش ئۇسۇلىنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىشتە جانلىق تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ بولمىغانلىقىدا. يېڭىلىق يارىتىش جەريانى بىرەر ئوي ـ پىكىرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشماستىن، بەلكى باشلىنىشى كېرەك.» ئېدىسونمۇ مۇنداق دېگەنىدى: «تالانت 1% ئىلھامغا 99% تىرىشچانلىقنى قوشۇشتىن كېلىدۇ». كىشىلەردە دائىم ئىلھامغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئوي ـ پىكىرلەر پەيدا بولىدۇ، بىراق ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كۆپ قىسىم تالانت ئۆزلۈكىدىن غايىپ بولۇپ كېتىدۇ، چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئىجادىي ئوي ـ پىكىرلىرى غازاڭغا ئوخشاش تۆكۈلۈپ تۈگەيدۇ. بەلكىم «ئىجادچانلىق قابىلىيىتى 1% تەپەككۇرغا 99% ھەرىكەتنى قوشۇشتىن پەيدا بولىدۇ» دېگەن بۇ ھەقىقەت كىشىلەرگە ھەقىقىي چۈشىنىشلىك بولمىسا كېرەك.

## مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشتە ھەرىكەتكە تايىنىش تەپەككۇرغا تايىنىشتىن ئېشىپ چۈشىدۇ

دۇنيا كەشپىياتچىلار تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى فۇللېر ئەپەندى مۇنداق دېگەنىدى: «كەشپىيات توغرىسىدا بىرەر ياخشى ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىش خۇددى ھامىلدار بولۇشقا ئوخشاش ئوڭاي، ئەمما ئوي ـ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بالىنى تۇغۇپ، ئۇنى مۇۋاپىق بېقىشقا ئوخشاش قىيىن». نۇرغۇنلىغان تەتقىقات دوكلاتلىرى ئەقلىي قابىلىيىتى تالانت ئىگىلىرىنىڭكىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلار ئۇچۇن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا ھەرىكەتكە تايىنىشنىڭ تەپەككۇرغا تايىنىشتىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ بەردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇۋەپپەقىيەت تەپەككۇرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشقا باغلىق.

ئوتتۇرا ھال بىر ئۆي-پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ناھايىتى ياخشى بىر ئۆي-پىكىرنى قۇرۇق خىيال قىلغاندىن ياخشى. كىشىلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ناھايىتى مۇكەممەل بىر ئۆي-پىكىرگە ئېرىشكەندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ ئويلاپ، ئۆي-پىكىرلەرنى پىسخىك ئامبىرىغا بېسىپ قويىدۇ. بۇنداق قىلىش ئۆزىنى قاچۇرغانلىق بولۇپ، تېخىمۇ ئىجادچانلىققا ئىگە ئۆي-پىكىرلەرنىڭ پىسخىك ئامبارغا كىرىشىگە توسالغۇلۇق قىلىدۇ.

«تىرىشىپ ئورۇنلاش» ئۇسۇلىنىڭ تەكىتلەيدىغىنى ھەرىكەت. بىز مەلۇم بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا، ئىشنى قىلىپ ھەقىقەتەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەردەك تۈيغۇغا كېلىمىز. بىز دائىم مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز: «ئەگەر مەن پالانى شىركەتنىڭ ھەربىرى 30يۈەنلىك پاي چېكىنى سېتىۋالسام بېيىپ كېتەمەن» ياكى «بۇ يېڭى كەشپىيات بازارغا سېلىنىشتىن بىر يىل ئىلگىرى، مەنمۇ مۇشۇنداق ئۆي-پىكىرنى ئويلىغان» ياكى «ئەگەر مەن ۋاسكېتبولچى بولۇشنى ئويلىغان بولسام، ھازىر ئاللىقاچان ۋاسكېتبول چولپىنى بولۇپ قالغان بولاتتىم». بۇنداق گەپلەرنى بىز بۇرۇن ئويلاپ باققان، دەپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. بىراق ئىش بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ھەرگىزمۇ 99% تەپەككۇرغا 1% ھەرىكەتنى قوشۇشتىن كەلمەيدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى جەزمەن ئىجادىي ھەرىكەت قىلالىشى كېرەك.

ئەگەر بىراۋ سىزگە مەن ئۇلۇغ بىر ئەسەر يازىمەن دېسە، ئەمما قەلەم تەۋرەتمىسە، باشقا بىر ئادەممۇ مۇشۇنداق خىيالدا بولۇپ قەلەم تەۋرەتسە، سىز كىمنى ئىجادىي پىكىرلىك ئادەم دەپ قارايسىز؟ ئېنىقكى، كېيىنكىسىنى دەيسىز. ئالدىنقىسى بولسا

ئىجادىي پىكىرنى سۆزلىگۈچىلا بولالايدۇ. بىراق ئىجادىي پىكىرنىڭ ئىجادچىسى بولالمايدۇ.

باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلار ئۇلۇغ ئوي-پىكىرلەرگە ۋە يوشۇرۇن قابىلىيەتكە ئىگە بولغانلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرى ۋە يوشۇرۇن قابىلىيىتىگە تايىنىپ ئىش قىلىدىغانلاردۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرىنى سىناپ باقىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىدىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن پايدىلىنىدۇ. مەغلۇبىيەتچىلەرگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار ھەرىكەتكە قاراپ تۇرغۇچىلار، ئەمما ئەمەلىي ھەرىكەت قىلمايدىغانلار.

شىركەت ياكى ئورگانلاردا ئىشلەپ باققانلار بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ، ئىجادىي پىكىرلىك بىرەر ئىشنى قىلىشتىن ئېغىز ئېچىش تېخىمۇ تەس. ھېچكىممۇ ئوي-پىكىرنى ياكى گېپىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشمىغاچقا، يېڭى، ئۇلۇغ ئوي-پىكىرلەر شىركەتتە بوغۇلۇپ قويۇلىدۇ. ئەمما بىر شىركەت ئۈچۈن ئىجادىي ھەرىكەت ئىجادىي ئوي-پىكىردىن كۆپ مۇھىم.

ئوي-پىكىر پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئوبدان ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. ئۇرۇقنىڭ گۈلگە، كىچىك قۇرتنىڭ كېپىنەككە، قۇمچاقنىڭ پاقىغا ئايلىنىشى تەبىئەتتىكى بىرخىل ھادىسە. كىشىلەر ئوي-پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۈگىمەس جاسارەت-ئىرادىگە ۋە جانلىقلىققا موھتاج بولىدۇ، يەنى ھەقىقىي ئىجادىي پىكىرلىك تىرىشچانلىققا موھتاج بولىدۇ.

ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيىسى قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلىش قىسمىنىڭ مۇنداق ئەقلىيە سۆزى بار: «ھەرىكەت قىلالان-خاتا بولسىمۇ!» ئەگەر سىز ئەسكەرلەر تارقاپ كەتكەن ئىستىھكامغا قاپسىلىپ قالغاندا، ئاز-تولا ئىش قىلىڭ، دۈشمەنگە زەربە بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، چېكىنسىڭىزمۇ بولىدۇ ياكى ئىستىھكامنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق كولىسىڭىزمۇ بولىدۇ، بىراق ھەرگىزمۇ ئۇيەردە

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇپ تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭ. ئوي - پىكىر پەيدا بولغاندىن كېيىن، توغرا بولامدۇ ياكى خاتا بولامدۇ دەرھال شۇ بويىچە قىلىڭ، ئوي - پىكىرنى ياخشى ئەمەس ئىكەن دەپ ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسىڭىز بۇ باشقا گەپ، بولمىسا ئوي - پىكىرىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشىڭ!

## ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولۇش

كولومبو 14 يىل شەرپ قىلىپ، ئۆزى پىلانلىغان دېڭىز سەپىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان؛ نۇسخىئالغۇنىڭ كەشپىياتچىسى ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشىشتىن 4 يىل بۇرۇنلا ئۇنى كەشىپ قىلىپ بولغان؛ بېل ئۆزى كەشىپ قىلغان تېلېفوننى بازارغا سالغاندا، بەزىلەر تېلېفون دېگەن كېرەكسىز نەرسە دەپ پەرۋا قىلمىغان؛ پېنىتسىلىننىڭ دەسلەپكى رېتسىپى 1929 - يىلىلا پەيدا بولغان، بىراق ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، ھېچكىم ئۇنى ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلمىغان. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئوي - پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خېلى زور ئىرادە - جاسارەت بولمىسا بولمايدۇ.

موكا كەشىپ قىلىنغاندا، توقۇمىچىلىق ئىشلىرىغا تەھدىت پەيدا قىلىدۇ دەپ قارالغان. شۇڭلاشقا، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرى يىغىلىپ ئىش تاشلىغان، ھەتتا موكىنىڭ مودېلىنى بۇزۇۋەتكەن. 1844 - يىلى، خاۋلېس. ۋېرس باشقىلارنىڭ ئورنىدا چىش تارتقاندا، تۇنجى قېتىم كۇلدۇرگۇچى گازنى ئىشلىتىدۇ، بىراق كەسپداشلىرى ئۇنى ئالدامچى دەپ قارايدۇ، بۇ ئەھۋال خۇددى ئېدىسون ئېيتقاندەك: «جەمئىيەتتە ھەرقانداق يېڭى كەشپىيات ئوڭايلا قوبۇل قىلىنمايدۇ، ھەرقانداق يېڭى نەرسە دەسلەپتە چەكلىنىدۇ، بىرنەچچە يىل ئۆتكەندە كىشىلەر ئاندىن

كەشپىياتچىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالىدۇ، يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن كەشىپ قىلىنغان نەرسە بازارغا سېلىنىدۇ».

ۋېلىيام. ئوسلېر: «ئېلىم - پەندىكى تۆھپە ئوي - پىكىرنى تاپقان ئادەمگە ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى قايىل قىلالىغان ئادەمگە مەنسۇپ» دېگەنىدى. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئۇلۇغ ئوي - پىكىرلەرگە بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا، نۇرغۇن كىشىلەردىمۇ ئۇلۇغ ئوي - پىكىرلەر بولغان، بىراق تۆھپە ئاشۇ ئوي - پىكىرلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ.

ئوي - پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن باشقىلار پەيدا قىلغان ۋە ئۆزىمىز پەيدا قىلغان توسالغۇلارنى يېڭىپ، ئاكتىپ پوزىتسىيىنى ۋە ئوي - پىكىرنى ئۆزگەرتەلەيدىغان جاسارەتنى ساقلىشىمىز، شۇنداقلا ئوي - پىكىرنى ۋۇجۇدقا چىقارغانغا قەدەر بوشاشماي تىرىشىشىمىز كېرەك.

تەپەككۇر ھەرىكەتنىڭ ئۇرۇقى. ئوي - پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن كۈچلۈك ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق بولۇشى كېرەك. خۇددى ئەيسا پەيغەمبەر ئېيتقاندەك: «روھ كۈچلۈكتۇر، ئەمما تەن ئاجىزدۇر»، كىشىلەر يېڭى ئوي - پىكىرلەردىن شادلىنىدۇ، ئەمما ئوي - پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق ۋە چەكلەشلەرنى ئويلىسىلا، ئۇخلايلا بەل قويۇۋېتىدۇ.

## ئىجادىي پىكىر بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈش

قالتىس ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشكەن بىلەنمۇ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىش مەسىلىنىڭ 10%نى ھەل قىلغانلىق بولىدۇ، قالغان 90%ى ئىجادىي پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە ئىجادىي پىكىرنى

پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدۇر.

بۇدۇنيادا ئالغا ئىنتىلىشچانلىق، سەۋرچانلىق ۋە كۈچلۈك ئىرادە بولسىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان، ئەمما بۇ شەرتلەرنى هازىرلىيالمايدىغان ئارمان بىلەن كېتىدىغانلار نۇرغۇن.

ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغانلارمۇ بار، ئىجادىي پىكىر پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىش - چىقماسلىقى ئىجادىي پىكىر ئىگىسىنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئوي - پىكىرنى قايسى دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشىغا باغلىق. ئەمدى مۇنداق بىر ۋەقەنى ئاڭلايلى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاۋۋال، روگېر مال سېتىشقا مەسئۇل بىر دىرېكتور ئىدى. ئايالى تالىس بولسا مودېل ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا روگېر ھەربىيلىككە قاتنىشىپ جەڭدە يارىلىنىدۇ ۋە دېڭىز ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا بىر مەزگىل دەم ئېلىپ داۋالىنىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ۋاقىتنى تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. روگېر بىلەن تالىس ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، روگېر يۇرتىغا قايتىپ، ئادەتتىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بىركۈنى كەچتە، تالىسنىڭ بىر قىز دوستى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىدۇ (بۇچاغدا ئۇلار نيۇيوركتا تۇراتتى). ئۇلار تاماقتىن كېيىن بىر هازاغىچە پاراڭ سېلىشىدۇ، بۇچاغدا تالىسنىڭ دوستى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ يېڭى سېتىۋالغان سومكىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بۇنى 80دوللارغا سېتىۋالدىم» دەيدۇ. روگېر بۇنى ئاڭلاپ، سومكىنى ئۇيان - بۇيان چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن: «بەك قىممەتكەن! بۇنداق سومكىنى تىكىشكە 15دوللار خەجلىسەكلا بولىدۇ» دەيدۇ. روگېر ئۆزىنىڭ پو

ئاتمىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەتىسى بازاردىن بىر يۇرۇش سايمان ۋە ئالىي دەرىجىلىك كالا تېرىسى سېتىۋالدۇ. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بۇلاردىن پايدىلىنىپ بىردەمدىلا سومكىدىن بىرنى پۈتتۈردۇ. سومكا ناھايىتى نەپىس تىكىلگەچكە، تالىپنىڭ ئۇنى قولدىن چۈشۈرگىسى كەلمەيدۇ.

روگېر ئايالىنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىمۇ خۇشال بولىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولىدۇ: مېنىڭ تېخنىكا جەھەتتە بىلىمىم بار، سېتىش جەھەتتە تەجرىبەممۇ بار، ئايالىمنىڭ مودا كىيىم ساھەسىدە نۇرغۇن تونۇشلىرى بار، شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقا تېرە-خۇرۇم ئىشلىرىغا يۈرۈش قىلمايمەن؟ دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن روگېر ئايالى بىلەن بۇ ئىشنى مەسلىھەتلىشىدۇ: تالىپمۇ بۇنى ياخشى چارىكەن دەپ قاراپ، ئىككىسى بىرلىكتە بۇ ئىشقا كىرىشىدۇ.

دەسلەپتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىدە مال ئەۋرىشكىسىنى پۈتتۈرىدۇ. تالىپ لايىھىلەيدۇ، روگېر بولسا تىكىشكە مەسئۇل بولىدۇ، ئۇلار بىرلىكتە ئالدىراش ئىشلەيدۇ، بىراق ئۇلار يەنە بىر چوڭ مەسىلىنىڭ بارلىقىنى يەنى زاكاز تالونىغا قانداق ئېرىشىشنى بىلمەيتتى. ئەگەر زاكاز تالونى بولمىسا، ئىجادىي پىكىر ھەرقانچە ياخشى بولغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى.

## ھەرىكەت قىلغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدۇ

روگېر مال ئەۋرىشكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ، نيۇيوركتىكى چوڭ ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسىنى بىر-بىرلەپ ئارىلاپ چىقىدۇ، بىراق ئۇلار ياش، نامى چىقمىغان بولغاچقا، رەت قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ. بىراق روگېر بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇ

ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، داۋاملىق باشقا پۇرسەت ئىزدەيدۇ. ئاخىرى ئۇ نيۇيورك 5-كوچىدىكى داڭلىق ماگىزىن socksنىڭ تەمىنات سودىگىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. تەمىنات سودىگىرى روگېر ئېلىپ كەلگەن مال ئەۋرىشكىسىنى ياقتۇرىدۇ ۋە ئۇ قانچىلىك ئەكەلسە، شۇنچىلىكنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

شۇنىڭدىن باشلاپ، روگېر ئەر-خوتۇننىڭ كىچىككىنە ئۆيىدە ھەركۈنى كەچتە چىراغ ئۆچمەيدۇ. ئۇلار زاكاز تالونىغا ئېرىشىش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيدۇ، تېرە ۋە باشقا ئەسۋابلار ئۆيىنىڭ ھەممىلا يېرىگە چېچىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈپ ئوينايدۇ، بۇ چاغدا روگېرنىڭ ئۆيى سومكا ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇتقا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن جاپا ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئەر-خوتۇن ئىككىسى ھەم تۇرمۇشنى قامداش، ھەم ئىككى بالىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن بەك جاپا تارتىدۇ. ھازىرمۇ ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا تۇرغان ئۆيىنىڭ پوللىرىدىن ئۇلارنىڭ جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

ئىككى-ئۈچ ئاي تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن زاكاز تالونلىرىنى توختىماي تاپشۇرۇۋالىدۇ. روگېر كىچىك بىر بالىخانىنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئايالى بىلەن بىرگە داۋاملىق ئىشلەيدۇ. بىراق ئۇلار شۇنچە تىرىشسىمۇ، ئائىلە ئىقتىسادىنى ياخشىلىيالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىنىڭ پارچە-پۇرات چىقىملىرىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تالىپ ئىككىنچى يىلى يەنە مودېل شىركىتىگە بېرىپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

كېيىن ئۇلار ئىجادىي پىكىرلەرگە تايىنىپ ئۆز كەسپلىرىدىكى داڭلىق كىشىلەرگە ئايلىنىدۇ. ئەسلىدە تالىپ بالىلار ئىشلىتىدىغان قۇم خالتىسى شەكلىدىكى سومكا لايىھىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئىجادىيىتى مەملىكەتلىك ژۇرنال «look» نىڭ

تەھرىر بولۇمىگە ئەۋەتىلىدۇ. بىر مۇھەررىر تالىبىنىڭ بۇ ئىجادىيىتىگە ناھايىتى قىزىقىدۇ ۋە مۇشۇ تېمىدا مەخسۇس بىر ماقالە يېزىپ چىقىدۇ، شۇنداقلا روگېر بىلەن تالىبىنىڭ كۆرەش قىلىش تارىخىنىمۇ تونۇشتۇرىدۇ. مەملىكەتلىك ژۇرنالدا بېسىلغان مۇشۇ ماقالە تۈپەيلى ئۇلار بىر كېچىدىلا داڭ چىقىرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتىدىن بىر مىليونى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سېتىلىپ تۈگەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەت يولغا قەدەم قويۇپ، van.s مەھسۇلاتلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىدۇ.

ھازىر van.s چوڭ كارخانىغا ئايلاندى، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى ئىتتىك بولغاچقا، روگېر بىلەن تالىبىس تۇنجى قېتىم بىر مىليون دوللار پايدا ئالىدۇ، شۇ چاغدا ئۇلار ئەمدىلا 30تىن ئاشقانىدى .

شۇنداق قىلىپ دېڭىز ئارمىيە دوختۇرخانىسىدا دەم ئېلىپ داۋالىنىش جەريانىدا پەيدا بولغان ئوي ـ پىكىر چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان، روگېر بىلەن تالىبىنىڭ ئاكتىپلىقى ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە سەۋرچانلىقى ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندۇرغان.

## سىز ئۆزىڭىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى توسالغۇغا ئايلاندۇرۇپ قويماڭ

يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق تىرىشچانلىق بىراۋنىڭ قارشى تۇرۇشى تۈپەيلى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن. بىراق بەزى ئوڭۇشسىزلىقلار ۋە مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش خاھىشىغا ئۆزىمىز سەۋەبچى، شۇنداقلا ئىجادىي ئوي ـ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ ئۆزىمىز.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئوڭۇشسىزلىقىنى دائىم بىر قىسىم

كىشىلەردىن، يېڭىلىق يارىتىش شارائىتى بولمىغان مۇھىتتىن، كۆزى كىچىك خوجايىندىن، كاللىسى ئاددىي سودىگەرلەردىن، ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەمگە ئېرىشەلمەسلىك قاتارلىق ئامىللاردىن كۆرىدۇ. بۇلار راستىنلا ئوڭۇشسىزلىقنى پەيدا قىلىدىغان ئامىل بولۇشى مۇمكىن. بىراق ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئوخشاشلا مۇشۇ توسالغۇلارغا ئۇچرايدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ئامىللارغا پىسەنت قىلماي داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ.

ئىجادىي ئوي ـ پىكىرگە ئىگە بولۇپ ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا ئېيتقاندا، بىز ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇش خەۋپىگە تەۋەككۇلچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز سىنارىيىنى فىلىم ئىشلىگۈچىگە بەرسەك ياكى بىرەر كىتابنىڭ تېزىسىنى نەشرىياتقا بەرسەك ، ئۇلار بەلكىم ئۇنىڭدىكى ئوي ـ پىكىرنى كۆچۈرۈپ ئىشلىتىشى مۇمكىن؛ بىز پاتېنتقا ئېرىشىش مۇمكىن بولغان بىر ئوي ـ پىكىرنى ئادۋوكاتقا كۆرسەتسەك، ئادۋوكات بىزنىڭ ئوي ـ پىكىرىمىزنى ئوغرىلىشى مۇمكىن؛ بىز شىركەتنىڭ مەبلەغ ۋە مال ـ مۈلكىنى تېجەيدىغان ئوي ـ پىكىرنى خوجايىنغا ئېيتقاندا ، خوجايىنمۇ بۇنىڭدىكى ئوي ـ پىكىرنى ئوغرىلىشى مۇمكىن.

پاتېنت ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان بىر ئادۋوكاتنىڭ دېيىشىچە: بەزىلەر لىق ھۆججەت بار قەغەز خالتىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭ تەكلىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدىكەن ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئوي ـ پىكىرىنى باشقىلار ئوغرىلاپ كېتەرمىكىن دەپ ئېيتمايدىكەن. بۇ خىل ئەنسىرەش ئارتۇقچە ئەمەس ، چۈنكى بەزىلەر ھەقىقەتەنمۇ باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرىنى ئوغرىلىغان. بىراق بىز بۇنىڭلىق بىلەن بەزىلەرگە ئىشەنمىسەك، ئوي ـ پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالمايمىز. شۇڭا ئالدى بىلەن پاتېنت ۋاكالەتچى ئادۋوكاتلارنىڭ ئابرۇيىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ بېقىشىڭىز، ئوي ـ پىكىرىڭىز، ھۆججەتلىرىڭىز ياكى تېزىسلىرىڭىزغا چېسلا

قويۇشىڭىز ۋە پاتېنت ۋاكالەتچى ئادۋوكاتلىرىغا كۆرسىتىشتىن ئاۋۋال، باشقىلارنى گۇۋاھچى قىلىشىڭىز كېرەك.

باشقىلار مېنىڭ ئوي - پىكرىمنى ئوغرىلىۋالامدىكىن دەپ ئىككىلەنمەسلىكىڭىز ياكى بۇ باسقۇچقا كەلگەندە ۋازكەچمەسلىكىڭىز كېرەك.

كىشىلەر دائىم مەدھىيە ۋە مەنپەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى خالىمىغاچقا، ئۇلار ئوي - پىكىرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا توختاپ قالىدۇ. شان - شەرەپ ۋە مەنپەئەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولمىغان شارائىتتا، ھېچكىممۇ بىرەر كەشپىياتنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىمايدۇ. خوجايىنلار دائىم خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوي - پىكىرلىرى توغرىسىدىكى مەدھىيەدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ، چۈنكى جەمئىيەتتە رەھبەرلەر ياكى خوجايىنلارنىڭ دانالىقى، ئەقىللىقلىقى ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرىنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ جارى بولۇشىدىكى مۇھىم بىر ئامىل دەپ قارىلىدۇ. ئەگەر سىز ئوي - پىكرىڭىز ئېلىپ كېلىدىغان مەنپەئەتنى باشقىلار بىلەن تەڭ ئورتاقلىشىشنى رەت قىلسىڭىز، ئوي - پىكرىڭىز مەڭگۈ ئىشلىتىلمەيدۇ، سىزمۇ ئېرىشمەكچى بولغان مەنپەئەتتىن قۇرۇق قالىسىز.

داڭلىق پسىخولوگ ماسلو بىر قېتىم يېڭى بىر پىلان بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، نۇرغۇنلىغان قىزغىن كىشىلەر، قولاققا خوش ياقىدىغان گەپنى قىلىدىغان كىشىلەر ۋە لايىھىلىگۈچىلەر كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولىدۇ. ماسلو بۇ كىشىلەرنىڭ جاپالىق ئەمگەك قىلىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، بەزىبىر زېرىكىشلىك، ئەمما قىممىتى بار ئىشلارنى قىلىپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغاندا، 20 ئادەمنىڭ ئىچىدە 19 ئادەم ئۇنىڭ تەجرىبىسىگە قوشۇلمىغان.

نۇرغۇنلىغان كىنو چولپانلىرى، كەشپىياتچىلار ۋە سەنئەتكارلار

www.uyghurkitap.com

بىر كىچىدىلا داڭ چىقارغان دەپ قارىلىدۇ. بىراق كىشىلەر ئۇلارنىڭ نۇرغۇن يىللاردىن بۇيانقى مەغلۇبىيىتىگە ۋە بوشاشماي تىرىشقانلىقىغا سەل قارايدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرىنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانىدا ۋاقىت ياكى مەبلەغ بولمىغان شارائىتتىمۇ داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. ئوي - پىكرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇشتا ھارغىنلىق ۋە ئۈمىدسىزلىنىش تۇيغۇسىنى ۋاز كېچەمسىز، بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئىش. بىراق ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ھەقىقىي ئىگە كىشىلەر مەڭگۈ ۋاز كەچمەيدۇ، ئۇلار ۋاقىتىنچە خىزمەتتىن ئايرىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن بولسا، تاكى ئوي - پىكرنى ۋۇجۇدقا چىقارغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ.

ھېمىڭۋاي مۇنداق دېگەنىدى: «بىر ھەل قىلىش ئۇسۇلى پەيدا بولغاندا، سىز ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە تەييارلىنىشىڭىز كېرەك». كىشىلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىشنى ۋە مەغلۇبىيەت، زەربىلەرگە يۈزلىنىشنى خالىمىغاچقا، تىرىشماي تۇرۇپلا ۋاز كېچىدۇ.

ئۈگۈنۈشسىزلىق ۋە ئەندىشە يېڭىلىق يارىتىش جەريانىغا ئەگىشىپ يۈرۈيدۇ. مەسىلەن: ئوي - پىكىر راستىنلا ئۈنۈم بېرەمدۇ؟ كىشىلەر بۇنىڭغا زەربە بېرەمدۇ - يوق؟ مەندە ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىغۇدەك كۈچ - قۇۋۋەت بارمۇ؟ باشقىلار مېنى نېمە دەر؟ دېگەندەك. ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۈگۈنۈشسىزلىق ۋە ئەندىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى بىلىدۇ، ئۇلاردا ئوي - پىكرنى تا ۋۇجۇدقا چىقارغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدىغان جاسارەت بار، ئۇلارنىڭ قەتئىي ئىرادىسى يېڭىلىق يارىتىش جەريانىغا تۈتقان پوزىتسىيىسى ۋە ئۆزلۈك توغرىسىدىكى بىلىشىدىن كېلىدۇ.

ئىنسانلار پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى

ئۆزگەرتەلەيدۇ. ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمىز دەپ قارىساق، ھەرقانداق توسالغۇ بولسىمۇ يېڭىپ ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرالايمىز. لىنكولىن مۇنداق دېگەنىدى: «مەڭگۈ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىرادىسى ھەرقانداق ئىشتىنمۇ مۇھىم» .

## ئىنكار خاراكتېرىدىكى ئىدىيە ئىجادىي ئوي - پىكىرنى بوغۇپ قويمىسۇن

ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ھەربىرىمىزدە بار بىرخىل تۇغما قابىلىيەتتۇر. كالىلىڭىزنى كۆپرەك ئىشلەتسىڭىزلا شىركەتكە، كەسپىڭىزگە ۋە تۇرمۇشىڭىزغا پايدىلىق ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشەلەيسىز. ئومۇمەن ئېيتقاندا سىزدە كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە سەزگۈرلۈك بولسا ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيسىز.

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بەزىلەر ئۆزىنى ئىجادىي ئوي - پىكىرگە «ئېرىشەلمەيمەن» دەپ قارايدۇ. بۇ بەلكىم ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتى جارى قىلدۇرالمىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كالىلىسى خېلى سەزگۈر، بىراق ئۇلار قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا، خىيالىدىن ۋاز كېچىدۇ، نەتىجىدە ئىجادىي ئوي - پىكىرى بوغۇلۇپ قالىدۇ.

ئۇنداقتا، ئىجادىي ئوي - پىكىرنىڭ توسالغۇسى زادى نېمە؟ توسالغۇ دېگەندە ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ قەلبىڭىزدىن چىققان «قارىماققا ئۇچۇشلۇق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ» دېگەن سادادۇر. بۇ سادا كالىلىڭىزدىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ، سىز ئىشلار نېمىشقا ئۇچۇشلۇق بولمايدىغاندۇ دەپ ئويلايسىز، كالىلىڭىزدىن ئۆتمىگەنسىرى شۇنچە ئويلايسىز، ئاخىرى بىلىپ - بىلمەي نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋېتىسىز. سىز ھازىر بۇنداق قالايمىقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خىياللارنى توختىتىپ، ۋاقىتتىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ. ئىجادىي ئوي ـ پىكىر مەنبەسىنى ئاكتىپلىق بىلەن تېپىپ چىقىشىڭىز ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىڭىز كېرەك. توسالغۇنى كۆرۈپلا چېكىنىدىغان كىشىلەر مەڭگۇ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ.

ئۆزگىچە ئىجادىي پىكىر ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ ياكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭلا پاتېنتى ئەمەس. ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولغاندا، ھەممىلا ئادەم ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئەكسىچە، ئۈمىدسىز پوزىتسىيىدە بولسىڭىز، ئىجادىي پىكىرىڭىز بوغۇلىدۇ.

## كۆپرەك ئىجادىي ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىش

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان نۇرغۇن زاتلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرى — كۆپرەك ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشىشتۇر. ئەگەر سىز بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتەلىسىڭىز ۋە شۇ بويىچە قىلالىسىڭىز، سىزمۇ ئاشۇلاردەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايسىز.

ئەمەلىيەتتە، سىز ئۆزىڭىز ناھايىتى رازى بولغان تەكلىپنى باشلىقىڭىزغا بەرگەندە، ئۇ تەكلىپىڭىزنى رەت قىلسا ئازابلىنىشىڭىز، مەيۈسلىنىشىڭىز ھاجەتسىز. ئەگەر سىز تەكلىپىم شىركەتكە چوقۇم پايدا ئەكېلىدۇ دەپ قارىسىڭىز، بىرمەزگىلدىن كېيىن تەكلىپىڭىزنى باشقىچە شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇڭ. ئىجادىي پىكىرلىك، سەۋرچان ئادەملەر چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ.

چوڭ سانائەت ئاپپاراتلىرىدا تەتقىقات بۆلۈمى ۋە تەرەققىيات بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. ئۇلار ئاساسەن ئوي ـ پىكىرگە قانداق ئېرىشىشنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئوي ـ پىكىرنى سىناق قىلىش، تۈزىتىش ئارقىلىق تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرىدۇ.

كۆپلىگەن ئوي ـ پىكىرلەر دەسلەپتە كاللىدىكى بىر خىيال

ھېساپلىنىدۇ، ئوي-پىكىر شەكىللىنىشكە باشلىغاندا، تۈزىتىش، تولۇقلاش ياكى ئايرىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئوي-پىكىردە مۇئەييەن بىر نىشان بولۇشى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا يولۇقىدىغان توسالغۇدىن ساقلىنىش كېرەك. بىرەر يېڭى مەھسۇلاتنى ئىشەنچلىك، كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، چىدامىلىق، رېمونت قىلىشقا ئوڭاي، ئۈنۈملۈك قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش كېرەكتۇر، بىراق بۇ مەھسۇلات قىممەت، ياساش ۋە سېتىش تەس بولۇشىمۇ مۇمكىن.

قەتئىي ئىرادىگە ۋە ئوي-پىكىرنى تۈزىتىش تەپەككۇرىغا ئىگە بولغاندا، ئوي-پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش يولىدىكى تىرىشچانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ.

ئوي-پىكىرنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر قىسمىدىن قانداق ۋاقىتتا ۋاز كېچىش كېرەك؟ قانداق ۋاقىتتا ئوي-پىكىردە چىڭ تۇرۇش ئارتۇقچىلىق، قانداق ۋاقىتتا ئۆزگەرتىش يېتەرسىزلىك بولىدۇ؟ كۆپىنچە ھاللاردا ھەددىدىن زىيادە چىڭ تۇرۇۋېلىش جاھىللىق، ھەددىدىن زىيادە ئۆزگەرتىش بىپەرۋالىق دەپ قارىلىدۇ. بىز ئوي-پىكىرگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن كىرىشىشىمىز كېرەك، بىراق ئوي-پىكىرنىڭ خاتا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىمۇ بىلىشىمىز كېرەك. ئەندىشە ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ، بىراق ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش ئەخمەقلىقتۇر.

ئوي-پىكىرنى تۈزىتىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىدا تەجرىبىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: تەجرىبىلىك مېخانىك گايكىنى چىڭىتقاندا مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرىدۇ، ئارىلىق بەك چوڭ بولسا گايكا ئوڭاي بوشاپ كېتىدۇ. ئارىلىق بەك قىسقا بولسا گايكىنىڭ رېزبىسىنى بۇزۇۋېتىدۇ.

ئوي-پىكىر دەسلەپتە تومتاقلا بىر شەكىلدە بولۇپ، ئۇنى تۈزىتىش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەل ھالەتكە كېلىدۇ. نۇرغۇن لايىھىلىگۈچىلەر دەسلەپكى لايىھەنى قەغەزگە، توپىغا يازىدۇ، ئاندىن ئۇنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ تۈزىتىپ، مۇكەممەل ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. يازغۇچىلارمۇ يېزىقچىلىق قىلغاندا، دەسلەپكى ئورىگىنالنى ناھايىتى تېز لا يېزىپ چىقىدۇ، ئاندىن بۇنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ، نەشرىياتقا ئەۋەتىدۇ.

## ئەڭ ياخشى ئەھۋالنى ئىگىلەش

ئوي - پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش جەريانىدا، بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئوي - پىكىرنى تۈزىتىپ ئۇنى ئەڭ ياخشى ھالەتكە كەلتۈرۈشتۇر. ئوي - پىكىرنى تۈزەتكەندە ئۇنى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش، بەك مۇرەككەپمۇ، بەك ئاددىيمۇ قىلىۋەتمەسلىك؛ بەك قىممەتمۇ بەك ئەرزانمۇ قىلىۋەتمەسلىك؛ بەك ئالاھىدىمۇ، بەك ئادەتتىكىدەكمۇ قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

بىز ئوي - پىكىرنى ئىشلىتىشتىن ئاۋۋال ئۇنى تۈزىتىپ ئەڭ ياخشى ھالەتكە ئەكېلىشنى ئۈمىد قىلىمىز. خۇددى مېۋە - چېۋىنى بەك بالدۇرمۇ، بەك كېيىنمۇ ئۈزمەي، دەل ۋاقتىدا ئۈزگەندە، تەمى ئەڭ ياخشى بولغىنىغا ئوخشايدۇ.

ئوي - پىكىرنى تۈزەتكەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئەھۋالنى تېپىش كېرەك. نا ئۇستىلار بۇنداق ئەھۋالدا قىينىلىدۇ، بۇ خۇددى تۇنجى قېتىم ئۇزۇنغا يۈگۈرگەنلەر بىر بولسا بەك ئاستا يۈگۈرۈپ ئۇتتۇرۇپ قويغانغا، بىر بولسا بەك تېز يۈگۈرۈپ پۈتۈن مۇساپىنى يۈگۈرۈپ بولالمىغانغا ئوخشايدۇ؛ تۇنجى قېتىم ماشىنا ھەيدىگەنلەر تورمۇزلاشنى ۋە رول تۇتۇشنى ئوبدان ئۆگىنىپ بولغىچە ماشىنىنى ئوڭشاپ ھەيدىيەلمىگەنگە ئوخشايدۇ.

يۈگۈرگۈچىلەر، شوپۇرلار ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ئەڭ ياخشى ئەھۋالنى ئوخشاش شەكىل بىلەن ئىزدىشى كېرەك. ئۇلار تەجرىبە ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئەھۋالنى بايقاشتىن ئاۋۋال، تۈرلۈك ئەھۋاللارنى ئويلاپ باقىدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر قىلىدىغانلار بەزىدە بەك كەسكىن ياكى بەك بوش ئويلايدۇ، تەپەككۇر ۋاقتى بەزىدە بەك ئۇزۇن ياكى بەك قىسقا بولىدۇ، ئويلىغان نەرسىلىرىمۇ بەزىدە بەك ئالاھىدە ياكى بەك ئادەتتىكىدەك بولىدۇ، بىراق تەجرىبىگە تايىنىپ ئوي-پىكىرنى ئۈزلۈكسىز تۈزىتىش ئارقىلىق، ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يېڭىلىق ياراتقۇچىغا ئايلىنىدۇ.

## ئەڭ ياخشى پەيت — ھازىر

مۇكەممەل ئادەم يوق، شۇنداقلا مۇكەممەل ئوي-پىكىرمۇ يوق، شۇڭا ھەرگىزمۇ ئوي-پىكىرنىڭ مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. چۈنكى ئوي-پىكىرنى تۈزىتىش جەريانى توختىماي داۋاملىشىدۇ. قانچىلىك قىيىنچىلىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، گەرچە زۇلمەتلىك پەيتلەر ۋە مەسىلىنى ھەل قىلالماي ئۈمىد ئۈزىدىغان چاغلار بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مۇمكىن.

بەزىدە بىز ئىش ئاسانلاشقاندا ئاندىن قىلىمىز دەپ ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە، ئەڭ مۇۋاپىق پەيت ھازىردۇر. ئوي-پىكىرىڭىز بولسا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا دەرھال كىرىشىڭ! توماس. جېففىرسون مۇنداق دېگەنىدى: «ئەركىنلىككە ئاز-ئازدىن ئېرىشىمىز، ئەمما مامۇق كارۋاتتا مۇستەبىتلىكنى ئەركىنلىككە ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ». شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشمۇ تەدرىجىي بولىدۇ، ئوي-پىكىرمۇ بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ، بىر كېچىدىلا نام چىقىرىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەت ئۇسۇلىغا ئېرىشەلىگىلى بولىدىغان ئۇسۇلغا ئىسلىمۇالماڭ، تەدرىجىي ھالدا قىيىنچىلىقنى بويسۇندۇرىدىغان ھالەتكە قەدەم تاشلاڭ.

ئىجادچانلىقتا ئىگە كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قىيىنچىلىقتىن ئەندىشە قىلغان، ئەمما ئۇلار ئىشىنى تاماملىغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان. شۇڭلاشقا تاسادىپىي ۋاز كېچىش، ۋاقىتتىن ئۇبدان پايدىلىنالماسلىق، ئوي - پىكىردىن ئەندىشە قىلىش، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالماسلىق قاتارلىقلاردىن بەكلا غەم يېيىش ھاجەتسىز، شۇنداقلا ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىك كېرەك. خۇددى ھېمىنگۋاي ئېيتقاندەك: «پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن ھەتتا قان تۆكۈلگەنگە قەدەر تىرىشسىڭىز، بۇنىڭدىن چوقۇم خۇشال بولىسىز».

## ئوي - پىكىر ئۈچۈن مۇكەممەل بىر پىلان تۈزۈش

بىز ئىجادىي ئوي - پىكىرگە ئېرىشكەندىن كېيىن «مەن ئوي - پىكىرنى قانداق قىلىپ ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىمەن؟» دېگەن مەركىزىي مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. بۇنىڭغا خېلى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ، بىرىنچى قەدەمدە «قاچان قانداق ئىشنى قىلىشنى قارار قىلىش» كېرەك، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىر يۈرۈش پىلان تۈزۈپ چىقىش ۋە پىلان ئارقىلىق ئىشلارنى تىزگىنلەش كېرەك، ھەرگىزمۇ ئىشلار بىزنى تىزگىنلىمەسلىكى كېرەك.

پاركىنسون قانۇنىيىتىنىڭ بىرى شۇكى، خىزمەت ئىشلەتكىلى بولىدىغان ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى ئىگىلەيدۇ. ئەگەر بىز ئۈچ كۈن ئىچىدە بىر پارچە يېزىش تەس بولغان خەتنى يازماقچى بولساق، ئۈچ كۈن ئىچىدە كۆڭلىمىز ئۆششاق - چۈششەك ئىشلار تۈپەيلى بىئارام بولۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا بىزنىڭ خەتنى

ھەقىقىي يازىدىغان ۋاقتىمىز ئۈچىنچى كۈننىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە سائىتى بولىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر ساياھەتكە چىقىشنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى يۈك ـ تاقلىرىنى ئالدىراپ يىغىشتۇرىدۇ ياكى مەۋسۇملۇق ئىمتىھان ئالاي دېگەندە ئاندىن تەييارلىق قىلىدۇ ياكى مېھمان كېلەي دېگەندە، ئاندىن ئالدىراپ كەچلىك تاماق قىلىدۇ ۋە ئۆينى تازىلايدۇ؛ ئاخىرقى چەك يېقىنلاشقانسېرى كىشىلەر پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىۋېتىدۇ. ھەرىكەتنى پىلانلاش ۋە ئاخىرقى مۆھلەتنى بېكىتىش تەدرىجىي ئىلگىرىلەشكە ۋە زېھنىمىزنى يىغىپ خىزمەتنى ۋاقتىدا تاماملىشىمىزغا پايدىلىق.

پىلان بولغاندىن كېيىن، خىزمەتنى تاماملاشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىدۇ، شۇنداقلا ۋاقتىمۇ ئىسراپ بولمايدۇ، پىلان كىشىلەرنى قۇل قىلمايدۇ، بەلكى يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ چاكىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ.

ئەگەر بىراۋ سىزدىن: «بىناغا تۇيۇقسىز ئوت كەتسە، قانداق قىلىسىز؟» دەپ سورىسا، سىز بەلكىم: «نېمە قىلىشنى بىلمەيمەن» ياكى «بىر ئاز ئويلىنىۋالاي» دەپ جاۋاب بېرىشىڭىز مۇمكىن. بىراق بىناغا راستىنلا ئوت كەتسە، سىز دەرھال ھەرىكەت قىلىسىز. پىلاننىڭ ئاخىرقى مۆھلىتى گەرچە كىشىلەرنى ئوت كەتكەندىكىدەك دەرھال ھەرىكەت قىلدۇرالمىسىمۇ، بىراق يەنىلا داۋاملىق تىرىشىپ، ۋەزىپىنى تاماملاشقا ياردەم بېرىدۇ.

تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشنىڭ ھەرىكەت پىلانى تۈزۈشكە پايدىسى بار.

ئاۋۋال ئۆزىڭىزدىن: «نېمىنى قىلىش كېرەك؟» دەپ سوراڭ، ئاندىن تۆۋەندىكى بەش سوئالنى سوراڭ:

«نېمە قىلىش كېرەك؟ قەيەردە قىلىش كېرەك؟ كىم بىلەن قىلىش كېرەك؟ قاچان تاماملاش كېرەك؟ قانداق تاماملاش كېرەك؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەشپىيات توغرىسىدىكى بىر ئوي - پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قايسى ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ ئاۋۋال ئەمەلىي بىر مودېل ياساپ پاتېنتقا ئېرىشىش كېرەك؛ ئاندىن ئۇنى سىناق تەرىقىسىدە سېتىپ بېقىپ، ئۇنى تۈزىتىش، ئاددىيلاشتۇرۇش كېرەك؛ ئاندىن رەسمىي مەھسۇلات قىلىپ ئىشلەپچىقىرىپ، بازارغا سېلىش ۋە پايدا تېپىش كېرەك.

نېمە ئۈچۈن ئەمەلىي بىر مودېل بولۇشى كېرەك؟ چۈنكى ئوي - پىكىرگە پاتېنت تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ، مودېلغا بولسا بولىدۇ. مودېلنى قانداق ياساش كېرەك؟ پولاتتىن ئەمەس، ياغاچتىن ياساش كېرەك. قەيەردە ياساش كېرەك؟ ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە، كىم بىلەن ياساش كېرەك؟ مەن ۋە بىر ياغاچچى ھەمكارلىشىپ ياسىشىمىز كېرەك. قاچان پۈتتۈرۈش كېرەك؟ كېلەر شەنبىدىن بۇرۇن.

نېمە ئۈچۈن پاتېنت تەلەپ قىلىش كېرەك؟ كەشىپ قىلغان نەرسىنىڭ ئوغرىلاپ ئىشلىتىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ پاتېنت ئادۋوكاتىدىن بىرنى ياللاش كېرەك. قەيەردە قىلىش كېرەك؟ پاتېنت ئىدارىسىدە پاتېنت ئادۋوكاتىنىڭ ھەمكارلىقىدا. كىمگە قىلدۇرۇش كېرەك؟ ئىناۋىتى يۇقىرى پاتېنت ئادۋوكاتىغا قىلدۇرۇش كېرەك. قاچان تاماملاش كېرەك؟ ئەمەلىي مودېل پۈتكەندىن كېيىن، قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى.

نېمە ئۈچۈن سىناق تەرىقىسىدە سېتىش كېرەك؟ كۆپلەپ ۋاقىت، پۇل ۋە زېھىن سەرپ قىلىشتىن ئاۋۋال، باشقىلارنىڭ بۇ مەھسۇلاتنى ئېلىشقا قىزىقىدىغان - قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاۋۋال بۇ مەھسۇلاتلاردىن ئازراق ئىشلەپچىقىرىپ، پارچە سېتىش دۇكانلىرىدا سېتىپ بېقىش كېرەك. قەيەردە سېتىش كېرەك؟ بۇخىل مەھسۇلاتقا ئېھتىياجلىق رايونلاردا سېتىش كېرەك. كىم بىلەن

قىلىش كېرەك؟ سېتىقچىلىق قابىلىيىتى بارلار بىلەن قىلىش كېرەك. قاچان تاماملاش كېرەك؟ سېتىلىش مىقدارى مۇئەييەن سەۋىيىگە، سېتىلىش نەتىجىسى مۇئەييەن ئۆلچەمگە، مەلۇم بىر باسقۇچلۇق نىشانغا يەتكەندە تاماملاش كېرەك.

ئوي - پىكىرنى سىستېمىلىق ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغاندا، «نېمە؟»، «نېمە ئۈچۈن؟»، «قەيەردە؟»، «كىم؟»، «قاچان؟» ۋە «قانداق؟» دېگەن سوئاللارنى قويۇپ ئويلىنىش كېرەك. بۇنداق شەكىلدىكى پىلان ئارقىلىق جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ياكى چارچاشنى ئازايتىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، بىراق ئۇ بىزنى خىزمەتنى سەزگۈرلۈك بىلەن ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلەيدىغان قىلىدۇ.

بەزىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوي - پىكرىنى ئۆزىمىز ئەمەلگە ئاشۇرالمايدىغان تەقدىردىمۇ، بىر پىلان تۈزۈپ، ئۇنى باشقىلار چۈشىنەلەيدىغان قىلىشىمىز كېرەك. رەھبەرلەر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ نۇرغۇن ياخشى ئوي - پىكىرلىرىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ، ئەمما بۇ ئوي - پىكىرلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان پىلان بولمىغاچقا، تاشلىنىپ قالىدۇ.

باشقا مەسىلىلەرمۇ ھەرىكەت پىلانى تۈزۈشكە پايدىلىق. مەسىلەن: سىناق قىلىش كېرەكمۇ؟ بىز قانچىلىك مەبلەغ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشنى خالايمىز؟ باشقىلار ياردەم قىلالامدۇ؟ ئالاھىدە سايمان ياكى تېخنىكا كېرەك بولامدۇ - يوق؟ قانداق قىلغاندا كىشىلەر ئوي - پىكىرگە دىققەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ؟ پىلانىمىزغا قانچىلىك ۋاقىتتا بىر باھا بېرىشىمىز ۋە ئۇنى يېڭىلىشىمىز كېرەك؟

«قاچان؟» دېگە ئىككى سوئال بىر ئوي - پىكىرنىڭ مەۋجۇت بولۇش - بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ بىرى «بىر كۈندىكى ئەڭ ياخشى خىزمەت ۋاقتى قاچان؟»، يەنە بىرى «ئوي - پىكىرنى قاچان ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك؟»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن يازغۇچىلار ئەتىگەندە خىزمەت قىلىش ئۇقۇملىق دەپ قارايدۇ. ھېمىڭۋايمۇ «ئەتىگەن بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ۋاقتىمىز، تاڭ ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ خىزمىتىمنى باشلايمەن» دېگەن. بىراق بەزىلەر چۈشتىن كېيىن ياكى كېچىدە خىزمەت قىلىشقا ئامراق. بىز ئۆزىمىزنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئەڭ سەگەك ئىكەنلىكىمىزنى ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئىشلىيەلەيدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر مۇۋاپىق بولمىغان ۋاقىتتا خىزمەت قىلساق، خىزمەتتىن شەرەپ ھېس قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خىزمەتتىن قېچىشىمىز مۇمكىن.

ئەگەر بىر ئوي-پىكىر ئۆزى تۇرۇۋاتقان دەۋردىن ھالقىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى تەگمەيدۇ؛ ئەگەر دەۋردىن كېيىن قالغان بولسا، قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، پەيتنىڭ مۇۋاپىق بولۇش-بولماسلىقىمۇ ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر شىركەتنىڭ تىجارىتىدە ئېغىر زىيان بولغانلىقى ئېلان قىلىنغان بىرىنچى كۈنى ياكى خوجايىنىنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس كۈنى مائاش قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. كۆپلىگەن مال ساتقۇچىلار سېتىقچىلىق خىزمىتىنى سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبىگە مەركەزلەشتۈرىدۇ، چۈنكى دۈشەنبە خېرىدارلار خىزمىتىنى باشلايدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىكار ۋاقتى بولمايدۇ. جۈمە كۈنى بولسا ھاردۇق يېتىدۇ ياكى خىزمەت قىلىش ۋاقتى توشىدۇ. بىر ياخشى پىلانلىغۇچى قاچان ھەرىكەت قىلىشنى ئويلاۋاتقاندا، قانچىلىك ۋاقىتتىن پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىپلا قالماستىن، ھەرىكەت قىلىشقا پايدىلىق ۋاقىتنى تاللاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ.

# مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن قايتا سىناپ بېقىشمۇ ئىجادچانلىقنىڭ ئىپادىسى

مائارىپ، سودا ۋە كەسىپتىكى تەجرىبىلەر تۈپەيلى بىز مەغلۇبىيەتتىن قورقىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالدۇق، بىز چوقۇم بارلىق ئىمتىھانلاردىن ئۆتۈشىمىز، سودىدا قارارنى ياخشى چىقىرىشىمىز، كەسىپتە خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك دەيدىغان بولدۇق. كاتلىن دائىم: «كەشپىياتچىلار دائىم مەغلۇبىيەت ئىچىدە تۇرىدۇ، 1000قېتىم تەجرىبە قىلسا 1000قېتىم مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن، ئىجادچانلىقتا ئىگە بولۇش ۋە ئوي - پىكىرنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مەغلۇبىيەتكە تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» دەيتتى.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان ئامىل مەغلۇبىيەت ئەمەس، بەلكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ئۇنى تۈرمۈشنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىماسلىقتا ياكى مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە - ساۋاق ئالمايلا ئۇنى تاشلىۋېتىشتە. ئۈگۈشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە بەرداشلىق بېرەلىگەن ئادەملا ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ تۈرمۈشتىكى كۈچلۈكلەرگە ئايلىنالايدۇ.

گېئورگ. بونارد: «ياش ۋاقتىمدا قىلغان 10 ئىشىمنىڭ توققۇزىدا مەغلۇپ بولاتتىم. مېنىڭ مەغلۇبىيەتچى بولغۇم يوق ئىدى. شۇڭا 10 ھەسسە كۆپ ئىش قىلاتتىم» دېگەنىدى. يېڭىلىق يارىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى مەغلۇبىيەتكە تولغان بولۇپ، مەغلۇبىيەتتىن تەجرىبە - ساۋاقنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرىلەشنىڭ پەلەمپىيى قىلىش كېرەك.

خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر مۇدىرى ئىشخانا تېمىغا بىر مىتال تاختاينى ئېسىپ قويغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تاشپاقىنىڭ رەسىمى سىزىلغان ۋە ئۇنىڭ يېنىغا: «بۇ تاشپاقىغا دىققەت

قىلىڭ، ئۇ بوينىنى سوزۇپ چىقارغاندىلا، ئاندىن ئىلگىرىلەيدۇ» دەپ يېزىپ قويغان. بۇ مەكتەپ مۇدىرى خەۋپ-خەتەرگە ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچراشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تونۇپ يەتكەن، چۈنكى بۇلار ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە ئالغا بېسىشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

مەغلۇبىيەتتىن قورقۇش تۈپەيلى پەيدا بولغان توسالغۇنىڭ تەسىرى بەك زور. مۇكەممەللىكنى ئىستەيدىغانلارنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتى ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئىپادىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. بىراق ئۇلار كىچىككىنە مەغلۇبىيەتتىنمۇ قورققاچقا، ئۇلارنىڭ ئالغا بېسىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بىر مىيدىتسىنا تەتقىقاتچىسى مۇكەممەللىكنى ئىستەيدىغانلارنىڭ دائىم بېشى ئاغرىيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا 10 ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرسىنىڭ بېشى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن ئاغرىيدىغانلىقىنى بايقىغان.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئوي-پىكىرىگە بولغان ئىنكاسىغا بەكلا دىققەت قىلىدۇ. ماسلو ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن يېڭىياچىلارنىڭ دائىم مۇتەخەسسىسلەر سەل قارىغان ئىشلارنى بايقايدىغانلىقىنى سەزدىم، ئەڭ مۇھىمى شۇكى، خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن قورقمايدىغان ياكى باشقىلارنىڭ كۈلۈپ قېلىشىدىن قورقمايدىغان كىشىلەر يېڭىياچىلاردۇر.»

مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتا سىناپ بېقىش ياكى يېڭىۋاشتىن باشلاشمۇ ئىجادچانلىقنىڭ ئىپادىسى. ئەڭ مۇھىمى، قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىپ كېلىش، سىناپ بېقىشنى ھەرگىزمۇ توختاتماسلىق كېرەك. ئەگەر يېڭىلىق يارىتىش جەريانىدا يىقىلساق، قايتىدىن باش كۆتۈرۈش كېرەك.

# مەھسۇلات جەھەتتىكى مەغلۇبىيەت ۋە سودىدىكى تەرەققىيات

بەزىبىر جەمئىيەت تەتقىقاتچىلىرى سانائەتتىكى يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ 15%~20%گىچە مەنپەئەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ستاتىستىكا ماتېرىيالىنىڭ ئوبيېكتى پەقەت ھازىرقى شىركەتلەرنىڭ يېڭى مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئەگەر سىز بىرخىل يېڭى مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقارماقچى، تەرەققىي قىلدۇرماقچى ۋە ساتماقچى بولسىڭىز، مۇۋەپپەقىيەت پۇرسىتىڭىز تېخىمۇ كىچىك بولۇشى مۇمكىن.

مەھسۇلات جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرى مەھسۇلاتتىكى نۇقسان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ياردەمگە ئېرىشەلمەسلىك، ۋاقىتنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، رىقابەت، بازارنىڭ تار بولۇشى، تەننەرخىنىڭ بەك ئۆرە بولۇپ كېتىشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىستېمىلىق ۋە ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش دائىرىسى كىچىك بولغانسېرى، يۇقىرىدىكى مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىنىڭ پەيدا بولۇش پۇرسىتىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ.

بىر شىركەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۆۋەندىكى ئاساسلىق بىر نەچچە تەدبىر قوللىنىلىدۇ: ھازىرقى مەھسۇلاتنى يېڭى ساھەگە كېڭەيتىش؛ باشقا شىركەتلەرنىڭ بازارغا سېلىنىپ بولغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ياكى يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش.

ھازىرقى مەھسۇلاتنى يېڭى ساھەگە كېڭەيتكەندە پايدىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، بۇ ئەڭ بىخەتەر ئۇسۇل. بىر شىركەت ھازىرقى ماھسۇلاتنى بىر قەدەر ئوبدان چۈشەنسە، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى، يېتەرسىزلىكىنى ۋە قانداق سېتىشنى بىلسە،

www.uyghurkitap.com

ئۇنداقتا يولۇققىدىغان تاسادىپىي ۋەقە ۋە كۈتۈلمىگەن خەۋپمۇ ئازراق بولىدۇ.

باشقا شىركەتلەرنىڭ بازارغا سېلىنغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا، يولۇققىدىغان خەۋپ ئازراق بولىدۇ. چۈنكى بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداقلىقى كىشىلەرگە مەلۇملۇق، شۇنداقلا ساتىدىغان بازارمۇ تەييار. قالغان مەسىلە: ئۇ مەھسۇلاتنى مۇۋاپىق باھادا سېتىۋالغىلى بولامدۇ-يوق؟ شىركەتنىڭ ھازىرقى بايلىق مەنبەلىرى بۇ خىل مەھسۇلاتنى قوللامدۇ-يوق؟ مەھسۇلاتنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، سېتىش مىقدارى ۋە پايدىسى قانچىلىك ئاشىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاشلار.

ئادەتتە، ئەڭ خەتەرلىك ئۇسۇل يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ يېڭى بازار ئېچىشتۇر. بۇ ئۇسۇلدا، مەغلۇبىيەت پۇرسىتى چوڭ بولىدۇ، بىراق ئېرىشىدىغان پايدا خېلى كۆپ بولىدۇ.

كۆپ قىسىم شىركەتلەر كۆپ ھاللاردا تۆرلۈك ئۇسۇللارنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىدۇ. ئۇلار ئادەتتە بايلىق مەنبەلىرىنى ۋە تىرىشچانلىقىنى ئەڭ بىخەتەر ئۇسۇلغا — ھازىرقى مەھسۇلاتنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىشقا سەرپ قىلىدۇ، يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارمايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن شىركەتنىڭ بىراق مەزگىللىك ۋە يېقىن مەزگىللىك تەرەققىيات نىشانىغا ئاساسەن، كونا مەھسۇلاتلارنى يېڭى ساھەگە كېڭەيتىشى ياكى مۇۋاپىق مىقداردا بىر قىسىم يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشى مۇمكىن.

# شەخسنىڭ تەرەققىياتى ۋە سودىدىكى تەرەققىيات ئوخشاش

شەخسنىڭ تەرەققىياتى سودىدىكى تەرەققىياتقا ئوخشاش بولۇپ، شەخسنىڭ قانچىلىك تەۋەككۈل قىلىشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. بىز تەبىئىي پىشىپ يېتىلىش جەريانىغا تايانساق بولىدۇ؛ ھازىرقى ئوي-پىكىرلەرنى تەتبىقلىساق بولىدۇ؛ بار بولغان بايلىق مەنبەلىرىنى يېڭى ساھەگە تەتبىقلىساق بولىدۇ؛ باشقىلارنىڭ كارغا كېلىدىغان يېڭى ئوي-پىكىرلىرىنى سىناپ باقساق بولىدۇ ياكى ئۆزىمىز تەجرىبە قىلساقمۇ بولىدۇ.

سودىدىكى تەرەققىيات ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، خىراجەت، خىزمەتچى، رىقابەت، مەبلەغ سېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەخسنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ مۇرەككەپ بولۇپ، ئاشكارا ئاڭ ۋە يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئېھتىياج ۋە نىشاننى؛ فىزىئولوگىيىلىك، ھېسسىي، پسىخىك مەنبەلەرنى؛ ئىقتىسادىي، خىزمەت ۋە ئائىلە مۇھىتىنى؛ جەمئىيەت، قانۇن قاتارلىقلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سودىدا كىرىزىسنى ئازايتىپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر شەخسنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ ماس كېلىدۇ. سودىدىكى تەرەققىياتقا ئوخشاش، بىز كۆپ قىسىم بايلىق مەنبەلىرىمىزنى تەبىئىي تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ ئەڭ ئاستا، ئەمما ئەڭ بىخەتەر تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۇسۇلى. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم كۈچىمىزنى يېڭى ساھە ئېچىشقا سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. نۇرغۇنلىغان چوڭ شىركەتلەر 1% بايلىقنى يېڭى ئوي-پىكىرگە ۋە ئاساسىي تەتقىقاتقا ئىشلىتىدۇ، ئەمما بۇنىڭدىن ئويلاپ باقمىغان ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئەگەردە سىزمۇ 1% بايلىقىڭىزنى، يەنى بىر كۈن ئىچىدە 15 مىنۇت ۋاقتىڭىزنى

يېڭىلىق يارىتىشقا سەرپ قىلىسىڭىز، نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىسىز.

ھازىرقى تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مۇھىم بۆسۈشلەر چوڭ ئۆزگىرىش بىلەن ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ توپلىنىشىدىن بارلىققا كەلگەن. خەتەرنى ئازايتىش ئۈچۈن كىچىك ئۆزگەرتىش ۋە بۇ ئارقىلىق مۇھىم بۆسۈشكە ئېرىشىش، مانا بۇ كىشىلەرنىڭ تىرىشىش نىشانى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

# ئۆزگىچە كىشىلىك ھايات بەرپا قىلىش

بەزىلەرنىڭ بىر يىلدا ئىككى - ئۈچ قېتىم تەپەككۇر قىلمىقى ناھايىتى تەس، بىراق مەن ھەر ھەپتىدە بىر - ئىككى قېتىم تەپەككۇر قىلغاچقا، دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدە داڭ چىقاردىم.

—— بېرناردشاۋ

ئىجادىي پىكىر ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. ئۆز تەقدىرىمىزنى ئىلكىمىزگە ئېلىش ئۈچۈن تەقدىرىمىزنى ئەركىن - ئازادە ھالدا تىزگىنلىشىمىز كېرەك.

ئىجادىي پىكىر ئىگىسى بولۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئەسەر ئىجاد قىلىش دېگەندىن كۆرە، ئۆزىمىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىنى بەرپا قىلىش، كائىنات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان كىشىلىك ھاياتنى بەرپا قىلىش دېگەن ياخشى.

ئىجادىي پىكىر ئىگىسى ئۈچۈن ئۇنىڭ كىشىلىك ھاياتى ئەڭ قىممەتلىك ئەسەردۇر.

شۇڭلاشقا، ئىجادىي پىكىر ئىگىسى بولۇشتا ئەڭ مۇھىمى ئۆز تەقدىرىمىزنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك، ئۆز تەقدىرىمىزنى ئىلكىمىزگە ئېلىش ئۈچۈن تەقدىرىمىزنى ئەركىن - ئازادە ھالدا تىزگىنلىشىمىز كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەگەر سىز مۇشۇنداق سوئالنى ئوتتۇرىغا قويالىسىڭىز، بۇ سىزدە ئۆز تەقدىرىڭىزنى تىزگىنلەش ئارزۇسىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قارىماققا ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنىدىغان بۇ قائىدىنى نۇرغۇن كىشىلەر قوللىنالمايدۇ، بىراق ئىجادىي پىكىردىكىلەر بولسا قوللىنالايدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ قائىدىنى قوللىنالايدىغانلار ھەقىقىي ئىجادىي پىكىر ئىگىسىگە ئايلىنالايدۇ.

## ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەسۋىرلەڭ

داڭلىق يازغۇچى بېرناردشاۋ مۇنداق دېگەنىدى: «بەزىلەرنىڭ بىر يىلدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەپەككۇر قىلمىقى ناھايىتى تەس، بىراق مەن ھەر ھەپتىدە بىر ـ ئىككى قېتىم تەپەككۇر قىلغاچقا، دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدە داڭ چىقاردىم».

كىشىلەر پۈتۈنلەي ئۆزىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، ئۆز تەقدىرىنى پىلانلىيالايدۇ ۋە ئىرادىسىگە تايىنىپ ئىجادىي ئوي ـ پىكىرگە ئېرىشەلەيدۇ.

بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت بىزدىن ئىجادچانلىقتا ئىگە بولۇشنى، يېڭى مەسىلىلەرگە يۈزلىنىشنى ۋە يېڭى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولۇپلا قالماي، بىزنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىمىزمۇ بىزنى يېڭىلىق يارىتىشقا ئۈندەيدۇ.

داڭلىق پسىخولوگ ماسلو ئىنساننىڭ ئېھتىياجىنى فىزىئولوگىيىلىك ئېھتىياج (يېمەكلىك، سۇ، جىنىس) ، بىخەتەرلىك ئېھتىياجى (غۇرۇر ۋە مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى)، ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئېھتىياجى (يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش) دېگەن تۈرلەرگە بۆلگەن ،

شۇڭلاشقا، ئىنسانلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى بولىدۇ، بۇ ئۇلار تۇرۇۋاتقان ئالاھىدە مۇھىت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ: ئۇرۇش مەزگىلىدە كىشىلەر ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن (بىخەتەرلىك ئېھتىياجى) يېڭى قوراللارنى لايىھىلەيدۇ؛ كىشىلەر زېرىككەنلىكى تۈپەيلى تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ۋە كۆڭلىگە ئېرىشىشى مۇمكىن. كىشىلەر يەنە ئۆزلۈكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تۈرتكىسىدە تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىشى مۇمكىن.

ئۆزىڭىزگە ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان ئۆزىڭىزگە ئايلىنىش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى چوڭ بىر نىشان . ئىنساننىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا تىرىشىشى ۋە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىشى يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب. ئەگەر مۇھىت كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى قوزغاتسا ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى مەدھىيىلىسە ، ئۇلار ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە ئادەمگە ئايلىنالايدۇ.

قانداق بەرپا قىلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ئۆزىڭىزنى ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ھاياتىنى بەرپا قىلالايدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ. سىزنىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىز ناھايىتى ئەركىن بولىدۇ، ئۆزىڭىزگە قانداق باھا بېرىشىنى، ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈشىڭىزنى، كىم بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىشىڭىزنى سىزگە ھېچكىم ئېيتىپ بەرمەيدۇ. سىزگە كېرىكى ھەقىقىي ئۆزىڭىز، يەنى سىز بەرپا قىلماقچى بولغان ھېلقى ئادەم. سىز باشقىلار بىلەن (ھەتتا ئۆزىڭىز بىلەن) ئورتاق بەھرىمەن بولمىغان ئۆتمۈشنى ياكى ئۆزىڭىز ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنالمىغان كېلەچەك توغرىسىدىكى خىيالىڭىزنى ئاشكارىلىغاندا، قەلبىڭىزدىكى ئاشۇ جاسارەتنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك.

ئەلۋەتتە، سىز پۈتۈن بىر كۈن ۋاقتىڭىزنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ

www.uyghurkitap.com

قىلالمايدىغان ئىشلىرىڭىز بولمايدۇ، چۈنكى سىزنىڭ ھەركۈنى قىلىدىغان ئىشىڭىزمۇ بار. بىراق بوش ۋاقتىڭىز بولسىلا، ئۆزىڭىزنى ھاياتىڭىزنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز كېرەك. سىز ئۆز ھاياتىڭىزنى تىزگىنلىيەلەيسىز، شۇنداقلا گەرچە سىز ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى تىزگىنلىيەلمىسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ بۇ ئىشلارغا بولغان ئىنكاسىڭىزنى تىزگىنلەپ، ئىشنىڭ نەتىجىسىگە تەسىر كۆرسىتەلەيسىز.

سىز بۇنداق زور كۈچنى قانداق ھەرىكەتلەندۈرىسىز؟ ئەگەر سىز كىشىلىك ھاياتتا ئېغىر مۇھەببەتكە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنى خۇشال-خۇرام، قانائەتچان تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنى ھەرۋاقىت ئىجادىي ئوي-پىكىرگە ئېرىشەلەيدىغان ئادەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز كېرەك. سىز يەنە ناھايىتى بېرىلىپ ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى، ئۆزىڭىزنىلا چۈشىنىپ قالماي، ئەتراپىڭىزدىكىلەرگىمۇ دىققەت قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز كېرەك. سىز يەنە تۇرمۇشىڭىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىجادىي ئوي-پىكىرگە ئېرىشىش پۇرسىتىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى سىز تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزگە تايىنىپ ھاياتىڭىزنى بەرپا قىلالايسىز ۋە بەرپا قىلىش تۈپەيلى قانائەت ۋە شادلىققا تولغان چاغلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

سىز تۇرمۇشىڭىز توغرىسىدا ئويلانغاندا، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزنى ئۈزۈل-كېسىل جارى قىلدۇرۇشىڭىز ۋە ئۇنىڭ ياردىمىدە ئىجادىي ئوي-پىكىرگە تولغان تۇرمۇشنى تونۇشىڭىز كېرەك.

# ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇش مەڭگۈ ئىنتىلىشىڭىزگە ئەرزىيدۇ

ئالېكساندىر روئىن «شادلىق» دېگەن كىتابىدا، شادلىقنىڭ مەقسىتى ۋە كۈچىنىڭ تۇرمۇشقا قارىتا يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۇرمۇشتىكى بەھرىلىنىشنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. شادلىق يېڭى ھاياجان پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۆزلۈكنى ئىپادىلەشنى يېڭى يولغا ئىگە قىلىدۇ. تونۇشىڭىز كېرەككى، ئۆزگىرىش تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، ئۆزگىرىشنىڭ ئۆزىلا تۇرمۇش.

تۇرمۇشتىكى بىزارلىق تۇرمۇشنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىدىن پەيدا بولىدۇ.

ئۆزگەرمەس بۇخىل تۇرمۇش ئەندىزىسىدىن ۋاز كەچسىڭىز، تۇرمۇش تەبىئىيلا تېخىمۇ رەڭدارلىشىدۇ ۋە كىشىنى شادلاندۇرىدۇ. ئىنسان تۇغۇلىشىدىنلا مۇتەئەسسىپ كېلىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزگەرمەس، مەنىسىز تۇرمۇشقا چۆكۈپ كېتىدۇ، بىراق كۆڭلىنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە ئۆزگىرىشنى ئىزدەيدۇ. ئىنسان ئۆزگىرىشنى ئىستىگەندىلا، ئىجادىي پىكىرنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

«ۋاقىت» ئۆزگىرىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەڭ ساغلام ئۆزگىرىش شەكلى يەنىلا «ئۆسۈش» تۇر. ئاز-تولا بىر نەرسە ئۆگىنىش، بەزىبىر يېڭى ئىشلارنى قىلىپ بېقىش كېرەك، بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ئۆزىڭىزنى ئۆستۈرۈش، تۇرمۇشىڭىزنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈندۇر.

بەزى يېڭى نەرسىلەرنى سېتىۋېلىڭ. يېڭى كىيىم، يېڭى ماشىنا، يېڭى خاتىرە دېگەندەك، بۇلار كىشىنى تەقەززا قىلىدىغان، «ئۆزگىرىش»كە تولغان نەرسىلەردۇر. بىراق بۇ نەرسىلەرگە ئېرىشىپمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىسا، بىز ئۈمىدسىزلىنىمىز.

www.uyghurkitap.com

ئىجادىي تۇرمۇش ئېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن ئۆزگىرىشنى ئىستەش جەريانىدۇر. قەلبىمىزنىڭ مەلۇم يېرى كىشىنى شادلاندۇرىدىغان ئۆزگىرىشنى كۈتىدۇ. بىراق «سىزنىڭ ھەر كۈنىڭىزدە ئۆزگىرىش بارمۇ؟» دەپ سورىغاندا، سىز نېمىگە ئاساسەن ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بېرەلەيسىز؟

ئەگەر سىز ئۆزلۈكسىز تۈزدە ئۆسمەكچى بولسىڭىز، ئۆزگىرىش پىلانى تۈزۈشىڭىز كېرەك.

ئاكتىپلىق بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدا ئازراق ئۆزگىرىش پەيدا قىلسىڭىزلا بولىدۇ.

ئەگەر تۇرمۇشتىكى بىرلىق ئۆزگىرىش يوق كۈنلەر تۈپەيلى پەيدا بولغان بولسا، ئۇنداقتا تەدرىجىي ھالدا كىچىك جايلاردىن باشلاپ ئۆزگەرتىڭ ۋە تۇرمۇش ئادىتىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىڭ.

ناشتىنى ئۆزگەرتىڭ ياكى ناشتىنى بىركۈندىكى ئەڭ مول تاماقىا ئۆزگەرتىڭ.

ئىشلارنى ئالدىرىماي قىلىڭ، ۋاقىتنى قوغلاشماڭ. ساقال ـ بۇرۇتلىرىڭىزنى ئالدىرىماي ئېلىڭ، ئالدىرىماي يۇيۇنۇڭ.

ناشتىغا ئەڭ مول، ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرىدىغان يېمەكلىكلەرنى تەييارلاڭ.

پەقەت تاسىقىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىزلا تۇرمۇشىڭىزدا زور ئۆزگىرىش بولغاندەك بولىدۇ، تۇرمۇشىمۇ سىزگە يېڭىلىق تۇيغۇسى ئەكېلىدۇ. بىز نۇرغۇن ئىشلارنى بىر ـ بىردىن ئۆزگەرتىپ باقساق ۋە ئۇنى بىر خىل ئويۇن كۆرسىتىش دەپ قارىساق بولىدۇ.

ئويۇن كۆرسىتىش بولغانىكەن، قانچە راستتەك بولسا، شۇنچە قىزىقارلىق بولىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئويۇننى قانچىلىك دەرىجىدە راستتەك كۆرسىتەلەيدىغانلىقىمىزنى سىناپ باقساق بولىدۇ.

بۇلار شادلىققا تولغان كىشىلىك ھاياتنى باشلاشنىڭ ئاچقۇچى ئەمەسمۇ؟

ئويۇن كۆرسىتىش بولغاچقىلا ئۆزگىرىش بولىدۇ. سىز

تورمۇشىڭىزنى قانداق ئۆيناپ چىقماقچى؟ بۇ خىل ئويۇن كۆرسىتىشىنى تورمۇشىڭىزغا ماسلاشتۇرسىڭىز، كىشىلىك ھاياتىڭىز تېخىمۇ مەنىلىك بولىدۇ.

## بۇگۈننى يەرشارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش

سىز بۇگۈننى يەر شارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، يۈز بېرىش ئالدىدىكى مۇھىم ئۆزگىرىش ئىچىگە سىڭىپ كىرىشىڭىز كېرەك. سىز ئۆزىڭىزنى مەن ئۆلمەيمەن، پەقەت باشقا بىر پىلانىتقا بارىمەن، شۇنداقلا قاچان يەر شارىغا قايتىپ كېلىشىنى بىلمەيمەن دەپ قارىسىڭىز بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە سىز قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتىپ كېلەلمەيسىز.

گەرچە سىز نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بولسىڭىزمۇ، بىراق يەتمەكچى بولغان نىشانىڭ بىرى بولغان تۇرمۇش توغرىسىدا سىزدە ھېچقانداق ئۇقۇم بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، سىز بۇگۈننى ھازىرقى مەنزىرىنى قايتا كۆرەلمەيدىغان، ھازىرقى ئاۋازنى قايتا ئاڭلىيالمايدىغان ھالەتتە ئۆتكۈزۈشىڭىز كېرەك. سىز نېمىلەرنى قىلىشىڭىز كېرەك؟ كىم بىلەن كۆرۈشىسىز؟ مۇشۇنداق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىشتىن ئاۋۋال، سىز قانداق ئوي-خىياللاردا بولىسىز؟ سىز ھەرقانداق نەرسىنى قويۇپ قويسىڭىز بولىدۇ. سىز بارىدىغان جايدا ھەممىلا نەرسە بار، شۇڭا سىز ئەڭ مۇھىم دەپ قارىغان نەرسىنىلا ئالسىڭىز بولىدۇ.

سىز يەرشارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈننى قانداق ئۆتكۈزىسىز؟ كىم بىلەن بىرگە بولىسىز؟ سىلەر نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ ئەگەر سىز تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىڭىزدىن پايدىلانسىڭىزلا يەرشارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەھۋالىڭىزنى سۈرەتلەپ بېرەلەيسىز، شۇنداقلا نەزەر

دائىرىڭىز كېڭىيىپ، ھازىرقى ھالەتتىن ھالقىپ ئۆتكەن تۈرلۈك ھالىتىڭىزنى كۆرەلەيسىز.

سىز بۈگۈننى يەرشارىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۈنۈم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىسىڭىز، ئەمما ئۆلۈم قورقۇنچىڭىز بولمىسا — بۇ ئۇسۇل سىزگە ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشنى، ئۆزىڭىز ئەڭ رازى بولىدىغان ئىشنى ۋە سىزنىڭ شۇڭلاشقا ئۆزىڭىز بولۇشىڭىزدىكى سەۋەبلەرنى ئويلىتىدۇ.

سىزنىڭ بۈگۈنىڭىزنى نېمە ئەڭ بېيىتىدۇ؟

سىز مۇشۇنداق ئالاھىدە پەيتتە قانداق قىلسام بىر كۈننى مەنىلىك ئۆتكۈزگەن بولىمەن دەپ قارايسىز؟

«بىركۈننى بېيىتىدىغان ئامىللار» نى تېپىپ چىقىڭ.

«ئالاقىدار ئىشلار» نىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ كونكرېت ھەربىكەت پىلانىمۇ پەيدا بولىدۇ. سىز بۇ ھەربىكەت پىلانلىرىنى ۋاقىت جەدۋىلىگە ئورۇنلاشتۇرسىڭىزلا بولىدۇ. بۇ سىزنىڭ تۇرمۇش قىبلىنامىڭىزغا ئايلىنىدۇ.

بىز كىشىلىك ھاياتتىن ئىبارەت بۇ «ۋاقىت» توغرىسىدا تەپەككۇر قىلغاندا، ئىككى نۇقتىدىن پايدىلىنىمىز.

ئۇ بولسىمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىلىك ھاياتىمىزنى بېيىتىشنى ئۈمىد قىلىش، بۈگۈندىن ئىبارەت بۇ قىسقا ۋاقىتنى بېيىتىدىغان «كىشىلىك ھاياتنى بېيىتىش» ۋە «قىسقا ۋاقىتنى بېيىتىش» ئىبارەت ئىككى مەقسەتنى ئۈمىد قىلىش.

بىز ئۈمىدسىز بولماسلىقىمىز ۋە قاچان ئۆلۈشنى بىلمەيدىغانلىقىمىزنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا «كېيىن» ئۈچۈن «ھازىر» نى قۇربان قىلىپ، سەۋر قىلىپ ئۆتۈۋەرمەسلىكىمىز كېرەك.

بىزنىڭ كىشىلىك ھايات پىلانىمىز نىشاننى ۋە نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش ئوي ـ پىكرىنى ئاساس قىلىش كېرەك.

بىراق بىز «كىشىلىك ھايات مەقسىتى» مىزنى باشتىن ـ

ئاخىرى ئوبدان ئىگەللىشەمەيسىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۆگۈنمۇ ۋاقىت كەلكۈنىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ.

كىشىلىك ھايات نۇرغۇن بۆگۈنلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر.

شۇڭلاشقا، پەقەت «بۆگۈننى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزسەكلا» كىشىلىك ھاياتىمىزدا ئۆكۈنۈش بولمايدۇ.

شۇنداقلا پىلانىمۇ «بۆگۈننى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قىلىدىغان» ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ، يەنى تەپەككۇر بىز ئۇچۇن بۆگۈننى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك قىلىدىغان ئامىلنى ئىزدەش بولىدۇ.

ئەگەر بۇ ئامىللار ئېنىق بولسا، سىز مۇكەممەل ۋە ئۆزىڭىزگە خاس «كىشىلىك ھايات پىلانى»غا ئىگە بولغان بولىسىز.

## سىز «بۆگۈندە ياشاۋاتقان» ئادەممۇ؟

كۆپ قىسىم كىشىلەر «بۆگۈن»دە ياشىمايدۇ، ئەكسىچە يا «ئۆتمۈش»تە، يا «كەلگۈسى»دە ياشايدۇ. كىشىلىك ھاياتىمىزنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقىتلار بىكارغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، چۈنكى بىزنىڭ قەلبىمىز ئۆتمۈش ۋە كېلەچەك بىلەن توشۇپ كەتكەن. «بۆگۈندە ياشاش» دېگەن بۇ ئۇقۇم ئانچە تېرەن ئەمەس، ئەمما «بۆگۈندە ياشاش»نى ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا قىلالايدۇ.

كۆپ قىسىم كىشىلەر ئۆمرىنىڭ يىرىمىدىن كۆپرەكىنى بىھوشلۇقتا بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بولسا ناھايىتى ئاز دىققەت قىلىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەركۆپ قىسىم ۋاقىتنى نادانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىۋېتىدۇ.

سىز ئاشۇ ئاز ساندىكى ھوشى بار كىشىلەردىن بولماقچى بولسىڭىز، بۆگۈننى چىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى، شۇنداقلا سىزنىڭ پەقەت ھازىرغىلا ئىگە بولالايدىغانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھازىر ئىچىدە ياشاش ناھايىتى مۇھىم، چۈنكى سىز ھەقىقىي ئىگە بولالايدىغىنىڭىز پەقەت مۇشۇ ۋاقىتلا. مۇشۇ ۋاقىتتىن باشقا، سىزگە تاللاش ئىمكانىيىتى يوق. ھازىر ئىچىدە ياشاش سىزنىڭ ئۆتمۈشنى ياكى كېلەچەكنى ئىلكىڭىزگە ئالالايدىغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىش دېگەنلىكتۇر. پەقەت ھازىرلا! ئىشىنىڭ-ئىشەنمەڭ، سىزنىڭ ھاياتىڭىزدا پەقەت ھازىرلا بولىدۇ.

ھازىر ئىچىدە ياشاش كۆز ئالدىڭىزدىكى ھەممىدىن بەھرىمەن بولۇش دېگەنلىكتۇر. ھازىر ئىچىدە ياشايدىغان مۇنداق بىر سەنئەتكار بار، ئۇ ئۇنىۋېرسىتېتتىكى پروفېسسورلۇقىدىن ئىستىپا بېرىپ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىستىگەن. ئۇ خىزمەتسىز تۇرمۇشنىڭ قىيىن دېگۈدەك ھېچقانداق يېرىنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتقان، ئۇ پەقەت «ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتقان»، خالاس.

ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتۇش ئىجادىي پىكىرلىك ھاياتتىن بەھرىمەن بولۇشتا ناھايىتى مۇھىم. ئىجادىي پىكىر سۈپىتىنىڭ ياخشى-يامانلىقى سىزنىڭ ھازىرقى پائالىيەتكە پۈتۈنلەي كىرىشكەن-كىرىشمىگەنلىكىڭىزگە باغلىق. شۇنداق قىلغاندىلا سىز قىلىۋاتقان ئىشىڭىزدىن خۇشاللىق ۋە قانائەت تاپالايسىز. مەيلى سىز شاھمات ئويناۋاتقان ياكى دوستىڭىز بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان بولۇڭ ياكى كۈننىڭ ئولتۇرۇشىنى تاماشا قىلىۋاتقان بولۇڭ، ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتۇش ئەڭ گۈزەل تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولغانلىق بولۇپ، ئىجادىي پىكىرنى ھازىرغا سىڭدۈرسىڭىز، يېقىملىق بىرخىل تۇيغۇ ھاسىل بولىدۇ ۋە دۇنيادىكى ھەقىقىي تەڭكەشلىكنى ھېس قىلىسىز.

نۇرغۇن كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى پەيتتە ياشىمايدۇ، بۇ بىر كېلىشمەسلىك، چۈنكى ئۇلار مۇشۇ تۈپەيلى تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن پۇرسەتلەردىن مەھرۇم بولىدۇ. ھازىرقى پەيتتە ھەممىمىز دىققەت قىلالايمىز ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيمىز. خىزمەت ياكى دەم ئېلىشتا بولسۇن، ئىجادىي پىكىرگە ئېرىشىشتىكى مۇھىم بىر

ھالقا ھازىر ئىچىدە ياشاش، دىققەتنى قولىمىزدىكى ئىشقا مەركەزلەشتۈرۈشتۇر.

ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتۇشتا، سىز ئاۋۋال بىر قېتىمدا ئىككى ـ ئۈچ ئىشنى ئەمەس، بىرلا ئىشنى قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. قولىڭىزدا بىر ئىشنى قىلغاچ، كاللىڭىزدا باشقا بىر ئىشنى ئويلىسىڭىز، بۇ زىددىيەتلىك بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر سىز باشقا ئىشلارنى ئويلاپ تۇرسىڭىز، قولىڭىزدىكى ئىشنى ئوبدان قىلالمايسىز. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا بىز يولۇقىدىغان مەسىلىنىڭ بىرسى، ئاۋۋال بىر ئىشنى تاللاش، ئاندىن تاكى بۇ ئىش تاماملانغانغا قەدەر قول ئۈزمەسلىكتۇر. ھەرقانداق ئىش قىلىشقا ئەرزىسىلا، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن قىلىشىمىز كېرەك.

## ئۈمىدكە تولغان سەپەر ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىپ بېرىشنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ

بوش ۋاقىت ۋە دەم ئېلىش ۋاقتى ئۆزلۈكىدىن بىزگە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدۇ. تۇرمۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلىش ئۈچۈن بىز ئاز-تولا كۈچ سەرپ قىلىپ نەتىجە قازىنىشىمىز كېرەك. بەزىبىر ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلماقچى بولساق، شۇ ئىشنى جەزمەن قىلىشىمىز ۋە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

ئەڭ شاد ـ خۇرام ياشايدىغانلار تاپشقى ئامىللارنىڭ تەسىرىدە خۇشال بولىدىغانلار ئەمەس، ئۇلار ھەرىكەت قىلىدىغانلار ۋە ئىشنى پەيدا قىلىدىغانلاردۇر. دۇنيادىكى ئەمەلىيەتچىلەر قىلچە مەقسەتسىز لاغايلاپ يۈرمەيدۇ، شۇنداقلا تۇرمۇشنىڭ تەقدىرىنى تىزگىنلىشىنىمۇ خالىمايدۇ، ئۇلار نىشان تۈزۈپ، بۇلارنى تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. نىشان تۈزۈلگەندىن كېيىن، نىشانغا يۈزلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىنمۇ مۇھىم.

تۆۋەندىكى ئۈچ سوئالغا قاراڭ:

1. ئەڭ ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ۋاقىت قايسى؟ ھازىر.

2. يېقىندىن تۆرەلگەن ئادەم كىم؟ ئۇ، يەنى سىز.

3. قايسى مۇھىم ئىشلاردىن باشلاش كېرەك؟ ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىشلاردىن، يەنى ئۆزىڭىزگە پايدىلىق ئىشلاردىن.

سىز بۇ سوئاللارغا جاۋاب بەرگەندە، ھازىر ئىچىدە ياشاش ئىشەنچىڭىز كۈچىيىپ، پۈتۈن كۈچىڭىز ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگە ئەمەس، كۆز ئالدىڭىزدىكى ئىشقا قارىتىلغان بولىسىز. پۈتۈن كۈچىڭىزنى ھازىرغا قارىتىش ئارقىلىق ھەم ھازىردىن بەھرىمەن بولالايسىز، ھەم ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىگىمۇ ئېرىشەلەيسىز.

ھازىر ئىچىدە ياشاش دېگەنلىك، بىز تىرىشىش جەريانىدا ئېرىشىدىغان شادلىق ۋە قانائەت نىشانىمىزغا يېتىشنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ دېگەنلىكتۇر. ھەرقانچە مۇھىم نىشان بولغان تەقدىردىمۇ، نىشانغا يەتكەندە پەيدا بولىدىغان قانائەت ۋاقىتلىقلا بولىدۇ. يازغۇچى ستىۋېنسىن: «ئۈمىدكە تولغان سەپەر ئاخىرقى نۇقتىغا يېتىشنىمۇ بېسىپ چۈشىدۇ»، دېگەن. بىز ھازىرقى جەرياننى ئەڭ ئاخىرقى نىشانغا يېتىشنىڭ ۋاقتى قىلساق، كىشىلىك ھاياتىمىز پۈتۈنلەي ئۆزگىرىدۇ، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىز جارى بولىدۇ، مەغلۇبىيەت مۇۋەپپەقىيەتكە، يېڭىلىش يېڭىشكە، سەپەر ئاخىرقى نۇقتىغا ئايلىنىدۇ.

خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن ھوزۇرلىنىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش، ئەتراپىتىكى بارلىق نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش كېرەك — كەچكى قۇياشقا، مۇزىكىغا ۋە باشقا گۈزەل شەيئىلەرگە رەھمەت ئېيتىش كېرەك. ئادەتتىكى ئىشلارنى شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىماسلىق كېرەك، بولمىسا ئىجادىي پىكىرلىك ھاياتتىن مەھرۇم قالىمىز. ھەربىر قار ئۇچقۇنىنىڭ باشقا قار ئۇچقۇنىغا ئوخشاش بولمىغىنىغا ئوخشاش، ھەركۈندىكى

كـــەچكى قۇياشـــىنىڭ باشـــقا كۈندىكىگـــە ئوخشـــىمايدىغانلىقىنى ئېســـىمىزدە تۇتۇشـــىمىز كېـرەك. تېـزرەك ئـويغىنىپ قۇشـلارنىڭ سايرىغىنىنغا قۇلاق سېلىش، گۈللەرنىڭ ھىدىنى پۇراش، دەرەخلەرنى سىيلاپ كۆرۈپ بېقىش.

ھەرقانداق ئىشنى سىناپ باقىسىز، خۇشاللىنارلىق يېرىنى تاپالايسىز، مەيلى قانداق جايدا بولماڭ، ئىجابىي ئۆچۈرلارغا ئېرىشەلەيسىز. ھەر بىر كۈننى بىر ۋەزىپە بىلەن كۈتۈۋېلىش، ھەربىر كۈندىن ھۇزۇرلىنىشنى مەشىق قىلىش. باشقا خىياللاردا بولماي ھازىر ئىچىدە ياشاپ، ھاياتىڭىزدىكى ھەربىر دەقىقىدىن بەھرىمەن بولۇڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كىشىلىك ھاياتتا پەقەت ھازىر بولىدۇ، سىز بىر دەقىقىدە پەقەت بىر قېتىمدىلا تۇرالايسىز، سىز مەڭگۈ ھازىر ئىچىدە ياشايسىز.

## ئۆتمۈشنىڭ بويپىسنى يۈدۈۋالماڭ

چوڭ-كىچىك ھەممىلا ئىشتىن ئەندىشە قىلمۇەرمەڭ، چۈنكى بۇنداق كەيپىيات سىزنى كۆز ئالدىڭىزدىكى ۋاقىتتىن مەھرۇم قىلىدۇ. ئامېرىكا پېنسىلۋانىيە شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر تەتقىقاتىدا كۆرسىتىلىشىچە، ئامېرىكىدىكى كىشىلەرنىڭ تەخمىنەن 15% ى ھەركۈنى ئاز دېگەندە يېرىم كۈننى ئەندىشە قىلىپ ئۆتكۈزىدىكەن. ئەندىشە قىلىش خۇددى تارقىلىشچان كېسەلگە ئوخشايدۇ. تەتقىقاتچىلار ھازىر ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدە بىرسىدە ئەندىشە قىلىش تەپەيلى ئېغىر دەرىجىدىكى پسىخىك مەسىلە پەيدا بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، سىزنىڭ ئىككى دوستىڭىز پسىخىك جەھەتتە ناھايىتى ساغلام بولسا، ئۇنداقتا سىز ئۈچ ئادەمنىڭ ئىچىدىكى پسىخىكىدا مەسىلە بار ئادەم بولغان بولىسىز.

www.uyghurkitap.com

ئەندىشىگە توغرا قاراش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بۇددا ئەقىدىلىرى سىڭگەن ھېكايىگە قۇلاق سېلىڭ:

ئىككى راھىب بىر دەريانىڭ بويىغا كەلگەندە، چىرايلىق بىر قىزغا ئۇچراپتۇ. قىز يىپەك ئايىغىم ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ دەريادىن ئۆتەلمەي تۇرغانىكەن. راھىبنىڭ چوڭراقى گەپ قىلمايلا قىزنى كۆتۈرۈپ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ. ئاندىن كېيىن ئىككى راھىب يولىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ، بىراق كۈن بويى گەپ قىلىشماپتۇ. ئۇلار بارىدىغان يېرىگە بارغاندىن كېيىن، راھىبنىڭ كىچىكرەكى: «راھىبلار ئايال زاتىدىن نېرى تۇرۇشى كېرەك ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئەتىگەن نېمىشقا ھېلىقى ئايالنى كۆتۈرىسىز؟» دەپ سوراپتۇ، راھىبنىڭ چوڭراقى: «مەن ئايالنى قىرغاقتىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، سەن نېمىشقا ھازىرغىچە ئۇنى ئويلاپ يۈرۈيسەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بۇ ھېكايە تۇرمۇشتىكى مۇنداق بىر ھەقىقەتنى، يەنى ئۆتمۈشنىڭ بويىسىنى يۈدۈپ ياشىماسلىقنى تەكىتلەيدۇ. بىراق نۇرغۇن كىشىلەر مۇھىم نۇقتىنى ئۆتمۈشتىكى مەسىلىلەرگە قارىتىدۇ. بەزىلەر ئەندىشە قىلىشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ، ھېلى ئۇنىڭدىن، ھېلى بۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدۇ، ھەتتا چاتاق چىقمىسا قانداق قىلارمەن دەپمۇ ئەندىشە قىلىدۇ.

قورقۇنچ، ئەنسىزلىك ۋە خىجالەت ئەندىشىگە مۇناسىۋەتلىك كەيپىياتتۇر. قانداق ۋاقىت، قانداق خىزمەت سورۇنى ياكى قانداق جاي بولۇشتىن قەتئىينەزەر، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىر يەردە بولمايدۇ، ئويلايدىغىنىنىڭ كۆپىنچىسى ئەندىشە ۋە پۇشايمان بولىدۇ. كۆپ ساندىكى كىشىلەر تۈنۈگۈن يۈز بېرىپ بولغان ياكى ئەتە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىدۇ. شۇ تۈپەيلى مۇنداق بىر ھەقىقەت پەيدا بولغان: «ھاياتىڭىزدا سىز ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىككى كۈن تۈنۈگۈن ۋە ئەتىدۇر».

سىز جىق ۋاقتىڭىزنى ئەندىشە قىلىپ ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈندىن

مەھرۇم بولغانمۇ؟ سىز ھازىرقى پەيتتە پۈتۈنلەي بېرىلىپ ياشىيالامسىز؟ ئۈمىدسىزلىك، مەغلۇبىيەت ياكى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەندىشە قىلىش ئادەمنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ھەددىدىن زىيادە ئەندىشە قىلىش سىزدە بېسىم، باش ئاغرىقى ۋە باشقا مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەندىشە ئۆزىنىڭ پۈت-قولىنى ئۆزى چۈشەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىزنىڭ ئەندىشىگە سەرپ قىلغان زېھنىمىزنىڭ 96%ى بىز تىزگىنلىيەلمەيدىغان ئىشلارغا سەرپ بولىدۇ، يەنى بىزنىڭ 96% ئەندىشىمىز ئارتۇقچە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەھۋال ئۇنداق ئوسال بولۇپ كەتمەيدۇ، ئۆزىمىز تىزگىنلىيەلەيدىغان ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىشمۇ زېھنىنى ئىسراپ قىلغانلىق، بىز بۇ ئىشلارنى تىزگىنلىيەلەيدىغان تۇرۇقلۇق، يەنە نېمىشقا ئەندىشە قىلىمىز؟ ئوخشاشلا، ئۆزىمىز تىزگىنلىيەلمەيدىغان ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىشمۇ زېھنىنى ئىسراپ قىلغانلىق، چۈنكى بەرىبىر بۇ ئىشلارنى تىزگىنلىيەلمەيمىز. شۇنداق بولۇپ، بىزنىڭ ئەندىشىمىز 100% ئارتۇقچە بولۇپ چىقىدۇ.

يۈز بەرگەن ياكى كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلاردىن ئەندىشە قىلىش زېھنىنى ئىسراپ قىلغانلىق. ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر «ئالۋاستى قانۇنىيىتى» — «ئەگەر ئەھۋال يامانلاشماقچى بولسا يامانلىشىۋېرىدۇ»نى ئويلىيالايدۇ. قىيىنچىلىق كىشىلىك ھاياتتىكى باشتىن كەچۈرىدىغان ئىشتۇر. يۈكسەك ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەرمۇ ھەممىلا قىيىنچىلىقنى يېڭىشكە ئامالسىز، چۈنكى ئۇلار يېڭى قىيىنچىلىقنىڭ كەينى-كەينىدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بىراق ئۇلار يەنە بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىدىغان ئامالنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

بىر قىيىنچىلىق پەيدا بولغاندا، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر كىشىلەر ئامال تېپىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىدۇ، ئۇلار قىيىنچىلىقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلمىسە، بوسۇپ ئۆتىدۇ. ئەگەر بوسۇپ ئۆتەلمىسە، ئايلىنىپ ئۆتىدۇ. ئۇلاردا شۇنچە كۆپ تاللاش ئىمكانىيىتى بولغاچقا، قىيىنچىلىقتىن بىر ئازمۇ ئەندىشە قىلمايدۇ. مۇھىمى، ھازىر قىيىنچىلىقنىڭ بار-يوقلۇقى، ئەگەر قىيىنچىلىق بولمىسا ناھايىتى ياخشى؛ ئەگەر قىيىنچىلىق بولسا يەنىلا ياخشى. چۈنكى خىرىسقا يۈزلەنگىلى، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

مەسىلىدىن ئەندىشە قىلىش زېھنىڭىزنى ئىسراپ قىلىدۇ. ئەسلى بۇ زېھنىڭىزنى مەسىلە ھەل قىلىشقا قارىتىشقا تېگىشلىك ئىدى. سىز مۇنداق ئاكتىپ روھىي ھالەتتە بولسىڭىز بولىدۇ: قانداق ئىشقا دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر ئۇنى پۈتۈنلەي تىزگىنلىيەلەيمەن. ئەگەر سىز بۇنى ئۆزىڭىزنىڭ دەستۇرى قىلسىڭىز، كۆپ قىسىم ئەندىشە ئۆزلۈكىدىن يوقايدۇ.

## ئىجادىي پىكىرگە تولغان تۇرمۇش قانۇنىيەتلىك تۇرمۇشقا ۋەكىللىك قىلىدۇ

ئەگەر سىز تەقدىرىڭىزنى ئۆزگەرتىدىغان يېڭىلىق ياراتقۇچى بولماقچى بولۇپ، ئۆزگىچە ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان تۇرمۇشنى بەرپا قىلماقچى بولسىڭىز، ھەركۈنى دوستلىرىڭىز بىلەن ھاراق ئىچىدىغان، پو ئاتىدىغان تۇرمۇش ئادىتىنى دەرھال ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك. ئەلۋەتتە، بەزىدە ئاز-تولا ئىچكەچ پاراڭلاشسا بولىدۇ، ئەمما سىز بۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالسىڭىز، كىشىلىك ھاياتىڭىز بەكلا زېرىكىشلىك بولغان بولىدۇ.

ئەگەر سىز ھەقىقىي ئىجادىي پىكىر ئىگىسىگە ئايلانماقچى بولسىڭىز، قانۇنىيەتلىك تۇرمۇشقا تايىنىشىڭىز كېرەك. چۈشكۈن

تۇرمۇشتا ھەرگىزمۇ ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى ياراتقىلى بولمايدۇ.
تۇرمۇشى قانۇنىيەتسىز كىشىلەر ياخشى ئەسەرلەرنى قانداق يارىتىدۇ؟
بۇكىتاب سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت پەللىسىگە چىقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدىغان كىتاب.
ئىتالىيە كىيىم-كېچەك ساھەسىدىكى ئەرباب گېئورگى. يامەننى ئازساندىكى ئىجادىي پىكىر ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئەنە شۇنداق.
يامەننى ھەركۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە ئورنىدىن تۇرىدۇ، ھەرگىزمۇ كېچىچە تۈنىمەيدۇ. قەھۋە ئىچىپ، گېزىت كۆرۈپ، كاللىسى بىر ئاز سەگەكلەشكەندىن كېيىن، ئۇ ھويلىدا سۇ ئۈزۈپ كاللىسىنى رەسمىي سەگەكلەشتۈرىدۇ. ئاندىن ناشتىلىق يەيدۇ، ئارقىدىن خىزمەتنى باشلايدۇ.
ئويغانغاندا ناھايىتى ئەركىن-ئازادە بولغاچقا، ئۇ زېھنىنى خىزمىتىگە دەرھال قاراتالايدۇ. شىركەتتە خىزمەتچىلەرگە يىغىن ئاچقاندا، مۇھىم نۇقتىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېنىق پەرقلەندۈرەلەيدۇ ۋە ئاقىلانىلىق بىلەن قارار چىقىرالايدۇ، شۇڭا خىزمەت ئۈنۈمى ئاجايىپ ياخشى بولىدۇ.
يامەننى كەچلىكى مۇزىكىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇ ئىتالىيىدىكى داڭلىق ئەرباب بولغاچقا، باشقىلار ئۇنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلىپ تۇرىدۇ، ئەمما ئۇ ۋاقتىنى زىياپەتكە ئىسراپ قىلمايدۇ. ئۇ دائىم دېگۈدەك ئۆيىدە ۋاقتىنى ئەركىن-ئازادە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىگە تەييارلىنىدۇ.
يەكشەنبە كۈنىمۇ ئۇ ئالاھىدە سورۇنلارغا بارمايدۇ، پەقەت داچىسىغا بېرىپ، جىسمانىي كۈچىنى تولۇقلايدۇ، ئارام ئالىدۇ ۋە كېيىنكى ھەپتە خىزمەتنى تېخىمۇ جۇشقۇنلۇق بىلەن ئىشلەيدۇ.
يامەننىنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن ناھايىتى قانۇنىيەتلىك. ئۇنىڭ ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ناھايىتى ئوبدان جارى

www.uyghurkitap.com

قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى قانۇنىيەتلىك بولغانلىقىدا.

چۈنكى ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى مۇقىم رىتىمنى ساقلاش ئارقىلىق ئۆزىنى كۈچەيتكەن، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنى ئۆستۈرگەن.

ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇش قالايمىقان بولسا، ئادەم ئۆزىنى تىزگىنلىيەلمەيدۇ، سالامەتلىكمۇ ئەڭ ياخشى ھالەتتە تۇرالمايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئىقتىدارمۇ، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمۇ ئاجىزلايدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ھېچقانداق ئادەم قابىلىيەتنىڭ ئىجادىي پىكىر ئىگىسىگە ئايلىنالمايدۇ. گەرچە ئۇلار قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش كەچۈرسىمۇ، ئويۇن-تاماشىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئويۇن-تاماشا قىلغاندا ئۇلار ناھايىتى كىرىشىدۇ، شۇڭا ياخشى روھىي كەيپىيات ئۇلارنىڭ زېھنىنى خىزمەتكە تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرىدۇ.

قانۇنىيەتلىك تۇرمۇش كائىناتنىڭ رىتىمى بىلەن بىردەك بولۇپ، كىشىلىك ھاياتىمىزنى ئىلگىرىلىتىدۇ. چۈنكى كائىناتنىڭ رىتىمى بىلەن بىردەك بولغاندىلا، تۇرمۇشتا بولغان پۇزىتسىيىمۇ تەبىئىي، ئەركىن بولىدۇ. شۇنداقلا كىشىلەر بۇنىڭدىن ئوڭايلا يېڭى ئوي-پىكىرگە ئېرىشىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆز تەقدىرىمىزنى ئۆزىمىز يارىتىمىز.

## ھاياتلىق رىتىمىنى ئادەت ئارقىلىق ئۆزگەرتىش

قانداق ئۇسۇل قوللانغاندا ھاياتلىق رىتىمىنى ياخشى يۆنىلىشكە ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟

ئەگەر سىز ئۇلۇغ ئىجادىي پىكىر ئىگىسى بولماقچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن كۆڭلىڭىز خاتىرجەم بولۇشى كېرەك. ئەگەر كۆڭلىڭىز

خاتىرجەم بولمىسا، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كىشىلىك ھاياتنى بەرپا قىلالمايسىز.

«كۆڭۈلنى ئەمىن تاپتۇر» دەپ كونىلار ناھايىتى ياخشى ئېيتقان، بۇ گەپ كۆڭۈل خاتىرجەم بولغاندا، ھاياتمۇ چەكسىز ئۈزىرايدۇ دېگەندىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى كۆڭۈل خاتىرجەم بولغاندا، كىشىلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمۇ تولۇق جارى بولىدۇ.

ئەگەر كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىسا، ئوڭايلا بېسىم پەيدا بولىدۇ، بېسىم پەيدا بولغانىكەن، كۆڭۈلدە ئاز ـ تولا ئېزىش بولۇپ، شەيئىلەرنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ.

ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى چۈشىنىش، ئاندىن ئۇنى تۈزىتىدىغان پىلاننى تۈزۈش كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈنمۇ بىر يۈرۈش چارە تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك.

مەسىلەن: بەزىلەر «مەن دوست تۇتۇشقا ماھىر ئەمەس، ئادەتتىكى پاراڭلارغا گەپ كەتمەيدۇ، بىراق ئەستايىدىل تېمىلار توغرىسىدا گەپ بولغاندا پاراڭلىشالمايمەن. شۇڭا باشقىلار بىلەن يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورنىتالمايمەن» دەپ قارايدۇ.

بۇنداق كىشىلەر كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدىغان ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلىپ، شۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرسىلا بولىدۇ. دەرھال ياخشىلاش ناھايىتى تەس، شۇڭا تەدرىجىي ياخشىلاش كېرەك.

كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشتىكى ئەڭ مۇھىم نۇقتا، ئاۋۋال باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشتۇر.

«مەن جاھاندىكى ھەممىلا ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن!» دېگەن بۇ جۈملىنى ئۆيگە ياكى قوللانمىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يېرىگە چاپلاش ياكى يېزىپ قويۇش كېرەك. ئەگەر دوستلىرىم كۆرۈپ قالسا خىجىل بولىمەن دەپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭغا ئالغۇ لېنتىسىغا ئالسىڭىزمۇ بولىدۇ.

«مەن جاھاندىكى ھەممىلا ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ھەممىسى قالتىس، ئۇلاردا مەندە يوق ئارتۇقچىلىق بار. ئۇلار بىلەن چىقىشىپ ئۆتسەم، مېنىڭ دۇنيايىم تېخىمۇ كېڭىيىدۇ، شۇڭا مەن ئۇلارنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرىمەن ... » دېگەندەك گەپلەرنى ئۈنئالغۇ لېنتىسىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا ئاڭلىسىڭىز بولىدۇ.

بىراق لېنتىدىكى مەزمۇنلارنى بىر ھەپتە ئاڭلىسىڭىز ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالالايسىز ۋە ئوڭايلا زېرىكىسىز، شۇڭا لېنتا مەزمۇنىنى ئەڭ ياخشىسى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرۇڭ.

## قەلبتىكى ھۆكۈمران

ئىنسان قەلبىدە بارالمايدىغان يېرى، بىلمەيدىغان ۋە قىلالمايدىغان ئىشى يوق بىر خىل قۇدرەت بار. مەيلى كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن، مەيلى پەس ياكى ئېسىلزادە بولسۇن، ھەممىلا ئادەمدە بۇ خىل قۇدرەت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزلا پايدىلىنالايسىز، ھېچقانداق ئادەمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايسىز.

بۇ سىرلىق قۇدرەت قانداق قىلىپ ئادەمنى ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ؟ كۆپ سانلىق كىشىلەر نېمە ئۈچۈن پاسسىپ ئىدىيىنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ قۇدرەتنى خاتا يولغا باشلاپ، ئۇنىڭ پايدىسىنى كۆرمەكتە يوق، زىيىنىغا ئۇچرايدۇ؟

بارلىق تالانت ئىگىلىرى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان ئۇلۇغ رەھبەرلەر ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ.

قەتئىي ئىشەنچ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان كۈچ ـ قۇدرەتنى پەيدا قىلىدۇ. ئىشەنچ پاسسىپلىق بىلەن ساقلاش ئەمەس، بەلكى ئاكتىپلىق بىلەن ئاتىلىنىش دېگەنلىكتۇر.

ماشىنا قوزغالغاندىلا، ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئاكتىپ ئىشەنچ ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ. ئىشەنچ بولغاندىلا،

جاسارەتنى ئۇرغۇتۇپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن ئۆتكىلى، مەغلۇبىيەت ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، قورقۇنچنى يەڭگىلى بولىدۇ.

ھاياتلىقتىكى قىسمەت ـ كۈلپەتلەر كىشىلەرنى ئىشەنچ بىلەن قورقۇنچنىڭ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. كۆپ سانلىق كىشىلەر نېمە ئۈچۈن قورقۇنچنى تاللايدۇ؟ گەپ بىر ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسىدە. بىزدە ئۆزىمىز قارار قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

ئىشەنچنى تاللىغانلار ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، كۈندىلىك تورمۇشتا دادىل قارار چىقىرىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىشەنچىسىنى يېتىلدۈرىدۇ؛ قورقۇنچنى تاللىغانلار ئاكتىپ پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرمەيدۇ.

قەلبىڭىزدىكى ئاشۇ سىرلىق قۇدرەتنى تاپسىڭىز، ھەقىقىي ئۆزىڭىزنى بايقايسىز. ئاندىن كېيىن، سىز تېخىمۇ ياخشى بىر قاچا سەي قورۇشىڭىز، تېخىمۇ ياخشى بىر كىتاب يېزىپ چىقىشىڭىز ياكى تېخىمۇ ياخشى بىر نۇتۇق سۆزلىشىڭىز مۇمكىن. مۇۋەپپەقىيەت يولى دەرۋازىڭىزغا تۇتىشىدۇ، دۇنيا سىزنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ ۋە سىزنى مۇكاپاتلايدۇ. سىزنىڭ ئەسلىدە كىم بولۇشىڭىز، بۇرۇن قانچىلىك ئۈمىدسىز بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر مۇۋەپپەقىيەت سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

## چەكسىز ئەقىل ـ پاراسەتنى چۈشىنىش

ئىشەنچ سىزنىڭ كائىناتنىڭ قۇدرىتىگە بولغان بىر خىل چۈشىنىشىڭىز، ئىشىنىشىڭىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەنلىكىڭىزنىڭ ئىپادىسى. ئىشەنچ بولغان بىلەنلا بولمايدۇ، سىز يەنە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىڭىز كېرەك.

سىز ئىشەنچ توغرىلىق نۇرغۇن ئەقلىيە سۆزلەرنى ئاڭلىغان

ياكى ئوقۇغان. بىراق سىز بۇلاردىن كۆندىلىك تورمۇشىڭىزدا پايدىلانمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى مەڭگۈ ئۆزگەرتەلمەيسىز.

ئىشەنچ بىر خىل روھىي ھالەت. ئىشەنچنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىزگە پايدىسى بولۇشى ئۈچۈن سىز پاسسىپ ئىشەنچنى ئەمەس، ئاكتىپ ئىشەنچنى ھازىرلىشىڭىز كېرەك.

ئەگەر كائىنات قۇدرىتىنىڭ مەۋجۇدلۇقىغا قارىتا ئېنىق چۈشەنچە بولمىسا، ئاكتىپ ۋە ئىجادىي پىكىرگە ئىگە روھىي ھالەتنى يېتىلدۈرگىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن ئۇسۇللار ئارقىلىق بۇ خىل ئېتىقاد، كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش، ھېس قىلىش، ئويلاش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كارغا كېلىدىغان ئۇسۇللار.

بىز ئادەتتە بىرەر ئىشنى ئىشنىڭ نەتىجىسىنى كۆزىتىپ ياكى ئۆزىمىز ئىشىنىدىغان ئادەمنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ چۈشىنىمىز. بىز چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنى چۈشىنىش جەريانىدا ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى تاشقى دۇنيا ۋە ئىچكى دۇنيادىن ئىبارەت ئىككى يول ئارقىلىق كۆزىتىسىز.

## تاشقى دۇنيادىكى پاكىت

تەپەككۇر قىلىشنى خالايدىغانلار تاشقى دۇنيادىن چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنىڭ پاكىتلىرىنى پايقىيالايدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەر بىر جەرياننىڭ مۇئەييەن تەرتىپى بولىدۇ، قۇياش ھەرگىزمۇ بۈگۈنى شەرقتىن چىقسا، ئەتىسى غەربتىن چىقمايدۇ.

بىز ھەرقانداق جايدا ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىۋاتقان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى كۆرەلەيمىز، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان بۇ تەرتىپ كائىناتتا ئېنىق بىر نىشاننىڭ مەۋجۇتلىقىنى ۋە ئەقىل - پاراسەتكە تولغان ئىجرا قىلىش

پىلانىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مانا بۇ چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنىڭ پاكىتىدۇر.

سائىتىڭىزگە قاراپ بېقىڭ، ئەقىل - پاراسەتنىڭ قۇدرىتى بولمىغان بولسا، ئاشۇ سائەتمۇ پەيدا بولمىغان بولاتتى. سىز سائەتنى ئىنساننىڭ ئەقىل - پاراسىتى ئاپىرىدە قىلغانلىقىنى بىلىسىز، شۇنداقلا ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ بىرلا ئادەمدىن كەلمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلىسىز. ئىنساننىڭ ئەقىل - پاراسىتى كائىناتتىكى تەبىئىي تەرتىپنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر خىل قورال، خالاس.

سىز سائىتىڭىزنى چۇۋۇپ، ھەممە زاپچاسلىرىنى بىر قۇتىغا سېلىپ، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرسىڭىز، بىر مىلىيون يىل ئۆتسىمۇ بۇ زاپچاسلار ئۆزلۈكىدىن بىرىكمەيدۇ. سائەتنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن ئېنىق بىر پىلان بولۇشى ۋە ئېھتىياتچان، تەشكىللىك ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك. سائەتكە ئوخشاشلا، چەكسىز ئەقىل - پاراسەت بولمىسا، كائىنات مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

## ئىچكى دۇنيادىكى ئەقىل - پاراسەت

سىز نۇرغۇن سەزگۇ — تېگىش سەزگۈسى، كۆرۈش سەزگۈسى، تەم سەزگۈسى، پۇراش سەزگۈسىگە تايىنىپ تاشقى دۇنياغا باھا بېرىسىز، بىراق سىزدە يەنە ھەقىقىي دۇنيانى بىلىدىغان باشقا بىر خىل قابىلىيەتمۇ بار، يەنى سىزنىڭ ئىدىيىڭىز بىلەن باشقىلارنىڭ ئىدىيىسى بىرلەشسە، ئېڭىڭىز قوزغىلىپ، چەكسىز ئەقىل - پاراسەت پەيدا بولىدۇ.

ئىسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىشەنچ بىر خىل روھىي ھالەت، ئۇ قەلبىڭىزدىكى ھالەتنى تەڭشەپ، چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن شەكىللىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشەنچتىن پايدىلىنىش چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنىڭ قۇدرىتىنى ئېنىق نىشانىمىزغا ماسلاشتۇرغانلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئىشەنچ «مۆجىزە» نىڭ گېنېراتورى، شۇنداقلا ئوي - پىكرىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى ئەسلى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ.

شەك - شۈبھىسىزكى، سىز ئەركىمىزنى ۋە ئىرادىمىزنى ۋاقتىنچە ئەركىن قويۇۋېتەلەيسىز ۋە كۆڭۈل - كۆكسىمىزنى كەڭ ئېچىپ، چەكسىز ئەقىل - پاراسەت يولىدا ئۆزىمىزگە توساق پەيدا قىلماسلىقىمىز كېرەك. قۇياش نۇرى ئۈچ قىرلىق پرىزمىدىن ئۆتكەندە تۈرلۈك نۇرلارنى چىقىرىدۇ.

پاسسىپ ئوي - پىكىرلەر، مەسىلەن: مۆجىزە قازانغىلى بولمايدۇ، قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ، مۆجىزە يولىدا توسالغۇ قاتمۇقات، بەزى ئىشلاردا مۆجىزە قازانغىلى بولمايدۇ دېگەندەك ئوي - پىكىرلەر ئىدىيىدىكى كەمتۈكلۈك ھېسابلىنىدۇ. بۇ كەمتۈكلەر چەكسىز ئەقىل - پاراسەتنىڭ قۇدرىتىنى بۇرمىلايدۇ ۋە چېچىۋېتەلەيدۇ. ئەگەر سىز ئىجادىي ئوي - پىكىر يوق بولۇش تۈپەيلى چەكسىز ئەقىل - پاراسەت دەرۋازىسىنى تاقىۋەتسىڭىز، ئۇنىڭ پايدىسىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولالمايسىز.

سىز ئۆزىڭىزگە تۇيۇقسىزدىن ، مېنىڭ ئىشەنچەم بار، شۇنداقلا دەرھال ياخشى نەتىجە پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن دەپ ئېيتالمايسىز.

ئىشەنچ يېتىلدۈرگەندىن كېيىن ئاندىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل روھىي ھالەت ، ھەركۈنى بىر سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئۆزىڭىز بىلەن چەكسىز ئەقىل - پاراسەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىڭ .

تۇرمۇشىڭىزدىكى چەكسىز ئەقىل - پاراسەت ئۇسۇلىنى تەدبىقلاڭ.

ئالدى بىلەن قەلبىڭىزدىكى تۈرلۈك پاسسىپ ئىدىيىلەرنى— كەمتۈكلۈك، قورقۇنچ ، كېسەللىك ۋە ماسلاشماسلىقنى تۈگىتىڭ.

ئارقىدىن تۆۋەندىكى ئاددىي ئۈچ باسقۇچ ئارقىلىق ئىشەنچىڭىزنى تۇرغۇزۇڭ:

1. نىشانغا يېتىشكە بولغان ئىنىق ئارزۇيىڭىزنى ئىپادىلەڭ ۋە بۇ ئىنىق ئارزۇيىڭىزنى بىر ياكى بىر قانچە تۇرلۇك ئاساسىي ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۇرۇڭ.

2. ئارزۇيىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىنىق ۋە تەپسىلىي پىلان تۇزۇڭ.

3. پىلاننى ئىجرا قىلىشقا باشلاڭ ۋە بارلىق ئاڭلىق تىرىشچانلىقىڭىزنى قالقان قىلىڭ. سىز چەكسىز ئەقىل-پاراسەتكە بولغان ئىشەنچنى ھەرىكەت ئاساسى قىلغانسېرى، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن قوبۇل قىلىسىز. شۇنداقلا بۇ قۇدرەتنىڭ ھاياتىڭىزغا بولغان تەسىرىنى ئوبدان كۆزىتەلەيسىز. ئاخىرىدا بۇ خىل قۇدرەتنىڭ تۈرتكىسىدە سىز ئىشەنچنى ئۇنداقلا ھەرىكەت ئاساسى قىلالايسىز، ئەجىبا، بۇ مۆكەممەل بىر ئايلانما جەريان ئەمەسمىكەن؟

سىز بىرەر مەسىلىگە ياكى گۇمانغا دۇچ كەلگەندە، ئىشەنچنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى قىلىسىڭىز بولىدۇ. سىزنىڭ ئىشەنچنى ئاساس قىلغان ھەرىكەت ئۇسلۇبىڭىز سىزنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى جەزمەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەندۇرۇۋېتىدۇ.

ئىدرىكىڭىزنىڭ يوشۇرۇن ئاڭدىن پەيدا بولىدىغان كۆز قاراش، ئالدىن بىلىش ۋە بىۋاسىتە سېزىمگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئەركىن-ئازادە قويۇۋېتىڭ. سىز يوشۇرۇن ئاڭدىن كەلگەن بۇ ئەقىل-پاراسەتلەردىن مەسىلىنى ھەل قىلىش يولىنى تېپىشىڭىز كېرەك.

سىز بىرەر پىلاننى تۈزگەندىن كېيىن، دەرھال ئىجرا قىلىڭ، ھەرگىزمۇ ئىككىلەنمەڭ، مۇنازىرە قىلماڭ، گۇمانلانماڭ، ئەنسىرىمەڭ ۋە غەم يېمەڭ، بىۋاسىتە قىلىسىڭىزلا بولىدۇ!

پىلانىڭىزنى ئىجرا قىلىش نەتىجىسى بىلەن كۈتكىنىڭىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىردەك بولمىغاندا، ئىشەنچ تۇرغۇزۇش جەريانىنى يەنە بىر تەكرارلىسىڭىز بولىدۇ. كۆڭۈل ـ كۆكسىمىزنى كەڭ تۇتۇپ ئىشەنچ تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئىشەنچتىن پايدىلانغىچە ۋاقىت كېرەك.

ئەگەر سىزنىڭ ئىشەنچنى ئاساس قىلغان هالدا تۈزگەن پىلانىڭىز باشقىلارنىڭ هەمكارلىقىغا موهتاج بولسا، هەمكارلاشقۇچىنى تېپىشىڭىز كېرەك. چۈنكى ئۇلار سىزنى ئۆزى ئىزدەپ كەلمەيدۇ. سىز چوقۇم ئىشەنچىڭىزنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشىڭىز كېرەك.

## ئارزۇ ـ ئىستەك رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ

ئەمەلىيەتتە كۆپ قىسىم توسالغۇلارنى ئۆزىمىز پەيدا قىلغان. چۈنكى بەزى ئىشلارنى قىلالمايمەن دەپ قارىغاچقا، ئۆزىمىزنى بۇ نۇقتىغا ئىشەندۈرگەن.

ئالىملار مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: ئۇلار ئەينەك تاختا بىلەن ۋەھشىي ئاكۇلا ۋە بىر تال بېلىقنى ئايرىۋەتكەن. دەسلەپتە ئاكۇلا ئەينەكتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، يەنە بىر بېلىقنى تۇتۇپ يېمەكچى بولغان. بىراق بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاكۇلا ۋاز كەچكەن. ئالىملار ئەينەك تاختىنى ئېلىۋەتكەندە، بۇ ئىككى بېلىق ئۆزئارا بىر ـ بىرىنىڭ تەۋەلىكىدە ئەركىن ئۈزۈپ يۈرۈشكەن، بىر ـ بىرىگە هوجۇم قىلمىغان.

بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش ئادەتلەنگەن مەخلۇق. شۇڭلاشقا، ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيەت دائىرىسىنى پات ـ پات قايتىدىن بېكىتىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۆسۈش، يېتىلىش ۋە تەرەققىي قىلىشقا ئەگىشىپ، سىز ئىلگىرى قىلالمايمەن دەپ قارىغان ئىشلارنى هازىر قىلالايدىغانلىقىڭىزنى بايقايسىز. شۇڭا، ئاز ـ تولا خام خىيالمۇ قىلىپ بېقىڭ، ئەگەر سىز قىلىمەن دەپ ئويلىغان هەرقانداق

ئىشنى قىلالىسىز، نېمىلەرنى قىلىسىز؟ سىز پەقەت ئېنىق، مۇۋاپىق نىشان ۋە نىشانغا يەتكۈزىدىغان پىلان تۈزسىڭىزلا، ئارزۇ-ئىستىكىڭىزنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقايسىز.

مۇۋەپپەقىيەت ئىلمىدە سىزنىڭ ئادەتنى ئىزگىنىلەش ئارقىلىق ئىدىيىڭىزنى ۋە ھەرىكىتىڭىزنى ئىزگىنلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. سىزنىڭ ئىدىيىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىز بىئولوگىيىلىك ھادىسىنىڭ ئۆزى بولغان سىزنىڭ بىر قىسمىڭىزغا ئايلىنىدۇ، بۇ خۇددى پلوتونىنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسىنىڭ تەبىئەت ھادىسىنىڭ بىر قىسمى بولغىنىغا ئوخشايدۇ. ئەگەر سىز ئاكتىپ ئادەتنى يېتىلدۈرسىڭىز، ئۇ تىككەن ئۇرۇقمۇ ئاكتىپ بولىدۇ. ئەگەر سىز پاسسىپ ئادەتنى يېتىلدۈرسىڭىز، ئۇ تىككەن ئۇرۇقمۇ پاسسىپ بولىدۇ، مانا بۇ سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن ئادەتنى ئىزگىنلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى.

ئادەت سىزنىڭ تەكرار ھەرىكىتىڭىز جەريانىدا سىزنىڭ تەبىئىي قابىلىيىتىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ. ئەگەر سىز تەكرار مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئىدىيىڭىزدە مەلۇم بىر كۆز قاراشنى بەرپا قىلسىڭىز، كائىنات ئادەتنىڭ قۇدرىتى بۇخىل تەپەككۇر ئەندىزىسىنى قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى مەڭگۈ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان قىلىدۇ. فىزىكىدىكى ئېنېرتسىيە تەسىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھادىسە بولىدۇ.

## ئۆزىڭىزنىڭ چوڭلارغا خاس روھىي ھالىتىڭىزنى ئۆزگەرتىڭ

بىز بۇ دۇنياغا تۆرەلگەنىكەنمىز، ھەربىرىمىزدە تۇغۇلۇشىمىزدىنلا مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولىدۇ. بىز بالا ۋاقتىمىزدا دۇنيانى تۈرلۈك نۇقتىدىن كۆزىتەلەيمىز. چۈنكى بىز ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر شەيئىگە دىققەت قىلىمىز، شۇنداقلا

تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىش قابىلىيىتىمىزمۇ يامان ئەمەس بولىدۇ.

كۆپ ساندىكى كىشىلەر بالىلىق دەۋرىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىدىن باشلاپ بۇ قابىلىيەتلەردىن تەدرىجىي مەھرۇم بولۇشقا باشلايدۇ. جەمئىيەت ۋە ئاتا ـ ئانا بىزگە نىمىنى كۈتىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا تەسىرگە، چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. كىشىلىك ئالاقىدە باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن بىز يەنە نىمە ئۈچۈن دەپ سوراپ ئولتۇرمايمىز، ئەقىل ـ پاراسىتىمىزنىڭ ئېلاستىكلىقى يوقاپ، چىن قەلبىمىزدىن كۆڭۈل بۆلۈشمۇ توختايدۇ.

بۇنىڭ نەتىجىسىدە تەپەككۇرىمىز قۇرۇلمىلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. قۇرۇلمىلاشقان ئوي ـ پىكىر ۋە قىممەت قارىشى خاتا، بىر تەرەپلىمە ۋە قالاق بىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇرمىلانغان بۇ بىلىشلەر ئىجادچانلىق قابىلىيىتىمىزنىڭ جارى بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ، شۇنداقلا بىزمۇ كىشىلىك ھاياتتىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولالمايمىز.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ۋە ساغلام پوزىتسىيىنى ساقلاش ـ ساقلىماسلىق بىر ئىشنىڭ ئىككى تەرىپىدۇر. ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ھەرقانداق ساھەدە سەۋرچانلىق بىلەن كۆرەش قىلىپ غەلىبە قىلىدۇ، چۈنكى باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىدىن ئۇلار ناھايىتى ياخشى پۇرسەتنى بايقىيالايدۇ.

پسىخىكا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بايقىشىچە ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر بىلەن ئىجادچانلىق قابىلىيىتى كەمچىل كىشىلەرنىڭ ئاساسلىق پەرقى، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر مەندە ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بار دەپ قارايدۇ، ئىجادچانلىق قابىلىيىتى كەمچىل كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى ھەددىدىن زىيادە قۇرۇلمىلاشقان ۋە فورمۇلالاشقان بولغاچقا، خاتا ھالدا مەندە ئىجادچانلىق قابىلىيىتى يوق دەپ قارايدۇ.

ساغلام پوزىتسىيىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھازىرقى ھالەتكە ئۆزلۈكسىز جەڭ ئېلان قىلىش ۋە خاتا سەزگۈ، خام خىياللارغا تولغان تاشقى دۇنيانىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر كىشىلەر ئۆزىنىڭ چىڭ ئەقىدىسىنى ھوشيارلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تۇرمىسا، ئادەت قىلىپ يېتىلدۈرۈۋالسا، ئۇلار دۇنيانى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىشى مۇمكىن. ساغلام بولمىغان ئۇسۇل يېنىك بولغاندا ئۈمىدسىزلىكنى، ئېغىر بولغاندا روھىي كېسەللىكنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

بەزىلەر ئادەمنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئەقىدىسى شۇ ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دېگەن بۇ كۆزقاراشتىن ناھايىتى بىئارام بولىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش كىشىلىك ھاياتتىكى رىقابەتنى يېڭەلمەسلىكىگە باھانە تاپالماسلىق. بىراق مۇناسىۋەتلىك كۆزىتىشكە ئاساسلانغاندا، ئۆزگىرىشنى قەتئىي رەت قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ ئوي-پىكرىدە خاتالىق بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىشنى پەقەت خالىمايدىغان كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئوي-پىكرىنى ئۆزگەرتىپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىن قانائەت ۋە خۇشاللىق تېپىشقا ئەڭ موھتاج ئىكەن.

بىزنىڭ يېڭى ھەرىكەت ۋە يېڭى پوزىتسىيىنى ئۆگىنىشىمىزگە بىردىنبىر توسالغۇ بولىدىغىنى ئۆزىمىز. بەزىلەر يېشىنى باھانە قىلىدۇ، يېشىنى باھانە قىلىدىغانلار ئەمەلىيەتتە تەپەككۇرى ئاللىبۇرۇنلا قاتماللىشىپ قالغانلاردۇر.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارغا توسالغۇ بولىدىغىنى، ئۇلارنى ئۆزگەرگىلى قويمايدىغىنى ئۇلارنىڭ يېشى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشكە قارشى تۇرىدىغان روھىي ھالىتىدۇر. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىنمۇ تەپەككۇرنىڭ ئېلاستىكلىقىنى ساقلىيالايدىغانلار ياش چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ ۋە يېڭى قىممەت قارىشى، يېڭى ھەرىكەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

# يېڭى شەيئىلەرنى تۇرمۇشىڭىزغا قايتۇرۇپ كېلىڭ

ھاياتلىق شىددەتلىك بىر دەرياغا ئوخشايدۇ، كىشىلىك ھاياتتا ئۆرۈلۈپ-سوقۇلۇشتىن خالىي بولغىلى بولمايدۇ، بىز چوقۇم ئېقىنغا ئەگىشىپ مېڭىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئېقىنغا ئەگىشىپ مېڭىش دېگەنلىك تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىشنى بىلىش دېگەنلىك. بەك تولا كۆتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر ئەڭ مۇكەممەل پىلانىمىزنى بەرپات قىلىۋېتىدۇ.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە كىشىلەر ئېقىنغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ئۇلار ئېقىنغا ئەگىشىپ مېڭىش جەريانىدا ھازىرقى پەيتنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشىنىدۇ.

كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە، ھاياتىي كۈچكە ئىگە كىشىلەر ھازىرقى پەيتتە ياشايدۇ؛ ئوخشاشلا، كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغىنى، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشالايدۇ.

داڭلىق پسىخولوگ ماسلو كىشىلەرنىڭ قېرىغاندا تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئالاھىدىلىكتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممە بالىلار دېگۈدەك بىر دەمدىلا بىرەر كۇپلېت ناخشا ياكى شېئىر يېزىپ چىقالايدۇ، بىرەر ئۇسسۇلنى ئوينىيالايدۇ، بىرەر رەسىمنى سىزالايدۇ، بىرەر ھېكايىنى توقۇپ چىقىرالايدۇ ياكى بىرەر ئويۇننى ئوينىيالايدۇ، بىراق ئۇلار بۇنى ئالدىن پىلانلىمايدۇ ياكى ئويلىمايدۇ».

ماسلونىڭ دېگىنىگە ئاساسلانغاندا، قۇرامىغا يەتكەن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خىل ئىقتىداردىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. بىراق ماسلو بىر قىسىم قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئىقتىداردىن

مەھرۇم بولمىغانلىقىنى، مەھرۇم بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا تېزلا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ كىشىلەر دەل ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلاردۇر. ئۆزلۈكنى تاماملاش پىسخىك ساغلاملىقنىڭ يۈكسەك بىر پەللىسى، ماسلو بۇ پەللىگە يېتەلەيدىغانلارنى ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغانلار دەپ ئاتىغان. ماسلو ئۆزلۈكنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلارنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىدىغانلىقىنى، ھەممىلا يەردە ئۆزىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى ۋە پىششىپ يېتىلىش جەريانىغا قەدەم تاشلىغاندا يۈكسەك ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بايقىغان.

تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىش ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بىلەن ياشاش دېگەنلىكتۇر. ئىجادچانلىق قابىلىيىتى بىلەن ياشايدىغانلار چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، ئۇلار ھەقىقىي تۇيغۇسىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ، ئۇلار كىچىك بالىلارغا ئوخشاش ئويناپ كۆڭۈل ئاچىدۇ، ئەخمەق بولۇۋالىدۇ. ئۇلار يەنى ئەركىن-ئازادە ھالدا ئەسلىدە قىلىش خىيالى بولمىغان ئىشلارنى قىلىش قارارىغا كېلەلەيدۇ.

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا نۇتۇق سۆزلىيەلەيدۇ، ئۇلار سۆزلىگەندە چوڭ ئادەمگە ئەمەس، كىچىك بالىغىلا ئوخشايدۇ.

سىز تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشالامسىز؟ سىز كۈندىلىك پىلانىڭىزنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرامسىز؟ سىز دائىم پىلاننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئوخشىمايدىغان ئىشلارنى قىلامسىز-يوق؟ بىز تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلاشقان ھالدا بىرەر ئىشنى قىلغان چېغىمىزدا، كۈتۈلمىگەن، قىزىقارلىق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بىز بۇنىڭدىن بەزى پايدىلىق تەجرىبىلەرگە ئېرىشىمىز. ئەگەر پىلان بىلەن چەكلىنىپ قالساق، ئۇنداق تەجرىبىلەرگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باللارنى كۆزىتىپ، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلاشمىغان ئوي - پىكىرلىرىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭ. ئەگەر سىز كىچىك بالىغا ئوخشاش بولالىسىڭىز، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشالايسىز. سىز تېز، كەسكىن بولۇشىڭىز كېرەك، چۈنكى مەلۇم بىر ئىشنى ياخشى كۆرگەچكە دەرھال سىناپ كۆرەلەيسىز.

تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىشنىڭ يەنە بىر مەنبەسى تۇرمۇشىڭىزنى تېخىمۇ كۆپ پۇرسەتكە ئىگە قىلىش دېگەنلىكتۇر. سىزنىڭ دۇنيايىڭىزدا پۇرسەت قانچە كۆپ بولسا، ئىجادىي ئوي - پىكىرىڭىزمۇ شۇنچە قىزىقارلىق بولىدۇ. تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەر تۇرمۇشىڭىزغا كىرسۇن، ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇڭ، ئۇلارغا ئۆزىڭىزنى چۈشەندۈرۈڭ. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى سىزنىڭكىگە ئوخشاش بولمىغاندا، سىز بەزىبىر يېڭى نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز مۇمكىن.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ماسلىشىش، ھەركۈنى ئالدىن پىلانلىمىغان بىر ئىشنى قىلىش. خۇشىڭىز كەلسە، يېڭى، قىزىقارلىق ئىشنى قىلىش. بۇ ئىش كىچىك بولسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: باشقا يولدىن مېڭىش، باشقا ئاشخانىدا تاماق يېيىش ياكى يېڭىچە بىرخىل كۆڭۈل ئېچىش دېگەندەك. يېڭى ئىشلارنى پائالىيىتىڭىزگە ئېلىپ كىرسىڭىز، تۇرمۇشىڭىزدىكى شادلىق ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.

## «خام خىيال» يوشۇرۇن ئاڭ ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىدۇ

ئازراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ تەپەككۇرىڭىزنى ئەركىن قانات يايدۇرۇپ، مەلۇم بىر جايدا ياكى مەلۇم بىر ۋاقىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى خىيال قىلىڭ. كۈندۈزى قانغىچە خىيال دېگىنىڭىزغا چۈكۈڭ، بۇنداق قىلىشتا ھېچقانداق مەقسەت يوق،

پەقەت كۆڭلىڭىزنى شادلىقتىن بەھرىمەن قىلىش، خالاس.

سىز ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ خام خىيال قىلسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن: ئادەملەر ئازراق باردىغان تىنچ جايلاردا ماڭغاچ خىيال سۈرسىڭىز ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشىڭىزدىكى بوش ۋاقىتلاردا خام خىيال قىلسىڭىز بولىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي سىزنىڭ تاللىشىڭىزغا باغلىق. ئەگەر خام خىيال قىلسىڭىز دەسلىپىدە سىزگە تەس كەلسە قايتا سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سىز ئۆزىڭىزنى يىراق جايلاردا سەيلە قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا ئېلىپ كېلىسىز، تۈرلۈك تەسەۋۋۇرلار قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن بىر-بىرلەپ چىقىشقا باشلايدۇ.

سىز خام خىيال قىلسىڭىز نېمىلەرنى ئويلايسىز؟ سىزگە كەلگۈسىدە بەزى تونۇش كىشىلەرنىڭ بەزى ئالاھىدە مۇھىتتا سىزگە ھەمراھ بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلامسىز ياكى سىز ئۆتمۈشكە قايتىپ، ھاياتىڭىزدىكى ئەڭ گۈزەل چاغلارنى ئەسلەمسىز؟ سىز بۇلاردىن يەنە قانداق تۇيغۇغا كېلىسىز؟

ھەركۈنى ئامال قىلىپ خام خىيال قىلىڭ، خىزمەت ئارىلىقىدىكى بوش بىر قانچە مىنۇت بولسىمۇ بولىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئىجادىي ئوي-پىكىر يارىتىش قابىلىيىتى سىزنىڭ يوشۇرۇن ئاڭغا تايىنىپ ئىش قىلىش-قىلماسلىقىڭىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خام خىيال قىلىش ئارقىلىق سىز خىيال قىلغان ئىشىڭىزنى قىلالايسىز. خام خىيال قىلىش قىلچە ئەھمىيەتسىزمۇ ئەمەس، سىز تەسەۋۋۇر قىلغان ئىشتا كېلەچەكنىڭ ئۇرۇقى بولىدۇ.

## ئەترابىڭىزدىكى دۇنيانى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىش

ئىجادىي پىكىرلىكلەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار ئەترابىدىكى دۇنيانى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا،

www.uyghurkitap.com

ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر تۇرمۇشتا نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى كۆرەلەيدۇ. بىراق ئىجادچانلىق قابىلىيىتى يوق كىشىلەر كۆڭۈل قويۇپ كۆزەتمىگەچكە، پۇرسەت يوق دەپ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىدۇ.

مۇكەممەل كىشىلىك ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەقىقىي كۆڭۈل قويۇشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. ساغلام پوزىتسىيىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن سىز يېڭى شەيئىلەرگە كۆڭۈل قويىدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىز ۋە تونۇش شەيئىلەرنى يېڭى نۇقتىدىن كۆزىتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز جاھىل بولسىڭىز، ئۆي - پىكىرىڭىزنى تىرىشىپ، دادىللىق بىلەن ئۆزگەرتىشىڭىز كېرەك، شۇندىلا سىز يېڭى ئۇسۇل ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى ئىجادىي پىكىرلەرنى ھېس قىلالايسىز.

بەزىلەر ئۇبدان ئويلانمايلا ئىجادىي ئوي - پىكىر ساۋاتتىن كېلىدۇ دەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈپ كېتىپ، تۇمۇشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بىراق ئۇلار ئىزدىگەن جاۋاب كۆز ئالدىدىلا بولۇپ، بەزى ئاساسىي پرىنسىپلارغا تايانسىلا بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ساۋات ھەرگىزمۇ ئادەتتىكىچە نەرسە ئەمەس.

تۇرمۇشتا ھەممىلا ئىش چۈشىنىش دائىرىسىدە بولىدۇ، نېمىنى كۆرسىڭىز، شۇنىڭغا ئېرىشىسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ كۆڭۈل قويۇش دەرىجىسىگە باھا بەرسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر سىز كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولۇپ تۇرغان نەرسىلەرنى پۈتۈنلەي كۆرەلمىگەن بولسىڭىز، ئەتراپىڭىزدىكى دۇنياغا تېخىمۇ بەكرەك كۆڭۈل قويسىڭىز بولىدۇ.

ھازىرقى دۇنيا مىسلىسىز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، سىز ئوي - پىكىرىڭىزدە ۋە قىممەت قارىشىڭىزدا چىڭ تۇرۇۋالمىسىڭىزلا، ھازىرقى جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلىشالمايسىز. ھەرگىزمۇ تەرسا ئادەم بولماڭ بولمىسا كۈنسېرى ئۆزگىرىۋاتقان

بۇدۇنيادا كۆن ئالمىغىنىمىز تەس بولىدۇ.

بەزىلەر ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى، ئېتىقادىنى ياكى پىكىرىنى ئۆزگەرتكەنلىك ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە پاكىت دەل ئەكسىچە. ئۆزگىرىشنى خالايدىغان ۋە ھاياتلىقتا ئۆسۈشنى ئىستەيدىغانلار ئەڭ قەيسەر كىشىلەردۇر، چۈنكى ئۇلاردا ماسلىشىش قابىلىيىتى بولىدۇ. ئەخمەقلەر ۋە ئۆلۈكلەرلا ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى ۋە ئوي - پىكرىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بىراق بۇنىڭمۇ ئامالى بار، خۇددى ئالدىدا ئېيتىلغاندەك، قانداق ئادەم بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر سىز ئۆزگىرەلەيسىز.

بۇ يەردە تەكىتلىمەكچى بولغىنىمىز شۇكى، سىزنىڭ ئىنكاسىڭىز قانچە ئاستا بولسا، تېز ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتقان بۇ دۇنيا بىلەن شۇنچە چىقىشالمايسىز. ئوي - پىكىرنى ئۆزگەرتىشكە ئەڭ موھتاج كىشىلەر ئۆزگىرىشنى ئەڭ چەتكە قاقىدىغان كىشىلەردۇر. بىراق ئىجادچانلىق قابىلىيىتىگە ئىگە كىشىلەر ئۇچۇن ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلار ئۆزگىرىشتىن يېڭىلىق ھېس قىلىدۇ، ئۇلار دائىم ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ ۋە زۆرۈر تېپىلسا مۇۋاپىق ئۆزگەرتىدۇ.

ئەمدى بىز سىزنىڭ ھازىرقى ئەقىدىڭىز ۋە ئوي - پىكىرىڭىزگە قاراپ باقايلى، بەلكىم يېڭىچە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇشى مۇمكىن. سىز ئوچۇق - يورۇق روھىي ھالەتتە بولۇپ، ئۆزىڭىز ئىشىنىدىغان ھەر بىر ئىشتىن گۇمانلىنىشىڭىز، كونا، كارغا كەلمەيدىغان ئوي - پىكىرلەرنى تاشلىۋېتىشىڭىز،شۇنداقلا يېڭى قىممەت قارىشى ۋە يېڭى ئۇسۇللارنى قوبۇل قىلىدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈشىڭىز، يېڭى شەيئىلەرنىڭ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سىناپ بېقىشىڭىز كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## بىر چارە توغرىسىدا ئۇرغۇن خىياللارنى قىلىش

بۇ چارىنى سىز ئويلاپ چىقسىڭىزمۇ بولىدۇ، دوستىڭىز ياكى ھەمراھىڭىزنىڭ تەكلىپى بولسىمۇ بولىدۇ، گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئوقۇغان بولسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر ئادەم سىز بىلەن بۇ چارە توغرىسىدا مۇھاكىمە قىلىشىسا تېخىمۇ مەنىلىك بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى بۇنداقتا سىلەر بۇ چارىنى كۆپ تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلالايسىلەر.

سىز بىرەر نەرسىنى ئوينىغاندا بۇ چارىنى ئويلانسىڭىز بولىدۇ. خۇددى سىز توپنى ئېلىپ ۋارتارغا قاراپ ماڭغانغا ئوخشاش، بۇ چارىغا قارىتا تەپەككۇرىڭىزنى ئەركىن قانات يايدۇرسىڭىز بولىدۇ. مەسىلەن: سىزنىڭ چارىڭىز تۇرمۇشتىكى ھەممىنى بىر تەرەپ قىلالايدۇ، سىز لوندونغا بارسىڭىز ئۇيەردە سىز بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئادەم يوق، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىڭىزنى، قەيەردە تۇرىدىغانلىقىڭىزنى، ئۇ يەرنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلمەيسىز. سىز بەلكىم لوندونغا بارغان بولغىيىتتىڭىز ۋە بەلكىم بارمىغان بولغىيىتتىڭىز، بۇ ئانچە مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى، سىز تۇرلۇك نۇقتىدىن لوندوندا تۇرغاندىكى ئەھۋاللارنى تەپەككۇر قىلىشىڭىز، ھەر بىر مۇمكىن بولىدىغان ئامىللارنىمۇ ئويلىشىڭىز كېرەك. سىز تۇرلۇك خىياللارنى قىلغاندا، چارىڭىز كۆز ئالدىڭىزدا تۇرغاندەك ھېس قىلىسىز.

ئەگەر سىزنىڭ چارىڭىز ئۆيدىكىلىرىڭىزگە ئالاقىدار بولسا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىڭ. ھەمراھىڭىز، بالىڭىز، ئاتا ـ ئانىڭىز ياكى ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللىرىڭىزدىن چارىڭىزغا قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراڭ. سىز پاراڭلاشقاچ بەزى سوئاللارنى يازسىڭىز بولىدۇ. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار قانداق بولىدۇ؟ ئۇيەرگە

بارغاندىن كېيىن قانداق تىرىكچىلىك قىلىسىلەر؟ سىزنىڭ مۇنداق قىلىشىڭىزنى مۇددىئايىڭىز نېمە؟ لوندون راستىنلا سىز بېرىشنى ئويلىغان جايمۇ؟ ياكى ئەمەلىيەتتە سىزنىڭ بارغۇڭىز بار جاي پارىژمۇ؟ ئوقۇش مەسىلىسىچۇ؟ بۇمۇ سىز تەپسىلىي ئويلىنىدىغان مەسىلىمۇ؟ دېگەندەك.

تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قانداق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىڭىزغا قاراپ بېقىڭ. سىز تېخىمۇ روھلاندىڭىزمۇ ياكى چارچىدىڭىزمۇ؟ سىز قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە توختىشىڭىزنى ئېنىق بىلدىڭىزمۇ ياكى ئىككىلىنىپ قالدىڭىزمۇ؟

## ئويۇن ياكى ھەرىكەتنىكى تەسەۋۋۇرغا چۆكۈش

تۇرلۇك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ — كىنو كۆرۈش ئۇچۇن رەتكە تىزىلغان چاغدا، ئۇخلاشتىن ئاۋۋالقى چاغدا ۋە قېرىنداش ئۇچلاۋاتقان چاغلاردا تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۆزىڭىزنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۆزۈمنى خوشال قىلىدىغان ياكى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئىشقا كىرىشىۋاتىمەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ، قىلچە ئىككىلەنمەڭ.

ئۆزىڭىزنى پەقەت ئۆزەمنىلا خۇشال قىلىدىغان جايغا ساياھەتكە باردىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بۇ ساياھەتنىڭ ئۆزى كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بولۇپ، بۇ بىر ياخشى باشلىنىش، مەن بۇنىڭدىن قىزىقارلىق پائالىيەتلەر ياكى تىنىچقىنە ئارام ئېلىشتىن بەھرىمەن بولىمەن دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. كۆڭلىڭىز خالىسىلا، سىز بۇ جاينى خالىغان چاغدا تەسەۋۋۇر قىلىسىڭىز بولىدۇ. بۇجاي ھەرقېتىمدا ئوخشاش بولمىسىمۇ بولىدۇ. ئۆزگەرمىسىمۇ بولىدۇ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن نېمە قىلىش، سىزگە كىم ھەمراھ بولۇش ۋە كىم بىلەن ئويناش، ئۇلار سىز بىلەن قانچىلىك بىرگە تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىز بەلگىلەيسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆزلىگەن نىشانغا بارغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىز قىلماقچى بولغان ئىشنى قىلالايسىز. ئەگەر سىز دېڭىز ساھىلىدىكى ئىككى توپ پالما دەرىخى ئوتتۇرىسىدىكى سەگۈنچەكتە يېتىپ ئەڭ ياقتۇرىدىغان ژۇرنالنى ئوقۇغاچ مۇزدەك ئىسسىق بەلۋاغ ئىچىملىكلىرىنى ئىچىشنى كۆڭۈل ئېچىش دەپ قارىسىڭىز، ئاشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بەلكىم سىز ھاۋا ئوچۇق يەكشەنبە كۈنى ئەتىگىنى باغچىدا قوغلىشىپ ئويناشنى ئەڭ قىزىقارلىق دەپ ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن، شۇنداق بولسا ئاشۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىڭ.

ئۆزىڭىزنى ئويۇن-تاماشىنى بىلىدىغان، ھەرۋاقىت ئۆزىڭىزدىن شادلىنىدىغان ئادەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. ئۆزىڭىزنى يەرشارىدىكى ئويۇنخۇمار بىر جانلىق، ياشاش مەقسىتىم كۆڭۈلنى ئاچىدىغان ھەنىمۋاكى نەرسىنى ئىزدەش، شۇنداقلا مۇشۇ تۈپەيلى ياشاشتىن مەمنۇن بولىدىغان ۋە خۇشاللىقتىن ئۆگزىگە ياكى تاغ چوققىسىغا چىقىپ ۋارقىراشنى خالايدىغان ئادەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. بالىلىق چاغلىرىڭىزدىكى يازلىق تەتىلنى ئەسلەڭ، ئۇچاغلاردا سىز ياز مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەك ھەر كۈنى ئوينىغان. ئۆزىڭىزنىڭ تەنتەك چىرايىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ جانلانغىنىڭىزدا، پۈتۈن دىققىتىڭىز بىلەن بۈگۈننىڭ نېمىلىكىنى سىزگە ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ، ئامال قىلىپ بالىلىق دەۋرىڭىزدىكى ئاشۇ تۇيغۇغا قايتا ئېرىشىڭ.

سىز ئۆزىڭىزنى شاد-خۇرام مۇھىت ياكى ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمەن دەپ تەسەۋۋۇرقىلغاندا، بەدىنىڭىزنى ئەركىن-ئازادە تۇتۇپ، چوڭقۇر نەپەس ئېلىشىڭىز، «بۇنداق بولۇشى كېرەك ياكى ئۇنداق بولۇشى كېرەك» دېگەندەك ئوي-پىكىرلەرنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىشىڭىز ۋە بۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىش ئەرزىيدۇ دەپ قارىشىڭىزكېرەك. ھايات بىزگە بۇ پۇرسەتنى بەرگەنىكەن، گۈزەل كىشىلىك ھاياتنى بەرپا قىلىدىغان بۇ پۇرسەتتىن ھەرگىز ۋاز كەچمەسلىكىمىز كېرەك.

## ھاياتلىق جەريانى بىرخىل خۇشاللىقتۇر

لىنكولىن: «كۆپ ساندىكى كىشىلەر قانچىلىك خۇشال بولىمەن دېسە، شۇنچىلىك خۇشال بولالايدۇ. شۇڭا ھەربىر ئادەم قانچىلىك خوشال بولىمەن دېسە، شۇنچىلىك خۇشال بولالايدۇ» دېگەنىدى. نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىبىتقانلىرى ئاساسەن مۇشۇ خۇشاللىق قانۇنىيىتىدۇر. بىراق ئۇلار ئۆگزىگە چىقىپ ۋاقىرغىنى بىلەنمۇ كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن بۇنىڭ پايدىسى يوق. چۈنكى خۇشاللىق تاشقى دۇنيادا ئەمەس، ئىچكى قەلبىتە بولىدۇ. ھەقىقىي خۇشاللىق قانائەتچانلىقتۇر، دۇنيادا ھەرقانداق مال ـ دۇنيا، شان ـ شۆھرەت، ھوقۇق ـ ئابروي خۇشاللىق ئاتا قىلالمايدۇ، بەزىلەرنىڭ قارىماققا ھېچنىمىسى يوقتەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئۇلار ئىچ ـ ئىچىدىن خوشال.

كىشىلىك ھاياتتىكى ئورتاق بىر نىشان خۇشال بولۇشتۇر. بۇ خۇددى بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كۆپ سانلىقىمىزنىڭ شۇنىڭدىن باشلاپ بەختلىك، خۇشال ـ خۇرام كۈن كەچۈرۈشنى ئۈمىد قىلغىنىمىزغا، باشقا نەرسىنى ئەمەس، پەقەتلا خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئويلىغىنىمىزغا ئوخشايدۇ.

ئەگەر ھەقىقىي ئىشلىمەكچى بولساق، ھازىردىن باشلاپ بەختلىك، خۇشال كۈن كەچۈرەلەيمىز، خۇشاللىق پەقەت بۈگۈندە، ئەگەر سىزنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى بىرىنچى نىشانىڭىز خۇشال بولۇش بولسا، خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيسىز، چۈنكى خۇشاللىق نىشاننىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى نىشانغا يەتكەنلىكنىڭ مەھسۇلى.

خۇشاللىقتىن قانچە بەھرىمەن بولۇشمۇ يەتكىلى بولمايدىغان بىر نىشان. ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ئادەتتە كۆڭۈلسىزلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈندۇر، بىراق ئويۇن ـ تاماشىلا بولسا

مەزرىسىز بولۇپ قالىدۇ. كىشىلىك ھاياتتا ئويۇن ـ تاماشىلا بولۇپ، باشقا ئىش بولمىسا، قىلچىلىك خۇشاللىقىنىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

خۇشاللىققا ئېرىشىش ئۈچۈن بېرىلىش كېرەك، خىزمەتكىمۇ بېرىلىش، خىزمەتتىن باشقىغىمۇ بېرىلىش كېرەك. بېرىلىش دېگىنىمىز، ھەرقانداق ئىشقا باشچىلاپ كىرىپ كېتىش دېگەنلىك، يەنى بىر قېتىمدا بىرلا ئىش قىلىش ۋە بۇ ئىشتىن ھوزۇرلىنىش دېگەنلىكتۇر.

ئەگەر سىز ئۆزە تۇرۇپ تاپالمىغاندا، يەنە قەيەردىن ئىزدەيسىز؟ شەرقنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلىرى دائىم: «خۇشاللىق ـــ جەرياندۇر» دەيدۇ. يەنى خۇشاللىق ئەڭ ئاخىرقى نۇقتا ئەمەس، خۇشاللىقنى ئىزدىمەيسىز، بەلكى يارىتىسىز. ئەگەر سىز خۇشاللىقنى دەسمايە قىلغان بولسىڭىز، خوشاللىق ئىزدىشىڭىز ھاجەتسىز.



www.uyghurkitap.com

# قوشۇمچە

## مۇۋەپپەقىيەت مەشىقلىرى

### ئىگىلىك تىكلەش پىلانىڭىزنى تۈزۈڭ

ئىنسانىيەت تەرەققىياتىدىكى ھەر بىر نەتىجە، مەسىلەن: تۈرلۈك كەشپىياتلار، مېدىتسىنادىكى مۇھىم بايقاشلار، قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار ۋە ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رېئاللىققا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى كونكرېت بىر غايە ئىدى. سۈنئىي ھەمراھنىڭ يەر شارىنى ئايلىنىپ ئۇچۇشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي بايقاش تۈپەيلىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى سۈنئىي ھەمراھنى قويۇپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئالىملاردا ئالەم بوشلۇقىنى بويسۇندۇرۇش غايىسىنىڭ بولغانلىقىدىن بولغان.

نىشان ـ پۈتتۈرمەكچى بولغان ئىشىمىزغا بولغان ھەقىقىي ئىرادىدۇر. نىشان خام خىيالدىن كۆپ ياخشى، چۈنكى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

نىشان بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنداقلا ھېچقانداق تەدبىرمۇ قوللانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەمدە نىشان بولمىسا، ئۇ پەقەت كىشىلىك ھايات يولىدا تەمتىرەپ، مەڭگۈ ھېچقانداق جايغا بارالمايدۇ.

ھاياتلىق ئۈچۈن ھاۋا ناھايىتى زۆرۈر بولغىنىدەك،

www.uyghurkitap.com

مۇۋەپپەقىيەت ئۈچۈن نىشان ئىنتايىن زۆرۈر. ھاۋا بولمىسا، ئىنسان ياشىيالمايدۇ؛ نىشان بولمىسا، ھېچكىم مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. بۇ خۇددى ساياھەتكە چىققانغا ئوخشايدۇ، سىز مېڭىشتىن ئاۋۋال بارماقچى بولغان يېرىڭىزنى ئېنىق چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

سىزنىڭ بۇرۇنقى ياكى ھازىرقى ئەھۋالىڭىز ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ كەلگۈسىدە قانداق نەتىجە يارىتىشىڭىزدۇر.

ئىلغار كارخانا، تەشكىلاتلارنىڭ 10~15 يىللىق ئۇزۇن مۇددەتلىك نىشانلىرى بولىدۇ. دىرېكتورلار دائىم ئۆزىدىن: «شىركىتىمىزنىڭ ئون يىلدىن كېيىن زادى قانداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن؟» دەپ سورايدۇ ھەمدە ئاشۇ ئارزۇ-پىلانلىرىغا ئاساسەن تېگىشلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى زاۋۇتلار كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتلىق ئېھتىياجنى قاندۇرۇپلا قالماي، بەش يىل، 10 يىلدىن كېيىنكى ئېھتىياجنىمۇ قاندۇرۇشى كېرەك. ھەرقايسى تەتقىقات تارماقلىرىمۇ 10 يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاق داۋاملىشىدىغان مەھسۇلاتلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

ھازىرقى شىركەتلەر ئۆزىنىڭ كېلەچىكىنى پۇرسەتكە ياكى تەلەيگە باغلاپ قويماسلىقى كېرەك. ئەجەبا سىز پارلاق كېلەچىكىڭىزنى پۇرسەتكە باغلاپ قويۇشنى خالامسىز؟

كەلگۈسىنى كۆزلەيدىغان تىجارەتتىن ھەممىلا ئادەم مۇھىم بىر ساۋاقنى ئۆگىنىۋالالايدۇ. ئۇ بولسىمۇ، بىزمۇ 10 يىلدىن كېيىنكى ئىشلارنى پىلانلىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز 10 يىلدىن كېيىن قانداق بولۇشنى ئويلىغان بولسىڭىز، ھازىردىن باشلاپ شۇ بويىچە ئۆزىڭىزگە تەلەپ قويۇڭ. بۇ ناھايىتى ئۈنۈملۈك بىر چارە. پىلانسىز تىجارەتنىڭ (ئەگەر مەۋجۇت دەپ قارىساق) بۇزۇلغىنىغا ئوخشاش، تۇرمۇش نىشانى بولمىغان ئادەممۇ ئايىنىپ كېتىدۇ. چۈنكى نىشان بولمىسا، بىز ئۆسۈش ئىقتىدارىمىزدىن مەھرۇم

بولىمىز.

مۇۋەپپەقىيەت ئۆز ئىشلىرىڭىزنى پىلانلاش ۋە تەشكىللەشتىن دېرەك بېرىدۇ. بىر كارخانىچىغا ئايلىنىش خىيالى ئادەمنى ئۆزىگە قىزىقتۇرىدۇ. چۈنكى بۇ خىيال ئارتۇقچىلىقىڭىزنى جارى قىلدۇرۇپ، سىزنى ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق ماكانغا ئىگە قىلىدۇ. بىراق ئۆزىڭىزگە مۇۋاپىق ماكاننى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئېھتىياتچان بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەردە سىزنىڭ تىرىشىشىڭىزدىكى مەقسەت پەقەت كۆپ پۇل تېپىشلا بولۇپ، باشقا مەقسەت بولمىسا، ئۇنداقتا مۇددىئايىڭىز توغرىسىدا ئويلىنىپ بېقىشىڭىز كېرەك، شۇنداقلا بۇنداق ئەھۋالدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىمۇ ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

شۇنداقلا، سىز بىرخىل رىتىمدىكى تۇرمۇشتىن زېرىكىپ، كۆڭۈللۈك ۋە تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ياشاشنى ئىستەپ كارخانىچى بولۇشنى ئويلىسىڭىز ياكى بەزىلەرنىڭ مەنپەئەت تېگىدىغان كارخانىلارنى قۇرغانلىقىنى كۆرۈپلا كارخانىچى بولۇشنى ئويلىسىڭىز بولمايدۇ.

كارخانىچى بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى تولا. سىز بەلكىم بىرخىل يېڭى مەھسۇلاتنى ياكى مۇلازىمەتنى بايقىغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن ياكى رىقابەتچانلىققا ئىگە مەھسۇلاتلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ ساتىدىغان ئۇسۇلنى تاپقانلىقىڭىز سەۋەبىدىن بىر شىركەت قۇرۇپ، ۋاقتىڭىزنى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا سەرپ قىلىشىڭىز مۇمكىن.

مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر كارخانىچى بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئالاھىدە قابىلىيەتلەرنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەملەشتۈرۈشىمىز كېرەك. خۇددى بوغالتىرنىڭ ماتېماتىكا جەھەتتە ياخشى تالانتى بولۇشى زۆرۈر بولغىنىغا ئوخشاش، كارخانىچىمۇ ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. ئەگەر سىز راستىنلا تۆۋەندىكىدەك تۈرلۈك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىزنىڭ بۇ يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىڭىز سىزنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرغۇچىغا ئايلاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# 1 ـ مەشىق

## يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۆلچەش

تۆۋەندىكى تۆرلۈك ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئاندىن ئۆزىڭىزدىن مەنمۇ مۇشۇنداق خاراكتېرگە ۋە قابىلىيەتكە ئىگىمۇ ـ ئەمەسمۇ دەپ سوراپ بېقىڭ:

1. فىزىئولوگىيىلىك چىدامچانلىق — سىز ھېرىپ ـ چارچاپ قالماي ئۇزۇنغىچە ئىشلىيەلەمسىز؟ خىزمەت ۋە ئۇخلاش ۋاقتىڭىز قالايمىقانلىشىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ماسلىشالامسىز؟

2. مەسئۇلىيەتچانلىق — تۆرلۈك ئەھۋاللارنى ئىگىلەشتە ئىنكاسىڭىز تېزمۇ؟ رەھبەرلىك ئورنىدا تۇرغان چېغىڭىزدا تۆرلۈك قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشىڭىز كېرەك بولسىمۇ، يەنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇنلۇق ھېس قىلامسىز؟

3. يۈكسەك ئۆگىنىش قىزغىنلىقى — بەزى يېڭى تەسەۋۋۇر ۋە خىزمەتلەرگە ناھايىتى تېزلا كىرىشىپ كېتەلەمسىز؟

4. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش — بىر پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشكىنىڭىزدە، قىلچە زېرىكمەستىن ناھايىتى تېزلا ئورۇنلىيالامسىز؟

5. ئىلھام — ناھايىتى تېزلا بىر قارارغا كېلەمسىز؟

6. ھوقۇقنى تەقسىم قىلىش — سىز باشقىلارنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ناھايىتى تېزلا بايقاپ، ئۇلارغا ماس كەلگۈدەك خىزمەتنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن بېرىپ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن

قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالامسىز؟

7. تەۋەككۇلچىلىك — سىزدە تەۋەككۇلچىلىك قىلىشقا كۈچلۈك ئىشەنچ بارمۇ؟ تۈرلۈك خىرىسلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ۋە ئۇلارنى قانداق تىزگىنلەشنى بىلەمسىز؟

يوشۇرۇن قابىلىيىتى بار ھەربىر كارخانىچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقى كۈندىلىك ئىشلاردا. سىز يېڭى مەسئۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشىڭىز، سېتىشىڭىز كېرەك. شۇنداقلا بىر تالاي ھېساب ـ كىتابلارنى قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. سىزنىڭ قالتىس بىرەر تەسەۋۋۇرىڭىز باردۇر، بىراق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساسلىق سودا ماھارەتلىرى ۋە بىلىملىرى كېرەك بولىدۇ.

سىز ئىگىلىك تىكلىگەن چېغىڭىزدا ھەقىقەتەن ناھايىتى چوڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. بىراق نۇرغۇنلىغان پايدىمۇ سىزنى كۈتۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ پايدىلار جۈملىدىن ئۆز كارخانىڭىزنى باشقۇرالىغانلىقىڭىزدىن بولغان قانائەتلىنىش تۇيغۇسىنى ۋە ئۆز تەقدىرىڭىزنى قايتىدىن يارىتىشىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز تۇنجى قەدەمنى بېسىشقا ۋە ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز خوجا بولۇشقا تەييارلىنىپ بولغان بولسىڭىز، تۆۋەندىكى مەشىقلەر سىزنىڭ بۇ قارارنى چىقىرىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# 2 ـ مەشىق

## يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۆلچەش

1. سىز مەلۇم بىر كەسىپتە باش كۆتۈرمەكچى، سىزنىڭ بۇ كەسىپتە ئالاھىدە تەجرىبىڭىز بارمۇ؟ ھەئە ــ ياق ــ

2. دەرھال ئۇنۇمى كۆرۈلمەيدىغان خىزمەتلەرنى ئۇزاققىچە قىلىشنى خالامسىز؟ ھەئە ــ ياق ــ

3. سىز قۇرۇق قول ئىگىلىك تىكلەيدىغان ئادەممۇ؟ سىز بىرەر پىلاننى ئۆزىڭىز مۇستەقىل تۈزۈپ، ئۇنى ئىشقا ئاشۇرالامسىز؟ ھەئە ــ ياق ــ

4. سىز باشقىلارنى ئۆزىڭىز بىلەن ھەمكارلىشىشقا قايىل قىلالامسىز؟ ھەئە ــ ياق ــ

5. سىز كىشىلەرنى سەممىيلىك بىلەن ياخشى كۆرەمسىز ۋە ھەركۈنى ئۇلار بىلەن بىرگە بولۇشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ ھەئە ــ ياق ــ

6. سىز مۇۋاپىق ۋاقىت ئىچىدە قارار چىقىرالامسىز ۋە ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇرالامسىز؟ ھەئە ــ ياق ــ

7. سىز جاۋابكارلىقنى ئۈستىڭىزگە ئالالامسىز؟ بۇخىل يۈكنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشنى خالامسىز؟ ھەئە ــ ياق ــ

8. باشقىلار گېپىڭىزدىن سىزنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىڭىزنى بىلەلەمدۇ؟ ھەئە ــ ياق ــ

9. سىز ناھايىتى ساغلاممۇ؟ ھەئە ــ ياق ــ

10. سىز بىر نەرسە ساتقاندا ھەم كۆپ پۇل كەتمەيدىغان، ھەم خېرىدارلار ئوڭايلا تاپالايدىغان مۇۋاپىق بىر جاينى تاپالامسىز؟

ھەئە — ياق —

11. سىز زۆرۈر بولغان بەزى ھېساب ـ كىتابلارغا، مەسىلەن: كىرىم ـ چىقىمنى خاتىرلەش، ئىبدىتىلاش، مائاش تارقىتىش خاتىرىسى ۋە باج تاپشۇرۇش قاتارلىقلارغا پىششىقمۇ؟ ئەگەر پىششىق بولمىسىڭىز، بۇ ئىشلاردا بىرەر ئادەمنى ئۆزىڭىزگە ياردەملەشتۈرەلەمسىز؟

ھەئە — ياق —

12. سىزنىڭ مەھەللىڭىز سىز ساتماقچى بولغان مەھسۇلاتلارغا ياكى سىز تەمىنلىمەكچى بولغان مۇلازىمەت تۈرلىرىگە ئېھتىياجلىقمۇ؟

ھەئە — ياق —

13. سىزنىڭ مەھەللىڭىزدىكى كەسىپلەرنىڭ تىجارەت ئەھۋالى ناھايىتى ياخشىمۇ؟ ھەئە — ياق —

14. سىزنىڭ مەھەللىڭىزدىكى ياكى باشقا شەھەر ـ بازارلاردىكى كەسىپلەرنىڭ باشقۇرۇلۇشى ياخشىمۇ؟ ھەئە — ياق —

15. كەسىپىڭىزنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كېتىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ باقتىڭىزمۇ؟ (بۇ پۇل ئىشخانا جاھازلىرى، ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىشقا كېتەرلىك خىراجەتنى ۋە ئايلىق مۇقىم چىقىملارنى، مەسىلەن: ئىش ھەققى، ئۆي ئىجارىسى قاتارلىق تۈرلۈك چىقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

ھەئە — ياق —

16. سىزنىڭ پىلانىڭىزنى بىر يىلغىچە ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىزغا يەتكۈدەك مەبلىغىڭىز بارمۇ؟ ھەئە — ياق —

17. ئەگەر يەتكۈدەك مەبلىغىڭىز بولمىسا، ئۆزىڭىزگە كېرەكلىك بۇ پۇللارنى قەيەردىن قەرز ئالالايدىغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

ھەئە — ياق —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

18. سىز ئۆزىڭىزگە ئىقتىسادى جەھەتتە ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن بولغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ سىزگە قانچىلىك كاپالەت بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ھەئە ــــ ياق ــــ

19. ئۆزىڭىز ئۈمىد قىلغان ھەر يىللىق ئېشىنچا پۇلىڭىزنى، جۈملىدىن مائاشىڭىزنى ۋە مۇكاپات پۇلىڭىزنى ھېسابلاپ بېقىڭ. سىز كەسپىڭىزنى كېڭەيتىش ئۈچۈن بەزى پۇللىرىڭىزنى مەبلەغ سالامسىز؟

ھەئە ــــ ياق ــــ

20. سىزدە بەزى شەرت ـ شارائىتلار كەمچىل بولسا، مەسىلەن: مەبلەغ ياكى تېخنىكا دېگەندەك، بىرەر شېرىككە موھتاج بولىسىز. بۇنداق ئەھۋالدا كىمنىڭ مۇشۇ شەرتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ھەئە ــــ ياق ــــ

## باھا

ھەئە دەپ جاۋاب بېرىلگەن ھەر بىر سوئالغا 1دىن نومۇر بېرىلىدۇ. ئېرىشكەن نومۇرنىڭ قايسى تۈرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقايلى:

18~20 پۈتۈن سۈرئەت بىلەن ئىلگىرلەڭ! سىز چوقۇم ئەڭ مۇنەۋۋەر كارخانىچى. سىزدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىملەرنىڭ ھەممىسى بار ئىكەن.

ئەمدى سىز ئولتۇرۇپ ئىنچىكە پىلانلاڭ ھەمدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، مۇناسىۋەتلىك دائىرىلەر ۋە ئۇششاق سودا ـ سېتىقچىلاردىن ئۆزىڭىزگە ئېھتىياجلىق ماتېرىياللارنى ئىزدەڭ.

15~17 ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈڭ. بەلكىم سىز زۆرۈر بولغان شەرتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىرلاپ بولغانسىز، بىراق ئىشلىرىڭىزنى باشلاشتىن بۇرۇن، سىز يەنە كۆپرەك

تەربىيىلىنىشىڭىز كېرەك. ھېساب ـ كىتاب ئىشلىرى قارىماققا ئوڭايدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. شۇڭلاشقا، سىز مۇقىم خىزمىتىڭىزدىن ئىستىپا بېرىشتىن ئىلگىرى، بارلىق شەرت ـ شارائىتلارنى، پىلانلارنى ئوبدان ئويلىشىڭ.

14 ياكى 14تىن تۆۋەن بولسا، سىز تەپسىلىي ئويلىنىشىپ بېقىڭ: سىز راستىنلا ئۆز ئالدىڭىزغا بىر ئىش قىلماقچىمۇ؟ ھەممىلا ئادەمنىڭ خوجايىن بولغۇسى كېلىدۇ. بىراق سىز باشقىلار ئۈچۈن ئىشلىسىڭىز، تېخىمۇ خۇشاللىراق ئۆتۈشىڭىز مۇمكىن. ئازراق ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ، خوجايىنىڭىزنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىڭ، بەلكىم بۇنىڭدىن بەزى تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىۋالارسىز.

## مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان كارخانا بەرپا قىلىش

نۇرغۇنلىغان كارخانىچىلارنىڭ ئىشلىرىدا مەغلۇپ بولۇشى ئۇلارنىڭ پىلانىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولىدۇ. ئۇلار دەسلەپىدىلا ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچ مۇھىم سوئالغا جاۋاب تاپمايدۇ:

1. مەن ئىگىلىك تىكلەش ئۈچۈن بارلىق جاۋابكارلىقنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا تەييارلىنىپ بولدۇممۇ؟ كارخانا ئىگىسى ئۆزىنىڭ كارخانىنى باشقۇرۇش جەريانىدا دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك ئېغىر بېسىملارغا بەرداشلىق بېرىشكە تەييارلىنىپ بولغان ـ بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشى كېرەك. بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم.

2. مەن خىيالىمنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدىمەن؟ كۆڭلىگە ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پۈككەن كارخانىچىلار جەزمەن ئۆزلىرىنىڭ خىيالىنىڭ ئۆز مەقسىتىگە ۋە مەنپەئەت نىشانىغا ئۇيغۇن كېلىش ـ

كەلمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىش كېرەك. شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش خىيالىنىڭ سودا ساھەسىدىكى ئورنىنى بىلىشى كېرەك.

3. مەن نېمىلەرنى بىلىشىم كېرەك؟ ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغانلار ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئۆزلىرىنىڭ قانداق تېخنىكا ۋە ماتېرىياللارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك.

تۆۋەندىكى مەشىق سىزنىڭ بۇ سوئاللارغا جاۋاب بېرىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ مەشىقلەرنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان يېڭى بىر كەسىپكە قانداق تەييارلىق قىلىشنى ۋە پىلانلاشنى ئۆگىنىۋالىسىز.

# 3 ـ مەشىق

## پىلان مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى بەلگىلەيدۇ

ئىگىلىك تىكلەش تورلۇك خىزمەتلەرگە، شەخسنىڭ قۇربان بېرىشىگە ۋە تەۋەككۇلچىلىك قىلىشىغا بېرىپ چېتىلىدۇ. ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغانلار چوقۇم ئېهتىياتچان بولۇشى كېرەك، چۈنكى ھەر يىلى مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان كارخانىچىلار مەغلۇپ بولۇۋاتىدۇ.

ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغانلار ئۈچۈن ماھىر بولۇشقا تېگىشلىك بىردىنبىر مۇھىم قابىلىيەتنى «پىلانلاش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئەتراپلىق ئىنچىكە پىلان سىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانىدا يولۇقىدىغان خېيىمخەتەرلەرنى ئازايتىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ. پىلانلاش تۆۋەندىكى ئاساسلىق بەش باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ باسقۇچ: نىشانىڭىزنى بېكىتىش.

2 ـ باسقۇچ: زۆرۈر ماتېرىياللارنى يىغىش.

3 ـ باسقۇچ: بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن بىر قارارغا كېلىش.

4 ـ باسقۇچ: قارارىڭىزنى ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش.

5 ـ باسقۇچ: ھەرىكەت نەتىجىسىگە باھا بېرىش .

بۇ بەش باسقۇچنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، سىز بۇ باسقۇچلارنى تەكرار ـ تەكرار قوللىنىشىڭىز كېرەك. سىز كەسپىي ھاياتىڭىزدا بۇ

www.uyghurkitap.com

قەدەم ـ باسقۇچلارنى تالاي قېتىم قوللىنىپ، ھەرىكىتىڭىزنى توغرىلايسىز ياكى داۋاملاشتۇرىسىز.

بۇ تەكرارلىنىش جەريانى سىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى تۈزۈشىڭىزنىڭ ئاساسى. بۇ خىل پىلانلاش نەتىجىسىدە، سىز قانداق مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ئالدىن كۆرۈۋالالايسىز ۋە بۇ مەسىلىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى تۈزەلەيسىز. ئىگىلىك تىكلەشتىكى پۇلغا ئالاقىدار پىلانلار سىزنىڭ مەبلەغ توپلاش ۋە كەسپىڭىزنى ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى تۈزۈشتە كۆپ تەرەپلەردىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ. سىز پىلان تۈزۈشتىن ئاۋۋال، تۆۋەندىكى بىر قىسىم ئالايتەن تۈزۈلگەن سوئاللارغا چوقۇم جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك:

1. ئىگىلىك تىكلىشىڭىز ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كېتىدۇ؟ سىز بۇ پۇللارغا قەيەردىن ئېرىشەلەيسىز؟

2. سىز ئىشلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن يېتەرلىك كىرىمگە تېزلا ئىگە بولالامسىز؟ ئىش باشلاپ بىر نەچچە ئايغىچە تېخىمۇ كۆپ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىشىڭىز كېرەكمۇ ـ يوق؟

3. سىز زادى نېمىلەرنى ساتىسىز؟ ئۇنى كىملەر سېتىۋالىدۇ؟ ئۇلار ئۇنى نېمىشقا سېتىۋالىدۇ؟

4. كىم سىزنىڭ رىقابەتچىڭىز؟ خېرىدارلار بۇ نەرسىلەرنى نېمە ئۈچۈن باشقا يەردىن سېتىۋالماي، سىزنىڭ يېنىڭىزدىن سېتىۋالىدۇ؟

5. سىز كەسپىي تەشكىلاتىڭىزنى قانداق قۇرماقچى؟ سىز بىرەرسى بىلەن شېرىكلىشەمسىز ياكى ئۆز ئالدىڭىزغا مۇستەقىل قىلامسىز ياكى شىركەتنى تەشكىللەمسىز؟

6. سىز ئىشلىرىڭىزنى قەيەردە قىلسىڭىز ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟ سىزنىڭ رەسمىي ئىگىلىك تىكلەش پىلانىڭىز تۆت نۇقتىنى

ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك:

1. بازار ئېچىش پىلانى: سىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىگىلىك تىكلەش تەسەۋۋۇرى، كۆزلىگەن بازار، رىقابەت ئەھۋالى ۋە بازار ئېچىش تەدبىرى توغرىسىدىكى ئومۇمىي چۈشەندۈرۈش.

2. مالىيە پىلانى: تىجارەتتىكى چىقىمنى تەخمىنەن ھېسابلاش، كۆزلىگەن نەتىجە ۋە كىرىمنى، مەبلەغنىڭ ئوبوروت بولۇشىنى تەھلىل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىز بارلىق مالىيە ئەھۋالىنى ئىنچىكە ھېسابلىشىڭىز ۋە بۇ ئارقىلىق قەرز بەرگۈچىلەرگە ياكى مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئىشلىرىڭىزنىڭ خام خىيال ئەمەس، بەلكى ئوبدان ئويلىنىش ئارقىلىق تۈزۈلگەن مەبلەغ سېلىش پىلانى ئىكەنلىكىنى تونۇتۇشىڭىز كېرەك.

3. ئىگىلىك باشقۇرۇش پىلانى: سىزنىڭ ماتېرىيالىڭىز ۋە ئىگىلىك تىكلىشىڭىزگە چېتىلىدىغان ھەر قانداق ئادەمنىڭ ماتېرىيالى، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ۋە ئوقۇش تارىخىڭىز ئىشلىرىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىغا ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

4. قوشۇمچە ھۆججەت: توختام ۋە ئىجارە كېلىشىمى قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىگىلىك تىكلەش پىلانىڭىز ئەمەلىيەتچىل بولۇشى ، ھەتتا سەل مۇتەئەسسىپ بولۇشى كېرەك، پىلانىڭىزنى مۇرەككەپ قىلىۋەتمەڭ، باشقىلار كۆرۈپلا چۈشىنەلەيدىغان بولسۇن. كارخانا مەسلىھەتچىلىرى سىزگە ئەڭ ئۇنۇملۇك ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنىڭ ئاددىي، ئوچۇق بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئىخچام، مېغىزلىق بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ.

سىز پىلانىڭىزنى يولغا قويغاندىن كېيىن، مۇھىتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىلانىڭىزنى تەڭشەپ تۇرۇشىڭىز كېرەك، سىز ئىگىلىك تىكلەش پىلانىڭىزنى ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى دەپ قارىسىڭىز، قارارىڭىزنىڭ پايدىغا ئېرىشىشىنىڭ پۇتكۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھۋالىغا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز، پىلانىڭىز سىزگە ئىشلىرىڭىزنىڭ ئەھۋالىنى تېزدىن ئىگىلىتىدۇ، ئەگەر سىز بىر تۈرلۈك ئىگىلىك باشقۇرۇش قارارىنىڭ تەسىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ قەغەزگە يازسىڭىز، بىھۇدە كىرىزىستىن ساقلىنالايسىز ۋە ئەھۋالنى تىزگىنلىيەلەيسىز.

رەسمىي ئىگىلىك تىكلەش پىلانىمۇ مەبلەغ توپلاشنىڭ بىر خىل قورالى. بانكا ۋە مەبلەغ سالغۇچىلار ھەر قانداق قارار چىقىرىشتىن ئاۋۋال سىز يازغان بەزى نەرسىلەرگە قارايدۇ. پىلانىڭىز سىزگە باشلامچى بولالايدۇ، شۇنداقلا باھالاشتىكى ئاساسمۇ بولالايدۇ. پىلان سىزگە قانداق چاغدا، قەيەردە يولدىن چەتنەپ كەتكەنلىكىڭىزنى دەپ بېرەلەيدۇ ۋە سىزگە قانداق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. گۈللەنگەن بىر كارخانا قۇرۇش ۋە ئۇنى ساقلاپ قېلىشتا كۈتۈلمىگەن خىرىسلارغا دۇچ كېلىسىز ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرمۇ يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا پىلان سىزنىڭ تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاساسلىق كۈچىڭىز بولۇپ قالىدۇ.

## ئۆزىڭىز چۈشىنىشكە تېگىشلىك ئاساسلىق كۆز قاراشنى بېكىتىڭ

يېتەرلىك ماتېرىيال، ياخشى ھۆكۈم، سودا ماھارىتى ۋە تىرىشىپ ئىشلەش كەم بولسا بولمايدۇ. بىراق كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ھەقىقىي ئاچقۇچى — ئەتراپلىق پىلان توغرىسىدا ئويلىنىشتا.

سىز كەسىپىڭىز ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان ئاساسلىق كۆز قاراشلاردىن بايىلا خەۋەر تاپتىڭىز. سىز بۇ كۆز قاراشلارنى ئۆز سۆزىڭىزگە ئايلاندۇرۇپ يېزىپ تەكرارلاشنىڭ ئۆزىڭىزگە ناھايىتى

پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

ئۆي - پىكىرلىرىمنى قەغەزگە يازسام قانداق بولار دەپ ئەنسىرىمەڭ. دىققىتىڭىزنى يىغىپ، ئىخچام سۆز - جۈملىلەر ئارقىلىق مۇھىم نۇقتىنى ئىپادىلەڭ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىز بۇ كۆزقاراشلارنى چۈشىنىش ۋە بۇلاردىن پايدىلىنىپ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان بىر كارخانا قۇرۇشتۇر.

1. ____________________

2. ____________________

3. ____________________

4. ____________________

5. ____________________

بۇ مەشىقتىكى مىسالدا بىر كارخانىنىڭ ئىگىسى بولغان جېفنىڭ يېڭىدىن مەبلەغ سالغان كەسپىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى — ئىگىلىك تىكلەش پىلانى تۈزۈش، پىلانىنى قانداق ئىجرا قىلىش ئەھۋالى سۆزلىنىدۇ.

بۇ مىسالدا جېفنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ئەمەس، ئۇنىڭ نېمىلەرنى «قىلغانلىقى» سۆزلىنىلىدۇ. سىز جېفنىڭ يېڭىدىن مەبلەغ سالغان كەسپى ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى كۆرۈپ، ئىگىلىك تىكلىگەندىن تارتىپ تۆنجى يىلى ئاخىرلاشقىچە بولغان مەزگىلدىكى ئۇنىڭ سادىر قىلغان خاتالىقلىرىدىن ۋە قىلغان توغرا ئىشلىرىدىن ئاز - تولا بىر نەرسە ئۆگىنىۋالالايسىز. كەينىدىكى ئىگىلىك تىكلەش پىلانى مەشىقلىرى سىزگە ئىگىلىك تىكلەش توغرىسىدىكى بەزى قارارلارنى ئاۋۋال قەغەز يۈزىدە چىقىرىشنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# مىسال

جېق بىر پەردازخانىدا بىر قانچە يىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولىدۇ، ئۇ ئىگىلىك تىكلەشنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم قارار ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. جېق توغرا يول بىلەن ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىگىلىك تىكلىگەن بىر دوستى ئۇنىڭغا ھەممە ئىشلارنى ئوبدان ئويلىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانى تۈزۈش ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شۇڭلاشقا ، جېق بىر قىسىم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارغا خەت يېزىپ، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى ئەكەلدۈرىدۇ. ئۇ بۇ ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى تۈزەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

جېق ئۆزى تۇرۇۋاتقان مەھەللىنىڭ مەركىزىدىكى ئالىي دەرىجىلىك بىر پەردازخانىدا ئىشلەيتتى. گەرچە بۇ پەردازخانا ھەقنى جىق ئالسىمۇ، بىراق جېق كۆزگە كۆرۈنگەن چاچ پاسونى ئۇستىسى دېگەن نام بىلەن داڭ چىقارغانىدى. ئۇ بۇ پەردازخانىدا 8 يىل ئىشلەپ كۆپلىگەن چۆپقەتلىرىنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەنىدى.

بىراق بۇ پەردازخانا يېقىندا باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، جېق يېڭى خوجايىنى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. ئۇ بۇرۇنلا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىمەكچى بولغاچقا ، بۇ چاغنى ئۆزىنىڭ دۇكان ئېچىشتىكى ياخشى پۇرسەت دەپ قارايدۇ.

جېق مەھەللىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ چاچ پاسونى ۋە باشقا پەرداز مۇلازىمىتىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ قانمىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېقىن جايدىكى يېڭى بازارنى دۇكان ئاچىدىغان ناھايىتى ياخشى جاي دەپ قارايدۇ. جېق بۇ

بازاردىن چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئىجارىسى ، ئورنى ناھايىتى مۇۋاپىق بولغان بىر جايىنى تاپىدۇ.

ئۇ تۈزگەن پىلاننى ئۆزىگە باشلامچى ۋە پىلاندىن سىرت مەبلەغ توپلاشنىڭ قورالى قىلىدۇ. جېفنىڭ پىلانى ئۇنىڭ «شەخسىي مالىيە ئەھۋالىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى»، مالىيە لايىھىسى (كىرىم ئەھۋالىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى، نەق پۇلنىڭ ئايلىنىش چۈشەندۈرۈلۈشى ۋە كىرىم ـ چىقىم جەدۋىلى)، بازار ئېچىش پىلانى، خىزمەتچىلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ماگىزىننى تەشكىللەشتىكى قانۇنىي شەكىل قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

جېف بىرىنچى قەدەمدە ئۆزىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى يېزىپ چىقىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ يىغىمدىن مەبلەغ سالغان كەسپىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرىدۇ.

«گۈزەللەشتۈرۈش» بولسا، ئاياللارنى ئۆزىگە خاس پاسون ۋە پەرداز مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان كەسىپ، ئېسىل پەرداز مەھسۇلاتلىرى «گۈزەللەشتۈرۈش» نىڭ خېرىدارلىرىغا سېتىلىدۇ.

بۇ بىر يېڭىدىن مەبلەغ سېلىنغان كەسىپ بولۇپ، يېڭى ھەم گۈللەنگەن بازاردا قانات يايدۇرۇلىدۇ. دەسلەپتە «گۈزەللەشتۈرۈش» نىڭ ئاساسلىق خېرىدارلىرى جېفنىڭ بۇرۇنقى چۈپىقەتلىرى ۋە يەرلىك گېزىتلەردىكى كىچىك ئېلانلار ئارقىلىق جەلپ قىلىنغان ئاياللار بولىدۇ. پەردازخانىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە مۇلازىمەت سۈپىتى تىجارەتنى تېز روناق تاپقۇزىدۇ. ئېغىزدىن ئېغىزغا تارقىلىدىغان ئېلان ئارقىلىق بىر توپ چۈپىقەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

«گۈزەللەشتۈرۈش»نىڭ تىجارەت قىلىش ۋاقتى دۈشەنبىدىن پەيشەنبىگىچە، چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدىن چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىگىچە بولىدۇ، جۈمە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدىن چۈشتىن كېيىن سائەت توققۇزغىچە بولىدۇ، شەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدىن چۈشتىن كېيىن سائەت بەشكىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

«گۈزەللەشتۈرۈش» خۇددى شۇ ئىسمىغا ئوخشاش خېرىدارلار ئۈچۈن ھەقىقىي گۈزەللەشتۈرىدىغان ئالىي دەرىجىلىك مۇلازىمەت قىلىدۇ. بىز كىچىك، ئەمما مۇھىم ئىشقا – «گۈزەللەشتۈرۈش»نىڭ خېرىدارلارنى تۈرلۈك گېزىت – ژۇرناللارنى ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىغا ۋە ھەقسىز ئىچىملىك بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

## مىسال تەھلىلى

چۈشەندۈرۈش: جېفنىڭ ئىگىلىك تىكلەش جەريانىغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئالغا جاۋاب بېرىڭ:

1. جېف بىر پەردازخانا ئېچىشنى قارار قىلدى، ئۇ بۇ قارارنى چىقىرىشتا پاكىت – ماتېرىياللارغا تاياندىمۇ ياكى ئۆز خاھىشىغا تاياندىمۇ؟

______

2. جېف ئىگىلىك تىكلەش تەسەۋۋۇرىنى سىستېمىلىق ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن ئۇسۇل بىلەن تەپەككۇر قىلىپ باقتىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

______

3. جېفنىڭ كەسپىگە مەبلەغ سېلىش توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشىنىڭ مۇھىم يېرى بارمۇ، قايسىلار؟

______

4. سىزنىڭچە جېفنىڭ ئىگىلىك تىكلەش شارائىتى بارمۇ؟

______

# ئىگىلىك تىكلەش پىلانى توغرىسىدىكى مەشىقتىن تاپشۇرۇق

ئىگىلىك تىكلەشنىڭ شەرتلىرى

چۈشەندۈرۈش: ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى ئىگىلىك تىكلەشتىكى شەرتلىرىڭىزگە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ.

1. ئەگەر سىز ھازىر ئىگىلىك تىكلىسىڭىز، سىزدە قانداق ئارتۇقچىلىقلار ۋە قانداق يېتەرسىزلىكلەر بار؟

ئارتۇقچىلىقىڭىز: ________________

________________

يېتەرسىزلىكىڭىز: ________________

2. سىز بۇ يېتەرسىزلىكىڭىزنى قانداق قىلىپ تۈگىتىسىز؟

________________

3. تۆۋەندىكى جەھەتلەردە شەرت ـ شارائىتىڭىز قانداق؟

مالىيە ئەھۋالىڭىز: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

ئائىلە ئەھۋالىڭىز: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

شەرت ـ شارائىتىڭىز: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

4. ئىگىلىك تىكلەش شەرت ـ شارائىتىڭىزغا ئاساسەن تۆۋەندىكى تەرەپلەردىكى بىلىملىرىڭىزگە باھا بېرىپ بېقىڭ:

كۆزلىگەن بازىرىڭىزنى پەرقلەندۈرۈش: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

رىقابەتچىڭىزگە باھا بېرىش: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

تىجارەت قىلىدىغان ئورنىڭىزنى تاللاش:

ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

باھانى بېكىتىش: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

ئېلان تەشۋىقات تەدبىرى تۈزۈش: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەنى ساقلاش: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

ئىشلىرىڭىزغا نازارەتچىلىك قىلىش: ياخشى ☐ يامان ئەمەس ☐ ناچار ☐

تۇغقۇز كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سوغۇرتا ئېھتىياجىنى بەلگىلەش: ياخشى □ يامان ئەمەس □ ناچار □

قانۇنىي مەسئۇلىيەت ۋە تەلەپنى بېكىتىش: ياخشى □ يامان ئەمەس □ ناچار □

كېتەرلىك مەبلەغنى مۆلچەرلەش: ياخشى □ يامان ئەمەس □ ناچار □

ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشىش: ياخشى □ يامان ئەمەس □ ناچار □

ھەر ئايلىق تىجارەتنى باشقۇرۇش: ياخشى □ يامان ئەمەس □ ناچار □

خىزمەتچى ياللاش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش: ياخشى □ يامان ئەمەس □ ناچار □

ئۇزاق مەزگىللىك پىلان تۈزۈش: ياخشى □ يامان ئەمەس □ ناچار □

5. ئۆزىڭىزنىڭ بەش يىللىق، ئون يىللىق ۋە يىگىرمە يىللىق شەخسىي نىشانىڭىزنى ۋە ئائىلە نىشانىڭىزنى تۈزۈپ چىقىڭ. سىزنىڭ شەخسىي نىشانىڭىز ۋە ئائىلە نىشانىڭىز بىرىنچىدىن، دەم ئېلىش نىشانىڭىزنى؛ ئىككىنچىدىن، پەرزەنتىڭىزگە بولغان ئۈمىدىنى؛ ئۈچىنچىدىن، دەم ئېلىش نىشانىڭىزنى؛ تۆتىنچىدىن، پەرزەنتىڭىزگە بولغان ئۈمىدىنى؛ بەشىنچىدىن، ئىجتىمائىي ئورۇن نىشانىڭىزنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

| | شەخسىي نىشان | ئىجتىمائىي نىشان |
|---|---|---|
| بەش يىللىق | ______ | ______ |
| ئون يىللىق | ______ | ______ |
| 20 يىللىق | ______ | ______ |

6. ئۆزىڭىزنىڭ بەش يىللىق، ئون يىللىق ۋە يىگىرمە يىللىق كەسپىي نىشانىڭىزنى تۈزۈپ چىقىڭ، كەسپىي نىشان بىرىنچىدىن، ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى نىشانىنى؛

ئىككىنچىدىن، خىزمەتچىلەر سانى نىشانىنى؛ ئۈچىنچىدىن، سودا ساھەسىدىكى ئورۇن نىشانىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن.

كەسپىي نىشان

بەش يىللىق ______________________

ئون يىللىق ______________________

20 يىللىق ______________________

7. سىز تاللىغان كەسىپ سىزنىڭ شەخسىي نىشانىڭىزنى ۋە كەسپىي نىشانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالامدۇ؟ سىز باشقا بىر ئىگىلىك تىكلەش پىلانى توغرىسىدا ئويلىنىشىڭىز كېرەكمۇ-يوق؟

---

## ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى بەلگىلەش

كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانىنى ھاپىلا-شاپىلا تۈزۈپ چىقىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خېرىدارلارنى قانداق مەھسۇلاتلار ياكى مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمايلا ياكى كەسپىنىڭ قانداق ئەۋزەللىكى بارلىقىنى ئىنچىكە ئويلاپ كۆرمەيلا ئىش باشلايدۇ.

چۈشەندۈرۈش: ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى كەسپىي پىلانىڭىز ياكى يېڭى مەبلەغ سېلىش پىلانىڭىزغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا تەپسىلىي جاۋاب بېرىڭ، ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئوبدان ئويلىنىپ بېرىلگەن جاۋابىڭىز سىزنىڭ مەبلەغ سېلىش پىلانىنى تۈزۈشىڭىزگە ياردىمى تېگىدۇ.

1. سىز مەبلەغ سالغۇچىلارغا ياكى بانكا خادىملىرىغا ئۆز كەسپىڭىزنى قانداق تەسۋىرلەپ بېرىسىز؟

---

www.uyghurkitap.com

2. سىزنىڭ كەسپىڭىز مەھەللىلەرنىڭ قانداق ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ؟

---

3. سىزنىڭ خېرىدارىڭىز قانداق ئادەملەر؟

---

4. قانداق نەرسە كەسپىڭىزنى رىقابەتچىڭىزدىنمۇ كۈچلۈك ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدۇ؟

---

5. كەسپىڭىز نېمە ئۈچۈن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ؟

---

## ئىگىلىك تىلەش نىشانىنى بېكىتىش

تۆۋەندىكى مەشىق سىزنىڭ پىلاننى كەسپىكىڭىزگە تەدبىقلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

1. نىشانىڭىزنى بېكىتىڭ. كەسپىڭىزنىڭ تۈرى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە دائىرىسىنى بېكىتىڭ ۋە ھەرىكىتىڭىز ئۈچۈن ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈڭ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھەقىقىي، ئېنىق قىلىڭ. ئالدىنقى مەشىقلەردە يازغانلىرىڭىزنىڭ بۇ بىر باسقۇچنى ئورۇنلىشىڭىزغا ياردىمى بار.

2. ماتېرىيال يىغىڭ. تۆۋەندىكى مەشىقتە سىزنىڭ خام خىيالغا تايىنىپ ئەمەس، پاكىتقا ئاساسلىنىپ قارار چىقىرىشىڭىز ئۈچۈن سىزگە كېرەكلىك ماتېرىياللار كۆرسىتىلدى. ئۆزىڭىز پەرەز قىلغان بۇ ماتېرىياللارنىڭ كېلىش مەنبەئىنى ۋە ماتېرىيال ئىزدەشكە كېتەرلىك ۋاقىتنى يېزىپ چىقىڭ.

3. قارار چىقىرىڭ. تۆۋەندىكى مەشىقتە سىز چىقىرىشقا تېگىشلىك قارارلار كۆرسىتىلدى. سىز ھەرقانداق مۇھىم قارار

چىقىرىش ئۇچۇن ماتېرىيال يىغىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانسىز؟

4. ھەرىكەت قوللىنىڭ. قارارىڭىزنى قانداق چاغدا، قانداق قىلىپ ھەرىكەتكە ئايلاندۇرىدىغانلىقىڭىزنى يېزىپ چىقىڭ.

5. باھا بېرىڭ. قانداق ماتېرىيالغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە قارارىڭىز بويىچە ئىش قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قانداق ئۇسۇل بىلەن باھا بېرىدىغانلىقىڭىزنى يېزىڭ.

## نىشان ۋە پىلاننى يېزىپ چىقىش

بىرىنچى قەدەم: نىشانىڭىزنى بېكىتىڭ.

بىرىنچى يىلى ئىككىنچى يىلى

كەسىپنى چۈشەندۈرۈش ________

________

1. كەسىپ تۈرى: ________

2. پىلانلىغان ئورۇن: ________

كەسىپنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى: ________

1. خىزمەتچىلەر سانى: ________

مەخسۇس ۋەزىپىدىكىلەر: ________

قوش ۋەزىپىدىكىلەر: ________

2. مۆلچەردىكى تىجارەت سوممىسى: ________

ھەر ئايدىكى: ________

ھەر يىللىقى: ________

كەسىپ دائىرىسى: ________

1. كۆزلىگەن بازار: ________

2. تەمىنلەيدىغان مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت: ________

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى قەدەم: ماتېرىيال يىغىش.

| كېرەكلىك ماتېرىيال | ماتېرىيال مەنبەئى | ماتېرىيال يىغىشنى تۈگىتىدىغان ۋاقىت |
|---|---|---|
| | | |
| | | |
| | | |

ئۈچىنچى قەدەم: قارار چىقىرىش.

تۆتىنچى قەدەم: ھەرىكەت قوللىنىش.

بەشىنچى قەدەم: باھا بېرىش.

| چىقىرىدىغان قارار | قارار چىقىرىدىغان ۋاقىت | قوللىنىدىغان ھەرىكەت | باھالاش ئۇسۇلى |
|---|---|---|---|
| | | | |
| | | | |
| | | | |

## كەسپىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

كەسپىڭىز ئۈچۈن ئىخچام، مۇكەممەل بولغان ناھايىتى ياخشى بىر چۈشەندۈرۈش يېزىپ چىقىش بولسا سىزنىڭ ئىگىلىك تىكلەش پىلانى تۈزۈشتىن ئاۋۋال ئورۇنداشقا تېگىشلىك بىرىنچى تۈركۈمدىكى خىزمەتلىرىڭىزنىڭ بىرى. ئىگىلىك تىكلەش پىلانىڭىزنى چۈشەندۈرۈش پىلانىڭىزنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇشقا پايدىلىق.

چۈشەندۈرۈش: ھازىرقى كەسپىڭىز ياكى قىلماقچى بولغان كەسپىڭىز توغرىلىق ئىخچام بىر چۈشەندۈرۈش يېزىڭ. چۈشەندۈرۈشىڭىزنى سىزگە مەبلەغ سالىدىغان ئادەم كۆرىدۇ دەپ پەرەز قىلىڭ.

# تاپشۇرۇقنىڭ جاۋابى

## مىسال تەھلىلى

1. جېيف بىر پەردازخانا ئېچىش قارارىنى چىقىرىشتا پاكىت ـ ماتېرىياللارغا تايانماستىن، ئۆز خاھىشىغا تايانغان. ئۇ كۆزلىگەن بازار ياكى رىقابەتچىسىنى تەپسىلىي تەكشۈرمىگەن.

2. جېيف ئىگىلىك تىكلەش تەسەۋۋۇرىنى سىستېمىلىق ۋە لوگىكىغا ئۇيغۇن ئۇسۇل بىلەن تەپەككۇر قىلمىغان. ئۇ كەسپىنىڭ تەشكىللىنىشى، كۆزلىگەن بازار ۋە باھانى بەلگىلەش قاتارلىق كەسپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلارنى ئىنچىكە ئويلاشمىغان.

3. جېيف كەسپى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشتە بەزى مۇھىم نۇقتىلارنى چۈشۈرۈپ قويغان. ئۇ كەسپىنى ئەۋزەللىككە ئىگە قىلىدىغان ئامىلنى — ئۇنىڭدىكى رىقابەتچىسىگە ئوخشىمايدىغان ئامىلنى — ۋە ئۆزىنىڭ ئاساسلىق كۆزلىگەن بازىرىنىڭ نېمىلىكىنى پەرقلەندۈرەلمىگەن.

4. جېيف ئىگىلىك تىكلەشتىن ئاۋۋال، پەردازخانىنى رىقابەتچىسىدىنمۇ بەكرەك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى كېرەك. ئۇ كۆزلىگەن بازارنى بېكىتىشتىن بۇرۇن ئەڭ يېڭى نوپۇس تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ بېقىشى كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4 ـ مەشىق

# پىلانىڭىزنى ئۈنۈمگە ئىگە قىلىش

كەسپىي پىلان بىردەملىك ئىش ئەمەس. ئۇ سىزنىڭ كەسپىي ھاياتىڭىزغا سىڭگەن بولۇپ، ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان بىر جەريان. كەسپىي پىلان سىزنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش قورالىڭىز بولۇپ، كەسپىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا ياردەملىشىدۇ. كەسپىي پىلان ئارقىلىق كۆزلىگەن كەسپىي نەتىجىنى تۈزۈپ چىققىلى ۋە ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئەمەلىي ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ. سىز كەسپىي پىلانىڭىز ئارقىلىق:

لايىھە پىلان تۈزىسىز.

كەسپىڭىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆزگىرىش ياساش ئۈچۈن يولغا قويۇشقا بولىدىغان تۆرلۈك لايىھەلەرنى (قەغەز يۈزىدە) سىناق قىلىسىز.

كۆزلىگەن نەتىجىگە ئاساسەن ئەمەلىي نەتىجىڭىزگە باھا بېرىسىز.

سىز كەسپىي پىلانىڭىزنى ئېلاستىكلىق بىرخىل قورال دەپ قارىشىڭىز كېرەك. ئۇ چوقۇم سىزنىڭ كەسپىڭىزنى ۋە بايلىقلارنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك باشقۇرۇشىڭىزغا ياردەملىشىدۇ.

بۇ مەشىقتە سىز جېقىنىڭ تۇنجى يىلى تىجارەتتە يولۇققان بىر قىسىم تىپىك مەسىلىلەرنى كۆرىسىز. يەنە بىر قىسىم مەشىق ۋە تاپشۇرۇقلاردا سىز بەزى تىجارەت تەدبىرلىرىنى سىناق قىلىسىز ۋە ئۇلارنىڭ سىزنىڭ پايدىڭىزغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا

باھا بېرىسىز. سىزنىڭ قەغەز يۈزىدە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشىڭىز ھاجەتسىز. سىز ئىشنى باشلىغاندىن كېيىن، سىزگە بۇنداق ئازادە پۇرسەت قالمايدۇ (ئەگەر سىزنىڭ شەخسىي كومپيۇتېرىڭىز بولسا، ئۇنداقتا سىز «ئەگەر بۇنداق بولسا، قانداق بولىدۇ» دېگەن ئەھۋاللارنى ناھايىتى تېز ھېسابلاپ چىقىرالايسىز. قانداق ئۇسۇل قوللىنىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم سىناق قىلىشىڭىز كېرەك).

## ھەممىنى بىر يەرگە يىغىش

كەسىپتىكى مۇۋەپپەقىيەتتە تەلەيگىلا تايانغان بىلەن بولمايدۇ. مۇۋەپپەقىيەت ئۈزلۈكسىز ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن پىلانلاشنىڭ نەتىجىسى. سىز كەسپىي پىلانلاش ماھارىتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ناھايىتى مۇھىم بىر قورال ئىكەنلىكىنى بايقايسىز.

سىزنىڭ كەسپىي پىلانىڭىز ھاياتىي كۈچكە تولغان بىرخىل ھەرىكەت جەريانىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇ نۇرغۇن مەھسۇلات ئەمەس، شۇنداقلا ئىگىلىك تىكلەش ۋە مەبلەغ توپلاشقا ئىشلىتىدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ سىزنىڭ بارلىق قارارلارنى چىقىرىشىڭىزدىكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولىدۇ. خۇددى سىز ئۇي سېلىش پىلانىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئاندىن ئۇي سالغىنىڭىزغا ئوخشاش، پىلانىڭىزنى ئاۋۋال تەكشۈرۈپ كۆرۈشىڭىز ۋە تۈزىتىشىڭىز، شۇنداقلا قارارىڭىزنىڭ پايدىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، ئاندىن قارار چىقىرىشىڭىز كېرەك.

سىز پىلانىڭىزغا ۋە ھەرىكىتىڭىزگە ھەر دائىم سەممىيلىك بىلەن باھا بېرىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك. كەسپىڭىزنىڭ ھازىرقى قانداق ئارتۇقچىلىقلىرى ۋە يېتەرسىزلىكلىرى بار؟ سىز قانداق

قىلىسىڭىز ياخشىلىيالامسىز؟ ئۆزىڭىزگە باھا بەرگەندە سەمىمىي بولۇڭ.

ئەگەر سىزنىڭ پىلانىڭىز ئەقىلگە مۇۋاپىق، ناھايىتى ياخشى بولغان بولسا، سىز تىزگىنلىيەلمەيدىغان ئامىللار (مەسىلەن: پۇلنىڭ پاخاللىشىشى، خېرىدارلار ئېھتىياجىنىڭ سۇسلىشىشى، يېڭى رىقابەتچى دېگەندەك) كەسپىڭىزگە قاتتىق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

ئۇچۇشسىزلىقتىن خالىي بولۇش تەس. ئەڭ مۇھىمى سىزنىڭ ئۇچۇشسىزلىققا قارىتا تېز ھەم ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىشىڭىزدا. بۇ جەھەتتە سىزنىڭ كەسپىي پىلانىڭىز ئالدىن سىگنال بەرگۈچى ۋە ئالدىن خەۋەر قىلغۇچى (سىزگە ھەرقانداق پىلان ۋە ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ) بولالايدۇ. كەسپىڭىز قانچە ئۇزاق داۋاملاشقانسېرى سىز پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار تېخىمۇ كۆپىيىپ، كەسپىي پىلانىڭىزنى شۇنچە تۈزىتىشكە مەجبۇر بولىسىز. سىز بازاردىن دائىم كەسپىڭىزگە ئالاقىدار قايتما ئىنكاس ماتېرىياللىرىغا ئېرىشەلەيسىز، سىز قارار چىقىرىشتا مۇشۇ ماتېرىياللارغا ئېھتىياجلىق بولىسىز. كەسپىي پىلانىڭىزنى ئۆزگەرتىش ۋە تەڭشەشتە، سىز بۇ قايتما ئىنكاس ماتېرىياللىرىدىن ئوبدان پايدىلىنالايسىز.

پىلانلاش ۋە قارار چىقىرىش ماھارىتى سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنىڭ ئاچقۇچىڭىز بولۇپ قالىدۇ. بوغالتىر مالىيە جەھەتتە تەكلىپ بېرىدۇ، ئادۋوكات بولسا قانۇن جەھەتتىكى مەخسۇس بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىراق كەسپىڭىزنى مۇھىم بىر پەيتتىن يەنە بىر مۇھىم پەيتكە باشلايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئۆزىڭىز. سىز قانچە كۆپ پىلانلىسىڭىز، ئۆگىنىۋالىدىغان نەرسىلىرىڭىزمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ. سىزنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ماھارىتىڭىز قانچە كۈچلۈك بولسا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقىڭىزمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ.

## ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسلىق كۆز قارىشىڭىزنى تۈزىتىڭ

بىز كەسپىڭىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان كۆزقاراشلارنى تونۇشتۇردۇق. بىراق بىلىشىڭىز كېرەككى، سىز كەسپىي پىلانىڭىزنى تۈزۈپ چىققان بىلەن، ئۇنى كونكرېت يولغا قويۇش جەريانىدا ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئويلىغىنىڭىزدەك بولمايدۇ.

ئەسلى پىلانىنى ئۆزگەرتسەم ماڭا زىيان بولارمىكى دەپ ئەنسىرىمەڭ، كەسپىڭىز قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، پىلانىڭىزنى دادىللىق بىلەن تۈزىتىڭ. سىز ئەمدى دىققىتىڭىزنى يىغىپ، ئىخچام، مېغىزلىق قىلىپ مۇھىم نۇقتىنى يېزىپ چىقىڭ.

1. ______________________________
2. ______________________________
3. ______________________________
4. ______________________________
5. ______________________________

## مىسال

جېف ئەڭ ئاخىرىدا بېكىتكەن كەسپىي پىلانىنى ياقتۇراتتى. ئۇ، پەرەزنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىنچىكە قىلدىم دەپ قارايتتى. بانكا ئۇنىڭ قەرز ئېلىش ئىلتىماسىنى تەستىقلىغاندا، ئۇ بۇ ئىش كۆتكىنىمدەك بولدى دەپ قارىدى. بىراق ئۇ ئىش باشلاپ ئىككى ئايدىن كېيىن ئەنسىرەشكە باشلىدى. ھەر ئايدا كېلىدىغان خېرىدار ئاران 150 ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك 300-200 گە بارمايتتى. يەنە كېلىپ، خېرىدارلار ئوتتۇرا ھېساب بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەر قېتىمدا 17 دوللار تۆلەيتتى. ئۇنىڭ كۈتكىنىدەك 20 دوللار بولمايتتى. جېفنىڭ تۇنجى ئايلىق تىجارەت كىرىمى 2635 دوللار، ئىككىنجى ئايدىكى كىرىمى 2567 دوللار بولۇپ، چىقىم قىلىنىشقا ئاران يېتەتتى. ئۇ پىلانلىغان مائاشقىمۇ ئېرىشەلمەي، ئائىلىسى ئىقتىسادىي جەھەتتە ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىقتا قالغانىدى.

جېف تىجارىتىنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلەتتى . ئەگەر دەرھال ھەرىكەت قىلمىسا، تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرالمايتتى. جېفنىڭ بازارنى تەتقىق قىلىشى ۋە مۆلچەرلىشى خاتا بولغانىدى. جېفنىڭ قىلغان تۇنجى ئىشى كەسىپ يۈزلىنىشىنى تەكشۈرۈش بولدى.

جېف خېرىدارنىڭ يېرىمىنىڭ ئىلگىرىكى پەرداز خانىدىكى خېرىدارلار ئىكەنلىكىنى، يېقىن ئەتراپتىن جەلپ قىلغان خېرىدارلار بىلەن ئۆزىنىڭ كۈتكىنى ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بارلىقىنى بايقايدۇ. بۇ يېڭى خېرىدار يېقىن ئەتراپتىكى 1970-يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈشتىن كېيىن قۇرۇلغان ئولتۇراق ئۆي تەرەققىيات رايونىدىن كەلگەنىدى. بۇ ئاياللار خىزمىتىنى تاشلاپ، توي قىلىپ بالا بېقىپ ئولتۇرغانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمى جېفنىڭ چۈشەنچىسىدىكىدىن تۆۋەن ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، جېفنىڭ پەرداز خانىسىغا كېلىدىغان خېرىدارلارنىڭ كۆپىنچىسى ياش ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرا، يۇقىرى قاتلامغا تەۋە چۈشەنچىلەرگە ئوخشاش پەردازخانىغا كېلىپ پەرداز قىلدۇرغۇدەك پۇلدار ئەمەس ئىدى.

جېف رىقابەتچىلىرىنى ۋە خېرىدارلارنىڭ مەيلىنى (خېرىدارلارنىڭ ھەقنى ئازراق ئالىدىغان ئىككى پەردازخانىنى تاشلاپ قويۇپ جېفنىڭ پەردازخانىسىغا بېرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى) تۆۋەن چاغلاپ قالغانىدى.

ئىككى ئاي بولۇپلا، جېف تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ ياكى توختىتىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ مەيلى قانداق قارار چىقارمىسۇن، يا سودىنى

جانلاندۇرسا، ياكى چىقىمنى ئازايتسا، ئاندىن تىجارەتنى داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ يەتكۈدەك ئامانەت قويغان پۇلى بولغاچقا، چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن كېلەركى ئايلىق مال كىرگۈزۈش تالونىنى بىكار قىلدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئايلىق مائاشىنى 500دوللارغا ئازايتتى. بىراق بۇلار جىددىي تەدبىر بولۇپ، جېف ئۇزاققىچە مۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

جېف ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ يېڭى ئىش باشلىغاندا دۇچ كېلىدىغان تىپىك مەسىلىگە — مەبلەغ يېتىشمەسلىككە دۇچ كەلگەنىدى. جېف ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى، مەبلەغنىڭ ئابوروت بولۇش ئېھتىياجىغا سەل قارىغانلىقىنى، مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمىنى دۇكاننى ئىشلەشكە (مەسىلەن: بېزەش، ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلار) سەرپ قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ئېلان قىلىش كېرەكلىكىنى بىلسىمۇ، بىراق ئۇنىڭدا مەبلەغ قالمىغانىدى.

جېف بازار ئېچىشنىڭ يېڭى تەدبىرى — تۈرلۈك خېرىدارلارنى جەلپ قىلىدىغان تەدبىرنى تۈزۈش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ. بۇ، پەردازخانىنىڭ ئوبرازى، كىيىم-كېچەكلىرى ئۈنۈمىنى ئاشۇراتتى، بىراق ئۇ مۆلچەرلىگەن چىقىممۇ ئۆزگىرەتتى. جېف (قەغەز يۈزىدە) ئۆزىنىڭ كىرىم-چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى قايتا تەكشۈرىدۇ ۋە تۈرلۈك كىرىم ۋە چىقىملارنى ماسلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى سىناق قىلىدۇ. ئۇ مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى ۋە مۇلازىمەت ھەققىنى ئۆستۈرمەكچى بولىدۇ. بۇخىل تەدبىرنى قوللانغاندا خېرىدار ئازراق كېلىشى مۇمكىن، بىراق كىرىممۇ كۆپرەك بولىدۇ، شۇنداقلا ياردەمچىلەرنى ئازايتقىلىمۇ بولىدۇ. جېف يەنە ئەگەر بۇ ھەقلەرنى 100% باھادا ساتسا قانداق ئەھۋال بولىدىغانلىقىنىمۇ ھېسابلاپ چىقىدۇ. جېف بۇنداق لايىھەنى قوللىنىش ئارقىلىق تۆۋەندىكىدەك كىرىم-چىقىمنى

www.uyghurkitap.com

تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نۇقتىسىنى ھېسابلاپ چىقىمىز:

$$\text{يىللىق خېرىدار سانى} = \frac{\$\,35277}{\$\,15.50 - \$\,3.93} = 3049 \text{ نەپەر (ھەر يىلى)}$$

(ئىزاھات: $15.50 بولسا ئۆزگىرىشچان كېيىنكى، ھەربىر خېرىداردىن ئېلىنىدىغان ھەق. $3.93 بولسا ئۆزگىرىشچان كېيىنكى، ھەربىر خېرىدار ئۈچۈن كېتىدىغان تەننەرخ)

ئۆزگىرىشچان كېيىنكى بۇ مۆلچەرگە ئاساسەن، ھېسابلاپ چىقىرىلغان سان - سېفىرلار كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن چېنىشنىڭ يىللىق ئومۇمىي خېرىدارنى 2438 نەپەردىن 3049 نەپەرگە كۆپەيتىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئالدىنقى ئىككى ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدىكى ئومۇمىي خېرىدار سانى 153 نەپەر (ياكى يىلىغا 1836 نەپەر) بولغان. چېنى بۇنىڭدىن كېيىنكى 10 ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا 120 خېرىدار كۆپەيتىلسە، ئاندىن كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرالايتتى.

چېنى ئالدىنقى ھەقنى ئازايتىش بىلەنلا ھەر ئايدا يېڭىدىن 100 خېرىدار جەلپ قىلىشنى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق ھەقنى تېخىمۇ كۆپ ئازايتقان بىلەنمۇ، پۇتكۇل تىجارەت ئەھۋالىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايتتى. ئۇ مۇقىم چىقىملارنى (مەسىلەن: ئۆي ئىجارىسى، سۇ - توك پۇلى، قەرز قاتارلىقلار) ئازايتىشنىڭ باشقا ئۇسۇللىرىنى تاپالمايدۇ. ھەقنى ئازايتىش تېخىمۇ كۆپ خېرىدارنى جەلپ قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئەمەس ئىدى.

چېنى كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش پىلانىنى قايتىدىن ئويلىنىپ، ئېلان ھەققىنى ھەر ئايدىكى 25 دوللاردىن 250 دوللارغا كۆپەيتىمدۇ. بۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ يىللىق مۇقىم چىقىمى 2700 دوللار كۆپىيىپ، 37977 دوللارغا بارىدۇ. بۇچاغدا كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن يىللىق ئومۇمىي خېرىدار سانىنى 3282 گە ئاپىرىشقا (ياكى ھەر ئايلىق خېرىدار سانىنى

274ئادەم قېتىمغا ئاپىرىشقا) توغرا كېلىدۇ. جېف ئۇچۇن بۇ مۇۋاپىق بولمىغان جاۋاب ئىدى. ئۇ ھەقنى ئازايتىش ۋە نىشانى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان ئېلان تەشۋىقاتى تىجارەت سوممىسىنى كۆپەيتىدۇ دەپ قارايدۇ.

بۇ ئېلان، تەشۋىقات پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش ئۇچۇن جېف:

1. كۆزلىگەن بازار رايونىنى (نوپۇس ستاتىستىكا سان - سىفىرلىرىنى ۋە ئېھتىياجىنى) تاللىشى كېرەك.

2. تۈرلۈك بازارلارنى تەمىنلەيدىغان «پايدا»نى («گۈزەللەشتۈرۈش») قاندۇرىدىغان ئېھتىياجىنى بېكىتىشى كېرەك.

3. تۈرلۈك مەھسۇلاتلىرى ۋە مۇلازىمىتىنىڭ باھا جەدۋىلىنى تۈزۈش كېرەك.

4. قانچىلىك خېرىدارنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلىشكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك.

5. دەسلەپكى مەزگىلدە بۇ ئېلان - تەشۋىقات پائالىيىتىگە قانچىلىك ۋاقىت سەرپ قىلىش كېرەكلىكىنى بېكىتىش كېرەك.

6. بۇ ئېلان - تەشۋىقات پائالىيىتىگە قانچىلىك پۇل خەجلەشنى بېكىتىشى كېرەك.

7. پەردازخانىدىكى قانداق ئەھۋاللارنى خېرىدارلارغا ئېيتىش كېرەكلىكىنى بېكىتىشى كېرەك.

يېڭى خېرىدارلارنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدىكى يېڭى ئولتۇراق رايونلىرىدىن كەلگەن بولغاچقا، جېف بۇ يېڭى خېرىدارلارنى ئۆزىنىڭ يېڭىدىن كۆزلىگەن بازار رايونى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىدۇ. جېف ئېلان - تەشۋىقات پائالىيىتىنى قىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بازىرىنى تەلتۆكۈس تەتقىق قىلىشنى قارار قىلىدۇ. ئۇ ھەربىر ئولتۇراق تەرەققىيات رايونىدىكى سېتىش ئىجارىگە بېرىش ئىشخانىلىرىغا بېرىپ، ئولتۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ سانى، ئائىلىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسى ۋە يېشى قاتارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماتېرىياللارنى توپلايدۇ.

ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك، يېڭىدىن ئۇنىڭ خېرىدارى بولىدىغانلارنىڭ يىللىق ئائىلە كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22مىڭ دوللاردىن 25دوللارغىچە بولۇپ، بۇرۇنقى پەردازخانىدىكى يىللىق كىرىمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40مىڭ دوللار بولغان خېرىدارلارنىڭكىدىن خېلى بەك ئاز ئىدى. بۇ ئوتتۇراق رايونلىرىدا 1500چە ئادەم بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ 75%ى جېفنىڭ پىلانىغا ئۇيغۇن كېلەتتى.

جېف پەردازخانىسىنىڭ بۇ ئىككى خىل ئوخشىمىغان بازار رايونىدىكى كىشىلەرگە مۇلازىمەت قىلسا بولىدىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغان ئەھۋالى يامان ئەمەس، يېڭى چوڭراق خىزمەتچى ئايالىلارغا (ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەردازخانىدىكى چوپقەتلىرى) ۋە ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىغان، ياش ئاياللارغا (شۇجايدىكى ئولتۇراق تەرەققىيات رايونىدىن كەلگەن) مۇلازىمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى بېكىتىدۇ. بىرىنچى تۈركۈمدىكى خېرىدارلار ياخشىراق مۇلازىمەت ۋە مەھسۇلاتنى، شۇنداقلا قۇلايلىق ۋاقىتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈركۈمدىكى خېرىدارلار ھازىر ئازراق، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى مۇلازىمەت قىلىش كەتمەيدۇ، شۇنداقلا باللارغا قاراشتا كېرەك بولىدىغان ئەسلىھەلەر ۋە ئەرزانراق باھانىڭ تۆۋەنرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

جېف بىرىنچى تۈركۈمدىكى خېرىدارلارنى تېخىمۇ كۆپ جەلپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايدۇ. ئۇ چوپقەتلىرىنىڭ ئۆزىگە مايىل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ كۈچىنى يىغىپ ئىككىنچى تۈركۈمدىكى خېرىدارلار بازىرىنى (1100چە خېرىدارنى) ئاچماقچى بولىدۇ.

جېف يېڭى خېرىدارلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن باللارنىڭ چېچىنى ياساش مۇلازىمىتىنى كۆپەيتىشنى پىلانلايدۇ. ئۇ بۇ مۇلازىمەتلەرنى باشلاشتىن ئاۋۋال، ئۆزى ۋە ياردەمچىلىرىنىڭ بۇ

ياش خېرىدارلار بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلىۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ پەردازخانىدا بەزىبىر ئويۇنچۇق ۋە رەسىملىك كىتابلارنى قويۇپ قويۇش ئارقىلىق، خېرىدارلار بىلەن بىللە كەلگەن بالىلارنى مۇشۇ يەردە ئويناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى پىلانلايدۇ.

باھا ۋە تەشۋىقات، ئېلان بولسا ئۇنىڭ يېڭى تەدبىرىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇل ئىدى. جېنى ھەقنى رىقابەتچىلىرىنىڭكىدىن سەل ئازراق ئالسام تېخىمۇ كۆپ خېرىدارنى جەلپ قىلالايمەن دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى خاتالىقىنىڭ «گۈزەللەشتۈرۈش» كۆپرەك تەشۋىق قىلىشقا، ئېلان قىلىشقا موھتاج ئەمەس دەپ قارىغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ شۇجايدىكى ئېلان شىركەتلىرىگە ئېلان ئىشلەتكۈزىدۇ. ئۇلار يېقىن ئەتراپتىكى ئولتۇراق رايونىدىكى ياش ئائىلىلەرنى نىشان قىلىپ تەشۋىقات پائالىيىتىنى لايىھىلەيدۇ. بۇ تەشۋىقات ۋەرىقىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تەشۋىقات پائالىيىتىنىڭ مەقسىتى بولسا «گۈزەللەشتۈرۈش» نىڭ ھازىر ياش ئائىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن تۈرلۈك گۈزەللەشتۈرۈش مۇلازىمىتىنى قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇ مۇلازىمەتلەرگە مۇۋاپىق ھەق ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى تارقىتىش ئىدى.

بۇ تەشۋىقات ـ ئېلان پائالىيىتىگە تۇنجى ئايدا 1500دوللار، ئىككىنچى ئېيىدا 1000دوللار، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرئايدا 250دوللار خەجلىنىدۇ. بۇ ئېلان تەشۋىقاتىنى قىلىشقا جېنىنىڭ يېتەرلىك پۇلى بولمىغاچقا، ئۇ يەنە قەرز ئېلىش كېرەكلىكىنى ياكى مەبلەغ سالىدىغانغا بىر شېرىك تېپىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

جېنى يېڭىدىن بىر پارچە كىرىم ـ چىقىم جەدۋىلى، نەق پۇل ئوبوروت جەدۋىلى ۋە يىل ئاخىرىدا راسچوت قىلىش جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا دەسلەپتە قەرز بەرگەن بانكا ئىككىنچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېتىم قەرز بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن جېف بىر شېرىك تېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايال خىزمەتدىشى كارلو پەردازخانا ئېچىشقا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. جېف كارلونىڭ ئالىلار بىلەن چىقىشىشقا ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بۇنداق بولغاندا، كارلو جېفنىڭ يېڭى تەشۋىقات ـ ئېلان پائالىيىتىدىكى تەكىتلەيدىغان بىر «ئارتۇقچىلىق»ى بولاتتى. ئەڭ مۇھىمى كارلودا مەبلەغ سېلىشقا پۇل بار ئىدى.

جېف ئۆزىنىڭ يېڭى لايىھىسىنى كارلوغا ئېيتىدۇ ۋە ئۇنى «گۈزەللەشتۈرۈش»كە كېلىپ پايدىنى تەڭ بۆلۈشىدىغان شېرىك بولۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. جېف بىلەن كارلو ھەر ئىككىسى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى بەكلا ئويلايتتى. كارلو قوشۇلىدۇ، ئۇلار شېرىكلىشىش كېلىشىمىگە ئىمزا قويغاندىن كېيىن، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى بىر ياردەمچىنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ، كارلو «گۈزەللەشتۈرۈش» كە قېتىلىدۇ.

كارلومۇ جېفقا ئوخشاش مائاش ئېلىشى كېرەك بولغاچقا، دەسلەپكى مەزگىلدە چىقىم كۆپىيىدۇ. بىراق ئۇلار شېرىك تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرالايدۇ ۋە كۈنسېرى روناق تاپقۇزالايدۇ. ئۈچىنچى يىلغا بارغاندا، ئۇلارنىڭ تىجارىتى مۇقىملىشىپ، ئۇلار ئىككىسى جېف ئىلگىرى پىلانلىغان مائاشنى ئالالايدۇ.

## پىلانىڭىزنى تۈزىتىش

كەسپىي پەرەزنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ چىقىشى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. بازار ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. نۇرغۇن ئامىللار پەرىزىڭىزگە تەسىر يەتكۈزىدۇ (مەسىلەن: يېڭى رىقابەتچى، ئۇنۇمى ياخشى بولمىغان ئېلان، ساتقۇچى تەرەپنىڭ باھانى ئۆستۈرۈشى قاتارلىقلار). بۇ مەشىقتىكى مىسال ئارقىلىق سىز كەسپىي پىلان ماھارىتىنى

قانداق قوللىنىش ئارقىلىق كەسپىڭىزنى قىيىن ئەھۋالدا قوتۇلدۇرۇشنى ئۆگىنىۋالالايسىز. كەسپىتىكى مۇۋەپپەقىيەت پۈتۈنلەي توغرا قارارغىلا تايانمايدۇ. كەسپىتىكى مۇۋەپپەقىيەت خاتا قارارنى بايقاش ۋە پىلان، تەدبىرلەرنى تۈزىتىشكە تايىنىدۇ.

چۈشەندۈرۈش: كەسپىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندىكى «ئەگەر بولسا، قانداق قىلىمەن» دېگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭ ۋە يېڭى لايىھەنى تۈزۈڭ. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت، ئەگەر نىشاندىن چەتنىسە، قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى سىزگە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەگەر تۆۋەندىكىدەك بولسا، قانداق ئەھۋال يۈز بېرىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىڭ:

1. باھا 10% ئۆرلىسە قانداق بولىدۇ؟

2. خىزمەتچىدىن بىرسى كۆپەيسە قانداق بولىدۇ؟

3. ئۈسكۈنە ـ ئەسلىھەلەرنىڭ تەننەرخى 30% ئۆرلىسە قانداق بولىدۇ؟

4. ئۆي ئىجارىسى 50% ئۆسسە قانداق بولىدۇ؟

5. ئىلان، تەشۋىقات خىراجىتى 50% كۆپەيسە قانداق بولىدۇ؟

www.uyghurkitap.com

# پايدا - زىياننى چۈشەندۈرۈش جەدۋىلى

| | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېتىش | | | | | | | | | | | | |
| تەننەرخى | | | | | | | | | | | | |
| ئومۇمىي پايدا | | | | | | | | | | | | |
| تىجارەت چىقىمى | | | | | | | | | | | | |
| ھەممە ئادەمنىڭ مائاشى | | | | | | | | | | | | |
| خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى | | | | | | | | | | | | |
| مائاش بېجى | | | | | | | | | | | | |
| خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى | | | | | | | | | | | | |
| ئۆي ئىجارىسى | | | | | | | | | | | | |
| ئاممىۋى ئەسلىھەلەر خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| ئېلان خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| پوچتا ئارقىلىق يەتكۈزۈش خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| يول خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| تېلېفون خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| سۇ، توك پۇلى | | | | | | | | | | | | |
| ئىشخانا خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| ئاسراش، | | | | | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تازىلاش خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| سوغۇرتا ھەققى | | | | | | | | | | | | |
| ئادۋوكات ۋە بوغالتىر ھەققى | | | | | | | | | | | | |
| گۇۋاھنامە خىراجىتى | | | | | | | | | | | | |
| ئامورتىزاتسىيە زىيىنى | | | | | | | | | | | | |
| تىجارەت چىقىمىنىڭ جەمئىيسى | | | | | | | | | | | | |
| ئۆسۈم | | | | | | | | | | | | |
| ئومۇمىي چىقىم | | | | | | | | | | | | |
| باج تۆلەشتىن ئىلگىرىكى ساپ پايدا (ياكى) زىيان | | | | | | | | | | | | |

بوش ئورۇن تۈرلۈك مەھسۇلات ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرىنى يېزىش ئۈچۈن قالدۇرۇلدى. زىيان تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىرى: يالقۇن ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: رەيھان نۇر
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: تۇران لايىھەلەش مەركىزى

# تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتى

ئاپتورى: ناپالېئون خېئول (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئازادجان نىزامىدىن

*

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى يۈلاق بېشى كوچىسى 66- قورو پوچتا نومۇرى: 830004)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلىدۇ
شىنجاڭ تۇران سودا چەكلىك شىركىتى لايىھەلەش مەركىزىدە تىزىلدى
ئۈرۈمچى «لوڭيىندا» باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 1168×850 مىللىمېتىر، 32 فورمات، 12.875 باسما تاۋاق
2004- يىل 7- ئاي 1- نەشرى، 1- قېتىم بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
ISBN 7-5372-3766-2
باھاسى: 19.80 يۈەن